ONLY ONO HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

ھېكايەتلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

# ONLY ONO HOTAN IN THE WORLD

ھېكايىلەر

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

BY

ABDULLA SULAYMAN

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

天下只有一个和田. 6, 和田故事/阿布拉·苏莱满编著.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社, 2003. 8
ISBN 7-228-08242-7

Ⅰ. 天… Ⅱ. 阿… Ⅲ. 和田地区—概况—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. K924. 52

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 073810 号

责任编辑:吉利力·买买提
责任校对:帕丽达·艾力
封面设计:艾克拜尔·沙力

# 天下只有一个和田
## ——和田故事

阿布都拉·苏莱满 编著

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号邮编 830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷
880×1230 毫米 大 32 开本 11.5 印张 插页 2
2003 年 8 月第 1 版 2003 年 8 月第 1 次印刷
印数:0001—3800 册

ISBN 7-228-08242-7
(民文)总定价(共六册):98. 50 元

## مۆھتەرەم ئوقۇرمەن
# خوتەننى بىلگىڭىز بارمۇ؟

*خوتەن مۇلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،*
*سەۋادى ئۇزرە جەننەت جان فىشاندۇر.*
*(نەۋائى)*

«دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» — بۇ چىن پىششىغ گەپ. چۈنكى خوتەنلىكلەر «بىرنى بىر» دەيدۇ.

خوتەن — ئۆز دىيار، تارىخى ئۇزۇن دىيار؛ خوتەن — تارىختا ئېچكىرىكى چىن ئۇچۇن غەربكە كۆزنەك دىيار؛ شۇڭا، نۇرغۇن سالنامىلەر، سەيياھلارغا دېڭىزدەك كەڭ سۆزلەك دىيار.

خوتەنلىكلەرنىڭ ئاتا - ئاغۇنلىرى ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدە، گازۇن - چىرىلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، بارخانلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى كەتمەن بىلەن توسقان ۋە قورام تاشلارنى دوملاتقۇدەك دەھشەتلىك قاش ئۆكۈز ئېقىنلىرىنى بويسۇندۇرغان، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئەقىل- ھۈنەر بىلەن ئېچىپ، تەبىئەتنى ئۆزىنىڭ قانۇنى بىلەن ئىگىلىگەن ھەم ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتنى جەمئىيەتنىڭ نىزامى بىلەن يۈكسەلدۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، جەننەت مەسەل خوتەن بوستانلىقىنى ئەھياغا كەلتۈرگەن. بۇ ھەققەت توغرىسىدا، ئالتە جىلدلىق ئەمەس، ئاتمىش جىلدلىق قامۇس تۈزۈپمۇ بايانىغا يەتكىلى بولماس.

تالانتلىق شائىر، ئىجتىھاتلىق پروفېسسور ئابدۇللا سۇلايمان قەلەمگە مەنسۇپ بۇ يۈرۈشلۈك كىتابلار خوتەننى ھەر جەھەتتىن بىلگۈسى كەلگەن ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئۈچۈن قىممەتلىك دەستۇردۇر. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى- تەھرىرلىشىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇ دەستۇر، ئاساسەن، ئۆز ئانا يۇرتىدا تۇغۇلغان ۋە ئۆز ماكانىنىڭ ئۆتمۈشى ھەم ھازىرىنى ئوبدان ئۆگەنگەن، پىششىق بىلگەن قەلەمكەشلەرنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ شىلدىر - شېكەر مېۋىسىدۇر. بۇ كىتابنىڭ ئالتە جىلدى بىر - بىرىگە ئۆزۋى باغلانغان ھەم ھەر بىر جىلدى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئەسەردۇر. ھەر جىلدنى ۋاراقلىغىنىڭىزدا، رىۋايەتتىن

تاكى ئەمەلىيەتكىچە، ئىجادىيەتتىن تاكى رېئاللىققىچە بولغان كارامەتلەر تەسۋىرى كۆز ئالدىڭىزدىن خۇددى كارتىنىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتىدۇ؛ سىزنى نەچچە مىڭ يىللىق تىلسىماتنىڭ قاپقىسىنى ئېچىپ، ئاجايىب رەڭگارەڭ ۋە ئىنسانىيەتكە ھەمئاھەڭ خەزىنىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلىدۇ؛ سىزنى ھېكايەت باياۋانىنى كەزدۈرۈپ، ھاياتلىق خىيابانىغا يەتكۈزۈپ، خوتەن توغرىسىدىكى بىلىم تەشنالىقىڭىزنى شېرىن تىل بۇلاقلىرىدىن قاندۇرىدۇ.

ئىگىلىك تەمىر قىلىشتا تۆھپىكار، مەدەنىيەت - مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈشتە كەشپكار، مەنىۋى ئۇزۇقلۇق يارىتىشتا سەنئەتكار، يۇرت - ماكانىنى قوغداشتا پىداكار خوتەنلىكلەرنىڭ مۇلايىم چېھرىسى كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىقۇرۇمدەك چىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئالەمشۇمۇل ئەمگەك مېۋىسىگە قايىل بولىسىز ۋە ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇيسىز.

نۇرغۇن - نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە كۆرمىڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن خوتەنلىكلەرنىڭ ھازىرقى بوغۇنلىرى يېرىم ئەسىردىن بۇيان قەدىمكى ئوغۇش- ئاغۇنلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئانا يۇرتىنى ئەقىل - پاراستى ۋە ئەمگەك تەرى بىلەن تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش يولىدا جان پىدالىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە. قەدىمكى خوتەننىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان يېڭى خوتەن پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچقۇر مۇلازىمەت ئەسرى بولغان 21 - ئەسىرگە يېڭىچە قىياپەت بىلەن گىگانت قەدەم باستى.

قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم — «يۇرت ئاتىسى نېمىگە مايىل بولسا يۇرت ئەھلى شۇنىڭغا ياندىشىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى ۋە «يادلاپ ئالغان كېتىدۇ، يېزىپ قويغان قالىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ياخشى چۈشەنگەن خوتەن رەھبەرلىرىدىن ئۆمەر ئابدۇللا، جۈملىدىن ياللۇن قادىر ھەم مۇھەممەت چاۋار ئەپەندىلەرنىڭ قەلەمكەشلەرنى قوللىشى بىلەن بۇ دەستۇر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. بۇ ئەپەندىلەرنىڭ ھىممىتىگە ۋە قەلەمكەشلەرنىڭ غەيرىتىگە كەڭ جامائەتچىلىك بارىكاللا دەيدۇ ۋە ئوقۇرمەنلەر جامائەسى ئالقىش بىلدۈرىدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

ئېھتىرام بىلەن: ئىمىن تۇرسۇن

2003 - يىل، ئىيۇن

## مۇندەرىجە


خوتەن مەدەنىيىتى ............ نۇرمۇھەممەد توختى 1

ئەڭ ئاخىرقى تام رەسىم (تارىخىي ھېكايە) ......... ۋەلى داۋۇت 33

خوتەننامە ............ قەلەندەر 41

بىرنى بىر دېگۈلۈك (تارىخىي ھېكايە)... ئايمۇھەممەد ساھىبى 53

شاھ مەشرەپ خوتەندە (تارىخىي ھېكايە)... نۇرمۇھەممەد توختى 91

خوتەن قاشتېشى دېلوسى ............ ۋېي دالىن 133

قەسىدىگە تاي، ساتىراغا ئات ............ ئابدۇرېھىم ھەكىمى 149

تەقدىرنىڭ سول كۆزى (تارىخىي ھېكايە) .......... ئەزىزى 153

كۆز يېشى قۇرىغان يىپەك يولى ............ تاڭ دۇڭ 177

ئانا تىلىم ............ ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ ھاجى 205

قاشتېشىغا مەدھىيە ............ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 207

ئىككى شېئىر ............ تېيىپجان ئېلىيېۋ 211

كوئېنلۇندا ئالتۇن قېزىش (ئەدەبىي خاتىرە)...... ليۇ جىڭخۋا 213

بوستانلىقتىكى گۆھەر (ئەدەبىي ئاخبارات) ........ جاڭ ۋېنتىڭ 219

خىلۋەت ماكان — دەريا بويى كەنتى (ئەدەبىي خاتىرە) ............
............ مىجىت باقى 233

تەكلىماكان ئوغلى (ئەدەبىي ئاخبارات)... ئابدۇللا سۇلايمان 242

قاشتېشى دەرياسى توغرىسىدا سەككىز نەزىم... ياڭ بەيجۇن 267

گىلەم توقۇغۇچىلار ............ يەن جىڭ 271

ئىككى شېئىر ............ جياڭ جىمىن 273

كەتكۈلۈك كەلمەس كەلسەڭ خوتەنگە............ ۋاڭ جىڭچيەن 275
تۆھپىكار ئالىم قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ (ئەسلىمە) .........
............................................ ئوبۇلقاسىم مەتنىياز 281
ھايات، قىسمەت، ئىستىقبال ................ مەتسىلىم مەتقاسىم 287
كېپەن ئوغرىلىرى خوتەندە (ئەدەبىي ئاخبارات) ..................
............................................ مۇھەممەتكېرەم ئىسمائىل 299
ئەدىبلەر بايرىمى (ئەدەبىي خاتىرە) ............ داۋۇت مەتنىياز 319
ئەجداد ۋە ئەۋلاد ..................... تۇرسۇن غوجىئابدۇللا 355

# 目 录


和田颂 …………………………………… 努尔买买提·托合提 1

最后一幅壁画(历史小说) ……………… 外力·达吾提 33

和田赞歌 ………………………………………… 克兰代尔 41

一就是一(历史小说) ………………… 阿依买买提·萨依甫 53

夏麦西热甫在和田(历史小说) ……… 努尔买买提·托合提 91

和田玉石案 ……………………………………… 韦达林 133

献赞歌送马驹,献讽刺歌则赏骏马 ……………………
…………………………………… 阿不都热依木·艾克木 149

苍天的左眼〈历史小说〉 ……………………… 艾孜则 153

哭干泪水的丝绸之路 …………………………… 唐东 177

话说母语 ……………………… 阿不力米提·于苏甫阿吉 205

玉石颂歌 ……………………… 阿不都热依木·吾提库尔 207

诗二首 ……………………………… 铁依甫江·艾力尤甫 211

昆仑采金(记实文学) ……………………… 刘景华 213

绿洲之宝 ……………………………………… 张文庭 219

僻静的村落——达里雅博依村(记实文学) ………………
…………………………………………… 米吉提·巴克 233

塔克拉玛干之子(报告文学) …………… 阿不都拉·苏莱满 242
浪淘沙·玉河八景词 ………………………… 杨丕灼 267
织毯工 …………………………………………… 严景 271
诗二首 ……………………………………… 张志民 273
人到和田不愿走(诗组) …………………… 王敬乾 275
名学士功高出众,英魂永存咱心中 ………………
………………………… 吾不力哈司木·买提尼牙孜 281
生活·命运·未来 ……………… 买买提色力木·买提卡司木 287
盗墓贼在和田(报告文学) ………… 买买提克日木·司马义 299
文学家之节(记实文学) …………… 达吾提·买提尼牙孜 319
前辈与后辈 ………………………… 吐尔逊·吾吉阿不都拉 355

نۇرمۇھەممەد توختى

# خوتەن مەدھىيىسى

(تەۋسىيەنامە)

ئىنسان بالىسى ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن گۈزەلرەك، ئۆز يۇرتىدىن قەدىرلىكرەك يەنە بىر ماكان تېپىلماس! بۇ، تۇيغۇ - ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى. «لەيلىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزلىرى كېرەك» دېيىلگەندە، مانا شۇ تۇيغۇ - ھېسسىيات نەزەردە تۇتۇلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئەقىللىق ئوغلان ئۆز يۇرتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلسە، ئۆز يۇرتىغا باشقا ھېچ قانداق بىر ماكاننى تەڭ قىلمىسا، شېئىر، داستانلار يېزىپ ئۆز يۇرتىنى مەدھىيىلىسە، بۇنىڭ ھېچ قانداق ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق. ئەكسىچە مەلۇم ئادەم، ئۆز يۇرتىنى ئەمەس باشقا بىر يۇرتنى سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئالقىش - مەدھىيىگە ئېغىز ئاچسا، بۇ سەل ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلىدۇكى؛ دىققەتنى ئۆزىگە ئوبدانلا جەلپ قىلىدۇ. ئالدىنقىسى ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭ سىۋىنچىنى نامايان قىلسا، كېيىنكىسى دەلىلگە ئاساسلانغان لىللالىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئالدىنقىسى تۇيغۇ - ھېسسىياتنىڭ نەتىجىسى بولغىنىغا ئوخشاش، كېيىنكىسى تۇيغۇ ھېسسىياتتىن كۆرە كۆپرەك ئەقىلنىڭ يەكۈنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئىدراكتا ئەقلىي بىلىش ھېسسىي بىلىشتىن ئۈستۈن تۇرغاچقا، ھېسسىي بىلىشنىڭ نەتىجىسىگە قارىغاندا ئەقلىي بىلىشنىڭ مەھسۇلى ئۈستۈنرەك قىممەتكە ئىگە. بۇ نۇقتا قەدىمدىن ھازىرغىچە بارلىق ھۆكۈمالار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان. قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ مايىللىق يۈنىلىشمۇ ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئەلۋەتتە.

ئاشۇ مۇلاھىزىلەردىن كېيىن، سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئالىدىغىنىمىز خوتەن مەدھىيىسىدۇر. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمىي ماكانلىرىدىن بىرى بولغان خوتەن قەدىمدىن ھازىرغىچە ساھىب

قەلەملەر ئۈچۈن بىر مۇقەددەس تېما بولۇپ كەلدى. تارىخنىڭ ئىككى مىڭ يىلچە يىراق گىرۋىكىدىن هازىرغىچە؛ تارشا، تېرە، شايى پۈتۈكلەردىن قەغەز پۈتۈكلەرگىچە؛ ئېغىز ئەدەبىياتىدىن يازما ئەدەبىياتقىچە؛ بىزگە زامان بوران - چاپقۇنلىرىدىن ۋە دەۋران ئوت-گۈلخانلىرىدىن ئامان ئۆتۈپ يېتىپ كېلەلىگەنلىرىدىن مەلۇمكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە سەلتەنەت سۈرگەن سۇي سۇلالىسىدا ياشىغان نامەلۇم شائىرنىڭ «خوتەندە گۈل سەيلىسى» دېگەن شېئىرىدىن باشلاپ، تاكى زاماندىشىمىز تيەن جەن، جاڭ جىڭمىنلارغىچە قايسى جوڭگو شائىرى خوتەن مەدھىيىسىگە ئېغىز ئاچمىغان دەيسىز؟! ئالدىنقى مىلادىيىنىڭ 1 - ئېراسىدا ياشىغان ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، شەيخ سەئىدىدىن باشلاپ، 2 - ئېرادا ياشىغان هاپىز شىرازى، سابىر تىرمىزى هەتتا نادىرەگىچە ئۆتكەن پارس زۇۋانلىق شائىرلاردىن قايسىبىرى خوتەن مەدھىيىسىگە قەلەم تەۋرەتمىگەن دەيسىز؟! ئەلۋەتتە خوتەن مەدھىيىسىنى ئەڭ ۋايىغا يەتكۈزگەنلىرى يەنىلا تۈركى زۇۋانلىق شاھى شۇئۇرلاردۇر. هەزرىتى ئەلشىر نەۋائىي، لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى، ئابدۇرېھىم هاپىز خارىزمى، هۇۋەيدا، هەيدەر خارىزمى، فۇرقەت، ئابدۇرازاق ئەندىجانىدىن تارتىپ بابارەھىم شاھ مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى خوتەن ئىبارىسىنى ئەڭ ئوتلۇق مۇھەببەت، ئەڭ سەممىي سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار تىلغا ئالمىغان خوتەن مۇشكى - ئىپارى، خوتەن قاشتېشى، خوتەن گىلىمى، خوتەن ئەتلەس - شايىسى، خوتەن هاۋاسى، خوتەن سۇزۇك سۇلىرى، خوتەن هۇنەرلىرى، خوتەن گۈزەللىرى، خوتەن يىگىتلىرى قالمىدى. ئۇلار ئەڭ خۇش پۇراق ھىدنى خوتەن مۇشكى - ئىپارىغا، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ سۇزۇك نەرسىنى خوتەن قاشتېشىغا، ئەڭ گۈزەل باغلارنى خوتەن دىيارىغا، ئەڭ خۇش هاۋانى خوتەن هاۋاسىغا، ئەڭ گۈزەل قىزلارنى خوتەن قىزلىرىغا، ئەڭ بەرنا يىگىتلەرنى پەرھاد كەبى خوتەن يىگىتلىرىگە، ئەڭ ئۇلۇغ مۇھەببەتنى پەرھاد بىلەن شېرىننىڭ مۇھەببىتىگە، ئەڭ ئۇلۇغ دوستلۇقنى پەرھاد بىلەن شاپۇرنىڭ دوستلۇقىغا، ئەڭ چىۋەر هۇنەرنى پەرھادنىڭ هۇنىرىگە، ئەڭ قايتماس ئىرادىنى پەرھادنىڭ ئىرادىسىگە ... ئوخشاتتى. خوتەن مەدھىيىسىگە ئىشلىتىلگەن سۆز - ئۈنچىلەر سۆز كانلىرىدىن قېزىپ چىقىلغان، سۆز ئوكيانىدىن سۈزۈپ چىقىلغان بىباھا دۇرلار بولدى. قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، هەسەن - هۆسەن، گۈل - چېچەك، نۇر - چاقماق خوتەن مەدھىيىسىنى بېزىدى، زىننەتلىدى، خوتەن جەننەتۇل

رىزۋانغا، شاھانە چاھارباغلارغا، باھار - يازلارغا تەققاس قىلىندى ... ھەيھات! خوتەن مەدھىيىسىنى، خوتەن سۈپەت - سالاپىتىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈشكە ئۈنچە - مەرۋايىت يېتىشمەس! ئەمما ھاياتلىق كارۋىنى ئۆتەڭلەر ئارا مەڭگۈ توختىمىغاندەك، ساھىبى قەلەملەرنىڭ، شاھى شۇئەررالارنىڭ خوتەن مەدھىيىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشتىكى ئۇرۇنۇشلىرىمۇ ئاياغلاشمىدى ...

بۇ گەپلەرگە پاكىت - مىسال كېرەك، ئەمما بىزگە 2000 يىلنىڭ نېرىسىدىن باشلاپ يېتىپ كېلىۋاتقان تارشا پۈتۈك، تېرە پۈتۈك، شايى پۈتۈكلەرنى؛ خوتەن قەغىزى ئومۇملاشقاندىن كېيىنكى يۆگىمە كىتاب ۋە بولغار تاشلىق قېلىن يازما ۋە باسمىلارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. زامانىمىزدا ئۆتكەن مۆتەپەككۇر، ئالىم مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن جانابلىرى بۇنى بىزگە تەييارلاپ قويۇپ كەتكەن. مەرھۇمنىڭ ئاز ئادەملەر كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» سەرلەۋھىلىك تولىمۇ گۈزەل بىر ماقالىسى بار. ئالىم ماقالىسىدە، كۆپ يىللىق ئىزدىنىشلىرى جەريانىدا، قېلىن قولىيازمىلاردىن ئۇچراتقان خوتەن مەدھىيىسىگە ئالىق ئوتلۇق مىسرالارنى چەكلىك سەھىپىلەرگە جەم قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق خوتەن ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ شەرق مۆتەپەككۇرلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. ئەگەر بىز تەۋسىيە نامىمىزنىڭ مۇشۇ يېرىگە ئالىمنىڭ ئاشۇ يازمىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ ئالساق، مەرھۇمنىڭ روھى بىزنى كەچۈرگەي! ئوقۇغۇچىلار مەمنۇن ۋە رازى بولغاي! چۈنكى ئاشۇ گۈزەل ماقالىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىگە تەۋسىيە قىلماق، بىزنىڭ ئەسلى مەقسىتىمىزدۇر.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

# كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى

## 1

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

يىللار كالىندار سەھىپىسىگە ھەر قېتىم يېڭى — ئاتەشىن رەقەم چەككەندە، نورۇز شامالىرى كۆڭۈل ئۆيىنىڭ تەسەۋۋۇر پەردىسىنى

ئۆچۈرۈپ، سىغىنىچ دەۋرلىرىنى دىيار جامالىغا چاچقاندا، مەن ئەزىز ماكان — خوتەننىڭ ئىشقىنىڭ يېڭى ئۆركەشلىرىگە غەرق بولىمەن. خوتەننىڭ ھەربىر سىقىم قۇتلۇق توپىسىدا بۇ نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمكى مەدەنىيەت گۈلزارىنىڭ تارىخىي جاۋاھىرات چۆكمىلىرى بىلەن ئۇلۇغ ئەزىمەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ خاسىيەتلىك قەدەم ئىزلىرىنىڭ ئىپتىخارلىق نەمۇنىلىرى ساقلانغان.

مانا يېقىندىلا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. يىغىن تەسىراتلىرى بىلەن يېڭى يىل ھېسسىياتلىرىنىڭ ئۇچقۇنلىرى باغرىم پەلەكىدە خۇددى ئىككى يۇلتۇزدەك جەم بولۇپ، يالتىراپ كەتتى. مۇبارەك نام — خوتەن نامى قولۇمدىكى «دىۋان ھاپىز شىرازى» دا يېزىلغان تۆۋەندىكى بېيىت باغرىمغا ئىزدىنىش چاقمىقىنى چېقىۋەتتى:

«ياغدى ئېتەكلەردىن گۈلاب، ھەيران ئېرۇمەنكى سەبا،
ئۆتكەن يولۇڭ توپراقلىرى قىلماس نېچۇن مۇشكى خوتەن.»

ئۇلۇغ پارس لىرىك شائىرى، تېرەن تەپەككۇر ۋە ئويناق تەلەپپۇز ئىگىسى ھاپىز شىرازىنىڭ بۇلبۇلدەك بۇ ناۋاسى مېنىڭ قەلبىمدە مېنىڭ دەۋرىم ۋە مېنىڭ روھىيىتىمگە لايىق ئەكس سادا قوزغىدى. دەرۋەقە، ئۆتكەن ھەربىر ئەسىرنىڭ، مۆچەلنىڭ، يىلنىڭ شاماللىرى گۈل ئېچىلدۇرۇپ گۈلاپ تۆكۈپ ئۆتۈشتى. مەن يازما ئەدەبىياتتىكى خوتەن تەسۋىرىگە نەزەر سېلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ بىر قىممىتى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشنى خاسلاشتۇرۇش، تېماتىكلاشتۇرۇش، مىكرولۇق مۇھاكىمە يوللىرىنى ئېچىشتىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە.

خوتەن ناھايىتى ئۇزاق يىللىق ئىپتىدائىي ئىنسان توركۇملىرىنىڭ ھايات سەھنىسى ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار بىلەن قىيا سىزمىلىرى بىزگە بۇ ھەر خىل تارىخىي قاتلامدىكى يىراق ھايات مېلودىيىسىنىڭ غۇۋا ئېنفورماتسىيىسىنى داۋاملىق يەتكۈزۈپ كەلمەكتە. ئاندىرسوننىڭ چۆچىكىدىكى يېرىم بەدىنى بېلىق بولۇپ قالغان ساھىبجامال قىزدەك يېرىم گەۋدىسى قۇملۇق دېڭىزىغا كۆمۈلۈپ قالغان بۇ ماكاننىڭ يىراق تارىخى داۋاملىق ئايدىڭلاشقۇسى.

خوتەن قاراقورۇم — پامىر ئۇچىبۇرجىكىدىكى تارىخى ئۇزۇن شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلەر تىزمىسى سۈپىتىدە قىزىقارلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە. بىز خوتەندىكى ئارسان ـ سىكتاي (سىكىف ـ ساك)

قەبىلىلىرىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ھايات ياللداملىرىدىن بۇ رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا «ئاۋىستا» دەستۇرىدا تىلغا ئېلىنغان «قەھرىمان تۇرلار - ساكلار» نىڭ مەدەنىيەت قالدۇقلىرىنى كۆرىمىز، ئالتۇن خوراز، ئالتۇن قوچقار ھايۋان ئوبرازىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش ئۇلارنىڭ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت ئۇسلۇبى ئىدى. گاھى ساك ۋە گاھى تۇر دەپ ئاتالغان بۇ سكتاي تىپىدىكى ئاسىيا ئاق جىنسلىرى كېيىنچە قىسمەن سېرىق جىنسلار سېنكرتىزمى تەسىرىدە تۇركىي قەبىلىلەرگە ئايلانغان بولسىمۇ، يەنىلا «ئاۋىستا» دا ئەڭ قەدىمكى يازما ھۆججەتلەنگەن «تۇر» نامىنى ئىزچىل ئۆزلىرىگە ئېتنونىم قىلىشقان. «شاھنامە» گە ئاساس سالغان ساك - تۇر خەلق رىۋايەتلىرى ئۇنىڭ يەنە بىر ھۆججىتى ئىدى. ئىلگىرىلەپ ئىزدەنگەن كىشىگە قەدىمكى خوتەن قەبىلىلىرىنىڭ قۇياش ئىلاھچىلىقى، كېيىنكى دىنىي ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەتلەرگە سىڭىپ كەتكەن ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن ۋە فولكلور قاتلىمى كۆپ ئۇچۇرلۇق يوشۇرۇنغان ماۋزۇ ھېسابلىنىدۇ.

بۇددىزىم خېلىلا گۈللەنگەن خوتەن شەھەر مەدەنىيىتى ئۈستىگە كىرىپ كەلگەن. بۇددىزىم خوتەن مەددەنىيىتىگە يېڭى تەپەككۇر ۋە خاس سەنئەت قىممىتى بېغىشلىدى. قەدىمكى خوتەن بۇددىزىم قەلئە-راباتلىرى ھېسابلانغان يوتقان، راۋاق، مەلىكە ئاۋات، دەندان ئۆيلۈك، كونا نىيە قاتارلىقلاردىن تېپىلغان تارىشا پۈتۈك، ياغاچ ئويما، تاختا رەسىم، ياغاچ قىرما ھەيكەل، چوڭ - كىچىك لاي - گەچ ھەيكەل، توقۇلما بۇيۇملارغا ئىشلەنگەن رەسىم قاتارلىقلار بۇ ماكاندا بۇددىزىمنىڭ مىڭ يىللاپ راسا دەۋر سۈرگەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. دەرۋەقە، سىتەيىننىڭ دەندان ئۆيلۈكىدىن تاپقان «قۇتلۇق ساماۋىي خانىش» (لاكشىمى) نىڭ يالىڭاچ رەسىمى شەرق رەسساملىق سەنئىتىنىڭ مىسلىسىز نادىر ئۈلگىسى ئىدى. مەن ئۇنى خوتەن رەسساملىرى سىزغان شەرق ۋېنىسى دەپ قارايمەن.

خوتەن رەسساملىرىدىن ۋىسارا پۇچىنا، ۋىسارا ئىراسانگا ئېلىمىز سەنئەت تارىخىدىكى ئىككى يورۇق يۇلتۇز ئىدى. ئۇلار خاس خوتەن تەسۋىرى سەنئەت ئۇسلۇبىنى ياراتتى. پۈتكۈل ماكان خاراكتېرلىك سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى «ئويما - قوپما ئۇسۇلى» نى يورۇققا چىقاردى. سىكاناندو، تايۇن، تانارو، ۋىسارانام، شىرۇداما، ۋىساراشىرۇ قاتارلىق بۇددا ئالىملىرى بۇددا نوم - سۇترا تەرجىمە - تەپسىراتچىلىقىدا غايەت زور شۆھرەتلىك تۆھپىلەرنى

يارانتى. تىبابەتچىلىك، يىپەكچىلىك، گىلەم ـ ئەتلەسچىلىك، قەغەزچىلىك، قاشتېشىچىلىق، زەرگەرلىك ۋە يىپەك سودا ماھارىتى بويىچە ئىلىمىز ۋە شەرق خەلقلىرى تارىخىدا ئىزچىل كۆزگە تاشلىنىپ كەلدى.

2

خوتەن ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى يازما ئەدەبىيات بويىچە بىزگە يېتىپ كەلگىنى، سىمىرا مەلىكىنىڭ يۇرت ئەسلەش شېئىرى بىلەن سۈي سۇلالىسى (بەلكى شىمالىي سۇلالىلەر) دەۋرىدە توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «خوتەندە گۈل سەيلىسى» ناملىق شېئىر بولسا كېرەك. بۇ نامەلۇم ئاپتور يازغان شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

«قانچە پەرقلىق بولسىمۇ تاغ ۋە دىيار،
چۆپ، دەرەخلەر تەڭ سىبزەر كەلسە باھار.
شەرق ۋە غەربتە تۇرسىمۇ يۇرتلار، يىراق،
كەلگۈسى گۈل سەيلىسگە سەيلىگار».

ئىسلامىيەتتىن كېيىن خوتەن دىيارى ئۆز مەدەنىي ھاياتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى باشلىدى. ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى يېڭى شەرق ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات كلاسسىكلىرىلا ئەمەس، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قەلەم ئەزىمەتلىرىمۇ خوتەن تەسۋىرىگە ئاتاپ ئاجايىپ گۈزەل مىسرالار يېزىشتى.

يىپەك يولىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تارىخىي داستان «شاھنامە» نىڭ مۇئەللىپى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى خوتەننى تۇران شاھى ۋە قەھرىمانى ئاپراسىياپنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ۋە سودا شەھىرى سۈپىتىدە كۆپ قېتىم ئىجابىي روھ ۋە ھۆرمەت بىلەن زوقلىنىپ تىلغا ئالغان. ئۇ «سىياۋۇش قىسسەسى» ناملىق داستانىدا تۇران قەھرىمانى پىرانىنىڭ خوتەنگە قايتىشىنى:

بارچەسىن تاپشۇرۇپ خوتەنگە كەتتى،
شاھىن شاھنى كۆرۈشنىڭ ۋاقتى يەتتى.»

دەپ؛ پىرانىنىڭ ئاپراسىياپنى خوتەنگە بىخەتەر يەتكۈزگىنىنى:

«بىئازار يەتكۈزدى خوتەنگە لۇتفەن،
كۆتۈشتى يىغىلىپ ئۇنى ئەنجۇمەن».

دەپ يازسا، «بىجەن ۋە مەنىجە» داستانىدا ئىران قەھرىمانى رۇستەمنىڭ يوشۇرۇن خوتەنگە بېرىپ، ئاپراسىياپ تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان بىجەننى قۇتقۇزۇشىنى مۇنداق يازدى:

«شەھەردىن شەھەرگە سوزۇلدى كارۋان،
ئاقىۋەت كۆرۈندى كارۋانغا تۇران.
خوتەنگە كېتىشكەن ئۇلار دەشت ئېشىپ،
ئەر - ئايال چىقىشتى تاماشا قىلىپ.
تۇراندا بار ئىدى گۈزەل بىر ماكان،
ئارامىن ئالاتتى بۇ جايدا پىران.»

فىردەۋسى «بەھرەمگور پادشاھلىقى» داستانىدا:

«كېيىن خەۋەر يەتتى ھىندى ئىلە رومغا،
ئابات تۈركۈ، چىنۇ قارا قۇرۇمغا».
«چىن خاقانى ئاڭلاپ بۇ ھەقتە خەۋەر،
چىن خوتەن مۇلكىدىن تارتتى كۆپ لەشكەر»،

دەپ يازدى.

ئۇلۇغ پارس شائىرى ھاپىز شىرازى:

«ياغدى ئېتەكلەردىن گۈلاب، ھەيران ئېرۇرمەنكى، سەبا،
ئۆتكەن يولۇڭ تۇپراقلىرى قىلماس نىچۈن مۇشكى خوتەن».

دەپ يازغانىدى.

لىرىك شائىر سابىر تېرمىزى مۇنداق يازغان:

«يۈزى، قاشى، ساچى مىسلى خىتا بىرلەن خوتەن ئايى،
بىرى كۆزۈڭ، بىرى مارجان، بىرى سەففاھ تىنىق مىنا».

«بولدى باغ بۇتخانە يەڭلىغ لالە گۈلدەك ھۆسنىلەر،
راستىن ئېيتسام چىنۇ، قەشقەرلىق سەنەملەر بەرقىدىن».

ئابدۇرەھىم ھاپىز خارەزمى خوتەن ھەققىدە كۆپ توختالغان:

«ئىشقى پوستىدە قالمىدى ھاپىز،
ئۇرنى بەلگۈردى بويى مۇشكى خوتەن»

«ئۇل قارا كۆز ئاشىنا، ئەركىن راۋان يۈگرەپ قاچار،
مۇندايىن ۋەھشى ئەمەستۇر ھېچ ئاھۇيى خوتەن».

«يۈزى ئۈستىندەگى ئول دانە خالى،
گۈلى لالە ئۆزە مۇشكى خوتەندۇر».
سەككاكى مۇنداق يازغان:

«تۈن ئاخشام تولغىنۇسۇ مبۇل بىكىن زۇلفۇندىن ئاھ ئۇردۇم،
ھەۋانى غالىيە تۇتتى، جەھان مۇشكى خوتەن بولدى».
ئاتايى ئۆز غەزەللىرىدە خوتەن لالىزارى ۋە مۇشكى توغرىسىدا كۆپ توختالغان. ئۇ مۇنداق يازغانىدى:

كۆزۈمكى سۆيدى يۈزۈمنى مىلك ئېتىقادى بىلە،
كۆرەر بۇ مۇشكى خوتەننى ساچىلىك سەۋادى بىلە».
«نەرگىس كۆزۈڭ مەنزىلى خوتەن لالەزارىندە،
ئوقى قاشىدا ئويىنغۇچى بىر غەزال يوق».

«تا سەبا زۇلفى نەسىمىن چىمەن ئەلىدە يايغالى،
مۇشىك سەۋداسى كېسىلدى شەھرى چىمەن ئەتتارىدىن».
ئەبەيدۇللا لۇتفى:

«ساچىڭدىن چۈن ئوغۇزلار مۇشكى خۇشبۇي،
قىلۇرلار بەندۇ بەد ئانى خوتەندە».

«گاھ تۆكتىلەر خوتەن زىيبالارىنى،
زامانى رۇمىنىڭ رەئنالارىنى».
لۇتفى بۇ يەردە خوتەننى رۇم بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويۇپ، يۈكسەك ئېتىبار بىلەن تىلغا ئالغان.

3

ئۇلۇغ ئەللامە ۋە تەڭداشسىز سەنئەت ئۇستازى ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدە خوتەن ئىبارىسى ئالتۇن ۋە ئاتەش بىلەن چېكىلگەن كۆپ قىرلىق، ھىلقىدا، ۋە ھۆرمەت، سۆيۈنۈش دۇرلىرى چاقناپ تۇرغان

ئىبارە بولدى. ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز لىرىكىلىرى — غەزەللىرىدە خوتەن ئىبارىسىنى پەخىرلىك تۇرۇنغا قويغان. ئۇ:

«دېمە يۈز كىم خوتەن گۈلزارىدۇر بۇ،
دېمە خەت، نافائى تاتارىدۇر بۇ».

«چۈن مەلاھەت جان ئالۇر، ھۆسن ئىچرە ئانى ئىستەگىل،
خاھى دىلبەر كىشۋەرى بولسۇن خوتەن، خاھى ھەبەش».
«كويى تۇپراغى ئىرۇر مۈشكى ختا①»
ئىستەگىن ئانى خەتا قىلما ھەۋەس».

«يۈزۈك بەيازىيۇ ئول خالى مۈشكسا ھىندۇ،
غەرب تۇشتى خوتەن كىشۋەر ئارا ھىندۇ».
(ئاپئاق يۈزۈڭدىكى ئىپار رەڭلىك مېڭىڭ بەئەينى قارا تەنلىك ھىندىغا ئوخشايدۇ. خۇددى خوتەن ئەھلى ئارىسىغا بىر غېرىپ ھىندى كەپقالغاندەك).

ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز «خەمسە» داستانلىرىدا خوتەن ھەققىدە كۆپلەپ توختالغان. ئۇ «ھەيرەتۇلئەبرار» دىن ئىبارەت پەلسەپە — ئېتىكىلىق داستانىدا مۇنداق يازغان:

«تۈركىي خوتەن، ياپتى چۇ زىيبا جامال،
مۈشكى فىشان بولدى نەسمى شامال».
ئەلىشىر نەۋائىي بۇ يەردە «تۈركىي خوتەن» ئىبارىسىنى ئىككى مەنىدە — تۈركىي روم مەنىسىدە، تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى ئوچىقى مەنىسىدە ۋە قۇياش سىمۋولى سۈپىتىدە قوللانغان. نەتىجىدە بۇ بېيت مۇنداق بولۇپ چىقىدۇ:

«قۇياش گۈزەل جامالىنى كەڭ يايدى،
شامال گويا ئىپار بولۇپ تارالدى»
ئەلىشىر نەۋائىي «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدا تۇنجى بولۇپ ئىران

---

① «ختا» ئىبارىسى ھەر خىل ئىزاھلانماقتا. بۇ بەزى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن «خوتا» (خوتەن) ئىبارىسىنىڭ ئىبرىكچە «ئان»، «ئىن» (مەسىلەن، يونان، ئىران، تۇران) قوشۇمچىسىز يېزىلىشى دېيىلگەن.

پادىشاھى خوسراۋنى باش قەھرىمان قىلغان نىزامى گەنجەۋى بىلەن خوسراۋ دېھلەۋى ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، تۈركىي شاھزادە ۋە ھونەر- سەنئەت ماھىرى پەرھادنى باش قەھرىمان قىلغان تۈركىي داستان ياراتتى. بۇ غايەت چوڭ ئىپتىخار ۋە جاسارەت ئىدى. ئۇ خوتەن ھەققىدە كۆپلەپ بېيىتلار يازغان:

«خوتەن مۇلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،
ساۋادى ئۇزرە جەننەت جان فىشاندۇر».

(خوتەن دىيارى جەننەتتىن نەمۇنىدۇر. ئۇنىڭ كۆكلىمى جان بېغىشلىغۇچى جەننەتنىڭ ئۆزىدۇر).

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت ۋە غايىۋى پادىشاھ توغرىسىدىكى ئوتوپىك ئىدىيىلىرىگە بېغىشلانغان ئاخىرقى داستانى «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا خوتەن تەسۋىرىگە ئائىت مىسرالار كۆپ:

«بۇ سۆزلەر دېگەچ شاھى چىنۇ خوتەن،
دۇئاسىغە تىل چەكتىلەر ئەنجۇمەن».
(چىن ۋە خوتەننىڭ پادىشاھى بۇ سۆزلەرنى ئېيتىش بىلەنلا، مەجلىس ئەھلى دۇئاغا تىل ئاچتى).

«بىرى ئول خوتەن زادى مېھرۇ ئىدى،
يەنە مەھۋەشى تۈرفە كۆزگۇ ئىدى.»
(بىرى خوتەنلىك مېھرۇ ئىدى، ئۇ ئاجايىپ ئاي يۈزلۈك گۈزەل ئىدى.)

ئەلىشىر نەۋائىي خوتەن تېمىسىغا زور ھۆرمەت ۋە تەڭداشسىز ئىپتىخار بىلەن يېقىنلاشقان. ئۇنىڭ نەزەرىدە، خوتەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى قەلئەسى ۋە شەرق سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قەسرى ئىدى. ئۇ خوتەننى قۇياشقا، جەننەتتىن ئۈستۈن راھەتلىك دىيارغا، مانى، دانى، قارەن قاتارلىق ناملاردا ئاتالغان ماھىر رەسساملار يۇرتىغا، ئىپار چاچلىق، ئاھۇ كۆزلۈك ساھىبجامال قىزلار بىلەن ئىپار ھىدلىق باغ - داللار،

ئىپار كىيىكى ماكانىغا ئوخشىتىپ تىلغا ئالغان.

4

بابارەھىم مەشرەپ خوتەن دىيارىنــى كەزگەن ۋە بۇ قۇتلۇق زېمىننى ئالىي ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ مۇنداق يازغان:

«مېنىڭ ئاشۇفتە كۆڭلۇم غۇنچىدەك ھەرگىز ئاچىلمايدۇر،
يۈرەكتىن غەم كېتەر دەپ بۇ سەبەبدىن مەن خوتەن كەلدىم»

(مېنىڭ كۆڭلۇم غۇنچىدەك ھەرگىز ئېچىلمايدۇ، يۈرەك غەملىرىم كېتەر دېگەن سەۋەبتىن مەن خوتەنگە كەلدىم).

«شەھىدانە خوتەننى تەۋۋف ئېتەرگە، ئەي مۇسۇلمانلار،
چۇ لالە دامەنى سەھرا تۇتۇپ دەشتى خوتەن كەلدىم.»

(ھەي مۇسۇلمانلار، مەن شەھىدانە خوتەننى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن، سەھرا ئېتەكلىرىنى لالىزار بىلىپ، خوتەن دەشتىگە كەلدىم.)

«گۇناھىمدىن خەبەر ئالسام جوھود، تەرسا مېنىڭدەك يوق،
خىتايۇ، چىنۇ ماچىندىن خوتەن دەپ ئۆرگۈلۈپ ئۆتتۇم»

(گۇناھلىرىمنى سورىساڭ ھوجۇد، تەرسادىن ئارتۇقمەن، خىــتاي بىلەن چىن ماچىننى خوتەن دەپ ئايلىنىپ چىقتىم.)

«ئاياغ باسقان يېرى سەرسەبز بولدى، ياسۇمەن بولدى،
مەشامىم بويىدىن ھەر سائەتى مۇشكى خوتەن بولدى.

(ئاياغ باسقان يېرىڭ گۈلزار ياكى ياسىمەنزار بولغاچقا، دىمىغىمدىن ھەر سائەت خوتەننىڭ ئىپار ھىدى چىقىپ تۇردى.)

«ئاھۇيى خوتەن چەشمى سىياھىڭگە تەسەددۇق،
جانانەئى چىن زۇلفى دۇتاھىڭگە تەسەددۇق».

(ئەي خوتەن ئاھۇلىرى قارا كۆزۈڭگە تەسەددۇق، چىن جانانلىرى ئىككى تال چېچىڭغا تەسەددۇق.)

بىز خوجا نەزەر ھۇۋەيدانىڭ،
«كۆرۈپ چۇ زۇلفى خەتىڭنى خوتەندەگى ئاھۇ،»

(چاچلىرىڭنى كۆرگەندە خوتەن ئاھۇلىرىنىڭ خۇشبۇيىنــى ھىس قىلدىم.)

«سۇزۇپ پىيالەئى مەينى يىغلاسا ئىشرەپ ئەھلى،
سۇنارغا مۇغبەچە مەينى كاسەئى خوتەن ياخشى» .
(پىيالىدە مەي ئىچىپ ئىشرەت ئەھلى يىغلاشقا چۈشكەندە، مەينى ساقى سۇنۇشقا خوتەن قەدەھى ياخشى) .

«مۇھەببەت بويىدىن بىر زەررە لەززەت تابماغانلارغا،
دىماغىغا ئۇلارنىڭ مۇشكى ئاھۇيى خوتەن ياخشى» .
(مۇھەببەت پۇرىقىدىن ئازراقمۇ لەززەت تاپالمىغان كىشىلەرنىڭ دىمىقىغا خوتەن كىيىكىنىڭ ئىپارى ياخشى) ، دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇنى قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ئافاق خوجا تەرىپىدىن ئات قويۇلۇپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن بۇ دىيارغا توپلانغان مۇھەببىتىنى كۆرىمىز.
مۇھەممەد سىدىق زەلىلى: «ساچقالى ئىپارىنى ئاھۇيى خوتەن ياخشى» دېگەن روھتا كۆپلەپ خوتەن تەسۋىرىگە بېغىشلانغان بېيىتلارنى يازغان:

«ئەي زەلىلى، گۇلشەنى ماچىندە ئەمدى بادە ئىچ،
مۇھتەسىب گەرشەھر ئىچىدە ئەلنى ئەيلەر ئىھتىساب»
(ئەي زەلىلى، ماچىن گۇلشىنىدە ئەمدى مەي ئىچكىن، گەرچە شەھەر تەكشۈرگۈچىلەر تىنتىشىپ يۈرسىمۇ.)

«شەھرى ماچىندۇر زەلىلى تەلبە ئەيلەپتۇر سەپەر،
ئەردەۋىل ئىلە كوچاۋۇ سەيرى تۇرفاندۇر تەمەئى»

(تەلۋە زەلىلى ماچىن شەھىرىگە سەپەر قىلدى. ئەمدى ئاقسۇ، كۇچا ۋە تۇرپان سەيلىسى ئۇنىڭ ئارزۇسىدۇر.)

«تەماشايى زەلىلى مەھۋاشانى شوخى ماچىن ھەر،
ختا سەھراسىدىن گەر جىلۋە گەردۇر ماھى تۇرفانىم.»
(زەلىلى ماچىنىنىڭ ئاي يۈزلۈك شوخلىرىنى تاماشا قىلىۋاتقىنىدا، ختا سەھراسىدىن تۇرپانىم ئايدەك جىلۋە قىلىدۇ) .

«ختا سەھراسىدىن سۇمبۇلنى ھەرگىز بىزگە كەلتۇرمە،
يىبەرگىل ئاھۇيى مۇشكى خوتەن ئەلبەتتە — ئەلبەتتە»

(خىتا ھەسراسىدىن بىزگە سۇمبۇل كەلتۈرمە، ئەلۋەتتە، خوتەن ئىپار كىيىكلىرىنىڭ ئىپارىدىن ئىبەرت.)

خوتەنلىك لىرىك شائىر نەۋبەتى خوتەن توغرۇلۇق ئاجايىپ غۇرۇر بىلەن گۈزەل مىسرالار يازغان:

«مۇساھىبىم قىلساڭ پەيام ئەۋۋەل خوتەندىن باشلاغىل،
دىلبەرىم، خۇرشىد يۈزۈم ئول سىيمىتەندىن باشلاغىل.

باشقا گەپكە ئاچمالەب، يوقتۇر بۇنىڭدا خاسىيەت،
دىل ئارام تەفا خۇرۇم ئول جانۇ تەندىن باشلاغىل».

«رەۋزىگە مانەد خەيال ئەت خوتەننى،
بىھىشتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.
خوجەستە خاكى رەھمەت سۈرمەسىدۇر،
كۆزۈڭگە تۇتىيا خال ئەت خوتەننى.
پەرىلەر بوسەسى تۇرفە شىرىندۇر،
ھۇرلەر لەبىگە بال ئەت خوتەننى.
تەلئەتىگە خۇرشىد، كۆزلەرىگە ئەختەر،
يادەك قاشىگە ھىلال ئەت خوتەننى.
مۇئەللىمى ئافاق بىنىشىن سۇخەنگوي،
تىفلىگە دەرس مەقال ئەت خوتەننى.
جاھان شائىرلەرى گۈلشەنى باغى،
خەمىسەڭگە قۇرباش ئىبتىسال ئەت خوتەننى.
سەن ھەم نەۋبەتى سىياھ رۇي ئىلىگە،
رەقىبلەر كۆزىگە زەۋال ئەت خوتەننى».

ھەيدەر خارەزمى «گۈلشەنۇل — ئەسرار» ناملىق داستانىدا:

«چۇن يورىدى سۇبھى سەھەر ئۇردى دەم،
تىكتى خوتەن خۇسرەۋى ئالتۇن ئەلەم»
دېگەن بېيىت ئارقىلىق خوتەن نامىنى قۇياش سىمۋۇلى ئورنىدا ئىشلەتتى.

5

خوتەن ھەققىدىكى گۈزەل تەسۋىر، كلاسسىك چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى پەسلىدىمۇ ئۆز ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇردى.

نادىرە پارسچە يازغان غەزەللىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېدى:

«شەرم ھايادىن تۆكۈلەر ياش سۇرمەرەڭ قارا كۆزلۈك،
خوتەن ئەھۇلىرى كۆزىدىن شوخلۇقلار يوقالغاندەك.
ھەر كېچە قارا خالىڭ سەۋداسى ئەتىر چاچقاي،
خوتەن ئاھۇلىرى فەرياد قىلىپ مۇشكىن تاراتقاندەك».

فۇرقەت مۇنداق يازغان:

«خوتەن ئاھۇلىرىدەك ئانچە سەرگەردان بولۇپتۇرمەن،
ساچى مۇشكى، ختا رەشكى خەيالى دىلرەبالەردىن».

لىرىك شائىر مەھزۇن خوتەنى:

«مەنى مەھزۇن نېتەي بۇ غۇربەت ئىچرە،
خوتەن مۇلكى مېنىڭ ئېردى دىيارىم»
«مەھزۇن خوتەنگە ئالتە شەھەر چارباغىدىن،
كەتكىل مەقامى ئەسلىغە يان ئۆز دىيار خوپ»

دەپ يازسا، موللا نىياز قارى سابىر:

«ئاتا مۇلكۇم خوتەن چاقار تاغى،
تۆت ئىماملار مۇھەببى مەن داغى»

دەپ يازغان.

مۇھەممەد رەھىم راغىبى:

«نىتسۇن نىھان ئولماي خوتەن مۇشكى جاھانىنىڭ كۆزىدىن،
مۇشكىن مۇسەلسەل كاكۇلۇڭ سۇمبۇلنى رەسۋا ئەيلەسە».
(سېنىڭ ئىپاردەك قارا ۋە خوش پۇراقلىق ئۆرۈم چاچلىرىڭ سۇمبۇلنى رەسۋا قىلىۋاتسا، خوتەن ئىپارى جاھان كۆزىدىن ئۆزىنى يوشۇرماي قانداق قىلسۇن.) دەپ يازغان.

سەدائى:

«بەسمى سۇبھىدىن قىلغان مۇئەتتەر بۇ دىماغىمنى،

خوتەن سەھراسىدا بۇ مۇشكى تاتارىمدىن ئايرىلدىم» .
(تاڭ سەھەرلەردە دېمىغىمنى خۇشبۇي قىلىــــدىغان خوتەن سەھراسىدىكى ئىپار پۇراقلىرىمدىن ئايرىلدىم) .
ئابدۇرازاق ئەندىجانى :

مېھرى رۇخىڭنىڭ دەۋرىدە زۇلفىڭ شىكەن - شىكەن،
تاپار دىماغىم ئاندە نەسىمى خوتەن - خوتەن» .
(چېھرىڭ قۇياشىنىڭ ئەتراپىدا چاچلىرىڭ ئورام - ئورام بولۇپ تۇردى . دېمىغىم ئۇنىڭدىن خوتەننىڭ خۇش ھاۋاسىنى تاپىدۇ) ، دەپ يازسا،
مولla بىلال نازىمى :

«كى ناقىل نەسىيمى كېتۇردى سۇخەن،
نېدۇركى سۇخەن بەيئى مۇشكى خوتەن» .
(نەقىل كەلتۈرگۈچى سۆز شامىلىنى كەلتۈردى، گەپ ئەمەس، بەلكى خوتەن ئىپارىنى كەلتۈردى . ) دەپ يازغان .
چىڭ سۇلالىسى شائىرى شاۋسۇن «غەرب زېمىن نەزمىلىك بايانلىرى» ناملىق ئەسىرىگە ئۆزىنىڭ 1863 — 1878 - يىللىرىغىچە 15 يىل تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمال - جەنۇبىنىــــى ئايلانغاندا ئالغان تەسىراتلىرىنى توپلىغانىدى . ئۇنىڭغا خوتەن ئالتۇنى، قاشتېشى، خوتەننىڭ كىچىك دوپپىسى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تۆتلىكلىرى كىرگۈزۈلگەن . ئۇنىڭ بىرى مۇنداق يېزىلغان :

«مۇندا قاشتاش قوي يېغىدەك يالتىراپ قىلغان جۇلا،
قاراقۇرۇم تېغىنىڭ تەكتى ئىكەنغۇ باشقىلا !
قاراقاش، يۇرۇڭقاشقا جەمدۇر ئالتە شەھەر تاشچىسى،
سۇغا كىرىپ ئىزدېشەر تاشنىڭ چوڭىنى شۇنچىلا . »
شۇنداق، لويازى ئەپەندى بىلەن رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئارىســـدا يېزىلغان مۇشائىرىلەرنىڭ بىرىدىمۇ خوتەن (يۇتيەن شەكلىدە) تىلغا ئېلىنغان .

* * *

خوتەن ھەقىـــقەتەن ئۇلۇغۋار ھېكمەت دىيارى . خوتەن ئۆز بېشىدىن ئەڭ دەھشەتلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى . خوتەن دىيارى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان كلاسسىك ئەدەبىـــيات

نەمۇنىلىرى بىلەن ئىپادىلەپ تاماملىغىلى بولمايدۇ. يېقىنقى زامان يېڭى ئەدەبىياتى قەلەمكەشلىرىمۇ بۇ گۈزەل ماكان ھەققىدە كۆپلەپ ئەمگەك سىڭدۈرۈشتى. ئەمما، خوتەن ــ ئەبەدىيلىك، پۈتمەس - تۈگىمەس ئۇلۇغۋار تېماتىكا.

خوتەن يېقىنقى قىرىق يىل مابەينىدە ئۆز ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدە يېڭى سۈپەت ۋە يېڭى راۋاجلىنىشقا قەدەم قويدى.

مەن خوتەننى كۆرمىدىم. شۇنىڭدەك ئەزىز دەرگاھنى زىيارەت قىلماقلىق ئىستىكىمنى ئۇنتۇمىدىم. ئاق كۆڭۈل، دىلى ھېكمەتكە تولغان، مەردانە خىسلەتلىك، ئاقىل، مېھماندوست، قابىل ۋە شائىرانە ھېسسىياتچان خوتەن ئاھالىلىرىگە باغرىم ئەڭ ئالىي ئېھتىرام ۋە سەمىمىي ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن كۈن - تۈن چايقىلىپ كەلدى.

مەن، بۈگۈن خاسىيەتلىك يېڭى يىل ھارپا كېچىسى خوتەن سېغىنىشى بىلەن بۇ سۆيگۈ رىسالىسىنى خوتەن دىيارىدىكى ھەممە ئەزىز ئەھلى جامائەتكە تەقدىم قىلماقچى بولدۇم.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

1991 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

بۇ قانداق چىرايلىق، قانداق پاساھەتلىك ماقالە - ھە! ؟ قانداق گۈزەل، قانداق ئوتلۇق مىسرالار-ھە؟! خۇددى ئۇزاق چۆل يوللىرىدىن يېتىپ كەلگەن تەشنا ئىچىپ - ئىچىپ قانمىغاندەك، ئوقۇپ - ئوقۇپ قانمايسەن. قەلبىڭ لەرزىگە كېلىدۇ. ۋۇجۇدۇڭ ياپراقتەك تىترەيدۇ. ئاللاھنىڭ نۇر - جامالىنى كۆرۈپ، ئېرىپ ئوتلۇق سۇ بولۇپ ئېقىپ كەتكەن تاغلاردەك يۈرىكىڭنىڭ ئېرىپ ئېقىۋاتقانلىقىنى، ۋۇجۇدۇڭنىڭ سۇغا ئايلانغانلىقىنى سەزمەي قالىسەن ....

گەرچە بۇ يەردە مۇلاھىزىگە قىلچە ئورۇن بولمىسىمۇ، ياش بوغۇنلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ماقالە ۋە ماقالىدە سىتانە ئېلىنغان مىسرالارغا ئائىت بىر قانچە مۇئەمما توغرىسىدا ئازراق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەۋۋىلى ھەزرىتى مىر ئەلشىرنەۋائىي قەلبىدە ئوخچۇپ تۇرغان خوتەن سۆيگۈسىنىڭ مەنبەيى مەسىلىسىدۇر. خۇددى مەرھۇم ئالىممىزنىڭ ماقالىسىدە كۆرسىتىلگەندەك «نەۋائىي ئەسەرلىرىدە خوتەن ئىبارىسى ئالتۇن ۋە ئاتەش بىلەن چېكىلگەن كۆپ قىرلىق، جىلۋىدار ۋە ھۆرمەت، سۆيۈنۈش دۇرلىرى چاقناپ تۇرغان

ئىبارە بولدى» ، « ئۇ خوتەننى قۇياشقا، جەننەتتىن ئۇستۇن راھەتلىك دىيارغا ... ئىپار چاچلىق، ئاھۇ كۆزلۈك ساھىبجامال قىزلار بىلەن ئىپار ھىدلىق باغ - دالىلارغا، ئىپار كىيىكى ماكانىغا ئوخشىتىپ تىلغا ئالىدۇ» ، نەۋائىي يەنە نىزامى گەنجەۋى، خىسراۋ دىھلەۋى ... لەر باشلىغان «خىسراۋ - شىرىن» ناملىق داستان يېزىش ئەنئەنىسىنى خوتەنلىك يىگىت پەرھاد باش قەھرىمان قىلىنغان «پەرھاد - شىرىن» داستانچىلىقى ئەنئەنىسىگە كۆتۈرىدۇ. خوتەننى، خوتەنلىكلەرنى ئوتلۇق سۆيگۈ بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. بۇنداق ئوتلۇق سۆيگۈ ئۇنىڭ يەنە بىر داستانى — ئاخىرقى يىرىك ئەسىرى «سەددى ئىسكەندەر» دىمۇ ھارارەت چېچىپ تۇرىدۇ. خوتەن ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يۇرتى سۈپىتىدە غايىۋىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاشۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغان كىشىگە نەۋائىنىڭ قەلبى كېچە - كۈندۈز بىر مۇقەددەس مەنزىلگە — خوتەنگە ئىنتىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ ... نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ يىراق خوراساندىكى ھىراتتا تۇغۇلغان، شۇ ياقلاردا چوڭ بولۇپ ياشىغان، خوتەنگە ئەسلا كېلىپ باقمىغان مىر ئەلىشىر ھەزرەتلىرى خوتەنگە نېمانچىۋىلا ئىنتىلىدۇ؟ ئۇنىڭ خوتەنگە بولغان ئاتەش كەبي سۆيگۈ - مېھرى نەدىن پەيدا بولغان؟ نېمە ئۈچۈن خوتەننى جەننەتتىنمۇ بەكرەك ئۇلۇغلايدۇ؟

بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە، خوتەن ھەققىدە گويا ساماۋى چۆچەكلەردەك گۈزەل تەسىرات مەنبەيى بولۇش كېرەك. ھەزرىتى ئەلىشىرنىڭ بۇنداق گۈزەل تەسىراتقا ئىگە بولۇشى پەقەت ئىككى يول ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن.

بىرى، خوتەن ئاجايىباتلىرى ھەققىدە يېزىلغان قىلىن ۋە قىزىقارلىق كىتابلارنى قايتا - قايتا ئوقۇش، ۋاھالەنكى، ھەزرىتى ئەلىشىر ئۆز ئەسەرلىرىدە خوتەن ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى ئەسلا تىلغا ئالمىغان. بەلكىم كۈچلۈك خانىنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشى ۋە مىرزا ئابابەكرىنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرى خوتەن ھەققىدە يېزىلغان بۇنداق ئېسىل كىتابلارنى ھەزرىتى ئەلىشىر دەۋرىگە يەتكۈزمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ پاكىتتىن قارىغاندا، نەۋائىي قەلبىدىكى گۈزەل تەسىراتلارنى كىتابلاردىن كەلگەن دەپ قاراش خېلىلا گۇمانلىق. يەنى جىڭ باسمايدۇ.

ئىككىنچىسى، ھەزرىتى ئەلىشىر كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا خوتەن ھەققىدىكى گۈزەل ئەسلىمىلەرنى پات - پات ۋە بەلكىم ھەر كۈنى ئاڭلاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. كىچىك ئەلىشىرنىڭ سەبىي

قەلبىگە ئاشۇ ئەسلىمىلەر گويا تامغا، نەقىش بولۇپ ئورناشقانلىقى ئۈچۈن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە خوتەن جەننەت كەبى بىر گۈزەل، غايىۋى دىيار بولۇپ قەد كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ قەلبىنى گويا ئاھاڭرەبا تۆمۈر كۈكۈنلىرىنى ئۆزىگە تارتقاندەك جەلپ قىلىپ تۇرىغان. مانا شۇ تەسىراتلار كېيىنكى چاغلاردا شائىرلىق كامالىتىگە ئېرىشكەن ئەلشىرنى خوتەن ھەققىدە گۈزەل مىسرالارنى، داستانلارنى پۈتۈشكە ئېلىپ بارغان. پەقەت كىچىك چاغلاردا ئاڭلىغان چۆچەك-رىۋايەتلەر، ئاجايىپ ھېكايەتلەرلا ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇنداق چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ ...

ئەگەر بىز يۇقىرىقى تەسەۋۋۇرىمىزنى كۈچكە ئىگە دەپ قارايدىغان بولساق، ئەمدى دىققىتىمىزنى خوتەن ھەققىدە ئاشۇ گۈزەل ھېكايەتلەرنى سۆزلەپ كىچىك ئەلشىرنىڭ قەلبىدە يارقىن تەسىراتلارنى پەيدا قىلغان ئاتەش نەپەس سېغىنغۇچى ئۇستىگە مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇ كىم بولغىيدى؟ بىرىنچى قەدەمدە، ئاشۇ نامەلۇم ھېكايەت سۆزلىگۈچىنى خوتەنلىك، خوتەندە تۇغۇلغان، خوتەندە ياشىغان ياكى خوتەندە ئۇزاق ياشىغان كىشىنىڭ ئەۋلادى دەپ پەرەز قىلىشقا جۈرئەت قىلىمىز. چۈنكى خوتەنلىكتىن ئۆزگە كىشى ياكى خوتەندە ئۇزۇن مۇددەت ياشىمىغان كىشى خوتەن ھەققىدە ئۇنداق گۈزەل ھېكايەتلەرنى سۆزلەپ، كىچىك ئەلشىرنىڭ قەلبىدە ئوتلۇق تەسىراتلارنى قالدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچى قەدەمدە، ھەر قانداق بالىنىڭ تۇنجى ۋە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرارلىق ھېكايەتلەرنى تۇنجى بولۇپ موممىسىدىن، بوۋىسىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن ئاڭلايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، ھېكايەت سۆزلىگۈچىنى ئەلشىر نەۋائىنىڭ «بابور شاھنىڭ① دادىسى بىلەن ئىملداش بولغان بوۋىسى» ياكى «ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولغان» دادىسى — غىياسىدىن كىچىكنىڭ دەل ئۆزى ئىدى، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟

پەرەزلىرىمىز بىزنى ھەزرىتى ئەلشىرنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى خوتەنلىك ئادەممىكىن؟ ئۇنىڭ خوتەننى سېغىنىپ، ئاشۇ يىراق خوراسان تەرەپتە خوتەن ھەققىدە، خوتەننىڭ ئىپار ھىدلىق دالا-باغلىرى ھەققىدە، «قەلەم قاشقا قاشلىق بولغۇدەك» ئىپارھىدلىق

---

① بۇ زۆھرىدىن مۇھەممەد بابۇر شاھ ئىمەس، ئوبۇلقاسىم بابۇر شاھ بولسا كېرەك

خوتەن تۇپرىقى ھەققىدە، ئىپار ھىدلىق، سۇمبۇل چاچلىق خوتەن گۈزەللىرى ھەققىدە، خوتەن دالىلىرىدا ئىپار پۇرىقى چېچىپ چېپىپ يۈرگەن ئىپار ئاھۇلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن ھېكايەتلىرى ئەلشىرلەر ئائىلىسىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا سۆزلىنىپ - تەكرارلىنىپ يۈرگەنمىدىكىن؟ دېگەن گۇمانغا ئېلىپ كېلىدۇ.

ۋاھالەنكى بۇلار پەقەتلا پەرەز ۋە تەسەۋۋۇر بولسىمۇ، بۇ ھەقتە ھېچ بىر ئېنىق تارىخىي ئۇچۇر ئۇچراتمىغان بولساقمۇ، لېكىن نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە خوتەن نامىنى ئانا سۆيگۈسىدەك ئۇلۇغلاپ تىلغا ئالغانلىقى، خوتەننى ئۆزى تۇغۇلغان ھىراتتىنمۇ بەكرەك سۆيۈپ تەسۋىرلىگەنلىكى، ئۆزى ئەڭ سۆيۈنۈپ تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلىرىنى خوتەندىن ئالغانلىقى قاتارلىق ئامىللار بىزنى ئاشۇ پەرەز ۋە تەسەۋۋۇرلارغا ئىشىنىشكە زورلايدۇ.

ئەلۋەتتە، خوتەننىڭ ھەزرىتى ئەلشىر نەۋائىي ئۈچۈن ئاتا يۇرت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش — ئاشۇ ئۇنتۇلغان يىراق تارىخىي كۆرۈنۈشلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئەستايىدىل قېزىلىشىغا - ئېچىلىشىغا باغلىق. بىز بۇ يەردە ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىشقا قابىل بولالمىساقمۇ، نەۋائىي ھەزرەتلىرىدە خوتەن سۆيگۈسىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى يۇقىرىقىدەك تەسەۋۋۇر قىلىشقا تامامەن قادىرمىز. گۈل بولمىسا، خۇش پۇراق چېچىلماس. ئوتلۇق مۇھەببەتنىڭمۇ ئەلۋەتتە ئوت ياققۇچى مەنبەيى - پىلتىسى بولىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ گۈزەل ماقالىسىدىكى كلاسسىكلارنىڭ خوتەن ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئىككىنچى - مەسىلە «چىن»، «ماچىن» ئاتالغۇلىرى مەسىلىسىدۇر. نۇرغۇن تەتقىقاتلاردىن مەلۇمكى، تېخى يېقىنقى ئەسىرلەرگىچە «چىن»، «ماچىن» ئاتالغۇسى ناھايىتى ئېنىق ھالدا خوتەننى كۆرسىتىپ كەلگەن. ئېنىقراق ئېيتقاندا، «چىن»، «ماچىن» ئاتالغۇلىرى خوتەننىڭ يەنە بىر ئاتىلىشىدۇر. پېشقەدەملەرنىڭ خوتەن زېمىنىدىكى قەدىمىي خارابە ئىزلىرىنى «چىن-ماچىن شەھىرى» دەپ ئاتىشىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. دېڭىز قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يۇرتىمىزدىن ئۆتىدىغان كارۋان يولىنى خارابلاشتۇرغان كېيىنكى زامانلاردا بولسا، «چىن» ئاتالغۇسىنىڭ قىسمەن ئۆزگەرگەن ھالەتتە (يەنى «چاينا» ھالىتىدە) ھازىرقى جۇڭگونى كۆرسىتىدىغانلىقى روشەنكى XVII، XVIII

ئەسىرلەردىن كېيىنكى ئىشتۇر. كۆپرەك ياۋروپا تىللىرىغا مەنسۇپ بولغان «چاينا» ئاتالغۇسىنىڭ «چىن» ئاتالغۇسىغا ئوخشاشلا «سېرس» (يىپەك) ئاتالغۇسىدىن ئۆزگەرگەنلىكى گۇمان قىلىنىسمۇ، لېكىن كېيىنكىسى كۆپرەك ئەرەب، پارس، تۈركى تىللارغا مەنسۇپ بولۇپ، ئالدىنقىسى بىلەن روشەن پەرققە ئىگە. خۇلاسە قىلغاندا، «چىن»، «ماچىن» ئاتالغۇسى ئۇچرىغاندا ئۇنى ئېنىق هالدا خوتەن دەپ چۈشىنىش كېرەك.

ئۈچىنچى مەسىلە، «مۇشكى خوتەن» — خوتەن ئىپارى، «خوتەن ئىپار ئاهۇسى» — خوتەن ئىپار كېيىكى توغرىسىدىكى مەسىلىدۇر. ئالدىنقى ئاتالغۇ خۇش پۇراق ماتېرىيالىغا، كېيىنكىسى بولسا خۇش پۇراق ماتېرىيالىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە تالىق. خۇش پۇراققا ئىنتىلىش ۋە ئۇنىڭدىن هۇزۇر ئېلىش، بەدبوي - سېسىق پۇراقتىن سەسكىنىش ۋە ئۇنىڭدىن بىزار بولۇش، ئىنساننىڭ تەبىئىي سەزگۈ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولۇپ، مۇشۇ خۇسۇسىيەت، كۆپ خىل خاس مەدەنىيەتلەر قاتارىدا ئىنسانىيەتنىڭ خۇش پۇراقچىلىق مەدەنىيىتىنىمۇ شەكىللەندۇرگەن. بۈگۈنكى هەر خىل خۇش پۇراق ئەترىلەر، خۇش پۇراق ئۇپا - ئەڭلىكلەر، ئەترە سوپۇنلار ئەنە شۇ خۇش پۇراقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي مەهسۇلاتلىرىدۇر. ۋاهالەنكى، ياساش، پىششىقلاش سانائىتى تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە، خۇش پۇراقچىلىق مەدەنىيىتى بۈگۈنكى «فرانسىيە ئەترىسى»نى باشلانما قىلغان ياساش سانائىتى مەهسۇلاتلىرىنى ئەمەس، بەلكى، تەبىئىي خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى ئۆزىگە بەلگە قىلاتتى. خۇش پۇراقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ئاساسى تەبىئىي خۇش پۇراق ماتېرىياللار ئىدى. ئەنە شۇ يىراق دەۋرلەردە، هەتتا ياساش سانائىتى تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ، خۇش پۇراق ماتېرىياللارنىڭ ئەڭ ئېسىلى، ئەڭ ئەتىۋارى، ئەڭ قىممەتلىكى يەنىلا ئىپاردۇر. يەنى كلاسسىك يازمىلاردا تىلغا ئېلىنغان «مۇشكى خوتەن» — خوتەن ئىپارى دېگەن نەرسىدۇر. ياساش سانائىتى تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە خانىش - مەلىكىلەر، باي خوجام - خېنىملار ۋە شارائىتى يار بەرگەنلەر ئۆزىدىن خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرۇش ۋە يات جىنسلىقلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن مۇشكى - ئىپارنى كىچىك خالتىلارغا سېلىپ، ئۇنى تۇمار شەكلىدە توكۇپ، كىيىملىرىنىڭ ئىچكى تەرىپىگە قاداپ ياكى بويىنىغا

ئېسىپ يۇرۇشەتتى. ئېسىۋالغان ئاشۇ ئۈزۈملۈك توماردىن تارقالغان خۇش پۇراق ئۇلارنى تولىمۇ يېقىملىق، جەلپكار قىلىپ كۆرسىتەتتى. بۇ بوگۈنكى ئەترە چېچىش ئادىتىنىڭ ئېپتىدائىي باشلىنىشىدۇر.

ئەرەبچە «مىسك»، پارسچە «مۇشك» دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇ ئىپار بەدىنىدە پۇراقلىق بەز خالتىسى بولغان ئىپار كېيىكى، گورمان كېيىكى، ئات كېيىكى قاتارلىق سۈت ئەمگۈچى ھايۋاناتلاردىن ئېلىنىدۇ (ئادەتتە كىشىلەر ئىپار كېيىكىنىڭ كىندىكىدىن ئېلىنىدۇ دېيىشىدۇ). ئۇ ئەركەك ئىپار كېيىكلىرىنىڭ پۇراق خالتىسى ئىچىدىكى سۇيۇقلۇق بولۇپ، قىرىتىۋېلىپ قۇرۇتۇلسا، رەڭگى قارىغا مايىل قوڭۇر رەڭلىك ياكى سۆسۈنگە مايىل قىزغۇش تالقانغا ئايلىنىدۇ، قۇرۇتۇلغان قانغا ئوخشايدۇ. ئۆتكۈر خۇش پۇراق تارقىتىدۇ. ئىپار، پۇراقچىلىق مەدەنىيىتى خام ئەشياسى بولۇپلا قالماستىن يەنى تېبابەت - دورىگەرلىكنىڭمۇ خام ئەشياسى. ئىپارنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق. كۆڭۈلنى خۇشخۇي قىلىش، رەئىس ئەزالار (مېڭە، يۈرەك، ئۆپكە، جىگەر) نى قۇۋۋەتلەش، سەزگۈلەرنى قوزغىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىدە يۈرەك، مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى، روھنى قوزغاتقۇچى دورىلارنىڭ ھەممىسىگە ئىپار قېتىلىدۇ. يۈرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، مالىخولىيا، ھىستېرىيە، دۆلىنىش، زېھنىنىڭ سۇسلاپ كېتىشى، ئۇنتۇغاقلىق، پالەچ، لەقۋا، بېھۇشلۇق، تىترىمە كېسەل، تارتىشىپ قېلىش، جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ھەر كىلوگرام ئىپارنىڭ ھازىرقى بازار باھاسى 100 مىڭ يۈەندىن 120 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، ئالتۇندىن قىممەت تۇرىدۇ.

تېبابەتچىلىك دورىلىرىدىكى ئاچچىق - قىرتاق تەمنى، سېسىق پۇراقنى يوق قىلىش ئىپارنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئىپارنىڭ جىڭ - جالىقىنى ئايرىشتا كۆپىنچە سامساق سۈركەلگەن يىڭنىگە يىپنى ئىپار تالقىنى ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يىڭنىگە يىپ ئىپار تالقىنىدىن ئۆتكۈزۈلگەندە، ئەگەر ئۇنىڭدىكى سامساقنىڭ ئاچچىق تەمى ۋە سېسىق پۇرىقى پۈتۈنلەي يوق بولسا، بۇنداق ئىپار جىڭ ئىپار ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئاچچىق تەم ۋە سېسىق پۇراق يوقالمىسا بۇجا ھېسابلىنىدۇ. تەجرىبىلىك تېۋىپلار كۆزىتىش، پۇراپ كۆرۈش ئارقىلىقمۇ ئىپارنىڭ جىڭ - جالىقىنى

ئايرىيالايدۇ.

ئىپارنىڭ مەنبەسى بولغان ئىپار كېيىكى توغرىسىدا «شىنجاڭ ياۋايى ھايۋانلىرىنىڭ رەڭلىك ئاتلىسى» دېگەن كىتابتا ۋە تىبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ دەرسلىكى — «ئۇيغۇر تىبابىتىدە دائىم ئىشلىتىدىغان دورا ئەشيالىرى ئىلمى»دا كۆرسىتىلگەن بايانلاردا بىر دەك: «بۇغىغا ئوخشايدۇ، ئەمما تېنى كىچىك، مۈڭگۈزسىز، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 50 سانتىمېتىر، تەن ئۇزۇنلۇقى 70 — 90 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 8 — 13 كىلوگرامغىچە ... ئەركىكىنىڭ قوزۇق چىشى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، كالپۇكى سىرتىغا چىقىپ تۇرىدۇ ... قولىقى ئۇزۇن، قۇيرۇقى قىسقا، قوڭۇر رەڭلىك ... ئەركىكىنىڭ چاتراق قىسمىدا پۇراقلىق بەز خالتىسى بولىدۇ» دېيىلگەن.

ئىپار كېيىكىنىڭ ياشاش ماكانى توغرىسىدا، «ئاتلاس» تا: «ئالتاي ۋىلايىتىگە تارقالغان» دېيىلسە، دەرسلىكتە: «مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمال، تىبەت، ئەنخۇي، گۈيجۇ، خۇبې، خېنەن قاتارلىق جايلاردىن ھەمدە نېپال، بىرما، ۋېيتنام، روسىيە، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ» دەپ يېزىلغان. ھېچ قايسى كىتابتا خوتەن ئىپار كېيىكى ۋە خوتەن ئىپارى تىلغا ئېلىنمىغان. ۋاھالەنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ۋە ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمكى زامانلاردا ماۋرائۇننەھر، خوراسان، ئىران، ئەرەب، رۇم ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراق ئەللەرگە مەشھۇر بولغان ئىپار «مۇشكى خوتەن» (خوتەن ئىپارى) نامى بىلەن ئاتىلاتتى. ئىپار كېيىكى بولسا، «ئاھۇيى خوتەن» (خوتەن كېيىكى) نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بۇلار بىزگە شۇ زامان ساھىب قەلەملىرىنىڭ ئوتلۇق مىسرالىرى ئارقىلىق مەلۇم. بەلكىم ئۇ چاغلاردا «مۇشكى خوتەن» خۇددى موللا مۇسا سايرامى ھەزرەتلىرى «تارىخىي ھەمدى» دە، «سودىگەر ئەشرەپلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن قانچە كۆپ پۇل ئېلىپ كېلىپ مال ئالسىمۇ، پۇلى تۈگەپ كەتسە كېتىدىكەن، لېكىن خوتەندە مال تۈگەپ كەتمەيدۇ» دەپ يازغىنىدەك، ھېسابسىز كۆپ بولغان بولۇشى، باھاسى ئەرزان بولغان بولۇشى، كارۋانلار تەرەپ ـ تەرەپكە يۆتكەپ سېتىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا، بۇنىڭدىن 1200 يىللار بۇرۇن ياشىغان پارس مۇتەپەككۇرى شەيخ سەئىدى «بوستان» دا

«شېئىرلىرىمنىڭ قىممىتىدۇر، خوتەندە،
خۇددى خوتەن ئىپارىدەك كەم باھا».

دەپ يازارمىدى؟ ئىپارنىڭ خوتەن دىيارىدا ئاشۇنداق گەرزان بولۇشى ئۈچۈن، چوقۇم ئۇنىڭ مىقدارى كۆپ بولۇشى كېرەك. بىر تۇياق ئىپار كېيىكىدىن بىر يىلدا ئېلىنىدىغان ئىپارنىڭ مىقدارى ئاران 100 — 150 گرامغىچە بولىدۇ. شۇنداقكەن، كۆپ مىقداردا ئىپار ئېلىش ئۈچۈن كۆپلەپ ئىپار كېيىكى بولۇشى لازىم. قارىغاندا شۇ زامانلاردا خوتەن جاڭگاللىرىدا، خوتەن تاغلىرىدا، خوتەن داللىرىدا چېپىپ يۈرگەن ئىپار كېيىكلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ بولغاندەك قىلىدۇ. ئەپسۇسكى ئاشۇ كۆپ ئىپار كېيىكلىرى ھازىر نەگە كەتتى؟ «نەسلى قۇرىدى» دېيىشكە ئادەمنىڭ تىلى كۆيىدۇ. لېكىن خوتەنلىكلەرنىڭ قاشتېشى، گىلەم، يىپەك قاتارىدىكى يەنە بىر ئەنگۈشتەر ئىپارنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقى پاكىت. ئىپار كېيىكىنىڭ خوتەنلىكلەرنىڭ نەزەرىدىن غايىب بولغانلىقىمۇ پاكىت. بۇنى ئۆۋچىلىرىمىزنىڭ «توخۇنى ئۆلتۈرۈپ تۇخۇم ئېلىش» قا ئوخشاش ئىپار كېيىكىنى ئۆلتۈرۈپ ئىپار ئالغان قىلمىقلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولسۇن، ئىپار كېيىكىنىڭ غايىپ بولۇشى، خوتەن دىيارىدىن ئىپار چىقمايدىغان بولۇپ قېلىشى ئادەمنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ، ھەسرەتتە قويىدۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ غايىپ بولۇپ كېتىشكە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئاڭلىسام ئىپارلارنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر خوتەنگە تىبەت تەرەپتىن ئەكېلىنىدىكەن. دەرسلىكتىمۇ تىبەتتىن چىقىدۇ، دېيىلگەن. بۇ تىبەت تەرەپتە ئىپار كېيىكى بارلىقىدىن بىشارەت، تىبەت تاغلىرى بىلەن خوتەن تاغلىرى تۇتاش، تىبەت تاغلىرىدا ئىپار كېيىكى بار ئىكەن، خوتەن تاغلىرىدا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ ياۋايى ھايۋان دېگەن دۆلەت چېگرىسى، ئاپتونوم رايون چېگرىسى دېگەننى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇنداقكەن، دۆلەت تەرىپىدىن ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قىممەتلىك ياۋايى ھايۋان ئىپار كېيىكىنىڭ خوتەن تاغلىرىدا بولماسلىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ. قارىغاندا، خوتەندىن ئىپار كېيىكى ئەمەس، بەلكى، خوتەنلىكلەرنىڭ ئىپار كېيىكىدىن ئىپار ئېلىش روھى ۋە ھۈنىرى غايىب بولغاندەك قىلىدۇ. راست، ئۆتۈپ كەتكەن يىگىرمە ئەسىر داۋامىدا، تۆگىمەس

كوللېكتىپ ئەمگەك ۋە ھاشار - سەيسلەر خوتەنلىكلەرگە ئىپار كېيىكنى ئىزدىگۈدەك، تاغلارغا بېرىپ ئوۋ قىلغۇدەك پۇرسەت بەرمىدى. بەلكىم ئىزدىگەن بولسا ئىپار كېيىكنى ئۇچرىتىپ قالغان بولارمىدى. لېكىن، پۇرسەت بولمىدى. كۆڭۈل ئارامىمۇ، ھەپىسىلىمۇ بولمىدى. ئەمدى كېچىكتىقمۇ؟ ناتايىن، خوتەنلىكلەر ئەمدى بولسىمۇ خوتەن ئىپار كېيىكنى ئىزدەپ كۆرۈشى كېرەك. ئەگەر تېپىلىپ قالسا ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ كۆپەيتىش، ئىپار كېيىكىدىن ئىپار ئېلىشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش (ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ ئىپار ئېلىش)، خوتەن ئىپارچىلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قولغا ئېلىشى كېرەك. ئەگەر نۇسرەت يۈزلىنىپ قالسا، خوتەننىڭ خوتەن قىزىل گۈلى ساقلاپ كېلىۋاتقان پۇراقچىلىق مەدەنىيىتى يەنە يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. خوتەن خۇشپۇراققا تولىدۇ. خوتەن پۈتۈن دۇنيانىمۇ خۇشپۇراققا تولدۇرىدۇ.

مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ گۈزەل ماقالىسىدە تىلغا ئېلىنغان، بىزنىڭ تەپسىرلەپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدىغان تۆتىنچى مەسىلە «خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى» دېگەن جۈملىگە مۇجەسسەملەنگەندۇر. بۇ جۈملە ماقالىنىڭ سەل ئاخىرىدىراق كەلتۈرۈلگەن. قارىماققا باش - ئاخىرىدىكى جۈملىلەر بىلەن ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بىلەن ھېچ بىر باغلىنىشى يوقتەك تۇيۇلىدۇ. ۋاھالەنكى، چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ يەردىكى روشەن ئىچكى باغلىنىشنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. شەرق قەلەم ساھىبلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ تەرىپ - مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن، «جەننەتتىن نىشان بېرىپ تۇرىدىغان» مۇشۇ گۈزەل ماكاننىڭ تەقدىر - كەچمىشلىرى ئەلۋەتتە ھەر بىر ئوقۇرمەننى ئۆزىگە قىزىقتۇرىدۇ. بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش كېرەك. ئالىم ئەنە شۇ «خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى» دېگەن جۈملىسى ئارقىلىق بۇنىڭغا جاۋاب بەرگەن. لېكىن، ماقالىنىڭ مەقسەت - نىشانى كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى خوتەن تەسۋىرلىرىنى كۆرسىتىش ۋە شەرھلەشلا بولغاچقا، ئالىم قىسقىلا بىر جۈملە ئارقىلىق ئۇچۇر بېرىپ ئۆتكەن، خالاس. ئالىم خوتەن قىسمەت- كەچمىشلىرىنى شەرھلەشنى بەلكىم كېيىنكى ماقالىلىرىگە قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بىزگە مەلۇم بولغانىدەك، ئالىم ئۆزى چەكسىز تەلپۈنگەن خوتەن دىيارىنى زىيارەت قىلىشقىمۇ،

كۆڭلىگە پۈككەن ئاشۇ شەرھى ماقالىسىنى يېزىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئالەمدىن كېتىپ قالدى. ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىغا كېيىنكىلەر ۋارىسلىق قىلىش دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى. خوتەننىڭ قىممەت - كەچمىشلىرىنى شەرھلەش، بىز كېيىنكىلەرگە قالدى. بۇ يەردە بولسا بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغىنى، ئالىم ئاشۇ جۈملىنى يازغاندا قايسى پاكىتلارنى نەزەردە تۇتقاندۇ، دېگەن مەسىلە.

ئالىم كۆرگەن قەدىمىي قوليازمىلار، بىزنىڭ كۆرگەنلىرىمىزدىن مىڭ ھەسسە كۆپ. ئالىم ئاڭلىغان خوتەن ۋەقەلىرى بىزنىڭ ئاڭلىغانلىرىمىزدىن مىڭ ھەسسە ئېچىنىشلىق. بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەگەر بىز بۇ يەردە «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىگە قانائەتلىنەرلىك ئېنىقلىما بېرەلىسەك؛ ئالىم نەزەردە تۇتقان پاكىتلارنىڭ ئوندىن بىرىنى بولسىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز، لېكىن بۇ يەردە ئالىم نەزەرىدىكى «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» بىلەن بىزنىڭ قارشىمىزدىكى «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» ئوخشاش مەنىگە ئىگىمۇ؟ دېگەن سوئال ئالدىمىزنى توسىدۇ. بىز پەرەز قىلىپ كۆرەيلى، ئالىم نەزىرىدىكى «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» زادى قانداق كۈنلەرنى كۆرسىتىدۇ؟

«تەبىئىي ئاپەت» دېيىلىۋاتقان يەر تەۋرەش، سۇ بالاسى، جۇت (قاتتىق سوغۇق) ۋە تىنجىق (قاتتىق ئىسسىق)، يىلان - چايان ئاپىتى — خوتەندە يۈز بەرمەيدۇ. بۇ ھەقتە تارىخنامىلار ئۇچۇر يوق. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە شۇنداق. تۈرك قوۋمىنىڭ ئەپسانىۋى ئەجدادى، شاھىنشاھ ئالىپ ئەرتۇڭا ئەپراسىياپنىڭ ئامراق قىزى مەلىكە خاتۇنغا «تۆت ئاپەتتىن خالىي ماكان» ئىزدەپ، ئاخىر خوتەننى تاپقانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. خوتەندە «تەبىئىي ئاپەت»نى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، قۇم - بوران ئاپىتى بىلەن قۇرت ئاپىتىنى دېيىشكە بولار. خوتەندە ھەر يىلى ئەتىيازدا غەربتىن شەرققە سوققان بوران كۆپ چىقىدۇ. يەرلىكلەر بۇنىڭ كۈچلۈكىنى «قارا بوران»، ئاجىزراقىنى «سېرىق بوران» دەپ ئاتايدۇ. بوران چىققان كۈنلەردە گويا دىۋە - ئالۋاستىلار مالىمان كۆتۈرگەندەك جاھاننى چاڭ - توزان قاپلايدۇ. قۇملار كۆچىدۇ. بەزى چەت - ياقىلاردا ئېتىزلارنى قۇم بېسىپ كېتىدۇ. بىر قانچە يۈز، بىر قانچە مىڭ مو يەرنىڭ زىرائىتى نابۇت بولىدۇ. «تەبىئىي ئاپەت» ئەنە شۇنچىلىك، لېكىن، بۇ ئومۇمىي ئاپەت دەرىجىسىگە

كۆتۈرۈلمەيدۇ. جانغا، مالغا زامىن بولىدىغان ئىش كەم كۆرۈلىدۇ. لېكىن بوران ئاپىتى تامامەن ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغان ئىش. خوتەنلىكلەر قەدىمدىن تارتىپ جىرىم سېلىپ، ئورمان بىنا قىلىش ئارقىلىق بوراننىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، قۇملارنى توسۇپ كەلگەن. شۇڭا «قۇم - بوران ئاپىتى» ئومۇمىيۈزلۈك، ئېغىر ئاپەتكە ئايلىنالمىغان، بۇ هازىرمۇ شۇنداق.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى «قۇرت ئاپىتى» يۈز بېرىدىغان بولدى. هەر يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا تۈمەن مىڭلىغان ئالا قۇرت ۋە گەزلىمە قۇرت دەل - دەرەخلەرگە يامىشىپ، ئۇلارنىڭ ياپراقلىرىنى يەپ، دەرەخلەرنى يالىڭاچلاپ قويىدىغان بولدى. بۇنى «قۇرت ئاپىتى» دەپ ئاتىدۇق. لېكىن، تېخى هازىرغىچە شۇ سەۋەبتىن دەل - دەرەخلەر قۇرۇپ تۈگىگىنى يوق. قۇرتلارمۇ دەرەخلەردىن چۈشۈپ زىرائەتلەرگە، ئادەم ۋە چارۋىلارغا چاڭ سالغىنى يوق.

يۇقىرىقى ئىككى ئىش گەرچە خوتەنلىكلەرگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ۋە قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى «دەهشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلمىسى بىلەن سۈپەتلەش تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. شۈبهىسىزكى ئالىم «دەهشەتلىك ئېغىر كۈن» سۆزىنى تىلغا ئالغاندا پاكىت سۈپىتىدە بۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىگەن. ئۇنداقتا ئۇ زادى قايسى پاكىتنى نەزەردە تۇتتى؟

بىز هەممىمىز بىرەر رايون، بىرەر قوۋم، بىرەر خەلقنىڭ كەچمىشلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشتە، تولاراق تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاساس قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بەلكىم مەرهۇم ئالىممۇ هەممىمىزگە ئوخشاشلا تارىخىي ۋەقەلەرنى نەزەردە تۇتقاندۇ. خوتەن تارىخىي ۋەقەلەر تولا يۈز بەرگەن ماكان. خۇددى «ئۆزىنىڭ دەردى تولا» دېگەندەك تولا دەرد تارتقان جاي. خوتەندە ئىككى قېتىم بىر دىندىن چىقىپ يەنە بىر دىنغا كىرىشكە، دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە زورلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. بۇنىڭ ئەڭ دەهشەتلىكى «كۈچلۈك خان پاجىئەسى»، مىلادىيىنىڭ 1215 - يىلى قاراقىتان شاهىنشاهى گورخاننىڭ كۈيئوغلى، نايمان شاهزادىسى كۈچلۈك خوتەننى ئىشغال قىلىپ، خوتەنلىكلەرنى ئىسلامدىن يېنىپ بۇددىغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلايدۇ. مەسچىت - خانىقالارنى چاقىدۇ ۋە تاقايدۇ. كىتابلارنى كۆيدۈرىدۇ. هەر بىر ئائىلىگە ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ،

ناماز ئۆتەشنى، روزا تۇتۇشنى توسىدۇ. ياغلىق ئارتىشنى، سەللە يۆگەشنى چەكلەيدۇ، ھېيت - بايرام ئۆتكۈزۈشكە يول قويمايدۇ. خەلق بولسا ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدۇ. ھەددىدىن ئاشقان ياۋۇز كۈچلۈك خان قانلىق قىلىچنى ئىشقا سېلىپ ئەللامە ئالائىمدىن مۇھەممەد خوتەنى باشچىلىقىدىكى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق مولللا - ئۆلىمانى چاپىدۇ، قانلار دەريا بولۇپ ئاقىدۇ.

ئالىم «دەھشەتلىك ئىغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا، بەلكىم ئەنە شۇ سارالڭ سەركەردە - كۈچلۈك پەيدا قىلغان ئاشۇ پاجىئەنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

خوتەندە ئىككى قېتىم ئاشكارا بۇلاڭچىلىق يۈز بەرگەن. ئاشكارا بۇلاڭچىلىقنىڭ بىرىنچى قېتىملىقىنى مىرزا ئابابەكرى سادىر قىلغان، ئۇ خوتەنلىكلەرنىڭ ساندۇق - قازناقلىرىنى ئاچتۇرۇپ بارلىق ئالتۇن-كۈمۈش، جاۋاھىراتلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، خوتەندىكى بارلىق قەدىمىي خارابىلەرنى، مازار - قەبرىلەرنى بىرمۇبىر كولتىپ ئالتۇن ئىزدىگەن. ئاشكارا بۇلاڭچىلىقنىڭ ئىككىنچى قېتىملىقىنى گومىنداڭنىڭ ماخۇسەن باشچىلىقىدىكى 36-دىۋىزىيىسى 1934 - يىلى يازدىن 1936 - يىلى كۈزگىچە بولغان ئارىلىقتا قىلدى. ئۇلار ئالتۇن - كۈمۈشنىلا ئەمەس بەلكى پىچان - سامانغىچە بولغان ھەممە نەرسىنى بۇلاپ - تالىدى. ئۆيلەردە كۆك تورپىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالدۇرمىدى. ئۇلار خوتەندە تۇرغان ئۈچ يىل جەريانىدا خەلق ئاچ - يالىڭاچلىقتا زار - زار قاقشىغان. تۇرمۇش كەچۈرۈشكە، جان ساقلاشقا ئامالسىز قالغان.

ھەر ئىككى قېتىملىق ئاشكارا بۇلاڭچىلىقتا، ئۇرۇپ - چېپىش ۋاستە قىلىنغان بولۇپ، قان - ياش دەريا بولۇپ ئاققان. مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان ئەزىز ئوغلانلار خارۇ - زارلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن.

ئالىم «دەھشەتلىك ئىغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا، ئاشۇ ئاشكارا بۇلاڭچىلىقلارنى، بىز تىلغا ئالمىغان يوشۇرۇن بۇلاڭچىلىقلارنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن ...

خوتەن تارىختا باشقا يۇرتلار دۇچار بولمىغان ئىغىر ئالۋان - سېلىقلارنى تۆلەشكە مەجبۇر بولغان يۇرت. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «يوشۇرۇن» بۇلاڭچىلىق «باج - سېلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يوشۇرۇن بۇلاڭچىلىقنىڭ ئەڭ ئىغىرى، مانجۇلار قورغان چىڭ سۇلالىسى مۇشۇ يۇرتنى تەسەررۇپىغا ئالغان چاغلاردا بولۇپ ئۆتكەن. «مانتا كۆرمىگەن

دېۋانە قاسقانغا دۇم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، ئاشۇ مانجۇ چېرىكلىرى خوتەننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىغا دۇم چۈشكەن. «قاشتېشى سېلىقى»، «ئالتۇن-كۈمۈش سېلىقى»، «زىلچا-گىلەم سېلىقى»، «شايى - دۇردۇن سېلىقى»، «ئۈلا، كەكلىك، بۇدۇنە سېلىقى»، «ئىپار - ئەمبەر سېلىقى»، «جىگدە - كۆچەت سېلىقى»، «ياڭاق-ئۈزۈم سېلىقى» ... ۋاي - ۋۇي، ئۇ چاغدىكى سېلىقلارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس! خەلق شۇنداق خانىۋەيران بولغانكى، دەريا- ئېقىنلاردا، تاغ - جىرالاردا قاشتېشى، ئالتۇن، ئۈلا، كەكلىك ئىزدەشكە مەجبۇر بولغانلارنىڭ تاپانلىرى تىلىم - تىلىم تىلىنىپ، ئىسسىق قانلار شورقىراپ ئاققان. تالاي جەسەتلەر كۆمۈكسىز قالغان. گىلەم توقۇيدىغان دەستىگاھ، شايى - دۇردۇن توقۇيدىغان دەستىگاھلارنىڭ ئالدىدىكى بىچارە قىزلار تولا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ دوك بولۇپ قالغان. زۇلۇم - زۇلمەت ھەددىدىن ئاشقان. ئاخىر چىدىمىغان خەلق بەھرام بەگ باشچىلىقىدا قولىغا تاياق - توقماق، پالتا- چوماقلارنى ئېلىپ ئەركىنلىك ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

خوتەنلىكلەر نىياز ھېكىمبەگ دەۋرىدە نېمىلەرنى تۆلىمىدى باج-سېلىققا؟! ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە، جىڭ شۇرېن دەۋرىدە، شېڭ شىسەي دەۋرىدە، گومىنداڭ دەۋرىدە نېمىلەرنى تۆلىمىدى، باج - سېلىققا؟! ھەممە نېمىنى تۆلىدى. تۆلەۋېرىپ، بۆزچى ئىشتانسىز، شايى - ئەتلەس توقۇغۇچىلار كۆڭلەكسىز، كۆنچى - موزدۇز ئۆتۈكسىز، گىلەم - زىلچا توقۇغۇچىلار پالاس - بورىسىز، دېھقان ئاشلىقسىز، چارۋىچى گۆش- ياغسىز، سودىگەر پۇل - تەڭگىسىز قالدى. ئاھۇزار پەلەكنى قاپلىدى. كۆزلەردىن ياش ئەمەس قان - زەرداپ ئاقتى.

ئالىم «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا بەلكىم ئاشۇ تۈگىمەس ئالۋان - سېلىقلارنى، ئالۋان - سېلىقلارنى تۆلەپ بولالماي خۇن بولۇپ كەتكەن بىچارە خوتەنلىكلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن ...

خوتەن ۋە خوتەنلىكلەر تارىختا ئىككى قېتىم ئالدىنىشقا - گوللىنىشقا دۇچ كەلدى. كىچىك بالىنى پەپىلەپ گوللىغان - ئالدىغاننى ئاڭلىغان، پۈتۈنسۈرۈك بىر يۇرتنى گوللىغان - ئالدىغاننى كىم كۆرگەن بۇ دۇنيادا؟ گوللاش - ئالداش كاززاپلىق، گوللىنىش-

ئالدىنىش نادانلىق. ئالدانغان كىشى ئەقىدىسىگە يىغلايدۇ، يۇم - يۇم، زەرداپتەك ئاچچىق كۆز ياش تۆكۈپ يىغلايدۇ. خوتەنلىكلەر ئالدامچىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمىدى. ئەمما، ئاشۇ ئالدانمىغانلىقى، گول بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدى.

بىرىنچى قېتىملىق ئالدامچىلىق ئاپپاق خوجا دەۋرىدە، ئاپپاق خوجىنىڭ خوجىسى غالدان «بىر پۇلنى ئىككى پۇل ھېسابىدا خەجلەيسىلەر» دەپ يارلىق چۈشۈرگەنلىكتىن يۈز بەردى. خوتەنلىكلەر ئۈنىمىدى، يەنى گوللانمىدى. «بىرنى - بىر دەيمىز» دەپ چىڭ تۇردى. نەتىجىدە يۇرت كاتتىلىرىدىن قىرىق بىر بەگ بېشىدىن ئايرىلدى ...

ئەقىل - ھوشلۇق ئادەمنى ئالدىنىشقا مەجبۇرلاشتىنمۇ ئارتۇق زۇلۇم بولامدۇ؟ ئادەم ئۈچۈن بىلىپ تۇرۇپ يالغانلىچىلىقنى راست، ئاقنى قارا دېيىشتىنمۇ ئارتۇق بىچارىلىك بولامدۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئېغىر كۈن بولامدۇ؟

ئالىم «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا، بەلكىم ئاشۇ ئالدامچىلىقلارنى، ئالداشلارنى، گوللاشلارنى، يالغان - لاپلارنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

خوتەننىڭ باشقا يۇرتلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى — خوتەن دىيارىدا مازار - گۆرىستان تولا. يۇرت مازارلىرىدىن باشقا تاغ- داللاردا، چۆل - جاڭگاللاردىمۇ مازار تولا. كىچىككىنە خوتەن شەھىرىدىمۇ تاكى 1970 - يىللارغىچە «ئەسكىرىي مازار»، «لىچىن ئاتام مازىرى»، «ھەزسۇلتان مازىرى»، «مۇساپىرلار قەبرىستانلىقى»، «توغراق مازار»، «ئالتۇنلۇق مازىرى»، «شەمسى تەبرىزىم مازىرى» ... قاتارلىق ئون بەشتىن ئارتۇق مازار قەبرىستانلىق بولغانلىقى ھېلىمۇ پېشقەدەملەرنىڭ ئېسىدە ... ئاسارئەتىقە، كونا خارابە ھېسابىدا قېزىلغان بەزى مازار - قەبرىستانلىقلاردىن جەسەتلەرنىڭ ئۈچ قەۋەت، تۆت قەۋەت دەپنە قىلىنغانلىقى، بەزى ئون نەچچە كۋادرات مېتىرلىق ئۆرەكلەرگە نەچچە يۈز ئادەمنىڭ كوللېكتىپ دەپنە قىلىنغانلىقى مەلۇم بولغان. بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ پاكىتى. خوتەننىڭ تارىخنامىلەردە «شەھىدانە خوتەن» دەپ ئاتىلىشىمۇ شۇنىڭدىن. يىراقنى قويۇپ، يېقىنقى پاكىتلارغا نەزەر سالايلى:

موللا مۇسا سايرامى ھەزرەتلىرى «تارىخى ھەمىدىيە» دە بە -

دۆلەت ياقۇببەگنىڭ خوتەندە قىزىل تونىنى بىر كىيگەنچە، قىرىق مىڭ ئادەمنىڭ بېشى كېسەلگەندىن كېيىن ئاندىن خۇماردىن چىقىپ، قىزىل تونىنى سالغانلىقىنى خاتىرىلىگەن. قىرىق مىڭ ئادەم! قىرىق مىڭ جەسەت! ئويلىسا تەنلەر شۈركۈنۈپ، چاچلار تىك بولۇپ كېتىدۇ. كۆزنى يۇمۇۋالساڭ قان دەرياسىنى كۆرىسەن. نېمە دېگەن شور پېشانە خەلق بۇ؟

ماخوسەن خوتەننىڭ ئۈچ مىڭ نوپۇسلۇق تەۋەككۇل دېگەن كىچىك بىر يېزىسىدا، ئىككى كۈندە 209 نەپەر ئادەمنىڭ، قاراڭغۇ تاغدىكى بىر كەنتتىلا 130 ئادەمنىڭ بېشىنى كەسكەن. ئۈچ يىل ئىچىدە خوتەن دىيارىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئون مىڭدىن ئاشىدۇ. ئۆلتۈرۈش - قىيناش ئۇسۇلى مىسلىسىز ئېچىنىشلىق.

شىڭ شىسەي تۆتۈپ كەتكەن، ئىز - دېرەكسىز يوقالغان يەنى تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن يۇرت كاتتىلىرى قانچە؟ گومىنداڭ ئۆلتۈرگەن بەرنا يىگىتلەر قانچە؟

ئالىم «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا بەلكىم ئاشۇ قىرغىنچىلىقلارنى نەزەرگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن --- نېمىلا بولسۇن، ئالىمنىڭ ئاشۇ «خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى» دېگەن جۈملىسى ھەرگىزمۇ مۇنداقلا دەپ قويغان ئاساسسىز، پاكىتسىز گەپ ئەمەس. بىز گەرچە ئالىمنىڭ قايسى پاكىتلارنى نەزەردە تۇتقانلىقىغا ئېنىق ھۆكۈم قىلالمىساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پاكىتسىز ھۆكۈم چىقارمايدىغان خىسلىتىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ خوتەننىڭ تارىخىي كەچمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردارلىقىغا ئاساسەن، ئاشۇنداق دېيەلەيمىز. بەلكىم ئالىم ئۆزىگىلا ئايان بولغان، بىز ئادەتتىكى ئادەملەر بىلمەيدىغان پاكىتلارغىمۇ ئاساسلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ «خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى» دەپ ھۆكۈم چىقىرىشتا يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق.

بىز يۇقىرىدا ئالىمنىڭ ماقالىسىدىكى بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئالىم ماقالىسىدە قەيت قىلغان كلاسسىكلارنىڭ خوتەن ھەققىدىكى ئوتلۇق، گۈزەل، ئاشىقانە تەسۋىرلىرىگە قايتا نەزەر ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك. روشەنكى «خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەر» نى ئۆتكۈزگەنلىكىگە قارىماي يەنىلا گۈزەللىكىنى، سۆبات - ماتانىتىنى، باي - باياشاتلىقىنى،

جەلپكارلىقىنى ساقلاپ قالغان يۇرت. ئۇنىڭ ئىسىل تەبىئىتى، گۈزەل رۇخسارى، ئىسسىق باغرى، مېھرلىك قوينى، ئوتلۇق كۆزلىرى، سۇنماس جاسارىتى، قايتماس ئىرادىسى، غەيرەت - ئىلھامى زامان سىنتەملىرىنىڭ قۇم - بورانلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغىنى يوق. يىراق زامانلاردا قانداق بولسا، هازىرمۇ شۇنداق. ئۇ مەڭگۈلۈك هاياتى كۈچكە ئىگە. قۇم - بورانلار ئۇنى يۇتۇپ كېتەلمىگەندەك، ئۇ ھېلى ھەم ئون سەككىز ياشلىق گۈزەل قىزدەك كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ. ئون سەككىز ياشلىق بەرنا يىگىتتەك، دۇلدۇل - تۇلپاردەك چاپچىپ تۇرىدۇ. يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاشنىڭ 8 - ئايدىكى دولقۇنلىرىدەك ئوخچۇپ تۇرىدۇ ... ئۆزگە يۇرت قەلەم ساھىبلىرىنىڭ خوتەن مەدھىيىسىگە ئىغىز ئىچىشى، باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەقلىنىڭ، ئەقلى بىلىشىنىڭ، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، جىمجىت تۈن قوينىدا يىراقلاردىن ئاڭلانغان سادادەك گۈزەلدۇر. ئۆز يۇرت ئوغلانلىرى بولسا ئەقلىنىڭمۇ، ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭمۇ تەسىرىدە بۇ گۈزەل يۇرتنى توختاۋسىز كۈيلەپ كەلمەكتە. يىراق زامانلاردىن نەۋبىتىنى، ئابدۇرېھىم نىزارىنى، زەلىلىنى، موللا بىلالنى، ئەخمەتشاھ قاراقاشىنى خوتەن كۈيچى - بۇلبۇلى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. زامانىمىزدا بولسا، خوتەن ھەققىدە ئوتلۇق غەزەللەرنى تەقدىم ئەتكەنلەر ساناقسىز. نىمشېھىت ئىلى ئارمىيە داموللام خوتەن مەدھىيىسىدە داستانلار، غەزەللەر يازدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم خوتەن قاشتېشىنى تەڭداشسىز گۈزەللىك سىمۋولى سۈپىتىدە نەسىر - كۈيگە قاتتى. تېيىپجان ئىلىيۇپ بولسا «بۇ قەيەر؟ — بۇ خوتەن!» دەپ لال - ھەيرانلىق ئىپادىلىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بولسا خوتەن تۇپرىقىنى ئۆپەلمىگەنلىكىگە ئەپسۇس چېكىپ ئاشۇ گۈزەل ماقالىسىنى يازدى. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىمنىڭ خوتەن ھەققىدىكى تەسىراتى بولسا تېخىمۇ چوڭقۇر. يەنە كىملەر يازمىدى؟ ھەممە ساھىب قەلەملەر يېزىۋاتىدۇ، ھەممە بۇلبۇللار كۈيلەۋاتىدۇ. ئەمما، خوتەن مەدھىيىسى گويا مەڭگۈ كولاپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان خوتەن ئالتۇنىدەك، مەڭگۈ تېرىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان خوتەن قاشتېشىدەك، مەڭگۈ توقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان خوتەن گىلىمىدەك، مەڭگۈ سوزۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان خوتەن يىپەك - مەشۇتلىرىدەك تېخى ئاياغلاشمىغاندەك

ئەمەس. ھاياتلىق كارۋىنى مەڭگۈ توختايدىغاندەك، ساھىل قەلەملەرنىڭ، شاھى شۇئەرالارنىڭ خوتەن مەدەنىيىتىنى ۋايىغ يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنۇشلىرىمۇ مەڭگۈ توختايدىغاندەك ئەمەس. ئۇ مەڭگۈ توختىمايدۇ. يۇرۇڭقاش، قاراقاش قۇرۇپ ئېقىشتىن توختىمايدۇكى، خوتەن مەدەنىيىتى توختىمايدۇ. بىز ھەممىمىز خوتەن مەدەنىيىتى ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتەيلى.

2003 - يىل، فېۋرال

---



*نۇرمۇھەممەد توختى 1949 - يىلى دېكابىردا خوتەن ناھىيىسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1966 - يىلى ئىيولدا خوتەن شەھرىدە تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتكەن. 1969 - يىلدىن 1973 - يىلى سېنتەبىرگىچە «قايتا تەربىيە» ئېلىپ، 1977 - يىلى ئىيولدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 2002 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر، خوتەن دۆۋا كان رايونىدا ۋە خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكومىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.*

*ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1984 - يىلى «دبوينىق ھەققىدە خاتىرىلەر» ماۋزۇلۇق چاتما نەسرى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئاز كەم 20 يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىدە ئاتمىش پارچىدەك ھېكايە، بەش پارچە پوۋېست، يۈز پارچىغا يېقىن نەسر، سەككىز پارچە ئەدەبىي ئاخبارات ۋە باشقا ئەدەبىي خاتىرە - مۇلاھىزىلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدىن «ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «شەھلا كۆز» قاتارلىق ئىككى ھېكايە - پوۋېستلار توپلىمى، «كۆرۈپ كۈلگەنلەر ۋە كۈلۈپ كۆرگەنلەر» ناملىق نەسرلەر توپلىمى، «چۆل ئوغلى» ناملىق پوۋېستى كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ ھازىر «تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە» قاتارلىق كىتابلىرى ھەر قايسى نەشرىياتلارغا سۇنۇلدى.*

*تالانتلىق يازغۇچى نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ ئەسەرلىرى بىر قانچە قېتىم ھەر خىل ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان. بىر قىسىم ھېكايىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى ئەدەبىي ئوبزورچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.*

*ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.*

ۋەلى داۋۇت

# ئەڭ ئاخىرقى تام رەسىم

(تارىخىي ھېكايە)

ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرلا ئېقىم ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى يەنى نەپىس تام رەسىملىرى بىلەن ياغاچ ئويما رەسىملىرىدىن ئىپتىخارلىنالايدۇ. بۇ بولسىمۇ خوتەن رەسساملىقى ئېقىمىدۇر.

— مارئو بۇساگرى (رىم ئۇنىۋېرسىتېتى)

پەلەك ھۆكۈمى ئىنسان باللىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ماكانلىرىدىن بىرى بولمىش قۇملۇق زېمىنىنىڭ تەقدىرىگە ئەبەدىيلىك پۈتۈۋەتكەن ھالاكەتلىك كۆچمە - قۇملۇق بوران بارغانسېرى غالجىرلىشىپ، بۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەرنى ئەجدىھادەك ئاستا - ئاستا يالماپ يۇتماقتا ئىدى.

شۆھرىتى يىراق چىنىدىن ئۇلۇغ بۇددا يۇرتى ئەنەتكەككىچە تارالغان 300 يىللىق قەدىمىي ساڭرام① نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئىخلاسمەن راھىب - كاللانلىرىمۇ ياۋۇز جىن - ئىلاھلارنىڭ قەھرى ياغقان بۇ شەھەرنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ جۇدالىق نالە - پەريادلىرى تەكلىماكاننىڭ رەھىمسىز قۇم بورىنىنىڭ ھۇۋلىشىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

غايەت زور ئىبادەتخانا ئىچىدە ھېسابسىز زەھەرلىك يىلانلاردەك يۆگىلىپ يەر بېغىرلاپ قۇم ئۇشقىيىتاتتى. 3000 راھىبى بولغان بۇ كاتتا ئىبادەتخانا نەچچە كۈن ئىچىدىلا شۇنچە ئېچىنىشلىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانىدىكى، مەغرىپ - مەشرىق بۇددا سەنئىتىنىڭ ئوچىقى، بۇددىستلارنىڭ ئىككىنچى مۇقەددەس تاۋابگاھى بولمىش بۇ ساڭرامنىڭ ئىلگىرىكى ئاۋاتلىقى ھەر بىر مۇخلىسىنىڭ خىيالىي چۈشىگە ئايلاندى.

ئىبادەتخانا ئىچىدە ھالاكەتكە يۈزلىنىپ تاشلىۋېتىلگەن ئادەمسىز شەھەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى پۇقراسى — ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك

بۇددا رەسسامى ۋە ئۇنىڭ رەسىم سىزىش سەنئىتىنىڭ ھەممە سىرلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان سادىق شاگىرتلا قالغانىدى. ئۇلار ئىلاھىي سېھىر بىلەن سېھىرلەنگەندەك ئىبادەتخانا ئىشىكى ئالدىدا سۈكۈناتتا پېتىپ ئۆرە تۇراتتى. پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى مال - بىساتلىرىنى تاشلاپ جېنىنى ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر قىلغان قۇملۇق بورىنىنىڭ دەھشەتلىك ۋەھىمىسىمۇ، قۇملۇق خەلقلىرى ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغان بوران ئىچىدىكى غەلىتە سادالار، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئىنسانلارنى ئەقىل - ھوشىدىن ئايرىغۇچى سېھىرلىك نەغمىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ سۈكۈناتىنى بۇزالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

تالادا بولسا قۇملۇق بوران ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىپ گۈركىرەيتتى. ئۇششاق قۇم ئېقىنلىرى ئۇلارنى ئوشۇقىنىڭ ئۇستىگىچە كۆمۈپ تاشلىغانىدى.

ساڭرام ھويلىسىدا بىردىنلا ئاتنىڭ ۋەھىملىك كىشنىگىنى ئاڭلاندى. ئىبادەتخانا ئىچىدە بوراننىڭ گۈركىرىشى بىردىنلا توختاپ، ھاۋادا بىر نەچچە دەقىقە قېتىپ قالغاندەك ئات كىشنىشىنىڭ ئەكس ساداسى ياڭراپ كەتتى. ئەقىللىق جانىۋار ھالاكەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەملىرىنى سەزگەنىدى. شۇندىلا شاگىرت ئېسىگە كېلىپ ھودۇقۇپ قالدى، لەۋلىرى تىترىدى، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىغان ھالدا قەدىرلىك ئۇستازىغا ئايانچ ھەم ئۈتۈنچ بىلەن ئاستا شىۋىرلىدى:

— ئۇستاز......

قېرى رەسسام يەنىلا سۈكۈتتە ئىدى. گوياكى ساڭرام راھىبلىرى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتەلمەي تاشلىنىپ قالغان سۇربەتلىك ئىلاھ ھەيكەللىرىدەك خارابىلاشقان ئىبادەتخانىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئورنىدا قىمىرلىماي تۇراتتى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاپئاق ئاقارغان شالاڭ، بۇدرە ساقاللىرى تىترىگەندەك بولدى. يۈرەك باغرىنىڭ قات - قېتىدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئۆز - ئۆزىگە ئەلەملىك ئىندا قىلدى:

— ئاھ، ئۆمرى قىسقا سىزمىچىلىق مۆجىزاتى ... قوترىغان قۇملۇق بورىنىنىڭ ئەبەدىيلىك دەپنە - قۇربانى ...

دەرد - ھەسرەتتىن يۈرىكى ئېزىلگەن قېرى رەسسامنىڭ ئۈنى بوغۇلدى. نەچچە كۈن ئىچىدىلا قېرىلىق چىرماپ ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرىنى قۇم ئىچىدىن تەسلىكتە سۇغۇرۇۋېلىپ، ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي تېمىدىن باشلىنىپ پۈتكۈل ئىبادەتخانىنى ئايلاندۇرۇپ

سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. سېرىق، گىلرەڭ، يېشىل، تۇمقارا ... ئالىلىقانداق مۇقەددەس بوياقلاردا سىزىلغان نەپىس تام رەسىملىرى قەدىمىي ئۇدۇننىڭ يىپەك ـ ئەتلەسلىرىدەك بۇتخانا تاملىرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئەنە، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراق شەرق ئەللىرىدە ئۆلچەملىك ئىلاھ رەسىمى بولۇپ داڭق قازانغان مايتىرى بۇددانىڭ رەسىمى. بۇددا ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇدۇن ئادىتىچە كىيىنىپ يەكتىزلىنىپ تۇرغان كىشىگە — شەرقنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمرانى ئىمپېراتور قەنىشقا② غا ئىبادەتخانا بىنا قىلىشقا ئەمىر بېرىۋاتىدۇ. تۆۋىنىدە كۆسەن رەققاسلىرى قۇملۇق زېمىنگە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىپ، قەدەم تەشرىپ قىلغان مايتىرى بۇدداغا مۇڭلۇق ئاۋازلىرى بىلەن مەدھىيە ئوقۇۋاتىدۇ ... غايەت زور ئىبادەتخانا تاملىرىغا سىزىلغان 340 بۆلەك رەسىمنىڭ تۇنجىسى مۇشۇ ئىدى. ئۇ، مانا مۇشۇ يەردە، قوي يۈڭى ئارىلاشتۇرۇلۇپ سېغىز توپا بىلەن سىلىق سۇۋالغان مۇشۇ تام ئالدىدا بۇنىڭدىن 27 يىل مۇقەددەم تۇنجى قېتىم قەلەم تەۋرەتكەن! ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇزاق زاماندىن بىرى ئەنەتكەكتىن تاكى چىننىڭ نېرىسىگىچە ئۆرنەك بولغان③ ئۇدۇن رەسسامچىلىقىنىڭ ئەڭ نەپىس نامايەندىلىرىنى ئىبادەتخانا تېمىغا ئۆچمەس بوياقلار بىلەن ئەبەدىيلىك پۈتۈۋېتىش كويىدا ئوت بولۇپ ياناتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە 27 يىللىق يۈرەك قېنى، جانۇ روھى سىڭگەن ئۆمۈرلۈك ئىجادىيەتلىرىنى قۇملۇق بوران بىردىنلا چوڭقۇر يەر تېگىگە كۆمۈپ تاشلىسا ـ ھە؟ !

قېرى رەسسام ئىبادەتخانا تېمىنى بويلاپ ئىلگىرى ئۆزى سىزغان رەسىملىرىنى بىر ـ بىرلەپ تەمكىنلىك بىلەن كۆرۈپ چىقتى. ئەمدى ۋاقىت يەتكەن — ئۆز ھاياتىدىنمۇ قىممەتلىك بىلىپ كەلگەن رەسىملىرى، ئۇنىڭدىكى ئوبرازلار، قەدىمىي ئەجدادلىرى ۋە ۋاپاسىز ئىلاھلار بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ ئىبادەتخانا تېمىنىڭ چېتىگە كېلىپ، تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى. تام ئالدىدا رەسىم سىزىش جاھازلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە رەڭلىرى تەڭشەپ تەييار قىلىنغان، تېخى قۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن بوياق قويۇلغانىدى. قېرى رەسسام بېشىنى كۆتۈرۈشى بىلەنلا ئۇنى ئىرادىسىگە قارشى ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا تۇتۇپ، كۆز ياشلىرى ئۆمۈچۈك تورىدەك قورۇق باسقان يۈزىنى بويلاپ، يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تېخى رەسىم سىزىلمىغان بىر پارچە ئاق تا
تۇراتتى.

قېرى رەسسام يىغىدىن لاغىلداپ ـ بوشىشىپ رەسىم جاھازلىرى
ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئاھ! ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە تام رەسىم، 27 يىللىق ئازاب
ـ ئوقۇبەتلىك بۈيۈك ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جاكارنامىسى. ئاش
بىر پارچە ئاق تامغا 27 يىللىق ئۇلۇغۋار ئەمگەكنىڭ ئاخىرقى
خۇلاسىسى سىزىلىشى كېرەك ئىدىغۇ! ؟ جىمى شەھەر خەلقى 300
يىللىق مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى بۇددا رەسىملىرىنىڭ تەلتۆكۈس
سىزىلىپ پۈتكىنىگە ئاتاپ بۇت سەيلىسى④ گە ئوخشاش كاتتا مەرىك
ـ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەبرىكلىشى، بۇددا سىزمىچىلىقىنىڭ ئەڭ نادىر
جەۋھەرلىرى جۇغلانغان كاتتا بۇ ساگرام مەغرىپ ـ مەشرىقنىڭ
سەنئەت خەزىنىسى بولۇپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ساقلىنىپ،
داۋاملىشىپ يارقىن نۇر چېچىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟! قانداق
قۇدرەتلىك كۈچ، قانداق ئىلاھىي تەقدىر ئەلمىساقتىن، ئادەم
يارالمىشىدىن تارتىپ قۇملۇقتىكى خەلقلەرنىڭ پېشانىسىگە شۇنداق
ھېسابسىز مەشئۇم قىسمەتلەرنى پۈتۈۋەتتى! ؟ قانچە قېتىملاپ
مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتكەندە بىردىنلا ھالاك قىلىپ
تاشلىدى. ئاھ! كۆكتىكى ھەممىگە قادىر تەڭرىلەر، نېمە ئۈچۈن،
نېمە ۋەجىدىن شۇنداق بولدى؟

قېرى رەسسام بىردىنلا شىددەت بىلەن كەينىگە ئۆرۈلدى.
ئوششاق سارغۇچ قۇم دانىچىلىرى ياشتىن ھۆللەنگەن ساقاللىرىغا
چاپلىشىپ، قورقۇنچلۇق تۇس ئالغانىدى. ئۇ بىر نەچچە دەقىقە
ئىبادەتخانا مېھرابىدىكى بۇددا ھەيكەللىرىگە قادىلىپ تۇرغاندىن كېيىن
سەۋدايىلارچە خىتاب قىلدى:

— ئاھ، ياراتقۇچى بۇدساتۋا! مۇخلىسلىرىڭغا ئاتا قىلغان جەبىر-
زۇلۇملۇق ئالەمگە ئۇلار ئاپىرىدە قىلغان بۈيۈك سەنئەتكە ھۆكمىڭ
شۇ بولسا، سېنىڭ ئىلاھىي ھەق ـ ئادالىتىڭگە نېمە دېگۈلۈك؟!

قېرى رەسسامنىڭ ئەسەبىي ئاۋازىدىن بۇتخانا ئىچى تىترىگەندەك
بولۇپ، بىردىنلا ۋەھىملىك تۇس ئالدى.

شۇ چاغدا ساگرام قورۇسىدا ئاللىقانداق بىر نەرسە، دۇمباق
مۇنارىسى بولسا كېرەك، بوران زەربىدىن گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلۈپ،
ئىبادەتخانا ئىچى لەرزىگە كەلدى.

خېلىدىن كېيىن قېرى رەسسام بىلەن شاگىرتى ئىبادەتخانا ئىچىدىن ساگرام سەيناسىغا چىقتى. ئۇلار يىپەكتىن ناھايىتى نېپىز قىلىپ ئىشلىگەن چۈمپەردىسىمان توقۇلما بىلەن يۈز - كۆزىنى مەھكەم ئورىۋالغانىدى (تەكلىماكانىنىڭ بوران قۇترىغان قۇملۇقلىرىدا ئۈنگىسىز يول يۈرۈش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى. ئۇششاق ھەم ئوغا كەبي قۇم دانىچىلىرى كۆز، ئېغىز - بۇرۇن ھەتتاكى قۇلاقلارغىچە توشۇپ، ھەش - پەش دېگۈچە كىشىنى ئەجەل قوينىغا سۆرەپ كىرەتتى). كەڭ سەينا قۇم بىلەن تولغان بولۇپ، ساگرامنىڭ رەڭدار ئويما نەقىشلىق دەرۋازىسىمۇ غايىب بولغانىدى. قۇم ئۈستىدە 100 يىللىق توغراق ياغاچلىرىدىن ياسالغان ھەيۋەتلىك دۈمباق مۇنارىسى قاپ بېلىدىن غۇلاپ، چېچىلىپ ياتاتتى. ئىبادەتخانا لەمپىسىنىڭ تۆۋرۈكىگە باغلانغان بىر جۈپ پەرغانە ئېتى ئىگىلىرىنى كۆرۈپ تاقەتسىزلىك بىلەن ئورنىدا چاپچىپ، كىشنەپ كەتتى.

قېرى رەسسام ئىبادەتخانا پەلەمپىيى ئۈستىدە توختاپ شەھەرگە سەپسالدى. ساگرام شەھەر مەركىزىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، پۈتكۈل شەھەرنى بىمالال كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ تورلاشقان كۆزلىرىدە، يىپەك توقۇلما سىرتىدىن توپا كەبي قۇم ئېقىنلىرى قۇتراۋاتقان بىپايان قۇم دېڭىزى نامايان بولدى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا، كۆرمىگىلىغان ئاھالىنىڭ ھايات بۇلىقى، بەختىيار ماكانى بولغان، مەغرىپ - مەشرىقتىكى سەييالار، سودىگەرلەر، بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان قەدىمىي ئاۋات شەھەردىن بىر پارچە قۇملۇقلا قېپقالغانىدى. پەقەت سەپسېلىپ قارىغاندىلا قۇملۇق ئۈستىدە تېخى پۈتۈنلەي كۆمۈلۈپ كەتمىگەن ھەددى - ھېسابسىز بۇددا مۇنارلىرى⑤نىڭ ئۇچىنى سۇس ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئەسىرلەردىن بېرى بۇ شەھەرنى يىراق دالا — سەھرالاردىكى ۋەھشىي قوۋملەرنىڭ تالان - تاراج، قىرغىنچىلىقلىرىدىن ئامان - ئېسەن ساقلاپ كەلگەن مۇستەھكەم شەھەر سېپىلىدىنمۇ ئىزنا قالمىغانىدى.

قېرى رەسسام كۆزىنى يۇمدى. ئۇنىڭ خىرە تۇمان باسقان خاتىرىسىدە مۇشۇ شەھەر بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن يەتمىش يىللىق رەسساملىق ھاياتى بىر - بىرلەپ ئۆتتى. بۇددا سىزمىچىلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پېشىۋالىرىدىن بولغان بوۋىسىنى، قۇملۇقتىكى بوستانلىق شەھەرلەردىن تا قەندىھارغىچە شۆھرەت قازانغان سەنئەتكار ئاتىسىنى ئەسلىدى. ئۇلار ئۈچ ئەۋلاد مۇشۇ

شەھەرنىڭ ئىبھرام - ئىبادەتخانىلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك يۈرەك قانلىرىدىن بۇددا سىزمىچىلىقىنىڭ ئەڭ نەپىس نامايەندىلىرىنى قالدۇرغانىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرى شەھەر بىلەن قوشۇلۇپ، چوڭقۇر قۇم ئاستىغا دەپنە قىلىنىپ كېتىدۇ. قەدىمىي شەھەرنىڭ نامىمۇ تارىخىي پۈتۈكنامىلەردىن ئەبەدىيلىك ئۆچىدۇ ...

قېرى رەسسام بىردىنلا سالماق، ئەمما كەسكىن بىر ھەرىكەت بىلەن بېشىدىكى يىپەك توقۇلمىنى يۇلۇۋېلىپ يەرگە تاشلىدى. يىپەك رەخت قۇم بېغىرلاپ خېلى يەرگىچە ئۇچقاندىن كېيىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ قۇملۇقتىكى سىرلىق روھلاردەك قۇم - بوران ئىچىدە غايىب بولدى. ئۆز بېشىغا چۈشكۈسى بەختسىزلىكنىڭ پاجىئەلىك بىشارىتىنى سەزگەن شاگىرت ئاپئاق ئاقىرىپ كەتتى.

— ئۇستاز؟!

— مەن بۇ ئەزىز دىيارىمنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن.

شاگىرت ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىقىلدى. جۇدالىق ياشلىرى كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى:

— مەن سىزنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، ئۇستاز! بېشىمىزغا چۈشكەن كۈلپەت - جۇدالىق تارتقۇسىزدۇر. مەن ھەرگىزمۇ بۇ ھالاكەتلىك جايدىن بىر ئۆزىڭىزنى ئەجەل قۇچىقىغا تاشلاپ بېرىپ كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان خەلقىمنىڭ ئالدىغا نېمە دەپ بارىمەن. ئۇلار مەندىن: «بىزنىڭ قەدىردان كىشىمىز خەلقىمىزنىڭ سەنئىتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئەجىر قىلغان، ئۇنى جاھان ئەھلىگە تونۇتۇپ پارلاق نۇر چاچقۇزغان ئۇلۇغ رەسسامىمىز قېنى؟ ئەجەبا، سەن ئۇنىڭ ئەڭ نەمۇنىلىك شاگىرتى تۇرۇپ، شىددەتلىك جەڭ مەيدانىدا ئاتىسىنى تاشلاپ قاچقان ئارسىز قاچقۇن جەڭچى كەبىي ئۇستازىڭنى قانداق قايتىپ كەلدىڭ؟ بىز ئەمدى ئۇنىڭسىز يېڭى شەھىرىمىزنى قانداق قۇرىمىز؟» ئىبھرام - ئىبادەتخانىلىرىمىزنى قانداق بەرپا قىلىمىز!؟ دەپ سورىسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن.

قېرى رەسسامنىڭ بوغۇزىغا ئاچچىق يىغا قاپلاشتى. ھاياتلىق ئالىمىدە ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئىز باسارى بولغان سادىق شاگىرتىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ باغرىغا چىڭ باستى.

— مەن ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن سەندىكى سەنئەتكارلارغا

خاس تالانت - ئىدراكنى بايقىغاندىن تارتىپ، ساڭا رەسساملىقنىڭ ھەممە سىر - ماھارەتلىرىنى يوشۇرماي ئۆگەتكەنىدىم. سەن يۈزلىگەن شاگىرتلىرىم ئىچىدىكى بىردىنبىر رەسساملىق كامالىتىگە ئېرىشكەن كىشى، ھازىردىن باشلاپ سەن ھەقىقىي بىر رەسسام. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈم ئەمىنكى، ئۆلۈش ئالدىدا خەلقىمگە ھېچقانداق ۋىجدانىي قەرزگە بوغۇلمىدىم. ئۇلارنىڭ كېيىنكى سەرسان، مۇشەققەتلىك ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغان ئىز باسارىمنى قالدۇرۇپ كەتتىم. سەن بېرىپ خەلقىمگە ئېيت، مېنىڭ — ئاللىبۇرۇنلا ئەجەل سايە تاشلىغان قېرى سەنئەتكارنىڭ قىسمىتى، قەدىمدىن بېرى ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەن مۇشۇ شەھەرنىڭ تەقدىرى بىلەن مەھكەم باغلىنىپ كەتكەن. مەن ھەممىنى تاشلاپ خەلقىمنىڭ ئالدىغا قايتىپ بارغان ھالەتتىمۇ، روھىم مۇشۇ شەھەر بىلەن بىللە قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. يېڭى ماكاندا ئۆزۈنغا قالماي خەلقىمنىڭ بېشىغا يېڭى قايغۇنى سېلىپ، دەرد - ئەلەمدىن ئۆلۈپ كېتىمەن. تەڭرىلەرنىڭ ھۆكۈمى شۇ بولغانىكەن، قۇم - بوران مېنى مۇشۇ يەرگە ئىبادەتخانا ئىچىگە دەپنە قىلسۇن. بەلكى پەلەك چۆرگىلەپ يېڭى بىر ئىلاھىي قۇدرەت، قەدىم بىر ئىنساننىڭ 27 يىللىق يۈرەك قېنىنى — قۇملۇق سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى مىڭ يىللاردىن كېيىن بىردىنلا جاھانغا نامايان قىلسا، كىشىلەر ئەڭ ئاخىرقى تام رەسىمى ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە رەسىم قەلىمىنى تاشلىمىغان قېرى رەسسامنىڭ قۇرۇپ مومىياغا ئايلانغان جەسىتىنى كۆرەر. شۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئادەملەرنىڭ ئۇرۇقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىسا مەن ئۈچۈن شۇ كۇپايە.

شاگىرت ھۆركىرەپ يىغلاپ، يەرگە تىزلىنىپ توققۇز قېتىم باش ئۇردى. قەدىردان ئۇستازى بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. ئەجەل پۇرىقىنى سېزىپ ئەسەبىيلەشكەن ئاتلار شاگىرتنى ئېلىپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قۇم - بوران ئىچىدە غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئات ئۈستىدە نالە - زار قىلىپ ئېيتقان ئاخىرقى ۋىدالىق سۆزلىرىنى بوران يۇتۇپ كەتتى.

قېرى رەسسام لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا پىچىرلىدى:

— ئەلۋىدا خەلقىم، تىلىكىڭلارنى يەردە قويغان بەختسىز رەسساملارنى كەچۈرۈڭلار!

ئۇ، خېلىغىچە شاگىرتىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغاندىن

كېيىن ئىبادەتخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. رەسىملەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى سىزىلىشى كېرەك بولغان ئاق تام ئالدىدا بىردەم چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ تۇرغاندىن كېيىن، قولىغا يوك قەلەمنى ئېلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

شۇ چاغ — بۈنىڭدىن 1500 - يىللار ئىلگىرى تەكلىماكان قوينىدىكى بۇتخانا سىرتىدا بوران تېخىمۇ دەھشەتلىك كۈركىرەپ، قۇم ئېقىنلىرى كۆنگىرىلەردىن ئىبادەتخانا ئىچىگە شىددەت بىلەن ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى.

1997 - يىل 3 - مارت ئۈرۈمچى

ئىزاھلار:

① ساگرام، هويلا - ئارامىلىرى بولغان چوڭ تىپتىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى.

② قەنىشقا — قەدىمى يەركەنت ۋە ئۇدۇندىن تارتىپ شىمالىي هىندىستانغىچە بولغان كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ هۆكۈمرانى. مىلادىيە 100 - يىلى كەشمىردە بۇددىستلارنىڭ قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، بۇددىزمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، تىبەت، جۇڭگو، ياپونىيىگىچە تارقىلىشىدا زور رول ئوينىغان.

③ ئەنەتكەكتىن چىنغىچە ئۆرنەك بولغان ئۇدۇندا بۇددا دىنى سىزمىچىلىقى گۈللىنىشكە باشلىغاندا، بۇددا دىنىنىڭ ماكانى بولغان هىندىستان (ئەنەتكەك) دا تېخى بۇددا سىزمىچىلىقى پەيدا بولمىغانىدى. ئۇدۇن تۇنجى بولۇپ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى گۆھەر بولغان بۇددا سىزمىچىلىقىنى ياراتقان. كېيىنچە ئۇدۇن بۇددا رەسسامچىلىقىنىڭ ئۇسلۇبى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تاكى ياپونىيىگىچە تارالغان. ھەتتاكى ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق بىلىم يۇرتلىرىغا خاس رەسسامچىلىكمۇ ئۇدۇن ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

④ بۇت سەيلىسى — بۇددىزم گۈللەنگەن قەدىمكى ئۇدۇندا تۆت يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان داغدۇغىلىق، كاتتا دىنىي بايرام، بۇ توغرىلىق مىلادىيە V ئەسىردە غەربكە نوم ئالغىلى بارغان فاشيەن قاتارلىقلار ساياھەت خاتىرىسىگە تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان.

⑤ «ئۇ ئەلدە ئاھالىلەر زىچ ئىكەن. ھەممە ئاھالىلەر ئىشىك ئالدىدا كىچىك مۇنار سالغان بولۇپ، ئەڭ كىچىكلىرىنىڭمۇ ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچ كېلىدىكەن» — فاشيەننىڭ ئۇدۇندىكى ساياھەت خاتىرىسىدىن.

قەلەندەر

# خوتەننامە

بۇ داستان سەراپا بوستاننىڭ سەبەبى نەزمى ۋە سەمەند ۋە نىدا كۆلكە خۇش رەفتار، شېكەر گۇفتارنىڭ سۆز مەيدانىدا رەزمى ۋە كۆكۆل بۇلبۇلى بۇ خوتەننىڭ گۇلزارى ۋە نېئمېتى بىشۇمار ۋە پەسلى ھەمىشە باھارنىڭ ئاشكارا قىلماق ئۈچۈن سايراغانىنىڭ ئەزمىنىڭ سەبەبى ئانداغ ئېردىكىم، ياران جانى دوستان، روجەھانى ۋەتەن، ئالىي شەئنى، جەننەت نىشانى قۇندۇز ئالەم ئەفرۇزدا ئىشتىپدۇرلاركىم، پېقىر خوتەن پەسەند خوبان شەھىرىدە كېلىپ تەۋ ۋەتەن تەمكىن بولۇپدۇرمەن. خەنجەر خۇنفشان ۋە سىنان جانىستان تىللارنى ئاچىپ خەت ئىبەربدۇرلاركىم: ئوبدان ۋە چوڭ شەھەرلەرنى تاشلاپ، سىز خوتەنگە بارىپ تۇرۇپسىز. بىزلەر ئىشتتۇك، خوتەن كېچىك ۋە ياقا يۇرت ئىكەن دەپ پىتىپ ئىبەردۇرلاركىم، ئاندا بارىپ تۇرغانىڭىزدىن ئۆز كۆڭلىڭىزدە ناھايەتى خۇش تەبىئىلىكىڭىز مەلۇم بولدى دەپ كىنايە ئېيتىپ ئىبەربدۇرلار.

پېقىر ئۇلارنىڭ جەۋا بىغەددىدىمىكى، رۇستەم دېۋسەفىد (ئاق) بىر لە ئۇرۇشقاندا، دېۋسەفىد ئېيتتىكىم: ئەي رۇستەم، مەن سېنىڭ داڭىڭنى ئىشتىپ ئېردىم، گۇمانىم بۇ ئېردىكىم: سەن مەندىن ھەم پۇرزۇر ۋە زەبەردەستدۇرسەن دەپ. ئەمدى كۆردىمكى، ياش ۋەرىزە خوردەنى ئىكەنسەن، چىمچىلاقنىنى دالۇڭغە (دولاڭغا) قويسام يەنجىلىپ قالۇرسەن دېدى. رۇستەم ئېيتتى: ئەي بىئەقىل، ئەي سەگى بەدنەژاد، گەرچە خوردەمەن، گەردەمەن؛ گەرچە رىزەمەن، ساھىپ سەتىزەمەن؛ گەرچە ياشمەن، ساھىپ كېڭەشمەن؛ يىلاننىڭ تىشىنىڭ كىچىكلىكى باقىمە، زەھىرىگە باق دەپ، نەچچە ئەپسانە تەمسىل كەلتۇردۇم. ئۇلارنى خىجالەت قىلماق ئۈچۈن ئىبەرگەننىڭ بايانى، خوتەننىڭ شەھىرىنىڭ سىپاتىنى شەھەرلەرگە ئاشكارا

قىلغانىنىڭ داستانى. قۇندۇز شەھىرىدىن خوتەن شەھىرىگە كەلدىم، نەچچە سۆز مەندىن يادىكار قالسۇن، دەپ تەي تەھرىرىگە كەلتۈردۈم، بەيت نەزىم...

ئىشىت ئەرزىمنى سەن ئەي، مەرد ئاقىل،
سۆزۈمنى ئاڭلا ئوبدان، بۆلمە غاپىل.
مەن ئېردىم شەھىرىم ئىچرە خۇررەمۇ شاد،
غەمۇ مېھنەتتىن ئېردى كۆڭلۈم ئازاد.
ئىشىم ئېردى ھەمىشە ئەيشۇ ئىشرەت،
جاھاندا بىلمەس ئېردىم بارمۇ مېھنەت.
يارانلار بىرلە دائىم دەرس خۋانلىق،
كىشىگە قىلماس ئېردىم ھېچ يامانلىق.
بار ئېردى مەشرەبىمدە نازۇ-نېمئەمەت،
مۇساھىبلار بارى ئەھلى مۇھەببەت.
كىتابۇ، نەغمەۋۇ، ساتارۇ، قالۇن،
ھەسەدخەلقى بۇلۇر ئېردى جىگەر خۇن.
خۇدانىڭ بەرگەنىگە قىلمادىم شۇكىر،
يېيىشىم بولدى غەرۇرتەغمەن بىلە سۇكىر.
كىشى كۆپراق ئېيتسە شۇكرى رەھمان،
تاپار ھەم دەۋلەتۇ نېمەت فەراۋان.
كىشى گەر دېمەسە شۇكۇر، ئەي بىرادەر،
كېتەر قولىدەقى دەۋلەت سەراسەر.
بىناگاھ ئولتۇرۇپ ئېردىم بى ھەسرەت،
كى توشتى باشىمە سەۋدايى غۇربەت.
بېلىمنى باغلادىم مەردانە مەھكەم،
كىم ھېچ با بەتدىن ھەرگىز يېمەدىم غەم.
خۇدا رەززاقدۇر قىلدىم تەۋەككۇل،
كى سالماي يانچۇقۇمغەبىرگىنە پۇل.
يۈرۈدۈم كېچە - كۈندۈز سۇبھى تا شام،
زامانى ئالماينىن بىر يەردە ئارام.
نەسىبەم ئاخىرى تۇشتى خوتەنگە.

كۆز ئاچتىم كىم تۇشۇبدۇر مەن چىمەنگە.
خوتەن دىمە، گۇلىستانى ئىرەم دە،
تامام خەلقىنى ساھىپ كىرەم دە.
خوتەن دىمە، دىگىل جەننەت نەزەرى،
ئىرۇر خەلقىنىڭ ئەينەكتەك زەمىرى.
خوتەن دىمە، دىگىل فىردەۋس ئەئلا،
كەمالى قۇدرەتى ۋاجىپ تەئەلا.
خوتەن دىمە، دىگىل دۇنيا بىھىشتى،
بولۇپدۇر نۇر رەھمەتدىن سىرەشتى.
خوتەن دىمە، دىگىل باشتىن - ئاياغ باغ،
گۇلىستانى ئىرەمدۇر رەشكدىن داغ.
خوتەن دىمە، دىگەيسەن سەن گۇلىستان،
كۆزۈڭ تۇشسە نە يەردە باغ - بوستان.
خوتەن دىمە، دىگىل سەنئى ئىلاھا،
تاپىلۇر ھەرنى دىسەڭ لاكەماھا.
خوتەن دىمە، دىگەيسەن ئالەم ئارا،
قىلىبدۇر سانىئى سەنئى ئاشكارا.
خوتەن دىمە، دىگىل كانى جەۋاھىر،
نى ھاجەت ۋەسىف قىلماق باردۇ زاھىر.
خوتەن دىمە، دىگىل گۇلزار ئالەم،
مىسالى يوقتۇرۇر ۋەللاھۇ ئەئلەم.
خوتەن دىمە، جاھاننىڭ زىننىتىدە،
خۇدايى لامەكاننىڭ قۇدرىتىدە.
خوتەن دىمە، دىگەيسەن روھ ئەفزا،
مۇنىڭدەك شەھرى يوق ئالەمدە پەيدا.
خوتەن دىمە، كى ئاتى باردۇ ماچىن؛
سۆزۈمنى دىمە يالغان باردۇر چىن.
خوتەن دىمە، ئىنى سىھىر ئەفرىن دە،
پەرىزاد خانەئى روھى زىمىن دە.
خوتەن دىمە، ئىنى شەھرى سەبا دە،
سۈيىنى بارچە ئاغرىققا داۋا دە.

خوتەننى كۆرسە كىم خۇلدىرىن دەر،
سۈيىن ئىچكەن كىشى مائى مەئىين دەر.
خوتەن ئوبدان مەكان گەر بولماس ئىردى،
خوتەن كېلىپ ئىماملار ياتماس ئىردى.
خوتەن سارى بىھىشت ئىشىكى مەفتۇھ،
نەسىيمىدىن ئۆلۈك تەنگە كىرەر روھ.
خوتەن كەلگەن كىشى يانمايدۇ ئەلھەق،
بىھىشتىغە باردۇ كىرمەك، يوقتۇ چىقماق.
خوتەن كەل، كەلدىلەرگە شەھرى مەئمۇر،
يېتەر تېنىڭگە فەيز، كۆڭلۈڭ تاپار نۇر.
خوتەن شەھرى جەھان شەھرىدىن ئەقۋا،
ئېرۇر خەلقىنىڭ ئىشى زەھد تەقۋا.
خوتەننىڭ خەلقىغە باردۇر سەئادەت،
بولۇبدۇر ئىشلارى خەيرى سەخاۋەت،
بولۇبدۇر خوي ئۇلارغا مېھرىبانلىق،
قىلۇرلار ياخشىلىق، قىلساڭ يامانلىق.
جەھان ئىچرە خوتەننىڭ شەھرىدۇر تاق،
ئېرۇر خەلقى مۇسافىرلارغا ئامراق.
ئۇلۇغۇ ھەم كىچىك خەلقى مۇسۇلمان،
سۈيۈنۇر ئۆيلەرىگە كىرسە مېھمان.
ئۇلۇغۇ ھەم كىچىك خەلقى مۇلايىم،
نەمازۇ، روزەلاردا تۇرفە قايىم.
ئۇلۇغۇ ھەم كىچىك خەلقى خۇدا جوي،
قىلىبدۇرلار تەۋازىئۇ- ئەدەب خوي.
ئۇلۇغۇ ھەم كىچىك خەلقى ئېرۇر پاك،
بۇ ئەلدىن دۇر شەياتۇن كۆڭلى غەمناك.
ئۇلۇغۇ ھەم كىچىكى ئەھلى تەۋپىق،
قىلۇرلار ئەمدى ھەققە بارچە تەسدىق.
خوتەن نىچۈن جەھاندا بولمەسۇن تاق،
مېنىڭ باغچام دېدىلار خواجە ئىسھاق.
سەمەرقەندە ئېرۇر بىر ئابى رەھمەت،

ئاقار خوتەندە يۈز دەرياغى رەھمەت.
ئېرۇر شۆھرەتدە تاشكەند لالەزارى،
دېگىل جەننەت خوتەننىڭ نەۋ باھارى.
بەدەخشان لەئلى بولۇر تاج ئەفسەر،
خوتەننىڭ تاشىغە ئېرمەس بەرابەر.
خوتەن دەرياسىنىڭدۇر قاشتاشى،
خىجىلدۇر نۇرىدىن گەردۇن قوياشى.
يەمەننىڭ سەن ھېقىقىن ۋەسپىن ئېيت بەس،
خوتەننىڭ بىر شاغىل تاشچە ئېرىمەس.
جاج فىروزەدىن سەن گورماغىل دەم،
خوتەننىڭ بىر ئېشەك مۇنچاقىدىن كەم.
دېمە ئوبداندۇ كابىل ئەرغۇانى،
خوتەن باغىنى چىتلاتقان تىكەنى.
دېمە سەن شەھرى سەبىزنىڭ نەۋ باھارى،
ياشىل مەخمەل خوتەننىڭ سەبزەزارى.
دېمە گوبداندۇ بەندەر شەھرى سۇرەت،
خوتەنغە ئوخشاماسدۇر ھېچ سۇرەت.
خوتەندەك يوقتۇرۇر شەھرى ئىسپاھان،
بىھىشىت ئاسا ياراتىپ ئانى رەھمان.
شامۇ دەكىن كىم مۆھتەرەمدۇر،
خوتەن شەھرىنىڭ ئالدىدا ئەدەمدۇر.
جەھان ئابادىمۇدۇر شەھرى كەشمىر،
خوتەننى كۆرسە دەرلەر بارچە تەقسىر.
خوتەن شەھرىنى كۆرسە شاھى بولغار،
تالڭ ئېرىمەس قىلسا گەر بولغارىدىن ئار.
ئەگەر كۆرسە خوتەننى خانى باغداد،
كېتەر قايغۇسىيۇ، غەمدىن بولۇر شاد.
خوتەننى كۆرسە گەر سۇلتانى ئۆرگەنج،
قىلۇر ئىنساب، دېيەر دۇنيادا بۇگەنج.
ئەگەر كۆرسە خوتەننى خەلقى شىراز،
تېنىدە رەشكىدىن جانى قالۇر ئاز.

خوتەنلەر كىم كۆرۈپ ئىران، تۇران،
خوتەن شەھرىنى كۆردى قالدى ھەيران.
دېمە ئوبداندۇرور كىرمانى زىلچاڭ،
خوتەن زىلچاسىنىڭ ئالدىدا قىلچاڭ.
خوتەندىن تا ئۇرۇمچى شەھرى، قۇمۇل،
خوتەن خامى كىيەرمىز دەپ يىغار پۇل.
دېمە ھىندىستاننىڭ خاسەسى خوپ،
خوتەن بەشماغى ئاندىن تولا مەرغۇپ.
خوتەن شا كۆرەسىنى يارجانى،
يۇدەن ھەر كىشكىم كۆرسە ئانى.
قەداغ فۇتاسىدىن دەي ئەھلى جادە،
ئېرۇرۇ كەشمىر شالىدىن زىيادە.
خوتەننىڭ تەڭنىماتىدىن ئىشىت سۆز،
ئېرۇر شەترەتچى كېيىز ئالدىدا بۆز.
ئېرۇر كىمخاب، ئەتلەس جايى ئىران،
خوتەن مەشرۇسىنىڭ ئالدىدا ھەيران.
خوتەننىڭ مىشكىنىڭ ئىشىت سىفاتىن،
جەھان خۇشبۇي بولۇر گەر تۇساڭ ئاتىن.
بۇ كېيىك نافەسىن دىدى پەيەمبەر،
مېنىڭدۇر مۆئجىزەم، ئاندىن مۇنەۋۋەر.
خوتەندە بىر ئۈزۈم بار ئاتى كىشمىش،
بارى ئۈزۈمدىن ئول ئىلگەرى پىشمىش.
ۋەسالغاسىنى يېسە ئەيتۇر ئىنسان،
بەھاسىغا ئەگەرجان بەرسە ئەرزان.
مۇناقى بىرلە ساھىبى ئۈزۈمى،
ئېرۇر ھەر بىرسى خورمايى رومى.
ئانارۇ، ئالمەسىن لەئىلى بەدەخشان،
ئىشتىپ رەشكىدىن ھەردەم يوتار قان.
ئەنىڭ شەفتالۇ، ئەمرۇ دىنى ئەي يار،
خۇجەند نەشپىتەسى ئالدىدا بىكار.
ئەگەر ئالۇنچەسىنى كۆرسەڭ ئەي جان،

دېمىشسەنكىم ئېرۇر ياقۇت، مەرجان.
ئۆرۈكۈ، ئۈجمەسى جەننەت نىھالى،
لەتاپەتدە جاھاندا يوق مىسالى.
خوۋانى دېمە دېگىل هۆسن خۇبان،
روخ جانانەسى رۇخسار جانان.
ئېرۇر هەر ئۈجمەسى بىر دۇررى گۆھەر،
دېگىل لەززەتدە ئانى شەهد شېكەر.
قاغۇنىدىن ئېشىت سۆز ئەي خىرەدمەند،
تېگىشمەس بىرىنى كىم بەرسە بىر قەند.
خوتەندەك يوقتۇرۇر هېچيەردە تەربۇز،
سىفاتىن قانچە قىلسام كۆرۈنۈر ئۆز.
جىنەستەسىدىن ئېشىت، ئەي برادەر،
ئېرۇر هەر بىرسى بىر دۇررى گۆھەر.
خوتەندەك يوقتۇرۇر هېچ يەردە ياڭغاق،
شەكالى بىرلە مەغزى قاردىن ئاق.
شەكالى تاشىدىن مەغزى كۆرۈنۈر،
كىشى كۆرسە كۆزى - كۆڭلى سۆيۈنۈر.
دېدىلار هۆكۇمايى ئەهلى مەشرىق،
ساقايۇر يىسە ئەينالۇسىن ئاغرىق.
خوتەننىڭ چامغۇرىدۇر هەر بىرى ناك،
نەبات دەر زەردەكىنى ئەهلى ئىدراك.
خوتەن كېلىپ كىشى گەر كۆرسە گۇلزار،
ئېرەم باغىنى سەيرىدىن قىلۇر ئاز.
قىشۇ هەم ئەرتىيازى بىر قەبىلدۇر،
تەمۇزىنىڭ هاۋاسى مۆئتەدىلدۇر.
بەدەخشان مۇلكى ئېرۇر لەئلى كانى،
خوتەن شەهرىدۇرۇر ئالتۇن مەكانى.
ئېرۇر ئالىملىرى ئالەمغە ئەئلەم،
مىسالى يوقتۇرۇر ۋەللاهۇ ئەلەم.
ئىنىڭ كاسىپلىرى هەر بىر فلاتۇن،
جەهان كاسىبى رەشكىدىن جىگەر خۇن.

تەمامى ناز - نېئمەتلار فەراۋان،
فەراۋانلىق بىلە ھەم نەرخى ئەرزان.
بىرىشتە ھاكىمى ھاتەم نىشاندۇر،
ئادالەت بابىدا نوشىرۋاندۇر.
ئىنىڭ ھەر بىر ئىشىدا ئەقلى ھەيران،
دىسە بولۇر ئېزىز مىسىر دەۋران.
خوتەن ئەۋسانىنى ھاكىم سىپەدەر،
بەيان ئەتسۇن نىچۈك يالغۇز قەلەندەر.
پىتىكچى ئەيلەسەڭ ئالەم بارىنى،
تۈگەتە ئالماغاي مىڭدىن بىرىنى.
قەلەندەر سەن تۈگەت سۆزۈڭ بۇ ھالەت،
ئىشىتكۈچىگە قىلما كۆپ مەلالەت.
خوتەننىڭ ۋەسپى تاپتى، ئەي مۇسەننىف،
ئېزىز بىكى زەمان ۋەقتىدە تەسنىف.
بىۇ دۇررى بىبەھا تاپقاندا مەۋزۇن،
ئىدى تارىخقە مىڭ ئىككى يۈز ئون.
كەل، ئەي ساقى، مېنىڭدىن كامىران قىل،
پىراقىڭدىن قەرىدىم نەۋجىۋان قىل.
ئېچىپ ئول مەينى قىلسام كامىرانلىق،
قەرىغان چاغىمە مەن نەجىۋانلىق.
يوق ئەتسۇن ئول مېنىڭدىن دەردۇ ئەلەمنى،
نىگارىم ۋەسپىغە سۇرسەم قەلەمنى.

*

يۈرۈپ ئېردىم خوتەن شەھرىدە ھەريان،
كۆرۈندى كۆزۈمە بىر ماھ تابان.
ئەجايىپ مەھۋە شۇ رۇخسارەسى گۈل،
قەلەندەر بولدى گۈلزارىغە بۇلبۇل.
قاشى يادۇر ۋەلى كىرپىكلارى ئوق،
ئىنىڭدەك بۇ جەھان ئەتراپىدا يوق.
مەلاھەت بوستانىنىڭ گۈلىدۇر،
سەباھەت گۈلشەنىنىڭ سۇنبۇلىدۇر.

ئاڭا ئوخشادۇمەن گەر دېسە قوياش،
بولۇر ئۇرسە ئىنىڭ ئاغزىغە مىڭ تاش.
ئوشۇل كۈنكىم يۈزىنى كۆردى بۇلبۇل،
كۆرۈنمەس بولدى قىلچە كۆزىگە گۈل.
لەبىنىڭ ۋەسپىنى لەئلى بەدەخشان،
ئىشىتىپ رەشكىدىن ھەردەم يۇتار قان.
قارا كۆزلەر كۆزىنىڭ بەندەسىدۇر،
ھەمە ھۆرۇ- پەرى شەرمەندەسىدۇر.
تىشى دۇردانەدۇر يا گۆھەرى جان،
ۋايا ژالەمۇدۇر يانۇر ئىمان.
يۈزىدە خال مىشكىنى فەقەددۇر.
ۋەيا مۇسھەفغە تۈشكەن بىر نۇقەتدۇر.
پەرى ھۆرلەردە يوقتۇر ئاڭا ئىمسال،
ياڭى ئاينى قىلىبدۇر قاشى پايمال.
ساچى سۇمبۇلمۇدۇر يارشىتەئى جان،
مونۇڭدەك يوقتۇ سۇنبۇل - ئەنبەر ئەفشان.
بويىنى تا كۆرۈبدۇر سەرۋ مەۋزۇن،
خىجالەتدىن بولۇپدۇر قامىتى نۇن.
نىگار - مەھۋە شۇ زىبا بىناگۇش،
بۇ يەسىمىن بىرى گۈلگۈن قەبا پۇش.
ئىرۇر ھۆر - مەلەكدەك پاك دامان،
ئىتەكىنى تانۇماس گەرد ئىسيان.
تۇغۇلمابدۇر ئىنىڭدەك پاك گۆھەر،
ئانادىن بۇ جەھاندا ئەي بىرادەر.
بولۇپ مۇساغە شۆھرەت يەد بەيزا،
ئىنىڭ بەيزادەك ئوخشە جۇملە ئەئزا.
كۆرۈدۇر گاھ نەركەس، گاھى بادام،
كىبىككە ئوخشە يوق بىر يەردە ئارام.
كۆزىنى غەمزە بىرلە ئاچسە ناگاھ،
خالايىقتىن چىقار يۈز نالەۋۇ - ئاھ.
كۆزى ئۆزى بىلە قىلسە نەزارە،

پۈتۈن كۆكۈلنى ئەيلەر پارە - پارە.
ئالۇر سۇرمە كاندىن كۆزلەرى باج،
قارا كۆزلەر غەمىدىن ئۆيى تاراچ.
سۆزى يائىقۇتمۇدۇر يارىشتە يۇجان،
ۋەيا شىكەرمۇ يا لەئلى بەدەخشان.
كىچە چىقسا ئۆيىدىن ئول قەلەمقاش،
خالايىق دەر كىچەدە تۇغدى قوياش.
قوياش بىرلە ھەمىشە ئايۇ - يۇلدۇز،
قىلۇر سەجدە ئىشىكىن كىچە - كۈندۈز.
ئەگەر كىم كۆرسە ئول لەيلىنى بىركۈن،
تالىق ئىرمەس ئىشقىدا گەر بولسە مەجنۇن.
ئوشۇل شىرىندىن ئولسە كىمگە ئىمداد،
تالىق ئىرمەسدۇر ئەگەر كىم بولسە فەرھاد.
ئەگەر كۆرسە يۈزىنى شەيخ سەنئان،
دىمەسدۇر باردۇرۇر تەرسائى دەۋران.
قىلىبدۇر ھەق ئىنى قۇدرەتدىن ئىجاد،
پەرى پەيكەر ئىرۇر ھۆسن خۇداد.
بولاق دىمە ئىنى سەن، ئەي برادەر،
ئىرۇر يەرنىڭ كۆزى ھىجرىڭدا يىغلار.
دىمە يامغۇر دۇرۇر، ئەي نۇردىدە،
پەلەكنىڭ كۆزىدۇر يىغلار غەمىدە.
جەھاندا پاكلىق بابىدا تاقدۇر،
گۇناھۇ - مەئسىيەتدىن ئول يىراقدۇر.
بۇ فىئىل خۇي ئاڭا كىم بەردى رەھمان،
نى ھەدكىم ئاڭا غالىپ كەلسە شەيتان.
بولۇپدۇر نۇر رەھمەتدىن سەرىشتە،
تالىق ئىرمەسدۇر ئەگەر دىسەم فەرىشتە.
ئىنى دەرمىش خالايىق مەريەمۇ پاك،
بەشەردە يوق ئىنىڭدەك ساھىب ئىدراك.
خوتەندە يوق ئىنىڭدەك ماھ رۇخسار،
مىنىڭدەك يوقتۇر ئاڭا ئاشىق زار.

خوتەندە يوق ئېنىڭدەك ماھ تابان،
مېنىڭدەك يوقتۇر ئاڭا يۈرەكى قان.
خوتەندە يۈق ئېنىڭدەك شوخ دىلبەر،
مېنىڭدەك يوق قولى ئاڭا مۇقەررەر.
خوتەندە يوق ئېنىڭدەك ئارەزى گۈل،
مېنىڭدەك يوقتۇر گۈلزارىغە بۇلبۇل.
خوتەندە يوق ئېنىڭدەك شوخ گۈلرۇ،
مېنىڭدەك يوقتۇر ئاڭا ھېچ دۇئاگو.
خوتەندە يوق ئېنىڭدەك بىر پەرىۋەش،
مېنىڭدەك يوقتۇر ئاڭا ھېچ جەپاكەش.
خوتەندە يوق ئېنىڭدەك قەددى مەۋزۇن،
مېنىڭدەك ئاڭا يوقتۇر يۈرەكى خۇن.
خوتەندە يوق ئېنىڭدەك نازەنىنى،
پەرىنزات زامەنۇ مەھجە بىنى.
خوتەن ئەسلىدە ئېردى خۇلد رىزۋان،
بولۇبدۇر ئول پەرىدىن ئىككى چەندان.
خوتەن ئەسلىدە ئېردى تۇرمۇسا،
بولۇبدۇر ئول سەنەمدىن جەننەت ئاسا،
خوتەن ئېردى مەكانى ئودئەنبەر،
تۇغۇلدى ئول پەرى بولدى مۇئەتتەر.
خوتەن ئەسلىدە ئېردى باغ بوستان،
تۇغۇلدى ئول پەرى گۈلىستان.
تۇغۇلدى ئانادىن ئول شوخ گۈلرۇخ،
پەرىيۇ - ھۆرنى ئول قىلدى مەنسۇخ.
تۇغۇلدى ئانادىن ئول ئاپەتى جان،
خوتەن بولدى پەرىغانە ئۇشۇل ئان.
تۇغۇلدى ئانادىن ئول شوخ گۈل چىھىر،
خىجالەتتە قالىبدۇرئاي ئىلە مىھىر.
تۇغۇلدى ئانادىن ئول شوخ مەھۋەش،
سالىبدۇر بۇ خوتەن ئىچىدە ئاتەش.
تۇغۇلدى ئانادىن ئول يۈزى گۈلزار،

بولۇبدۇر نازىنىنلار بارچە بىكار.
خوتەن شەھرىنىڭ گۇل زىنىنتىدۇر،
ئەرۇس مەلەك ھۆسنىنىڭ سۆلتىدۇر.

1795 — 1796 - يىللار

**ئىلاۋە:**

مەزكۇر قولىيازمىنىڭ بىلش قىسمىدىكى نەسرىي باياندا ئېيتىلغىنىدەك شائىر بۇ قەسىدىنى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئانا يۇرتى قۇندۇزدىكى دوست - يارەنلىرىدىن كەلگەن سالام خەتتىكى، شائىرنىڭ خوتەندە ماكانلىشىپ قالغانلىقىغا نىسبەتەن نارازىلىق ۋە تەنە - تاپىلارغا قارىتا جاۋاپ تەرىقىسىدە يازغان بولۇپ ، شېئىردا خوتەننىڭ ئايرىمچە تەبىئىي گۈزەللىكى، تۆرلۈك - تۈمەن يىل -يىمىش، ئۈزۈم - تۈلۈكىنىڭ، يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ مولىقى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقى، خەلقلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈل، خۇشچاقچاق، بىر - بىرىگە مېھرىبان، مېھمان دوست ، گۈزەل - خۇي ئەخلاقتا، چوڭقۇر ئېتىقادتا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي تىلغا ئېلىپ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مەشھۇر شەھەر، يۇرتلارغا سېلىشتۇرۇپ قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلغان. بۇ شائىرنىڭ خوتەندە ئوبدان ماكانلىشىپ، خوتەندىكى (خوتەن شەھرىدىكى) ئاقىل، پازىل كىشىلەر بىلەن قويۇق دوستلىشىپ ...... خوتەن ھەققىدە بىر قەدەر چوڭقۇر تونۇشقا ۋە بىلىمگە ئىگە بولغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

دېمەك، بۇ قەسىدە شائىر خوتەنگە كەلگەندىن كېيىنكى قىسقىغىنا ھاياتىنىڭ تەسرات مۇۋسى بولماستىن، بەلكى خوتەن ھەققىدىكى مول ۋە ئەتراپلىق تەسراتى ھەم چۈشەنچىسىنىڭ مۇۋسى.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق سانىدىن ئېلىنغان «قەلەندەر شېئىرلىرىدىن» ناملىق سەرلەۋھە ئاستىدا بېرىلگەن بۇ شېئىرلارنى مەتقاسىم ئابدۇراخمان ۋە مەرھۇم توختىنىياز قۇربان نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان. بۇ كىتابقا ئاشۇ نەشر ئاساسىدا سەھىپە ئېتىبارى بىلەن پەقەت 328 مىسرالىق شېئىرىي ئېلىنىپ، ماۋزۇسى تۈزگۈچى تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئايمۇھەممەد ساھىبى

# بىرنى بىر دېگۈلۈك

(تارىخىي ھېكايە)

1

ھېلىمۇ چۈشۈمدىكىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. مېنىڭ بوۋام خېلى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلاتتى. بوۋامنىڭ ئۇزۇن ئاق قېشى قاپىقىغا سىلىنىپ، ئاق ساقىلى مەيدىسىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان. يازدا ئاق شايى يەكتەك، قىشتا ئاق چەكمەن تون كىيىپ، ئاق سەللىنى بېشىدىن ئالماي يۈرىدىغان، مىنىدىغان ئېتىمۇ ئاق، ناماز ئوقۇيدىغان جەينىمىزمۇ ئاق بولىدىغان. كىچىك چاغلىرىمدا بوۋامنىڭ بۇ سىياقىغا قاراپ بىر پارچە ئاق بۇلۇت، بىر دۆۋە ئاق پاختا ياكى قار دۆۋىسى كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالاتتى.

بوۋامنىڭ ياش چاغلىرىدا يۇرتىمىزغا تۇڭگانلار بېسىپ كېلىپ، ئۇچرىغاننى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ئۆيمۇ ئۆي بۇلاپ - تالاپ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغانىكەن. بۇگۈنى ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىڭ ئۆلۈكى ئەتىسى سېپىل تۈۋى، دەريا بويى، دۆڭنىڭ ئارقىسى دېگەندەك بىر جايلاردا ئۇچرايدىكەن. بوۋام ئاخىر يۇرتتا تۇرۇشقا تاقىتى قالماي، قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىكەن. ئۇ بۇخارا، تاشكەنت، باغداد دېگەن يۇرتلاردا بىر مەزگىل ناۋايچىلىق قىلىپ، مەدرىسىدە ئوقۇپ، كېيىن مەككە - مەدىنىگە بېرىپ ھەج قىلىپ، يۇرتىمىز تىنچلانغاندا ئاندىن قايتىپ كەلگەنىكەن. شۇڭىمىكىن بوۋامنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرى، ئوقۇغان، ئاڭلىغانلىرى خېلى كۆپ ئىدى. ئەرەب، پارس، ئوردۇ، تۈرك، چاغاتاي تىللىرىنى بىلەتتى. توقۇم - مۆلىدەك قېلىن، كېلەڭسىز كىتابلارنى ئېچىپ قويۇپ،

سۆدەك راۋان تەپسىر قىلىشقا باشلىسا، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار ئاغزىغا قاراپلا قېلىشاتتى.

كىچىك چاغلىرىمدا بوۋام تال باراڭلىق هويلىمىزنىڭ سۇپىسىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ پات - پات:

— كۆرگەن كۈنۈمنى ئويلىسام ئۆزۈمنى مىڭ ياشقا يېقىنلىشىپ قالدىمىكىن دېگۈم كېلىدۇ. ياراتقان ئىگەمنىڭ مۇشۇنچىلىك ئۆمۈر بەرگىنىگە مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر، — دەيتتى ساقىلىنى سىيپاپ. بۇنداق چاغدا بوۋام بىزگە ئۆزى كۆرگەن - بىلگەن، ئاڭلىغان ئىشلارنى هېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. مەن بوۋامنىڭ هېكايىسىنى ئاڭلاشقا بەكمۇ خۇشتار ئىدىم. ئۇنىڭ ئاغزى ئىچىلغان هامان هەممىنى ئۇنتۇيتتۇم. بوۋام ئاپاق خوجا، ياقۇپبەگ، نىياز هېكىمبەگ ... دېگەندەك كىشىلەرنىڭ گېپىنى تولا ئېغىزىغا ئالاتتى.

بوۋامنىڭ مۇنداق بىر هېكايىنى سۆزلەپ بەرگىنى هېلىغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بۇ هېكايىنى بوۋامغىمۇ بوۋىسى سۆزلەپ بەرگەنمىش.

— ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى هىدايىتۇللا ئىشان دېگەن بىرى جۇڭغار خانىنىڭ ئەسكەرلىرىگە تايىنىپ يەكەندىكى ئىسمايىلخانىنىڭ پادىشاھلىقىنى تارتىۋاپتۇ، — دەپ باشلايتتى بوۋام بۇ هېكايىنى، — هىدايىتۇللا ئىشان پادىشاھ بولۇپ تاجۇ تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەل - يۇرتقا ئېغىر زۇلۇم سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ زامانلاردىكى كىشىلەر قىزىل مىستىن ياسالغان، ئوتتۇرىسى تۆشۈك بىر داچەنني بىر پۇل دەپ خەجلەيدىكەن. هىدايىتۇللا ئىشان ئىسمايىلخانىنىڭ پادىشاھلىقىنى ئۆزىگە ئېلىپبەرگەن جۇڭغارخانغا نۇرغۇن پۇل - مال سوۋغا قىلىپ، ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئەل - يۇرتقا بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەش پەرمانى چۈشۈرۈپتۇ. ناۋادا ئەل - يۇرت بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلىسە باج، ئالۋان - سېلىقىمۇ بىر پۇلنىڭ ئورنىغا ئىككى پۇل تۆلەيدىغان گەپكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ پەرمانغا هەممە يۇرت بويسۇنۇپتۇ. پەقەت خوتەن خەلقىلا بويسۇنماپتۇ. بۇ ئىشتىن دەرغەزەپكە كەلگەن هىدايىتۇللا ئىشان خوتەنگە ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، بۇيرۇقى يۇرمىگەن كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا سېنىڭ ياش قۇرامىڭدىكى بىر كىچىك بالا — ... دېگىنىچە ماڭا قاراپ بېشىمنى سىلاپ قوياتتى

بوۋام. ئارقىدىن يەنە گېپىنى ئۇلايتتى، — بۇ چاغدا سىنىڭ ياش قۇرامىڭدىكى بىر كىچىك بالا ئۆلۈمدىن قورقماي، كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپتۇ. ئۇنى قانداق بالا دېمەمسەن؟

— ئۇ قانداق بالىكەن؟ — دەپ سورايتتىم دەررۇ تاقەتسىزلى-نىپ.

— ئۇ بالا مۇشۇ يۇرتقا بەگ بولۇپ ئۆتكەن ئىمىن بەگ ھاجى دېگەن كىشىنىڭ ئەتىۋارلىق كەنجى ئوغلى ئىكەن. ئىسمى شىر ئېلىخان بولۇپ، ئاغزىدىن ئېخى سۈت تەمى كەتمىگەن، مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان بىر بالا ئىكەن، — دېگىنىچە شىر ئېلىخان دېگەن ئاشۇ بالىنىڭ گېپىگە ئۆتەتتى بوۋام. مەن ئاستا - ئاستا بوۋامنىڭ تىزىغا يۆلىنىپ، زاڭقىمنى تۇتقىنىمچە ئاي پارلاپ، يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسمانغا قارايتتىم. شىر ئېلىخان دېگەن ئاشۇ بالىنىڭ سىماسى پارلاپ تۇرغان ئايدەك، چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك كۆزلىرىمگە كۆرۈنۈشكە باشلايتتى.

2

ئەينەكتەك سۈزۈك كۆل سۈيى بېتىدە زەڭگەر ئاسمان، ئاپئاق بۇلۇتلارنىڭ ئەكسى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. كۆل بويىدىكى تەتۈر سۆگەتلەرنىڭ سىلىنىپ تۇرغان بوستان چىۋىقلىرى مەيىن شامالدا لەرزان ئىرغاڭلايتتى. كۆلنىڭ بىر تەرىپى ئېگىز - پەس توپىلىق يول ئىدى. يولنىڭ بىر بېشى يېقىنلا يەردىكى مەسچىت بوسۇغىسىغا تاقىشاتتى، يەنە بىر بېشى بارغانچە پەسلەپ كۆزدىن غايىب بولاتتى. يولنىڭ پەسلەپ بارغان ئاشۇ تەرىپىدە شەھەرنى ئاۋات قىلىپ تۇرىدىغان ئاشپەز، ناۋاي، قاسساپ، ساتىراش، بورىچى، تاقىچى، ياماقچى ... دېگەندەك ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ بالىخانىلىق، ئېگىز - پەس ئۆيلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. كۆلنىڭ يەنە بىر تەرىپى قاتىرىسىغا سېلىنغان مەدرىسە ئۆيلىرىنىڭ سالاسۇن، پېشايۋانلىق ھويلىسىغا تۇتىشاتتى. مىڭلىك دەرەخلەرنىڭ باراقسان شاخ - پۇتاقلىرى مەدرىسە ھويلىسىغا سىلىنىپ تۇراتتى. كۆل بويىدىكى چىملىقتا بىر نەچچە توز رەڭدار قۇيرۇقلىرىنى سۆرەپ يۈرۈشەتتى. قەپەستىكى قۇشلار تىنىمسىز ۋىچىرلىشاتتى. كاككۇكلار بوستان ئارىلاپ سايرىشاتتى ...

ئەتىگەنلىك قۇياش هارارەت چېچىپ ئۆرلەش بىلەن تەڭ مەدرىسە هويلىسى كۈندىكىدەك شاۋقۇن - سۈرەنگە تولۇشقا باشلىدى. قاراڭغۇ ئۆيلەردىن بىر توپ چۈجە - خوراز بەس - بەستە چىللاشقاندەك قىرائەت ئۈنى كېلەتتى. هويلىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىدە ئولتۇرۇشقان باللارنىڭ ھەممىسى ئۆز ساۋاقلىرىنى ھەجىلەپ تەكرارلاشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى زېرىككەندەك، خۇشياقمىغاندەك ئېزىلەڭگۈ كۆرۈنەتتى. ئارىدىكى يېشى چوڭراق بىرى ئۆزىدىن كىچىكرەك بىرسىگە ھاپىزلىقتىن ساۋاق بېرىۋاتاتتى.

ئايا بەندە رەسۇلدىن مەن بايان ئەيلەي، —
دەپ ئۆگىتەتتى ساۋاق بېرىۋاتقىنى.
ئايا بەندە رەسۇلدىن مەن بايان ئەيلەي، —
دەپ ئەگىشىپ ئوقۇيتتى ساۋاق ئېلىۋاتقىنى. —
رەسۇلنىڭ ھەممەتلەرى ئايان ئەيلەي، —
دەپ داۋاملاشتۇراتتى ساۋاق بېرىۋاتقىنى.
رەسۇلنىڭ ھەممەتلەرى ئايان ئەيلەي، —
دەپ يەنە ئەگىشىپ ئوقۇيتتى ساۋاق ئېلىۋاتقىنى.

يەنە بىرى كۆزلىرىنى يۇمۇپ، يۇكۇنۇپ ئولتۇرغىنىچە ئۆز ساۋىقىنى يادلىماقتا ئىدى.

ئەشرىقەتمەن ئەكسى شەمسىل كەھىي ئەنۋەرۇل ھۇدا،
يارى ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامىدىن چىقتى سادا.
..............

بۇ «نەۋائىي» دېگەن كىتابنىڭ بېيىتلىرى ئىدى.

يەنە بىرى بەتلىرى سارغىيىپ كەتكەن، كۆك تاشلىق كونا كىتابنى ئېچىپ قويۇپ ئوقۇماقتا ئىدى:

ھەقىغا ھەمدۇسىنى ئادا قىلدىم،
ھەق ئېتى بىرلە ئىپتىدا قىلدىم.
ئىپتىدا قىلغۇلۇقتا كىم باردۇر،
قىلمىساڭ ئاتا بىرلە ئىپتادۇر.
..............

بۇ «مۇبەييەن» دېگەن كىتابنىڭ نەزمە - مىسرالىرى ئىدى.

يەنە بىرى پېشايۋان سۇپىسىدىكى رېھىل ئالدىدا توقۇمدەك تۇم ھەم كېلەڭسىز بىر كىتابقا كۆز يۈگۈرتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆڭى ئاق ئالمىدەك سۈزۈك بولۇپ، ئەمدىلا ئون - ئون ئىككى ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس تۈرۈلگەن قوشۇمىسى، كىتاب قۇرلىرىغا تىكىلگەن قارا كۆزلىرىدىن كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتقانلىقى، ئەستايىدىللىقى، ئەقىللىقلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى قىزىل ياقۇت كۆز بىلەن مەرۋايىت مارجان قادالغان چىلگە كاۋىسىدەك كىچىك ئاق سەللىسى، ئۇزۇن يەڭ، يېشىل كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان، جىيەكلىرىگە زەر يىپ بىلەن گۈل كەشتىلەنگەن كالتە يەڭ، سېرىق پەرىجىسى، پۇتىدىكى قىزىل خۇرۇم سەندەلى① ئۇنى بەگزادىلەرگە خاس سالاپەتكە ئىگە قىلغانىدى. ئۇ بۇ سىياقى بىلەن ئەتراپىدىكى شاتىۋا، شاپاق بۆك②، سەگەز كۆڭلەك③، چوتا ئىشتان④، ھەمزەك پەرىجىلىك⑤ بالىلاردىن تولىمۇ ئۆزگىچە كۆرۈنەتتى. مەدرىسىدىكى چوڭ - كىچىك بالىلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا مۇدەررىس ئاخۇنۇممۇ ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستۈېشىغا، بەگنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە ئەمەس، ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە، تىرىشچانلىقىغا، پەزىلىتىگە ھەۋەس قىلاتتى.

— شىر ئېلىخان، نېمىگە شۇنچە زەن قويۇۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ قېشىدىكى بىرى ئۆزىنىڭ كىتابىنى يېپىپ قويۇپ، — ئەتىدىن بېرى قارىسام كىتابتىن باش كۆتۈرمەي يار يېلىمىدەك چاپلىشىپلا كەتتىلە؟

— زۇۋاندا راستچىل بولۇشنىڭ بايانىنى ئوقۇۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى شىر ئېلىخان شۇندىلا كىتابتىن باش كۆتۈرگەچ، — بەك ياخشى بايانكەن.

— ياخشى بايانكەنغۇ بۇ ئەمىسە، — دېدى ھېلىقى بالا ھەۋەس بىلەن جىلمايغىنىچە، — نېمە سۆزلىنىپتۇ ئۇنىڭدا؟

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئەتراپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى خۇددى شىرئېلىخان چاقىرغاندەكلا دەررۇ ئۇنىڭ ئەترپىغا ئولاشتى. كۆزلەر ھەۋەس بىلەن ئۇنىڭغا باقتى، ئېغىزلار ھەۋەس بىلەن چۇرقىراشتى.

---

① سەندەل — پاشنىسىز، قىسقا قونجىلىق، تاسمىلىق ئاياغ.
②③④⑤ شاتىۋا، سەگەر، چوتا، ھەمزەك — يەرلىك رەخت تۈرلىرى.

— راست، نېمە سۆزلىنىپتۇ ئۇنىڭدا؟
— نېمە سۆزلىنىپتۇ. بىزگە دەپ بەرسىلە؟
— زۇۋاندا راستچىل بولۇپ، تىل بىلەن دىلنى بىر تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى سۆزلىنىپتۇ، — دېدى شىرئېلىخان ئۆزىنى ئورىۋېلىشقان باللارغا تەبەسسۇم بىلەن قارىغاچ، — بۇنى ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھسانلىرىنىڭ بىرى دەپتۇ. بەگ دادامىمۇ دائىم ماڭا باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ راست گەپ قىلىپ ياشىغۇلۇق، دەپ پەند-نەسىھەت قىلاتتى. كىتابتىمۇ شۇنداق دەپتۇ مانا.
— دۇرۇس، دۇرۇس، — دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر تەڭلا، — شۇڭا بىز مەدرىسىگە ئۆگەنگىلى كەلدۇق ئەمەسمۇ؟ ئۇنى ئۆگىنىمىز، بۇنى ئۆگىنىمىز، ھەممىسى نېمە گەپ؟ ئاخىردا ئادەم بولماق.
— شۇنداق، — دېدى شىرئېلىخان بۇ گەپتىن سۆيۈنگەندەك بولۇپ، — مەن مۇدەررىس ئاخۇنۇمنىڭ «بەندىنىڭ ئالىم بولمىقى ئاسان، ئادەم بولمىقى تەس» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. بەندىگە ئۆگىنىش ۋاجىپ. ئۆگەنگەنگە ئەمەل قىلماق تېخىمۇ ۋاجىپ. جاھاندىن ئۆگەنگەنگە ئەمەل قىلىپ ئۆتكىنىمىز ياخشى.
— ناۋاتتەك گەپ قىلدىلا، — دېدى ئارىدىن بىر شىرئېلىخاننىڭ گېپىنى قولللاپ، — بىز ھەممىمىز سىلىگە قايىل. ياش قۇراملىرى كىچىك بولغان بىلەن ئەقىللىرى ھەممىمىزنىڭكىدىن چوڭ. ناۋادا ئارىمىزدىن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىرەرىمىزنى ئۆلىما بولۇپ قالىدۇ دېسەك، شەك - شۈبھىسىزكى ئۆزلىرى بولىلا.
— شۇنداق، شۇنداق، — دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر تەڭلا، — مۇدەررىس ئاخۇنۇممۇ شۇنداق ئويلايدىكەن. سىلى ھەممىمىزنىڭ ئۈمىد چىرىغىمىز.
— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭلار، — دېدى شىرئېلىخان بۇنداق ماختاشلاردىن سەل قورۇنۇش ھېس قىلىپ، — سىلەرمۇ ياخشى ئوقۇۋاتىسىلەرغۇ.
— نەدىكىنى، — دېدى ئارىدىن بىرى دەررۇ، — بىز سىلىنىڭ قوللىرىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيمىز. سىلى مەدرىسىگە بىزدىن كېيىن كېلىپ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتىلە. مۇبەييەن، سۇپالىيا، نەۋائىي، خوجاھاپىز، دالايى، ھۇۋەيدا، مۇشكاتى شېرىپ دېگەندەك.

تۆپە كىتابلارنى[1] بىر نەچچە ئايدىلا ئوقۇپ تۈگىتىپ بولدىلا.

— شۇنداق، — دېدى ئاردىن يەنە بىرى، — بىز تېخى تەجۋىد[2] ئوقۇپ يۈرۈيمىز. سىلى بولسىلا ئىسپاھىيە[3] ئىلمىي نۇجۇم[4] ھەندىسە[5] دېگەندەكلەردىن ساۋاق ئېلىۋاتىدىلا. سىلى دېگەن ئەلىيۇلئەلا[6] تەھسىنامە[7] ئېلىشلىرىدا گەپ يوق. بىز ئەۋسەت[8]، ئەدنا[9] ئوقۇۋاتىمىز. بىز ئاپىرىننامىگە[10] ئېرىشەلىسەكمۇ چوڭ گەپ.

— بىز لەيلى[11] ئوقۇۋاتىمىز، سىلى ناھارى[12] ئوقۇۋاتىدىلا، — دېدى ئاردىن يەنە بىرى گەپنى ئۇلاپلا، — خېلى زەن قويۇپ ئوقۇغاندەك قىلىمىز بولمىسا، سىلىگە يېتىشەلمىگۈدەكمىز ئەمدى. كۆزىمىز تەگمىسۇن سىلىگە.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭلار! — دېدى شىرئېلىخان ئەتراپىدىكى باللارنىڭ كۆڭلىگە يارىشا، — مەن تېز ئوقۇغاندەك قىلغىنىم بىلەن بەزى كىتابلارنى خام ئۆتكۈزۈۋەتتىم. سىلەرگە ئوخشاش پىششىق ئوقۇيالمىدىم.

— سىلى بەك ئوبدان، دېدى ئاردىن زاڭقىنى يۆلەپ، شىرئېلىخانغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ ئولتۇرغان بىر بالا، — مەمەدان، ھاكاۋۇر ئەمەس. دادام بەگ دەپ، تەمەننا قىلمايلا. باشقا بەگنىڭ باللىرى ئويۇن قىپى. «موللا خۇدايا قۇيما دېۋەڭ، قۇيماق يېسىڭىز خەقكە دېمەڭ» نىڭ ئۆزى.

بۇ گەپكە ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى پاراقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شىرئېلىخانىنىڭ ئۆزىمۇ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ سالدى. ئۇلارنىڭ شاد كۈلكىسى ئەمدىلا بېسىقىپ تۇراتتى. سىرتتىن كىرگەن بىر بالا شىرئېلىخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مۇددەررىس ئاخۇنۇم سىلىنى كۆل بويىغا چىقسۇن دەيدۇ،

---

① تۆپە كىتابلار — مەدرىسىدە قۇرئاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان كىتابلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۆپە كىتابلار دەپ ئاتىلىدۇ.
② تەجۋىد — قۇرئان ئوقۇش قائىدىسى.
③ ئىسپاھىيە — ساقلىقنى ساقلاش.
④ ئىلمىي نۇجۇم — ئاسترونومىيە.
⑤ ھەندىسە — ئالگېبرا.
⑥ ئەلىيۇلئەلا — ئەلاچى ئوقۇغۇچى.
⑦ تەھسىنامە — 1 - دەرىجىلىك دىپلوم.
⑧ ئەۋسەت — ئوتتۇرىھال.
⑨ ئەدنا — ناچار.
⑩ ئاپىرىننامە — ئىككىنچى دەرىجىلىك دىپلوم.
⑪ لەيلى ئوقۇش — مەدرىسىدە قونۇپ ئوقۇش.
⑫ ناھارى ئوقۇش — مەدرىسىدە كۈندۈزى ئوقۇش.

بەگ ھاجىم ئاتىلىرى جارۇپكەش ئەۋەتىپتۇ، ئۆيگە بارىدىغان ئوخشايلا، — دېدى.

شىرئېلىخان شۇئان كىتاب، رېھىللىرىنى يىغىشتۇرۇپ قاراڭغۇ ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى. ھويلىدىكى بالىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

مۇدەررىس ئاخۇنۇم ئېگىز بوي، قاقشالدەك ئورۇق، ئۆچك ساقال ئادەم ئىدى. ئالدىغا سەل ئېگىلىپ قالغىنى بىلەن يەنىلا تېتىك، تېمەن كۆرۈنەتتى. ئىلىمدە يىراق - يېقىندا خېلى نامى بار ئىدى. مەدرىسىدىكى بالىلارنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى. ئۇ كۆل بويىدا ئاتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرغان بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى.

— بەگ ھاجىم ئاتىلىرى ئادەم ئەۋەتىپتۇ، — دېدى ئۇ ئالدىغا كەلگەن شىرئېلىخاننىڭ مۇرىسىنى سىلاۋېتىپ، — ئاتىلىرى بىلەن بىرگە ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ چېيىغا داخىل بولغىلى بارىدىكەنلا.

— ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ چېيىغا داخىل بولغىلى؟ — دەپ سورىدى شىرئېلىخان تەئەججۇپ بىلەن، — يەكەن دىيارىغىما؟

— يوقسۇ، — دېدى ئاتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشى، — ھىدايىتۇللاخان پاشا ئۆزى يۇرتىمىزغا كەپتۇ. يۇرت كاتتىلىرىغا چاي بەرگۇدەك. ئانىلىرى ساقىسىز بولغاچقا بەگ ھاجىم ئاتىلىرى سىلىنى بىللە ئېلىپ بارماقچى بولۇپ مېنى يانلىرىغا ئەۋەتتى.

— بارسىلا، — دېدى مۇدەررىس ئاخۇنۇم شىرئېلىخاننىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، — بىرنۇەرسىلە. بۇ يەردىكى ئوقۇشلىرى بىر كۈندە تۈگەيدىغان ئىشقا ئوخشىمايدۇ. پادىشاھنىڭ چېيىغا داخىل بولىدىغان شاھانە پۇرسەت ھەممە بەندىگە نېسىپ بولمايدۇ. بىرنۇەرسىلە! پادىشاھ، ۋەزىر - ۋۇزرا، ئۆلىما، پازىللارنىڭ ھەمسۆھبىتىدە بولۇپ، ئەقىل كۆزلىرىنى ئېچىپ كەلمەملا.

شۇ گەپ بىلەن ئاتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشى شىرئېلىخاننى قولتۇقلاپ كۆتۈرگىنىچە ئاتقا مىنگۈزدى.

— خوش ئەمىسە، — دېدى شىرئېلىخان ئاتقا مىنىۋالغاندىن كېيىن پەستىكىلەرگە قاراپ، — خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە كۆرۈشەيلى.

— خوش ئەمىسە، — دېيىشتى مۇدەررىس ئاخۇنۇم بىلەن ئۇنىڭ

ئەتراپىدىكى بالىلار تەڭلا، — ئاق يول بولسۇن. بەگ ھاجىم ئاتلىرىغا، ھىدايىتۇللاخان پاشاغا بىزدىن دۇئايى سالام ئېيتىپ قويارلا.

ئات ئۇستىدىكى شىرئېلىخاننىڭ، ئاتنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان كىشىنىڭ قارىسى بارا - بارا يىراقلاپ كەتتى. مەدرىسە ئالدىدا ئۇزىتىپ قالغانلار ئۇلارنىڭ قارىسىدىن ھېچ كۆز ئۈزگۈسى كەلمىگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ سىماسى ئەينەكتەك سۈزۈك كۆل سۈيى بېتىدىكى زەڭگەر ئاسمان، ئاپئاق بۇلۇتلار ئەكسىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

3

ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ ئايۋان - سارىيى تولىمۇ كۆركەم ئىدى. ئايۋان - سارايىنىڭ سەككىز قىرلىق تۈۋرۈكلىرىگە، تورۇستىكى بالا، پەرمال، ۋاسىيانلارغا نەپىس ئويۇلۇپ ئۇستىدىن رەڭ بېرىلگەن گۈللەر گويا گۈلباغدا ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ ئۆزىدەك كۆرۈنەتتى. پەگاغا تۇتاش سېلىنغان خوتەن گىلىمى ئوتقاشتەك يېلىنجايتتى. ساراي ئۆينىڭ بىر تېمىغا يۆلەپ قات - قات تىزىۋېتىلگەن تاۋار - دۇردۇن، مەخمەل يوتقان - كۆرپىلەر تورۇسقا تاقىشاي دەپ قالغانىدى. ئويۇق - ئويۇقلاردىكى ئاپتۇۋا - چىلاپچا، جانان چىنە، پەتنۇس، چەينەك، ھاۋانچا، گۈل چىلانغان لوڭقا، چىراغپاي، رېھىل، كىتاب ... دېگەنلەر ئايۋان - سارايغا تېخىمۇ زىننەت بېغىشلاپ تۇراتتى.

ئىمىن بەگ ھاجى ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان، ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، كېسەل چىراي ئادەم ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا خانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغان سوۋغا - سالاملارنى تەييارلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خىزمەتچى، دورغىلار پەتنۇس - پەتنۇسلاردا چوكا ئالتۇن، تىللا، كۈمۈش يامبۇ، ئۈنچە - مەرۋايىت، خوتەن قاشتېشى، ئارقار، بۇغا مۈڭگۈزى، ئىپار كىيىكنىڭ كىندىكى، ئۇلارنىڭ پوكىنى ... دېگەنلەرنى تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. بۇ نەرسىلەر ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ ئۆز قولى بىلەن بىر - بىرلەپ يىپەك رەختلەرگە ئورىلىپ، كۆن قاپلىق ئېسىل ساندۇقتا سېلىنماقتا ئىدى. شۇ ھالدا بىر ساندۇق توشۇپ ئاغزى يېپىلدى. يەنە بىر ساندۇقنىڭ ئاغزى

ئېچىلدى. بۇنى كۆرۈپ ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ ماموق ياستۇققا باش
قويۇپ يېتىۋاتقان ئايالى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، خورسىنىپ قويدى
ئۇنىڭ گۇنسىز كۆزى ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ ئورۇق قوللىرى
تىكىلگەنىدى. ئاشۇ بىر جۈپ ئورۇق قول ھېلى پەتنۇسقا يۆتكەلسە
ھېلى ساندۇققا يۆتكىلەتتى. شۇ تاپ ئۇ ئۆز يۈرىكىنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ
ئورۇق قول بىلەن بىر پارچە رەختكە ئورىلىپ ساندۇققا
تىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ ياتقاندەك تولىمۇ بىئارام بولۇپ كەتكەنىدى.

يەنە بىر ساندۇق توشۇپ ئاغزى يېپىلدى. يەنە بىر ساندۇقنىڭ
ئاغزى ئېچىلدى. ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ ئايالى ئەمدى قات - قات تاۋار
كۆرپىدە ئەمەس، پەنجە - پانتاق ئۈستىدە ياتقاندەك ئازابلىق
تولغىنىپ كەتتى. بېشىنى كۆتۈرۈشكە كۈچەپ باققانىدى. مادارى
يەتمىدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان ئىككى چۆرە ئايال ئۇنى ئاست
يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى.

— بۇ ... بولار ئەمدى، — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا، — ئالدى
- كەينىمىزگە قاراپ ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك ماقىما.

— خوتۇن خەق دېگەن ئەركىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىغۇلۇق، —
دەپ ئالىيىپ قويدى ئىمىن بەگ ھاجى ئايالىغا، — كېسىلىنى
تارتىشىپ ياتماي — ... غۇدۇڭشىپ قويدى ئۇ ئارقىدىن يەنە.

— سى ... سىلى ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، — دېگىنىچە
كۆزلىرىنى مىتىلداتتى ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ ئايالى، — خانغا لازىمى
بىزگىمۇ لازىم. ئۆيدە بولسا ھامان جانغا ئەسقاتىدىغان گەپ. بۇ
كۈندىكى خان، پاشالار قىش كۈنىنىڭ ئاپتىپىغا ئوخشاپ قالدى.
بۈگۈنى بىرسى تاجۇ تەختتە ئولتۇرۇپتۇ دېسە، ئەتىسى بىرىنى
ئولتۇرۇپتۇ دېگەن. تاپقان - تەرگىنىمىز نەچچە بىرىگە يېتەتتى.

— ھاي، ھاي! — دېدى ئىمىن بەگ ھاجى قاپىقىنى تۈرگىنىچە
ساندۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — گەپ دېگەننى ئويلاپ بېقىش
قىلغۇلۇق! بولمىسا باش كېتىدىغان گەپ، باش ... «خوتۇن خەقنىڭ
چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەن راست گەپكەن. مېنىڭمۇ
ئويلىغىنىم بار، كىچىك بالا بولمىسام مەن -يا؟ خاننىڭ چېپىغا قول
قوشتۇرۇپ بارغان نەدە بار؟ ھىدايىتۇللاخان پاشا بولۇپ مۇش
كۈنگىچە ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. ئەسلىدە سوۋغا - سالا
بىلەن ئالدىغا بېرىپ مۇبارەكلەيدىغان يولىمىز بار ئىدى. بۇنىم

قىلالمىدۇق. خان ئۆزى چايغا تەكلىپ قىلىپ، تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەندە نەزەرىدىن ئۆتكۇدەك بىر ئىش قىلىپ بارمىسام يارىشامدۇ؟ يىگىرمە - ئوتتۇز يىل بەگ بولۇپ ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە ئاتتىن يىقىلىپ كەتسەم ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ماڭمۇ تەڭلىك. قولنى كەسمىگۈچە قان چىقامدۇ؟ قول قولنى يۇسا، قول قويۇپ يۈزنى يۇيىدىغان گەپ، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان».

ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ ئايالى دومسايغىنىچە كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويدى. يەنە بىر ساندۇق توشۇپ ئاغزى يىپىلدى. ئىمىن بەگ ھاجىم ئىشنى تۈگىتىپ ئەمدىلا بېلىنى رۇسلاپ تۇراتتى، ئىشىكتىن ئوغلى شىرئېلىخان كىرىپ كەلدى.

— ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ كەلدىڭىز بالام، — دېدى ئىمىن بەگ ھاجى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە، — تېز تەييار بولۇڭ! ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ چېيىغا داخىل بولغىلى بارىمىز.

شىرئېلىخان «قانداق قىلىمەن؟» دېگەندەك ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى. قارىدىيۇ، ئانىسىنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى، دومسىيىپ ئولتۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي جىم تۇرۇپ قالدى. ئانىسى مادارسىز قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاۋېتىپ:

— كىچىك بالىنى ئەگەشتۈرۈپ بارغانلىرى قانداق بولار؟ — دېدى ئۇستىۋېشىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان ئىمىن بەگ ھاجىغا قاراپ.

— ھېچقانداق بولمايدۇ، — دېدى ئىمىن بەگ ھاجى دەررۇ، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا كۆرمىگەننى كۆرۈپ، قائىدە - يوسۇن ئۈگىنىۋالغىنى ئەۋزەل. چاي، ئادىمگەرچىلىككە بىر ئۆيدىن يالغۇز بىرى بارغان نەدە بار؟ باشقا بەگ، قازىلارمۇ خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ بارغۇدەك. مەن تىككەندەك يالغۇز بارماي مۇشۇ بالىنى بولسىمۇ ئېلىۋالاي.

— مەيلى ئەمىسە، بارسىڭىز بىرلىك بالام، — دېدى شىرئېلىخاننىڭ ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، — ھەر كۈنى مەدرىسىنىڭ قاراڭغۇ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ زېرىكىپمۇ قالغانسىز، ھېچبولمىسا كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ كېلەرسىز.

— بارسام باراي ئەمىسە، — دېدى شىرئېلىخان ئورنىدىن قوزغىلىۋېتىپ.

شىر ئىبلىخان، ئىمىن بەگ ھاجى ئىشىكتىن چىقتى. دەرۋاز ئالدىدا ئىككى ياربيار ھارۋا، بىر نەچچە ئات تەييارلاپ قويۇلغانىدى. شىر ئىبلىخان ئىمىن بەگ ھاجىم بىلەن گىلەم، كۆرپە سېلىنغان بىر ھارۋىغا چىقىشتى. سوۋغا ـ سالام قاچىلانغان ساندۇقلار يەنە بىر ھارۋىغا بېسىلدى. ئۇلار بىر نەچچە دورغا، چاپارمەنلەر بىلەن يولغا ئاتلاندى.

ئۇلار يىلان ئىزىدەك ئەگرى ـ بۈگرى كاتالڭ يولدا ھېلى بىر كوجۇم مەھەللىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ھېلى بىر كوجۇم مەھەللىگە ئۇلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. ئىمىن بەگ ھاجى ھارۋىدا تەۋرىنىپ ئولتۇرغىنىچە خىيال سۈرمەكتە ئىدى.

ئۇ ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ ئالدىغا بارغاندا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي سەل ھودۇقۇپ قالدى: «زامان زامانى، ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ زامانى» دېدى ئاۋازىنى تولۇق چىقىرىپ، بۇ گەپتىن كۆڭلى تازا رازى بولماي يەنە: «يەتتە ئىقلىمنىڭ ئۇلۇغ شاھى، ئەل - يۇرتنىڭ پاسىبانى، ھەممىگە قادىر كەرەملىك سۇلتانىم ...» دېگىنىچە خاننىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۈچ قېتىم، ياق، يەتتە قېتىم سەجدە قىلدى. ئارقىدىن خاننىڭ پۇتىنى سۆيدى. پېشىنى، قوللىرىنى تۇتۇپ يۈز ـ كۆزلىرىگە سۈرتتى. كۆز يېشى قىلدى. خان ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنى شۇ ھامان ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ ساندۇقلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ سوۋغا ـ سالاملارنى خاننىڭ ئالدىغا يايغانىدى، خاننىڭ كۆڭلى تېخىمۇ سۆيۈنۈپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. خان: «كۆپ تەزگىنىپ كېتىپلا، ھەشقاللا، ھەشقاللا» دېگىنىچە ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئۆزىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۆز قولى بىلەن چاي قۇيۇپ سۇندى. بۇنى كۆرۈپ باشقا بەگلەرنىڭ ئىچ ئەزايىغا ئوت تۇتىشىپ كەتتى. ھەممە كۆزلەر ئاسماندىكى قۇياشقا، ئايغا قاراشقاندەك ئۇنىڭغا قاراپلا قېلىشتى. خان ئۇنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى، يەنە تېخى قېشىدا ئولتۇرغان ئوغلى شىر ئىبلىخاننىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ھەم شىر ئىبلىخاننى «ئىزلىرىنى باسقىلى ئەقىللىق، چىرايلىق ئوغۇللىرى بار ئىكەن، مەدرىسىدە ئوقۇغىنى ياخشى بوپتۇ» دەپ ماختاپمۇ قويدى.

ئۇنىڭ رەھمەتلىك دادىسىمۇ، رەھمەتلىك بوۋىسىمۇ بەگ بولۇپ ئۆتكەن كىشىلەر ئىدى. ئۇنى رەھمەتلىك بەگ دادىسى ئۆمرىنىڭ

ئاخىرىدا ئورنىغا بەگ قىلىپ قويۇپ بۇ ئالەمدىن كەتتى. ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە تۆت خوتۇننى ئەمرىگە ئېلىپ، بەش بالا يۈزى كۆردى. ئۈچ بالىسى چېچەك، قىزىل كېسەللى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن قازا قىلىپ كەتتى. يەنە بىر بالىسى ئەمدىلا قاتارغا قېتىلىپ ئۇنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولىۋاتقاندا يۈرتنى قوغدايمەن دەپ، جەڭدە شېھىت بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، چىرىغىنى ياندۇرغۇدەك مۇشۇ بىرلا ئوغلى قالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئوغلىنى ئورنىغا بەگ قىلىپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتۈش بىرلا ئارزۇسى بار ... ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى، يەنە ئالىلىقاندىق ئوي - خىياللىرىنى خانغا ئېيتتى. خان ئۇنىڭ ھەممە گەپلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ، «سىلى ئېسىل نەسەبلىك، ديانەتلىك، خانغا سادىق بەگ ئىكەنلا، سىلىنىڭ بۇ ئارزۇلىرىنى چوقۇم قانائەت تاپقۇزىمەن» دېدى. ئۇ خۇشاللىقىدا دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خانغا قايتا -قايتا تەزىم قىلدى. «بۇرۇنقى خانلارنىڭ ھەممىسى قان ئىچەر زالىم ئىدى. سىلى پەزىلەت بابىدا يەكتا، ديانەتلىك، ئادىل خان ئىكەنلا، مەن يەتمىش پۇشتى - ئەۋلادىم بىلەن كېچە - كۈندۈز ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىشقا تەييارمەن» دېدى. خان: «بولدى، بولدى. شۇنچە ھىممەتلىرىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، تەزىملىرى ماڭا تەگدى» دەپ تەكەللۇپ قىلىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ...

ھارۋىنىڭ ئېرىقتىن سىلكىنىپ ئۆتۈشى بىلەن ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ شېرىن خىياللىرى ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھارۋىكەشكە ئالىيىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەمدى ھىدايىتۇللا خان پاشانىڭ كۈلۈپ تۇرغان سىماسى ئەمەس، يەنە شۇ يىلان ئىزىدەك ئەگرى - بۈگرى كاتاڭ يول سوزۇلۇپ ياتاتتى. يىراقتا بىر كۆجۈم مەھەللىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ بېشىنى بۇراپ ئوغلى شىر ئېلىخانغا قاراپ قويدى. شىرئېلىخانمۇ خىيالچان ئولتۇراتتى. ئۇمۇ باياتىن بېرى ئاتىسىغا ئوخشاشلا ئۆز خىيالىنى سۈرۈپ كەلگەنىدى. ئۇ ئىبنى سىنا، لوقمان ھەكىم يەنە شۇلارغا ئوخشىغان ئالىلىقاندىق شىپاكەرلەرنىڭ سىماسىنى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇلارغا خىيالەن ھەۋەس قىلاتتى. مەدرىسىدە

ئەمدى تەرىقۇلئىسلاج①، تېببىـــي ئەكبەر②، قارابادىن قادىرى③، دەستۇرىلئىسلاج④ دېگەن كىتابلارنى ئوقۇشنى كۆڭلىگە پۈكەتتى. ئۇ بۇ كىتابلارنى پىششىق ئۆگەنسە ئۆزىنىڭمۇ بىـــر ئۇستا شىـــپاگەر بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ بىر ئۇستا شىپاگەر بولالىسا ئانىسىغا ئوخشاش ساقسىز بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلار، ئاتىسىغا ئوخشاش كېسەل چىراي، زەئىپلەر، مۇدەررىس ئاخۇنۇمغا ئوخشاش قاقشالدەك ئورۇق بەدەنلەر، يەنە ئاللىقانداق نىمجانلار، مەجرۇھلار، ئاغرىق ئازابىدا ئىڭراپ يېتىۋاتقانلار، سەكراتتا جان تالىشىۋاتقانلار ئۇنىڭ قولىدا شىپاھ تاپاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ساۋاب تاپاتتى.

— يېقىنــدىن بېرى مەدرىـــسىدىكى ئوقۇشىـــڭىز قانداقـــراق، بالام؟ — دەپ سورىدى ئىمىن بەگ هاجى ئوغلىغا نەزەر سېلىۋېتىپ.

— يامان ئەمەس، ئاتا، — دېدى شىر ئېلىخان خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، — ئىنشائاللا، زەن قويۇپ ئۆگىنىۋاتىمەن.

— مەدرىسە تەرەپلەرگە ئالدىمنى قىلالمىغىنىمىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. ئۇ يەرنىڭ هالى - كۈنى قانداقراق؟

— قەدىر ئەھۋال ئاتا، — دېدى شىرئېلىخان، — بولسىغۇ ئازراق خانەندىلىكنىڭ⑤ غېمىنى قىلىپ، تەسەررۇپ⑥ قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز تېخىمۇ كۆپ ساۋابقا نائىل بولاتتىڭىز. مەدرىسىدىكـى نامرات، پېقىر باللارغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ.

— بولىدۇ بالام، — ئىمىن بەگ هاجى دەررۇ بېشىنـــى لىڭشىتتى، — لەۋزىڭىزنى يەردە قويمايمەن. مەنمۇ بىرەر ساۋابلىق ئىش قىلىشنى خىيال قىلغانىدىم. خان بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى چوقۇم رويابقا چىقىرىمەن. يۇرت كاتتىلىرىنى، بايلارنى مەدرىسىگە تەسەررۇپ قىلدۇرىمەن.

— تىلىكىمنى ئىلىك ئالغىنىڭىزغا مىڭ مەرتىۋە رەهمەت ئاتا، — دېدى شىرئېلىخان ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ.

— سىز چولڭ بولغاندا مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ، چىرىغىمنى ياندۇرۇپ بەگ بولىدىغان ئادەم، — دېدى ئىمىن بەگ هاجـــى

---

① تەرىقۇلئىسلاج — ئىككى توملۇق تېببىي قاموس. ② ③ ④ تىبابەت كىتابلىرى.
⑤ خانەندىلىك — ئوقۇش ياردەم پۇلى. ⑥ تەسەررۇپ — ئىئانە قىلىش.

بىر دەملىك خىيالدىن كېيىن يىراقلارغا نەزەر سېلىنۋېتىپ، — شۇڭا ھەدىس پىقھىنى[1] كۆپرەك ئۆگەنمىكىڭىز لازىمدۇر.

— چوڭ بولغاندا بەگ بولىمەن؟ — دېدى شىرئېلىخان تەئەججۈپ بىلەن.

— ھەئە، بەگ بولۇپ يۇرت سورايسىز، — دېدى ئىمىن بەگ ھاجى تەبەسسۇم قىلىپ.

— مېنىڭ چوڭ بولغاندا ھەكىم بولغۇم بار، — دېدى شىرئېلىخان كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ، — ھەكىم بولغان ئادەم تېخىمۇ كۆپ ساۋابلىق ئىش قىلالايدىكەن.

— ئۇنداق قۇرۇق خام خىيالنى قىلغۇچى بولماڭ! — دېدى ئىمىن بەگ ھاجىم دەررۇ شىرئېلىخانغا قاراپ، — سىز تېخى كىچىك. ئاق - قارىنى تازا پەرق ئېتەلمەيسىز. ھەكىم بولغان ئادەم قان - يىرىڭغا مىلىنىپ، سەكسەن خالتىنىڭ ئارىسىدا كۈن ئۆتكۈزىدىغان گەپ. قانچىلىك پاراغىتى بولسۇن ئۇ ئىشنىڭ؟ ماڭا ئوخشاش بەگ بولسىڭىز زىنھار مۇشەققەت يۈزى كۆرمەي جەننەتتە ياشىغاندەك ياشايسىز. بەگ بولغان ئادەمنىڭ توپىسى ئالتۇن، كۆلى كۈمۈش. كېيىمنىڭ مەنىسىنى چوڭ بولغاندا چۈشىنىپ قالىسىز ...

ئىمىن بەگ ھاجى ھەكىم بىلەن بەگنىڭ پەرقىنى، پايدا - زىيىنىنى سېلىشتۇرۇپ يەنە ئۇزۇن - ئۇزۇندىن سۆزلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ گەپلىرى شىرئېلىخاننىڭ قۇلىقىغا تازا ياقمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاتىسىنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك ھالەتتە يەنە ئۆز خىيالىنى سۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

## 4

بىر نەچچە يۇرت، شەھەر، ئايماق بەگلىكى ئەمىر بەگ مەھكىمىسىگە قارايتتى. ئەمىر بەگ مەھكىمىسى بىر زامانلاردا سېلىنغان سېپىل ئىچىدە ئىدى. سېپىل ئىچىدىن تۆت تەرەپكە سوزۇلغان يوللار يۇرت - يۇرتلارغا تۇتىشاتتى. ئاشۇ يوللاردىن ھەر كۈنى كەلكۈندەك ئېقىپ كېلىدىغان ئادەملەر بىلەن سېپىل ئىچىدىكى بازار تېخىمۇ قىزىپ كېتەتتى. رەستە - رەستىلەردە ئادەملەر

[1] پىقھىنى — ئىسلام قانۇنلىرىغا دائىر بىلىملەر.

مىغىلدايتتى. كارۋانلار تېگىىق - تېگىىق يۈك ئارتقان كولدۈرمىلىق تۆگە سېپىنى يېتىلىگىنىچە يول ئېچىپ كېلەتتى. ئاتلىقلار چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ بولالماي ئاۋارە بولاتتى. ئوتتۇنچى ئوتۇن ئارتقان ھۆرۈن ئېشىكىنى ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتكۈزەلمەي تىتىلدايتتى. ئىسلىشىپ كەتكەن چەللە ئاستىدىكى ناۋاي گۆشگىردىسىنى ماختاپ ۋارقىرايتتى. ئاياغ ئاستىدا قالغان قېتىقچى ئايال چىرقىرايتتى. ئاشۇ قىستا - قىستاڭچىلىقتا تاۋار - دۇردۇن، خام - ئەستەرنىڭمۇ، دوپپا - تۇماق، مەسە - كالاچنىڭمۇ، دورا - دەرمەكنىڭمۇ، كالا - قوينىڭمۇ، كەتمەن - تاغارنىڭمۇ، ئىگەر - قامچىنىڭمۇ، قاپاق - نوگاينىڭمۇ، ئاياق - قوشۇقنىڭمۇ، پولۇق - سېۋەتنىڭمۇ، بورا - قومۇچنىڭمۇ، ئەيتاۋۇر توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممىسىنىڭ سودىسى بولاتتى. كۆمۈش تەڭگە، مىس داچەنلەر ئۇ قولدىن بۇ قولغا ئۆتەتتى. بىرسى كۈلۈۋاتسا، بىرسى يىغلامسىرايتتى. بىرسى ماچىلدىتىپ چايناۋاتسا، بىرسى غورتۇلدىتىپ تۈكۈرۈكىنى يۇتاتتى. باشلىرىغا يېشىل سەللە يۆگەپ، دەررە، قامچا سىقىمدىشقانلار رەستىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار كىملەرنىدۇر ساۋىدىسا، كىملەرنىدۇر ۋارقىراپ - جارقىراپ تىللايتتى.

ئىمىن بەگ ھاجى بىلەن شىر ئېلىخان دورغا - چاپارمەنلىرىنىڭ ئاتلارنى يېتىلەپ، يول ئېچىپ مېڭىشى بىلەن قايناق رەستىلەرنى ئارىلاپ كەلمەكتە ئىدى. شىر ئېلىخان ئەتراپقا نەزەر سېلىۋېتىپ نېمىگىدۇر شادلانسا، يەنە نېمىگىدۇر خورسىناتتى. ئۇلار بىر نەچچە دوقمۇشتىن ئەگىپ ئۆتۈپ بىر ئازادە كوچىدىكى ئەمىر بەگ مەھكىمىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاشتى. دەرۋازا ئالدىدا يۇرت - يۇرتلاردىن كەلگەن بىر - بىرىدىن سالاپەتلىك بەگ، قازى، ئۆلىما - ئىشان، باي، ھاجىلار سانجاق - سانجاق بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يۈزلىرىگە چۈمبەل تارتقان، ئۇن بارمىقىغا ئۇن ئۈزۈك، بىلەكلىرىگە قوشلاپ ئالتۇن بىلەزۈك تاقىۋالغان ئېسىلزادە خېنىملارمۇ، بەگزادىلەرمۇ، ئات - قېچىرلارنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇشقان دورغا، چاپارمەن، خىزمەتكارلارمۇ بار ئىدى. دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيىپ، قىلىچ - قالقان تۇتۇپ تۇرۇشقان بىر نەچچە چېرىك دەرۋازىنى توسۇپ تۇراتتى. ئۇلار تولىمۇ سوغ تەلەت، سۈر -

ھەيۋىلىك كۆرۈنەتتى.
ئىمىن بەگ ھاجى ھارۋىدىن چۈشۈپ تونۇش - بىلىشلەر بىلەن سالاملاشتى، ھال - ئەھۋال سوراشتى. ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەنلەردىن ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ ئالدىنقى كۈنى يەكەندىن كەلگەنلىكىنى، ھازىر ئەمىر بەگ مەھكىمىسىدە ئىكەنلىكىنى، سوۋغا- سالاملارنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن چاقىرىلغانلار بىلەن كۆرۈشۈپ چاي بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدى. دېگەندەك دەرۋازا ئالدىدا كىملەرنىڭدۇر ئىسىم - شەرىپى، سوۋغا سالىمىنىڭ تۈرى، سانى، مىقدارى رويخەتكە ئېلىنىۋاتقان ئىدى. رويخەتكە ئېلىنىپ بولغان سوۋغا- سالاملارنى دۇبۇلغا - ساۋۇتلۇق چېرىكلەر دەرۋازىدىن ئەكىرىپ كېتىۋاتقان ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ئىمىن بەگ ھاجىمۇ، شىر ئېلىخانمۇ كۆڭلىدە: سوۋغا - سالامنى ئاۋۋال خاننىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈپ ئاندىن كۆرۈشىدىغان گەپكەن-دە، خان رويخەتنى كۆرۈپ بولۇپ ئاندىن چايغا تەكلىپ قىلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاشتى.. بۇ ئىش ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ كۆڭلىنى سەل يېرىم قىلىپ قويدى.
— ھەي، ھەممىمىز ئۆزىمىز ئەپكەلگەن سوۋغا - سالامنى ئۆز قولىمىز بىلەن خاننىڭ ئالدىدا قويساق ئوبدان بولماسمىدى، — دېدى ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغان بىرى خورسىنىپ.
— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىلا، — دېدى ئىمىن بەگ ھاجى دەررۇ، — شۇنداق قىلغان بولساق تېخىمۇ ئۆز تۇراتتى ئەمەسمۇ.
— مەيلى ئەمدى، — دېدى ئۇ كىشى بېشىنى لىڭشىتىپ، — رويخەتكە ئېلىنغىنىمۇ بىر ھېسابتا بوپتۇ. خان كىمنىڭ جىق، كىمنىڭ ئاز بىر نەرسە ئەكەلگىنىنى رويخەتتىن تېخىمۇ ئوبدان پەرق ئېتىۋالىدۇ.
سوۋغا - سالاملارنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ تاپشۇرۇپ بېرىش ئىشى خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. ئىمىن بەگ ھاجىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ساندۇقلىرىنى دورغا، چاپارمەنلىرىگە كۆتەرتىپ، دەرۋازا ئالدىغا يېقىن ئاپاردى. ئۆز ئىسمىنى، ساندۇقلاردىكى سوۋغا - سالاملارنى بىر - بىرلەپ رويخەتكە ئالدۇردى. بۇ ئىشلارمۇ تۈگەپ ئەتراپتىكىلەرنىڭ تاقىتى - تاق بولۇپ تۇرغاندا دەرۋازا ئۇلۇغ ئېچىلىپ كەلگەنلەرگە كىرىشكە ئىجازەت بېرىلدى. شۇ ھامان ھەممە ئۇپۇر -

توپۇر بولۇشۇپ دەرۋازىدىن قىستىلىپ كىرىشتى. دەرۋازىنىڭ ئىچى خېلى ئازادە، كەڭرى بىر سەينا ئىدى. كىرگەنلەر قايان مېڭىشنى بىلەلمەي سەينادىلا توپلىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇڭلار! — دېدى توپنىڭ ئالدىدا بىرى ئۈنلۈك قىلىپ، — ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشماي ھەممىڭلار ئولتۇرۇڭلار! خان ئالىيلىرى ھازىرلا ئالدىڭلارغا چىقماقچى.

شۇ گەپ بىلەن ھەممە تۇرغان يېرىدىلا ئولتۇرۇشتى. بىر - بىرىدىن ئېسىل تاۋار، دۇردۇن، مەخمەل، شايى تونلارنىڭ پەشلىرى توپىغا مىلەندى. شىرئېلىخان ئىمىن بەگ ھاجىغا سوڭدىشىپلا ئۇنىڭ بىر يېنىدا ئولتۇردى. ھەممىنىڭ كۆز ئالدىدا ئەمىر بەگ مەھكىمىسىنىڭ پېشايۋانلىق، دىرەۋزۇن دېرىزىلىك كاتتا سارىيى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. سارايىنىڭ تۆت ئەتراپىدا، ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدى- كەينىدە دۇبۇلغا - ساۋۇتلۇق، قىلىچ - قالقانلىق چېرىكلەر سۇر- ھەيۋە بىلەن ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئولتۇرغانلار تەئەججۇپ بىلەن ئەتراپقا قارىشاتتى. ئۆزلىرىنىڭ توپىدا ئولتۇرۇپ، قەدىر - قىممىتى، ئىززەت - ئابرۇيىنىڭ توپا بىلەن تەڭ بولۇپ قالغىنىغا ئەپسۇسلانغاندەك خورسىنىپ قويۇشاتتى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىچە خاننىڭ چېيىغا داخىل بولغىلى كەلگەن مېھمان دېگەن گىلەم، كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرسا، ئالدىغا نازۇ - نېمەتلەر بىلەن تولغان داستىخان سېلىنسا بولاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ تاپ بىر پارچە يىرتىق كىگىزنىڭ، بىر نوگاي سوغۇق سۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئارىدىن كىملەردۇر: «شۇنچە چوڭ ئەمىر بەگ مەھكىمىسى بىر نەچچە پارچە كىگىز، بورا بولسىمۇ تاپالمىغانمىدۇ، مۇنداق ئىشتى دېگەن بولسا ئۆزىمىز ئالغاچ كېلەتتۇق ئەمەسمۇ» دەپ پىچىرلىشاتتى. ئىمىن بەگ ھاجى: «باشقا يەرگە داستىخان راسلىغان ئوخشايدۇ، خان ئۆزى ئالدىمىزغا چىقىپ شۇ يەرگە باشلايدىغان چېغى» دەپ ئويلىدى.

ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزى تۆت بولۇپ تۇرغاندا ئەمىر بەگ مەھكىمىسىنىڭ سارايي ئىشىكى ئېچىلدى. ئىشىكتىن ھىدايىتۇللاخان قولىنى ئارقىسىغا تۇتقىنىچە چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنى دۇبۇلغا - ساۋۇتلۇق، قىلىچ - قالقانلىق بىر نەچچە چېرىك ئارىغا ئېلىپ قوغداپ كەلمەكتە ئىدى. بۇنى كۆرۈپ، ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرەكلىرى

خۇشاللىق، ھاياجان، ئەيمىنىش، تەپ تارتىش تۇيغۇلىرى بىلەن دۇپۇلدەپلا كېتىشتى. ھىدايىتۇللاخان پېشايۋان ئاستىغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىگە كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاۋام پۇقرالىرىم، — دېگىنىچە قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئولتۇرغانلارغا سالام قىلدى.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى شۇئان گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ:

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام خان پاشايىمىز، — دېيىشكىنىچە قوش قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بەللىرىنى يادەك ئېگىشىپ سالام قىلىشتى. ئارقىدىن يەنە ھەممە تەڭ گۈررىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يەرگە باش ئۇرۇشتى. شۇئان يىغا - زار، ماختاش، تەرىپلەش ئۈنلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. ھەممە ئاغزىغا كەلگىنىنى دېمەكتە، بىلگىنىنى قىلماقتا ئىدى. كىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرىپ بولمايتتى. شىر ئېلىخانمۇ ئاتىسىغا ئەگىشىپ يەرگە باش ئۇردى. ئاتىسى بېشىنى كۆتۈرسە ئۇمۇ كۆتۈردى. يەنە باش ئۇرسا يەنە باش ئۇردى. ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ خاننىڭ پۇتىغا سۆيۈش، پېشىنى، قوللىرىنى تۇتۇپ يۈز - كۆزلىرىگە سۈرتمۇۋېلىش ئويى بار ئىدى. لېكىن، ئارىدىن ھېچكىم خاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنداق قىلمىغاچقا، ئۇمۇ ئۇنداق قىلمىدى. ھېچكىم قىلمىغان ئىشنى ئۇ قىلسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ يەرگە باش ئۇرۇۋاتقاچ ئۆزى ئويلاپ قويغان گەپلەرنى تەكرارلاشقا باشلىدى:

زامان زامانى، ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ زامانى ... يەتتە ئىقلىمنىڭ سۇلتانى ... شانۇ - شەۋكەتلىك، كەرەملىك شاھىم ... سىلىگە نۇسرەت يار بولغاي ... ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، تەنلىرى ساق بولغاي ...

ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ بۇ گەپلىرىنى شىر ئېلىخانلا ئاڭلىغانىدى. خان تۇگۇل ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئادەملەر ئاڭلىدىمۇ - يوق؟ بىلىپ بولمايتتى. شىر ئېلىخان ئاتىسى باش ئۇرسا، باش ئۇردى، باش كۆتۈرسە باش كۆتۈردى. لېكىن، ئۇ ئاتىسىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ گېپىنى تەكرارلىمىدى. ئۇ بۇنداق گەپلەرگە ئاغزىنىڭ ھېچ كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە يوق گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىدىغان ئادىتى يوق ئىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە

كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ بىر يېنىدىكى بېشىغا سېۋەتتەك سەللە يۆگىگەن، ئاپئاق ساقاللىق بىرى يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، بۇرنىدىن پوتلىسىنى ساڭگىلاتقىنىچە قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلماقتا، ئۆز تىلەكلىرىنى تىلىمەكتە ئىدى:

— سىلى ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ شاھىم ... ھەقتەئالانىڭ يېقىن دوستى، ئاجىز يېتىم - يېسىرلارنىڭ پاناھى ... ئاجىز قۇللىرى سىلىدىن شەپقەت، ئىنايەت تىلەيمەن، خىزمەتلىرىدە بولماقنى ئىستەيمەن ... ئاھ خۇدا، مۇراد - مەقسىتىمگە يەتكۈزگەيسەن ...تىلىگەن تىلەكلىرىمنى مەقبۇل قىلغايسەن ...

— بولدى ئىجازەت، — دېدى ھىدايىتۇللا خان قول ئىشارىسى قىلىپ، — ھەممىڭلارنىڭ ئەقىدە - ئىخلاسىڭلار ماڭا تەگدى، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار!

باش ئۇرۇۋاتقانلار بېشىنى كۆتۈرۈپ، دۇئا قىلىۋاتقانلار ساقىلىنى سىيپىشىپ، يىغا - زار قىلىشىۋاتقانلار يىغىسىنى توختىتىشىپ جىم بولۇشتى. ھەممىنىڭ نەزەر كۆزى خاننىڭ ئاغزىغا تىكىلىشكەنىدى. شىرئېلىخانمۇ بويىنىنى سوزغىنىچە خانغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

ھىدايىتۇللاخان ئوتتۇرا بوي، چاسا يۈز، چار ساقال ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ دىقماق تۇرقىدىن بەقۇۋۋەت، ساغلام، تېمەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ شاھانە تون، سەللە، قورسىقىنى چىڭ سىقىپ تۇرغان ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن بەلۋاغلىرى بىلەن تولىمۇ جەلبكار كۆرۈنەتتى. لېكىن بىر جۈپ دۈگىلەك كۆزلىرىدە بولسا بۆركۈتنىڭ كۆزىدىكى قەتئىيلىك، تۈلكىنىڭ كۆزىدىكى مەككارلىق، بۆرىنىڭ كۆزىدىكى شۇملۇق، يولۋاسنىڭ كۆزىدىكى يىرتقۇچلۇق ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە ھۆرمەت، ئىخلاس، ئەقىدە، ساداقەت بىلدۈرۈۋاتقان كىشىلەرگە سۆيۈنۈش بىلەن بىر قۇر قاراپ قويغاندىن كېيىن ئالتۇن كۇرسىغا كېلىپ ئولتۇردى. شۇئان مەھرەم يىگىت، يۈزلىرىگە چۈمبەل تارتقان كېنىزەك قىزلار ئۇنىڭ بېشىغا سايىلىق تۇتۇپ، توز پېيىدا ياسالغان يەلپۈگۈچلەرنى يەڭگىل پۇلاڭلىتىپ چىۋىن قورۇشقا باشلىدى.

— ئى ساداقەتمەن پۇقرالىرىم، — دېدى ئۇ گېلىنى قىرىپ، كەمىنە ئاللاتائالانىڭ ۋەھىيسى، رەسۇلۇللانىڭ ھىممىتى، ئاۋام

پۇقرانىڭ نىداسى بىلەن زالىم شاھ - ۋەزىرلەرنى يۇرتتىن قوغلاپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ھەر قايسىلىرى بەيئەت، ئىقتىدارلىرىنى مەنسۇپ ئېتىپ كەلدىلە. ھەر قايسىلىرى ئەل - يۇرت، ئاۋام پۇقرانىڭ بېشى. ئەل - يۇرتنى ئەمىن تاپقۇزۇپ، خاندانىمىزنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى ئاشۇرۇشتا ھىممەت، ئەجىرلىرى چەكسىزدۇر. كۆپ دىدار - مۇلاقەت بولالمىدۇق. شۇ ۋەجىدىن ھەر قايسىلىرىغا ئۆز قولۇم بىلەن چاي قۇيماقنى، ھەمداستىخان بولماقنى ئىرادە قىلىپ ئالايىتەن كېلىشىم.

— خان خاقانىمىز، كەرەملىك پاشايىمىزنىڭ ھىممىتىگە مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر، — دېيىشتى شۇ ئان ھەممە بىردەك.

— لېكىن، — دېدى خان گېپىنى ئۇلاپ، — چاي قۇيۇپ ھەمداستىخان بولۇشتىن ئىلگىرى ھەر قايسىلىرى بىلەن بىر ئىشنى كېڭىشىپ دىلنى، تىلنى بىر قىلماق لازىمدۇر.

— سىلى ئاتا، بىز بالا، — دېيىشتى يەنە ھەممە بىردەك، — قۇلىقىمىز سىلىدە.

— ھەببەللى، — دېدى خان تۇلكىدەك ھىجىيىپ، — ھەممىمىز ئەھلى مۇسۇلمان، شەرىئەتتە بالا ئاتىنىڭ، ئاۋام - پۇقرا پادىشاھنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپتۇر. لېكىن، ھەر قايسىلىرى بۇنىڭغا چىن ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلالمىدىلا.

— ئالدىلىرىدا بىلىپ - بىلمەي گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالغان يېرىمىز بولسا ئەپۇ قىلغايلا خان پاشايىمىز، — دېدى ئارىدىن بىر نەچچە كىشى سۆز قېتىپ، — بەندىنىڭ شەيتىنى يامان، سەۋەنلىكتىن خالىي بولمىقى تەس، بىلمىدۇق، بىزدىن قانداق سەۋەنلىك ئۆتۈلدىكىن؟

— بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىشمىسىلا! — دېدى خان دەررۇ، — يېقىندا بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەش پەرمانى چۈشۈرگەنىدىم. بۇ پەرمانىم ھەممە يۇرتقا يۇردى. مۇشۇ يۇرتقا كەلگەندە يۇرمەي قالدى. بۇ ھەر قايسىلىرىدىن ئۆتۈلگەن سەۋەنلىك ئەمەسمۇ؟

خاننىڭ كۆزى سوئال نەزەرىدە ئولتۇرغانلارغا تىكىلدى.

— زۇۋانىڭلارنى ئېچىڭلار، بۇ سەھۋەنلىك ئەمەسمۇ؟

خان كۆزلىرىنى قىيا تاشتا ئولتۇرغان بۈركۈتنىڭ كۆزىدەك قەھرلىك ئالايتىشقا باشلىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ بېشى چۈشۈپ

كەتكەنىدى. ھەممە ئىچىگە تىنىشاتتى. ھەممە بۇركۇتنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقان توشقاندەك باشلىرىنى دالدىغا ئېلىشاتتى، كۆزلىرىنى ئېلىپقېچىشاتتى.

يېقىندا بۇ يۇرتتا راستىنلا بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەش گېپى پەيدا بولغانىدى. بۇ گەپنى ئەمىر بەگ مەھكىمىسى ھەر قايسى يۇرت، شەھەر، ئايماق بەگلىرىگە يەتكۈزگەنىدى. ھەممە بازارغا جاكارچى ئەۋەتىپ جاكارلانغان ئىدى. شۇ چاغدا بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار ھەيرانۇ ھەس بولۇشۇپ ياقىلىرىنى تۇتۇشقان، قوللىرىنى چىشلەشكەنىدى. بۇ گەپنى چوڭمۇ - كىچىكمۇ، ئەرمۇ - ئايالمۇ، بايمۇ - نامراتمۇ پەقەت توغرا تاپمىغان، توغرا تاپمىغاچقا ھېچكىممۇ بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلىمىگەنىدى. بۇ گەپ كىمنىڭ ئاغزىدىن قەيەردە چىققان بولسا شۇ يەردە قالغانىدى. ئەل ئىچىدە ھېچكىم توغرا تاپمىغان ئىشنى قىلماق شۇنداق تەس ئىدى. شۇنداق تەس ئىشنى قىلىشقا ھېچكىمنىڭمۇ ئامالى يوق ئىدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مانا ئەمدى شۇ ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىشتى. شۇ ئىشنىڭ سورىقى مانا ئەمدى بولۇۋاتاتتى.

— بىر ئۆيگە باش بولغان ئادەم بىر ئۆينىڭ غېمىنى يېمەك لازىم، دېدى خان ئاچچىقىنى سەل بېسىۋېلىپ، — شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئەلگە باش بولغان ئادەم شۇ ئەلنىڭ غېمىنى يېمەك لازىم. بىر پۇل ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەنسە ئەللىك تەڭگىگە يارىغان بىر ئات يۈز تەڭگىگە يارىدى دېگەن گەپ. مىڭ تەڭگىسى بار ئادەمنىڭ ئىككى مىڭ تەڭگىسى بار دېگەن گەپ. ئاۋام پۇقرانىڭ پۇلى كۆپىيىپ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسە نېمىسى يامان؟ بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلىگەننىڭ نېمە زىيىنى بار؟

«زىيىنى بار، — دەپ ئويلىدى شىرئېلىخان بۇ توغرىدا چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى دەررۇ ئېسىگە ئېلىپ، — بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلىسە ئېغىزدا كۆپەيگەن بىلەن يانچۇقتا كۆپىيەمتى؟ بۇ ئونبەش شاپتۇل ئوتتۇز قاق، دېگەندەك گەپ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئاۋام پۇقرانى، بۈگۈنى بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلە دەپ، ئەتىسى بىر پۇللۇق ئالۋان - سېلىقنىڭ ئورنىغا ئىككى پۇل بەر، دېگىلى قۇرغان قىسماقتىن باشقا گەپ ئەمەس».

— زۇۋانىڭلارنى ئېچىڭلار، بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا

خەجلىگەننىڭ زادى نېمە زىيىنى بار؟ — دەپ تەئەددى بىلەن سورىدى خان.

بۇنىڭ زىيىنىنى ھەممە كۆڭۈللىرىدە ئويلاپ ئولتۇراتتى. لېكىن، خاننىڭ ئالدىدا ئېغىزىدىن چىقىرىشقا ھېچكىمنىڭ تىلى بارمايتتى.

كۆن بارغانچە تىكلىنىپ يەر جاھان تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ چېكىلىرىدىن، بويۇنلىرىدىن شورقىراپ تەر قۇيۇلاتتى. سايىۋەن ئاستىدا ئولتۇرغان خاننىڭ ئۆزىمۇ ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن بىر چۆچەك دۇغاپنى غورتۇلدىتىپ پاكپاكىز ئىچىۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئولتۇرغانلار قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ، تۇكۈرۈكىنى يۇتۇپ قويۇشتى.

— قورساقلىرىڭلارمۇ ئاچقاندۇ؟ — دېدى خان ئولتۇرغانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، — ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرماي زۇۋانىڭلارنى ئاچمامسىلەر؟ بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەمسىلەر - يوق؟

ئولتۇرغانلاردىن ھېچبىر ئۈن چىقمىدى. ۋاقىت يەنە ئۆتمەكتە ئىدى. ئولتۇرغانلاردىن يەنە ئۈن چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار قورساقلىرى ئاچسىمۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلىرى قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتسىمۇ چىدايدىغاندەك، ھەممىگە چىداپ ھېچبىر ئۈن چىقارمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئاراڭلاردىن كىم بۇ ئىشنى قىلىمەن دېسە شۇنىڭ مەنسىپىنى ئۆستۈرىمەن.

يەنە ئۈن چىقمىدى. ئارىدىن بىرەرىنىڭمۇ مەنسىپىنى ئۆستۈرگۈسى باردەك كۆرۈنمەيتتى. چۈنكى ئاۋام پۇقرا خالىمىغان ئىشنى قىلدۇرماقنىڭ بەكمۇ تەسلىكى ھەممىنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. مەن قىلىمەن دەپ قىلالايدىغانلىقىغا ھېچكىمنىڭمۇ كۆزى يەتمەيتتى، تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولمايتتى. بۇ ئولتۇرغانلار توگول كوچىدىكى ساراڭمۇ، دېۋەڭمۇ، دەلدۈشمۇ، كىچىك بالىمۇ بىلىدىغان بىر ھەقىقەت ئىدى. ئولتۇرغانلار مەنسىپى ئۆسمىسىمۇ بۇ ھەقىقەتنى ياقلاشقا رازىدەك، «كاللىنىمۇ يېمەي، چىشنىمۇ چاقماي» دەپ ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— مۇبادا بۇ ئىشنى قىلمىساڭلار ھەممىڭلارنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن!

يەنە ئۇن چىقمىدى. ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. ئولتۇرغانلار بىشىنىڭ ئىبلىنىشىدىنمۇ قورقۇپ قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پىچاقتىن قورقمىغان قىرى كالىدەك باشلىرىنى سىلىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

خان بولسا قىرى كالىدىنمۇ ئۆتە پۇشۇلداپ تىنماقتا ئىدى. ئۇ ئىچىرقاپ كەتكەن بۆرىگە ئوخشاش ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۇدەك ھالغا يەتكەنىدى. ھىلى قوللىرىنى چاينايتتى، ھىلى لەۋلىرىنى چىشلەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن راستىنلا بۆرىنىڭ كۆزلىرىگە خاس شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئالدىدا ئولتۇرغان ئاشۇ بىر توپ ئادەمگە ئەمدى بۆرىدەك بىر ھايۋاننىڭ كۆزىدە ئەمەس، ئادەمنىڭ كۆزىدە نەزەر سېلىشقا باشلىدى.

ئۇ بۇ ئادەملەرنى ھىچ چۈشىنەلمەيۋاتاتتى. بۇ ئادەملەر بىر قارىسا تولىمۇ ساددا، رايىش كۆرۈنەتتى. بىر قارىسا تولىمۇ جاھىل، تەرسا، بىر قارىسا باغرى پاختىدىن يۇمشاق، بىر قارىسا تاشتىن قاتتىق كۆرۈنەتتى. تېخى ھىلىلا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا باش ئۇرۇشقان، زار - زار يىغلاشقان، ئۆزۈڭدىن ئۆزۈن دۆڭا قىلىپ ئالىي تىلەكلەرنى تىلەشكەن ئادەملەر بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ئۆزگىرىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇلار «سىلى ئاتا، بىز بالا» دەپ باش ئېگىپ، قول باغلاپ تۇرۇشقان ئادەملەرگە ھىچ ئوخشىماي قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزى ھىلىمۇ باش ئېگىپ تۇرۇشقىنى بىلەن كۆڭۈللىرىدە باش ئەگدۈرگىلى بولمايدىغان ئورتاق ئوي - خىيال باردەك، ھەممىسى تىلى بىلەن دىلىنى بىر قىلىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. «قانداق خەقتۇ بۇلار» دەپ ئويلىدى خان كۆڭلىدە. بۇ ئوي بىلەن ئۇنىڭ كۆڭۈل بېتىدە نۇرغۇن سوراق بەلگىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ بۇ بەلگىلەرنىڭ بىرەرىگىمۇ جاۋاب تاپالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتقانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاسانلىقچە تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان كۈچلۈك رەقىبكە دۈچ كەلگەندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ «رەقىبلىرى» چاي قويۇپ، نازۇ نېمەتلىك داستىخان سېلىپ كۆڭلىنى ئالغىلى بولىدىغان، ئالتۇن - كۈمۈشكە، مەنسەپكە سېتىۋالغىلى بولىدىغان، ھەيۋە قىلىپ قورقۇتسا قورقۇپ قالىدىغان ئادەملەردەك كۆرۈنمەيتتى. باشقا يۇرتنىڭ ئادەملىرىگە تازا ئوخشىمايتتى.

— قاراقاشلىقنىڭ چىشى ئوتتۇز ئىككى، ئىشەكتەك جاھىل خەلق دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى خان زەردە بىلەن، — بەرھەق گال ئىشەكتىن ئۆتە جاھىل خەق ئىكەنسىلەر. لېكىن، مېنىڭ ئالدىمدا قانچىلىك جاھىللىق قىلىسىلەركىن، بۈگۈن بىر كۆرۈپ باقاي.

شىر ئېلىخان خاننىڭ ھاقارەتلىرىگە ئاچچىقى كەلگەندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە خاننى تىللاۋاتقىنىنى ياكى باشقا بىر ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرغىنىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇنىڭ چېكىسىدىن، قاڭشىرىدىن، بويۇنلىرىدىن تەر تەپچىرەپ تۇراتتى. لەۋلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ كەتكەنىدى.

— خوتەننىڭ ئەمىر بېگى! — دەپ چاقىردى خان يەنە بىر چۆچەك دۇغاپنى كالىدەك غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ساقال-بۇرۇتىنى سۈرتكىنىچە.

— خوش خان پاشايىم، — دېگىنىچە توپىنىڭ ئالدىدىن بىرى ئۆرە تۇردى.

شۇ ئان ھەممىنىڭ نەزەر كۆزى خوتەننىڭ ئەمىر بېگىگە چۈشتى. ئەمىر بەگ تۆگە بوي، مىس چىراي، بۇقا گەدەن ئادەم ئىدى. شىر ئېلىخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قويغىنىچە «خان ئەمدى ئۇنى نېمە دەركىن؟ قانداق قىلاركىن؟» دېگەنلەرنى ئويلاشقا باشلىدى.

— سىلى خوتەننىڭ ئەمىر بېگى تۇرۇپ خوتەنلىكلەرنى گەپكە كىرگۈزەلمەپلا، بۇ گۇناھلىرى ئۈچۈن سىلى ئۆلۈمگە لايىق، — دېدى خان ئەمىر بەگكە مىختەك قادىلىپ.

— شۇنداق، — دېدى ئەمىر بەگ بېشىنى سالغىنىچە، — گۇناھىمغا ئىقرارمەن.

— خوتەنلىكلەرگە بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەش ئىشىنى قىلدۇرالىسىلا مەن گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىمەن، — دېدى خان، — بۇ ئىشنى قىلدۇرالامىلا؟

— مۇشۇ ئىشتىن باشقا ھەر قانداق ئىش بولسا قىلدۇرالايمەن، خان پاشايىم، — دېدى ئەمىر بەگ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ، — بۇ ئىشنى قىلدۇرۇشقا مەن ئاجىز كەلگۈدەكمەن.

— نېمىشقا؟ — دېگىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى خان.

— بۇ ئىشنى ھېچكىم قوبۇل كۆرمەيدىكەن. ئەل رايىغا

باققاننىڭ يامىنى يوق.

— باشقا يۇرت قوبۇل كۆرسە، بۇ يۇرت نېمىشقا قوبۇل كۆرمەيدىكەن؟

— باشقا يۇرت دېگەن باشقا يۇرت، بۇ يۇرت دېگەن بۇ يۇرت، خان پاشايىم.

— سېنىڭ مەن بىلەن گەپ تالاشقىلى جېنىڭ نەچچە؟ — دەپ سەنلىگىنىچە ئەمىر بەگنىڭ ئالدىغا قوللىرىنى شىلتىپ، چالۋاقاپ كەلدى خان.

ئەمىر بەگنىڭ پۇت - قوللىرى تىترەشكە باشلىدى.

— خا ... ان پاشايىم بىلەن گەپ تالاشقىلى هەددىم ئەمەس، — دېدى ئۇ دۇدۇقلىغىنىچە، — مە ... مەن كۆڭلۈمدە بارنى دېدىم.

— بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەمسەن - خەجلىمەمسەن؟

— خە ... خەجلىيەلمەيمەن، خان پاشايىم.

— نېمىشقا خەجلىيەلمەيسەن؟

— بىر پۇل دېگەن بىر پۇل، ئىككى پۇل دېگەن ئىككى پۇل تۇرسا، بىرنى ئىككى دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ.

— نېمىشقا تىلىڭ بارمايدۇ؟ — تېخىمۇ چالۋاقاشقا باشلىدى خان.

— مەن مۇشۇ يېشىمغىچە بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلىپ باققان بەندە ئەمەسمەن. مېنى يالغان ئېيتىشقا مەجبۇرلىمىسىلا، بىرنى بىر دېگۈلۈك.

— بىرنى ئىككى دەمسەن - دېمەمسەن؟

— بىر ... نى ... بىر دېگۈلۈك.

خاننىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى. بۇنى كۆرۈپ ئەمىر بەگنىڭ پۇت - قولى تېخىمۇ جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى.

— جېنىڭغا تۇرامسەن، مۇشۇ گېپىڭگىمۇ؟ — قەھرلىك ۋارقىرىدى خان.

ئەمىر بەگنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ تىترەپ، يىغلاپ تۇرغىنىچە سۆزلىدى.

— بىرنى ... بىر دېگۈلۈك، — ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئۈزۈلۈپ تىترەپ چىقتى.

— قىزىل تون، — دەپ ۋارقىرىدى خان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ.

قىزىل تون قەتلىئام قىلىشىنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇنى ھەممە بىلەتتى. خاننىڭ «قىزىل تون» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكىلەر بىردىنلا ئۇپۇر - تۇپۇر بولۇشۇپ كەتتى. قاراپ تۇرغان چېرىكلەر قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇشتى. ئەمىر بەگ مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن پېتىشماي چىقىپ كېلىشۋاتقان يەنە بىر توپ چېرىك ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرەكلىرى پوكۇلداپ، كۆزلىرى چەكچىيىشكە باشلىدى. ئەمىر بەگنىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتكەنىدى. خاننىڭ مەھرەم يىگىتلىرى بىر قىزىل تۇننى ئەكېلىپ خاننىڭ ئۇستىگە يېپىپ قويۇشتى. خاننىڭ كۆزىگە ئەمدى ئۇستىدىكى توننىڭ رەڭگىدىنمۇ ئۆتە قىزىللىق تىقىلغانىدى.

— بۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار! — دەپ پەرمان قىلدى خان ئالتۇن كۇرسىغا كېلىپ ئولتۇرغىنىچە.

ئەمىر بەگ شۇ ئان تۇپتىن سۆرەپ چىقىرىلىپ كاللىسى كۆتەككە بېسىلدى-دە، بىر قىلىچ بىلەنلا كۆتەكتىن تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن شىرئېلىخاننىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ كەتتى. ئىمىن بەگ ھاجى «قورقماڭ، بالام» دېگەندەك ئۇنىڭ بېشىنى قولتۇقلاپ، كۆزىنى توسۇۋالدى. ئۇ شۇنداق قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇغلىدىنمۇ ئۆتەپ قورقۇپ پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترىمەكتە ئىدى. ئولتۇرغانلار يىغا - زار قىلىشقىنىچە ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كەتتى. ئاياللار چىرقىراپ، ئەرلەر ۋارقىراپ قاچماقچى بولۇشتى. لېكىن ئۇلارنى سانجاق - سانجاق چېرىكلەر توسۇپ تۇرۇشاتتى. دەرۋازا ئاللىبۇرۇن تاقىۋېتىلگەنىدى. ھېچكىم قاچاي دەپ قاچالمىدى.

— جاھىللىق قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدى خان چىرايىنى سەتلەشتۇرۇپ سوغ ھىجايغىنىچە، — خوتەننىڭ ئەلەم ئاخۇنۇمى!

شۇئان تۇپتىن يەنە بىرى سۆرەپ چىقىرىلىپ، خاننىڭ ئالدىغا ئېپىبېرىلدى. ئۇنىڭمۇ پۇت - قوللىرى كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆچكىدەك جالاقلاپ تىترەشكە باشلىغانىدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن - دېمەمسەن؟ — دەپ ۋارقىراپ سورىدى خان ئۇنىمۇ سەنلەپ.

— مە ... مەن ... مۇشۇ يېشىمغىچە بىر ئېغىز يالغان گە
قىلىپ باققان بەندە ئەمەسمەن، خان پاشايىم، — دېدى ئۇمـ
يىغلامسىرىغىنىچە، — بىرنى بىر دېگۈلۈك.

— چاپ!

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇنىڭمۇ بېشى كۆتەكتىن تاۋۇزدەك
دومىلاپ چۈشتى. يەنە بىرەيلەن سۆرەپ چىقىرىلدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن - دېمەمسەن؟

— بىرنى بىر دېگۈلۈك، — دېدى ئۇمۇ قورققىنىدىن تىترەپ.

— چاپ!

يەنە بىر باش كۆتەكتىن تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشتى. يەنە
بىرەيلەن سۆرەپ چىقىرىلدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن - دېمەمسەن؟

— بىرنى بىر دېگۈلۈك.

— چاپ!

يەنە بىر باش كۆتەكتىن تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشتى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن - دېمەمسەن؟

— بىرنى بىر دېگۈلۈك.

— چاپ!

يەنە بىر باش كۆتەكتىن تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشتى.
بۇژۇلداپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق قانلار ئېقىن سۇدەك يەرگە
يېيىلىشقا باشلىدى. قانغا مىلىنىپ، ياتقۇزۇپ قويۇلغان باشسىز
تەنلەر، ساينىڭ تېشىدەك تەنسىز باشلار، بارغانچە كۆپەيمەكتە ئىدى.
قان ئىچىدىن ئاللىقانداق جۈپ - جۈپ كۆزلەر چەكچىيىپ قاراپ
تۇراتتى. ئۇ كۆزلەر بۇ رەزىللىككە مەڭگۈلۈك نەپرەت بىلەن ئالىيىپ
قاراپ ئەسلا يۇمۇلمايدىغاندەك، قول بىلەنمۇ يۇمدۇرغىلى
بولمايدىغاندەك قېتىپ قېلىشقانىدى. ئۇ كۆزلەر تولىمۇ قەھرلىك،
قورقۇنچلۇق ئىدى. قارىغان ئادەمنى ۋەھىمە باساتتى. خان ئاشۇ
كۆزلەرنى چۈشىدىمۇ كۆرمىگەندەك شۇنچە بەخىرامان كۆرۈنەتتى.
ئۇنىڭغا بىر ئادەمنىڭ جېنى بىر قوينىڭ، بىر توخۇنىڭ، بىر
قۇشقاچنىڭ جېنىچىلىكمۇ بىلىنىگەندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ زەڭگى
چىراي، قارا ساقال جاللاتلىرىمۇ ئىگىسىگە ئوخشاشلا ھەر بىر
كاللىنى چاپقاندا كۆزىنى مىت قىلىپ قويمايتتى. ئالىقىنىغا تۈكۈرۈپ

ئىغىر قىلىچىنى زەرب بىلەن ئۇراتتى. ئۇلار نان يەپ، سۇ ئىچىدىغان ئادەم ئەمەس، بەلكى قان ئىچىپ، ئادەم گۆشى يەپ، يۈرىكى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن بەتبەشىرە مەخلۇقلاردەك كۆرۈنەتتى.

يىغا ـ زار، داد ـ پەرياد چېكىگە يەتكەنىدى. كىملەردۇر ھوشىدىن كېتىپ ئۆزگىلەرنىڭ قۇچىقىدا ياتاتتى. ئىككى قات بىر ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىپ، بېلىنىڭ تۆۋەن قىسمى قانغا مىلىنىپ كەتكەنىدى. شىرئېلىخاننىڭ بىر يېنىدا ئولتۇرغان، بېشىغا سېۋەتتەك سەللە يۆگىگەن ئاق ساقاللىق بوۋاي ئىشتىنىغا سىيىپ سالغىنىنىمۇ تۇيماي جالاقلاپ تىترىگىنىچە دۇرۇد ئوقۇۋاتاتتى. نىھايەت ئۇمۇ سۆرەپ چىقىرىلدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن ـ دېمەمسەن؟

— بىرنى بىر دېگۈلۈك، — دېدى ئۇمۇ شۇنچە قورقۇپ تۇرسىمۇ كۆتەككە باش قويۇۋېتىپ.

— چاپ!

شۇئان بۇ بىچارە بوۋاينىڭ بېشىمۇ كۆتەكتىن تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشتى.

شىرئېلىخان ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ قانغا مىلەنگەن باشلارغا، باشسىز تەنلەرگە قاراپ كۆڭلى ئېلىشقاندەك، بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ نەچچە قېتىم قۇسقۇسى كېلىپ «ھۆ» دېدىيۇ، لېكىن گېلىدىن بىر نەرسە يانمىدى. ئۇ كۆڭلىدە «خاننىڭ چېپىغا داخىل بولۇش» ئۈچۈن كەلگىنىگە مىڭ قېتىملاپ پۇشايمان قىلغانىدى. ئىمىن بەگ ھاجى جالاقلاپ تىترىگىنىچە دۇرۇد ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاغزى دۇرۇتقىمۇ تازا كەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇمۇ كۆڭلىدە ئاغزىدىن سۈت تەمى كەتمىگەن بىر بالىنى بۇنداق يەرگە بىللە ئېپكەلگىنىگە كۆرمىڭ قېتىملاپ پۇشايمان قىلىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك ھالغا يەتكەنىدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن ـ دېمەمسەن؟

— بىرنى بىر دېگۈلۈك.

— چاپ!

يەنە بىر باش كۆتەكتىن دومىلاپ چۈشتى. جالالاتلارنىڭ پۈتۈن ئەزايى قانغا مىلەنگەنىدى. ئۇلارغا ھارغىنلىق يەتكەن، قولىرىدىكى

قىلىچلار گاللىشىپ قالغانىدى. ھېرىپ قالغان جاللات، گاللىشىپ قالغان قىلىچلار ئالماشتۇرۇلدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن - دېمەمسەن؟

— بىرنى بىر دېگۈلۈك.

— چاپ!

يىغا - زار قىلىشىۋاتقانلار:

— غەزەپلىرىگە هاي بەرسىلە خان پاشايىم ... خۇدا ھەققىدە رەھىم قىلسىلا ... — دېيىشكىنىچە يىلىناقتا ئىدى. خان بولسا، بىرنى ئىككى دېگۈزمىگىچە پەيلىدىن يانمىدىغانىدەك، جاللاتلار قىلىچلىرىنى يىغىشتۇرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئارىدىكى سالاپەتلىك مويسىپىتلەر بارغانچە ئازلاپ قالغان، ئىمىن بەگ ھاجى، شىر ئېلىخانلارنىڭ ئەتراپىمۇ خېلىلا شالاڭلاپ كەتكەنىدى.

مەندىن رازى بولۇڭ بالام، — دېدى ئىمىن بەگ ھاجى يىغلامسىرىغىنىچە شىر ئېلىخاننىڭ بېشىنى سىلاۋېتىپ، — ئۆيدىكىلەر، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى مەندىن رازى بولسۇن، مەنمۇ ھەممىڭلاردىن رازى. پېشانەمگە پۈتۈلگەن كۈن مۇشۇ ئوخشايدۇ. پېشانىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي ئامال يوق. مەيلى ياخشى بولاي، مەيلى ئەسكى بولاي، ئۆمرۈمدە بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلىپ باققىنىم ئېسىمدە يوق. سىزگىمۇ شۇنداق پەند - نەسىھەت قىلاتتىم - ئۆمرۈمدە ئېيتىپ باقمىغان يالغان گەپنى بۈگۈن ئېيتىپ نېمە كۈن كۆرەرمەن. مەدرىسىدە ياخشى ئوقۇڭ، مەدرىسىگە ئازراق ساۋابلىق ئىش قىلىپ بەرگۈم بار ئىدى. خۇدا نېسىپ قىلمىغان ئوخشايدۇ. مەدرىسىدىكى مۇدەررىس ئاخۇنۇم، پېقىر باللار گۇناھىمنى ئەپۇ قىلسۇن. چوڭ بولغاندا مەنسەپ كوچىسىغا ھەرگىز كىرىپ قالماڭ. ھەكىم بولغۇڭىز بار ئىدى. ئالدىڭىزنى توسقان ئىكەنمەن. ھەكىم بولسىڭىز مەن رازى بالام، روھىممۇ خۇش بولىدۇ. ھەكىم بولسىڭىز مېنىڭدەك كۈنگە قالمايسىز ...

ئىمىن بەگ ھاجى يەنە ئاللىقانداق ئىشلارنى ۋەسىيەت قىلىۋېتىپ بىردىنلا ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى. شىرئېلىخانمۇ ئۆزىنى ھېس باسالماي ئاتىسىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە تارام - تارام ياش تۆكتى. شۇ تاپ بۇ ئاتا - بالىنىڭ بىر - بىرىدىن ئەسلا ئايرىلغۇسى يوق ئىدى لېكىن، جۇدالىق نۆۋىتى قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى

ئۇلارنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى.
ئىمىن بەگ ھاجى قۇياشنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالاي، دېگەندەك ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئاسمانغا قارىدى. ئاسمان بېتى ئۇنىڭ كۆڭلىدەكلا بۇزۇلغانىدى. ئەتىگەندىن بېرى ھارارەت چېچىپ تۇرغان قۇياش ئەمدى توپا ـ تۇمانغا كۆمۈلگەن تەخسىنىڭ يۈزىدەك بەكمۇ غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يۈزىنى شامال ئارىلاش بۇخسۇۋاتقان چاڭ ـ توزان توسقانىدى. ئۇ خۇددى تاۋۇزدەك دومىلاۋاتقان ئادەم كاللىسىغا، ئېقىن سۇدەك يېيىلىپ ئېقىۋاتقان ئادەم قېنىغا قاراشقا ھېچ تاقەت قىلالماي يۇمۇلۇۋالغان كۆزلەرگە ئوخشايتتى. قىبلە تەرەپتىن قارا بوران قاپساپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ يەنە قايرىلىپ ئارقىسىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا دورغا، چاپارمەنلىرى كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشۈپ، ئېسەدىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇ ئۇلار بىلەنمۇ رازىلىشىۋالدى. قويىدا بار تەڭگىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. شىر ئېلىخاننىڭ قولىنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ ئاللىقانداق ئىشلارنى جېكىلىدى.
— بىرنى ئىككى دەمسەن ـ دېمەمسەن؟
— بىرنى بىر دېگۈلۈك.
— چاپ!
يەنە بىر باش كۆتەكتىن تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشتى.
— نەچچە كاللا چېپىلىپ بولدى؟ — دەپ سورىدى خان بىر دۆۋە تاۋۇزدەك دۆلەنگەن كاللىلارغا، سايىنىڭ تېشىدەك يېتىشقان كاللىسىز جەسەتلەرگە نەزەر سېلىۋېتىپ.
— بىر كەم قىرىق كاللا، — دەپ جاۋاب بەردى. چاتلىرىنى كېرىپ، مەغرۇر تۇرغان مۇز تەلەت جاللات بېشى.
— بىر كەم قىرىق كاللا؟ — دەپ تەكرارلىغىنىچە تۆۋەندىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى خان.
ئىمىن بەگ ھاجى خاننىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماي، دېگەندەك بېشىنى سېلىپ ئارقىسىغا ئازراق يۈرۈشۈپ قويدى. لېكىن، خاننىڭ كۆزى دەل ئۇنىڭغا تىكىلىپ بولغانىدى. ئۇ شۇئان توپتىن سۆرەپ چىقىلدى. سۆرەپ ئېلىپ مېڭىلغاندا ئۇنىڭ پۆت ـ قولى، پۈتۈن ئەزايى قارا بوران سوققان قارانچۇقتەك تىترەپ كەتتى. شىر ئېلىخان ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ئاتىسىنىڭ قوللىرىغا، پەشلىرىگە،

پۈتلىرىغا ئېسىلىپ، سۆرىلىپ تۇرۇۋالغانىدى. كۈچلۈك قوللار ئۇن تارتىپ ئىتتىرىۋەتتى. ئۇنى ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ ئادەملىرى ئارى ئېلىپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ كاللىسى كۆتەككە بېسىلىپ بولدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن - دېمەمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى خان ئىمىن بەگ ھاجى قان ساقىپ تۇرغان كۆتەككە باش قويۇش بىلەن تەڭ تەقدىرگە تەن بەرگەندەك كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ ساقىلىنى دىر دىر تىترىتىپ، چىشلىرىنى كاسىلداتقىنىچە:

— مېنى يالغان گەپ قىلىشقا زورلىمىغان بولسىلا خا... خان پاشايىم، — دېدى ئۆتۈنگەندەك قىلىپ.

— بىرنى ئىككى دەمسەن - دېمەمسەن زادى؟ — دەپ يەنە ۋارقىرىدى خان تېرىككەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ.

— مە... مەيلى ياخشى بولاي، مەيلى يامان بولاي، مۇشۇ يېشىمغىچە بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلىپ باققىنىم يادىمدا يوق، — دېدى ئۇ كۆزىنىمۇ ئاچماي، — بىرنى بىر دېگۈلۈك، خان پاشايىم.

— چاپ!

بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ شىرئېلىخان چىرقىراپ يىغلىغىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ قىلىچنى كۆتۈرۈۋاتقان جاللاتنىڭ قولىغا ئېسىلدى. ئۇنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلاپ تۇرغانلار ئۇنىڭ قانداق بولۇپ ئاجراپ چىقىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قېلىشتى. شىرئېلىخان ھەممىنىڭ كۆزىگە مۆجىزىدەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇ جاللاتنىڭ بىلىكىنى چىشلىگىنىچە بېشىنى كۈچەپ سىلكىشكە، ئۇزىنى ھەريان ئۇرۇشقا باشلىدى. جاللاتنىڭ قولىدىكى قىلىچ داراڭشىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بىر نەچچە چېرىك يۈگۈرۈپ كېلىشكىنىچە شىرئېلىخانغا چاڭ سېلىشتى. شۇ ئان ئولتۇرغانلار ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، ئۆرە تۇرغانلار تەۋرىنىشىپ ئەتراپ پاتپاراق بولۇپ كەتتى.

شىرئېلىخان بىردەمدىلا نورغۇن قوللارنىڭ ئارىسىدا قەپەسكە سولانغان قۇشقا ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا قايرىلغان قوللىرىنى، ئىككى مۈرىسىنى، گەجگىسىنى كۈچلۈك قوللار ئامبۇردەك قىسىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا يۇلقۇنغۇدەك، تېپىچەكلىگۈدەكمۇ ئامال قالمىغانىدى. ئارىدىكى پاتپاراقچىلىقمۇ شۇئان بېسىقتى. شىرئېلىخان بىلىكىنى چىشلىۋالغان جاللات ئاغرىققا

چىدىماي تېخىچە ئىڭرايتتى. ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ كاللىسى كۆتەككە بېسىقلىق پېتى تۇراتتى. ھەممىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن، كۆزلىرى شىر ئېلىخانغا قاراپ قېتىپ قېلىشقانىدى. ھەممىنىڭ چىرايىدا گۈل دېسە گۈل، كۈن دېسە كۈن، ئاي دېسە ئاي دېگۈدەك چىرايلىق بالىكەنغۇ بۇ، خۇدايا تۇۋا، ئادەمنىڭ قورسىقىدىنمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق بالا تۇغۇلىدىكىنا؟ دېگەندەك ھەيرانلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. كىملەردۇر ئەمدى بۇ بالا نېمە كۈن كۆرەر؟ جېنىغا تۇشلۇق بولۇپ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسە بولماسمىدى؟ دېگەندەك خورسىنىپ قويۇشماقتا ئىدى. ئارىدىن يەنە كىملەردۇر:

— «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش قىلدىغۇ بۇ بالا، ھەي ئىست ... ھەي ئىست، — دەپ پىچىرلىشىپ قويۇشتى.

خان قولىنى ئارقىسىغا تۇتقىنىچە شىر ئېلىخاننىڭ ئالدى-كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ چىرايى، تەققى-تۇرقىغا نەزەر سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ ئۆزگىچە، جەلپكار بىر نەرسىنى كۆرۈۋاتقاندەك ھەيرانلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئوغۇل-قىزلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنۇ بالىدەك كېلىشكەن بىرەرى باردەك ئەمەس ئىدى.

— بارىكاللا، — دېدى خان بىر پەستىن كېيىن سوغ ھىجىيىپ، — ئۆزۈڭ چۈمۈلىدەك بولغىنىڭ بىلەن ئاتاڭغا تارتىشىنى بىلىدىكەنسەن، بالا دېگەن شۇنداق بولغۇلۇق. نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئون ئۈچ ياشقا، — دەپ جاۋاب بەردى شىر ئېلىخان تەمكىنلىك بىلەن.

— نېمە ئىش قىلىدىغان بالىسەن؟

— مەدرىسىدە ئوقۇيمەن.

— مەدرىسىدە ئوقۇيمەن-دە؟ — دېدى خان تەكرارلاپ، — شەرىئەتتە نەچچە ئەمەل بار، بىلەمسەن؟

— تۆت ئەمەل بار، خان پاشايىم، — دېدى شىر ئېلىخان يەنە دەررۇ، — پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەپ.

— ھەببەللى، — دېدى خان بېشىنى سىلكىپ، — ياخشى ئوقۇپسەن، پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماق قايسى ئەمەل جۈملىسىگە كىرىدۇ؟

— پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپتۇر.

— خوش، — دېدى خان خېلى سالماقلىشىپ، — سېنىڭ ئاتاڭ بۈنىڭغا ئەمەل قىلماي ئاسىي گۇناھكار بولدى. ئاسىي گۇناھكا ئاتاڭغا تارتىشىپ بېشىڭنىڭ كېتىشىدىن قورقامسەن؟

— قورقىمەن، — دېدى شىرئېلىخان، — ئاتامدىن ئايرىلى قېلىشتىن تېخىمۇ قورقىمەن. مېنىڭ ئاتام ئاسىي گۇناھكار ئەمەس ئۇ راست گەپ قىلدى.

— قورقساڭ بىرنى ئىككى دەپ بەر! — دەپ بىـــــردىنا قوشۇمىسىنى تۈردى خان، — بىرنى ئىككى دەپ بەرسەڭ ئاتا - بال ئىككىڭنىڭ بېشىنى ئامان قويىمەن.

شىرئېلىخان نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتـــــى. قاراپ تۇرۇشقانلار نېمە دەيدىكىن؟ دېگەندەك ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلىـــپ قېلىشقانىدى. ۋاقىت ئۆتمەكتە، قىبلە تەرەپتىن قارا بوران قەدەمۇ قەدەم تۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن - دېمەمسەن؟ تېز بول! — ئالدىرىتىشقا باشلىدى خان.

— دەي، — دېدى شىرئېلىخان ئېغىز ئېچىپ، — مەن دەي، لېكىن سىلى ئاۋۋال بىر گەپكە جاۋاب بەرسىلە، ئاندىن مەن دەي.

— نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى خان توختۇلۇق بىلەن.

— سىلى بىزنى ياراتقان خۇدا، ئاسماندىكــى قۇياش، ئاي، سىلىنى تاپقان دادىلىرى، تۇغقان ئانىلىرى زادى نەچچە بىرمۇ - ئىككىمۇ؟ بۇلارنى ئىككى دەپ بەرسىلە مەنمۇ بىرنى ئىككى دەپ بېرەي، بولمىسا بىر دېگەن بىر، بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېگۈلۈك.

— نېمە؟ ئاغزىڭدىن نېمە چىقتى سېنىڭ؟ ھۇ تېجـــــەل شۇمتەك، جاھىل ئېشەكنىڭ تەخىيى!

خان شۇنداق دەپ ۋارقىرىغىنىچە شىرئېلىخاننىڭ ياقىسىدىن قامالاپ تۇتتى - دە، ئاچچىقىدىن بوغۇلۇپ زەرب بىلەن بىر نەچچ تەستەك سىلىۋەتتى. شىرئېلىخاننىڭ ئاغزى - بۇرنى شۇئان قانغ بويالدى.

خان كۆچلۈك رەقىبىگە دۇچ كەلگەن، رەقىبىنى يېڭەلمەي تاز جىلى بولغان يولۋاستەك پۇشۇلداشقا، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىش

باشلىدى. ئۇنىڭ سەپرايى تازا ئۆرلىگەنىدى. گەپتىدىن شىرئېلىخاننى چايناپ يۇرگۇۋەتسىمۇ ئاچچىقى چىقمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ راستتىنلا يىرتقۇچ يولۋاسنىڭ ئۆزى بولغانىدى. شىرئېلىخاننىڭ يىرتقۇچ يولۋاسنىڭ چاڭگىلىدىكى بىچارە قوزىدىن ھېچ پەرقى قالمىغانىدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن - دېمەمسەن زادى؟ — دېگىنىچە قارا بوراننىڭ گۇركىرىشى بىلەن تەڭ گۇركىرەپ يېقىنلاپ كەلدى خان.

— بىرنى بىر دېگۈلۈك، — دېدى شىرئېلىخان بېشىنى تىك تۇتقىنىچە خانغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ.

— چاپ! — دەپ قەھرلىك ۋارقىرىدى خان قولىنى شىلتىپ، — بۇنداق تېجىمەل، ساقال تاغىقىنىڭ تىرىك قالغىنىدىن ئۆلگىنى ئەۋزەل!

قاراپ تۇرۇشقان كۆزلەر كۈتۈلمىگەن بىر ئىشنى كۆرۈۋاتقاندەك چەكچىيىپلا كېتىشتى. جىيەكلەر جامدەك، چۆچەكتەك كېرىلىپ، قارىچۇقلار چاچراپ چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. ئاشۇ كۆزلەر گۈل دېسە گۈل، كۈن دېسە كۈن، ئاي دېسە ئاي دېگۈدەك چىرايى بار، ھەممىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قورقماي قىلالىغان مۇشۇنداق بىر بالىنىڭ پاجىئەسىنى كۆرۈشنى ھېچ خالىمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەرنىڭمۇ، ئايالنىڭمۇ، چوڭنىڭمۇ، كىچىكنىڭمۇ، بەگنىڭمۇ، چاكارنىڭمۇ، ھەممىنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، مۇشتلىرى تۈگۈلگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا قەدەممۇ قەدەم ئالدىغا سۈرۈلۈپ، قارا بوران بىلەن تەڭ قاپساپ، قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. دەرۋازا سىرتىدىن ۋارقىراپ - جارقىراشلار، قىلىچ - قالقانلارنىڭ تاراڭشىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئارىدىن كىمدۇر بىرى ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى، دەپ پىچىرلىغاندەك قىلىۋىدى، بۇ گەپ شۇ ئانلا ھەممىنىڭ ئاغزىغا كۆچتى. ھەممەيلەن شۇ گەپنى تەكرارلاشقا باشلىدى.

— بالام نارەسىدە ... يالغۇز ئوغۇل ... رەھىم قىلسىلا ... مەن بېشىمغا رازى ...

ئىمىن بەگ ھاجى يىغلامسىرىغىنىچە شۇنداق دەپ ئۆتۈنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى كۆتەك ئاستىدىن - يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ كاللىسىنى تېخىچە كۆتەككە بېسىپ

تۇرغان ئىككى جاللات ئۇنى يۇمىلىتىپ ئىتتىرىۋەتكىنىچە شىر ئېلىخاننى تارتىپ كېلىپ كۆتەككە بېسىشتى. شۇئان بىر جاللات قىلىچىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. قىلىچ كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭ قىستاپ كېلىۋاتقانلار جاللاتقا ئۆزلىرىنى ئاتتى. شۇئان ئەمىر بەگ مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئۆرۈلۈپ، ئەتراپنى بىردىنلا قارا بوران باستى.

5

بوۋامنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە مېنى تېخىمۇ قورقۇنچ بېسىپ، دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كېتەتتى. ئارقامدىن بىرى ماڭا قىلىچ كۆتۈرۈۋاتقاندەك بىلىنىپ دەررۇ بېشىمنى كۆتۈرەتتىم-كۆزۈمگە يەنە پارلاپ تۇرغان ئاي، چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار كۆرۈنەتتى. شىر ئېلىخاننىڭ سىماسى ئاشۇ پارلاپ تۇرغان ئاي، چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك كۆرۈنۈشكە باشلايتتى.

بوۋام ئاللىقاچان سوۋۇپ قالغان چايدىن ئازراق ئوتلاپ قويۇپ ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى يەنە سۆزلەشكە باشلايدىغان. بوۋامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە خوتەنلىكلەر بىلەن ھىدايىتۇللاخاننىڭ ئادەملىرى شۇ چاغدا بىر - بىرىنى قوچاقلىشىپ خېلى ئۇرۇشۇپ كەتكەنمىش. بوراندا كىملەرنىڭ يىقىلىپ، كىملەرنىڭ دەسسىلىپ، كىملەرنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېچ بىلگىلى بولمىغانمىش. شۇ قېتىمقى قارا بوران كېچە يورۇغىچە توختىمىغانمىش. ھىدايىتۇللاخان بىرمۇ خوتەنلىكنى بىرنى ئىككى دېگۈزەلمەي ئاخىر ئۇنىڭغا «چاشقان تۆشۈكى ساراي» بولغانمىش. ئۇ كېچە يورۇپ بوران توختاپ بولغۇچە ئەمىر بەگ مەھكىمىسىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنمىش. شۇ چاغدا ئۇ قېچىپ كەتمىگەن بولسا قىيما - چىيما بولۇپ كېتەركەنمىش. لېكىن، ئۇنى خۇدانىڭ ئۆزى جازالىغانمىش. شۇ كېچىسى بوراندا ئۇنىڭ ئادەملىرى ئېزىقىپ، تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەنمىش. خوتەن بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى سايدا ئۇنىڭ دۇبۇلغا - ساۋۇتلۇق، قىلىچ - قالقانلىق نۇرغۇن ئادەملىرىنىڭ ئۆلۈكى قالغانمىش. ئۇ ئاخىردا ئۆزى تاپىنىنى يالىغان جۇڭغار خاننىڭ قولىدا ئۆلگەنمىش.

شۇ قېتىمقى قارا بوران بەك قاتتىق چىققانمىشكى: يەر يۈزىگ

نەچچە غېرىچ توپا - تۇمان قونغانمىش. ئۆلگەنلەرنى تونۇماقمۇ بىر گەپ بولغانمىش. بىرىنىڭ تېنى بىلەن يەنە بىرىنىڭ كاللىسى ئالمىشىپ كېتىپ دەپنە قىلىنغان ئەھۋالمۇ بولغانمىش. لېكىن ئىمىن بەگ ھاجى نەچچە كۈن ئىزدەپمۇ شىرئېلىخاننىڭ يا تېنىنى، يا كاللىسىنى تاپالمىغانمىش. ئىمىن بەگ ھاجىنىڭ ئايۋان - سارىيىدا، شىرئېلىخان ئوقۇغان مەدرىسىدە بىر نەچچە كۈن ھازا بولغانمىش. مەدرىسە ئالدىدىكى كۆل بويىدا بىر نەچچە نەزىر قازانلىرى ئېسىلغانمىش. شىرئېلىخاننىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ دەردىدە زار-زار يىغلاپ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەنمىش. ئىمىن بەگ ھاجى مال - دۇنياسىنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلىپ شىرئېلىخان ئوقۇغان مەدرىسىنى يېڭىلاپ سېلىپ بەرگەنمىش. مەدرىسىگە يەنە بىر نەچچە يەردىكى بېغىنى، بىر مۇنچە يېرىنى ۋەخپە① قىلىۋەتكەنمىش. ئۇ يەنە يۇرت - يۇرتقا كۆل كولىتىپ، كۆۋرۈك سالدۇرۇپ، يەر سېتىۋېلىپ بازار بىنا قىلدۇرغانمىش. مۇشۇ يۇرتتىكى «غوجام كۆل، بەگ ئۆستەڭ، خان ئېرىق، ھاجى كۆۋرۈكى، يالغۇز ئوغۇل پادىشاھىم، غوجا پاقلانخان مازىرى ... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە ئىمىن بەگ ھاجى ئوغلى شىرئېلىخاننىڭ روھىغا ئاتاپ قىلغان ئىشلاردىن قالغان نامىمىش.

بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، شىرئېلىخاننى شۇ چاغدا «ئۆلگەن» دېگۈچىلەرمۇ، «ئۆلمىگەن، ئۆلگەن بولسا يا تېنى، يا كاللىسى تېپىلماسمىدى؟» دېگۈچىلەرمۇ بولغانىكەن. لېكىن، بوۋام بولسا ئۇنى خوتەندە ھازىرغىچە ھايات ياشاپ يۈرۈۋاتقاندەكلا ئويلارمىش. ئۇنىڭ چىرايى، گەپ - سۆزى، پەزىلىتى نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاپ قالارمىش. ئاشۇ ئوخشاپ قالىدىغان نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدا ئۇنىڭ بارلىقى ئېنىقمىش. ئۇ بوۋامغا: «بىرنى بىر دېگۈلۈك، باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ يالغان ئېيتمىغۇلۇق» دېگىنىچە كىشىلەرنى راستچىللىققا ئۈندەپ يۈرۈۋاتقاندەكلا بىلىنەرمىش.

بوۋام ھېكايىسىنى شۇنداق ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ماڭىمۇ راست گەپ قىلىپ ياشاش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدىغان. نىھايەت، ئاشۇ بوۋامنىڭمۇ بۇ ئالەمدىن كەتكىنىگە ئۇزاق زامانلار بولۇپ كەتتى.

① ۋەخپە — ئىگىدارچىلىق قىلىش قانۇنىي ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش.

مانا ئەمدى مەنمۇ بىر بوۋاي بولۇپ قالدىم. بوۋام ماڭا، بوۋامنىم ئۇنىڭ بوۋىسى سۆزلەپ بەرگەن بۇ ھېكايىنى بۈگۈن مەن سىلەرگ سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن. نەسىھەتىمگە قۇلاق سېلىڭلار، باللىرىم نەۋرە - چەۋرىلىرىم، دىلى بىلەن تىلى باشقا، يالغانچى ئادەمنى ئاده دېگىلى بولمايدۇ. باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ سىلەر راست گەم قىلىپ ئادەمدەك ياشاڭلار، بىرنى بىر دەڭلار!

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىل 9 - سانىدىن ئېلىندى)

---



ياش يازغۇچى ئايمۇھەممەت سابىبى 1965 - يىلى يانۋاردا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قوچى بېزىسى غەزىل كەنتىد دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1985 - يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1998 - يىلى جوڭلار ئالىي ماھارىپى بويىچ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى تاماملىغان. 1996 - يىلى پارتىيىگە كىرگەن. 1985 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە قاراقاش ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قاراساي بېزا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 - يىلدىن بۇيان قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئايمۇھەممەت سابىبى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئىرادە ھەققىدە» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ «تارىم»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئوتتۇز پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى ھەمدە بىر بۆلۈك شېئىر، نەسرلىرى ئېلان قىلىنغان. «تونۇردا» قاتارلىق بەش پارچە ھېكايىسى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. 2000 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ھالاكەت سىرتمىقى» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى، 2002 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «كۆئېنلۇن بۈركۈتى ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان. ئايمۇھەممەت سابىبى ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلە جەمئىيىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ، سىياسى كېڭەش قاراقاش ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.

نۇرموھەممەد توختى

# شاھ مەشرەپ خوتەندە

(تارىخىي ھېكايە)

بۇنىڭدىن 320 يىل ئىلگىرى، ياز ئايلىرىنىڭ ئوتتەك پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن قارا قۇرۇم تاغلىرى تۇتىشىپ كەتكەن ئەگرى - بۈگرى سىزىق ئۈستىدىكى سايىدا، كۆك ئېشەككە مىنگەن بىر ئادەم شەرققە كېتىۋاتاتتى. ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى يۈك ئاز ئەمەس ئىدى. ئىككى يېنىغا نىمىلەردۇر قاچىلانغان جاۋاخورجۇن، خورجۇن ئۈستىدە ئادەم، ئادەمنىڭ ئارقىسىدا قاردەك ئاق، قارا تۇمشۇقلۇق يەككە غاز قونۇپ ئولتۇراتتى. خورجۇننىڭ بىر تەرىپىگە سېرىق تاماكا چېكىشكىمۇ، نەشە چېكىشكىمۇ ئىشلىتىلىدىغان قاپاق چىلىم، يەنە بىر تەرىپىگە سۇ قاچىلانغان قاپاق غانجۇغىلانغانىدى. قولىغا ئۇزۇن دەستىلىك تەمبۇرنى تىك تۇتۇۋالغان، تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان قوپال جەندىگە چىڭ ئورىلىۋالغان، ئېگىز كۇلاسىنى باستۇرۇپ كىيگەن بۇ ئادەم چوڭقۇر خىياللارغا پاتقاندەك كۆرۈنەتتى، ئېشەك ھالسىز قەدەملەر بىلەن ئاستا ئىلگىرىلەپ باراتتى. پات - پات قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، سالپاڭ قۇلاقلىرىنى پالاقلىتىپ، ئالدى - ئارقىسىدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن كۆكۈيۈنلەرنى قورۇيتتى. لېكىن، قاشاڭ كۆكۈيۈنلەر ئۇنى ئۇنچىۋىلا ئوڭاي تاشلاپ كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىرى قاچسا، يەنە بىرى كېلەتتى. ئۇلار ئاشۇنداق قىلىپ ئېشەكنىڭ پاچاقلىرىغا، كۆتىگە، چات ئارىلىقىغا يېپىشتى. تۇمشۇقىغا، بۇرنىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، نەشتىرىنى بىمالال سانجىدى. ئازابقا چىدىمىغان ئېشەك بىردىن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، تۇمشۇقىنى يەرگە تەگكۈزۈپ يورغىلاپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ يورغىلىشىدا بۇرنىغا، كالپۇكلىرىغا قونۇۋالغان كۆكۈيۈنلەرنى يەرگە سۈرۈپ توپىغا مىلەپ چۇشۇرۇۋەتمەكچى بولاتتى. لېكىن، بىر قارىسا كۆك چىۋىنگە، بىر

قارىسا غولۇ - غولۇ ھەرىگە ئوخشايدىغان ئاشۇ جانىۋارلار ئاللىقاچ
ئۇنىڭ بۇرنى ئىچىگە كىرىۋالغانىدى. ئېشەك قاتتىق پۇشقۇرۇپ
تومشۇقىنى يەرگە سۈركەپمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلالمىدى. نەشتەر ئازل
ئۇنى قىينايتتى. ئاغرىققا چىدىمىغان ئېشەك يورغىلاپ كېتىۋېتى
تويۇقسىز ئۆزىنى گۈپپىدە يەرگە تاشلاپ، تۇگۇلۇپ يېتىۋالدى..
ئۇستىدىكى ئادەم ئېشەكنىڭ بويىنىدىن ئېشىپ يەرگە دومىل
چۈشتى. نەگىدۇر قاڭقىپ كەتكەن تەمبۇرنىڭ تارلىرىدى
تىرىڭلىغان ئاۋاز چىقتى. پەقەت غازلا قاناتلىرىنى كېرى
مۈۋازىنەتنى ساقلاپ قالغان، ئۇ تېخىچە تۇگۇلۇپ يېتىۋالغ
ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىدە قونۇپ ئولتۇراتتى ...
يىقىلغان ئادەم كېلەڭسىز جەندىسىنى سۆرەپ ئورنىدىن تۇردى
دە، ئەلەم بىلەن ئېشەككە قارىدى. ئېشەك پۇشقۇرۇپ، تومشۇقىن
يەرگە سۈرۈپ تېپچەكلەيتتى. ئاپئاق تومشۇقلىرىغا قوم دانچىلىر
يېپىشقانىدى، ئۇنىڭ ئىگىسى نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى
نەدىندۇر بىر تال قورۇپ قالغان يۇلغۇن چىۋىقىنى تېپىپ
ئېشەكنىڭ بۇرنىنى كوچىلىدى، خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ، ئىككى دا
كۆكۈيۈننىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ چىقاردى. ئېشەك پۇشقۇرۇشت
تىنچىپ ئورنىدىن تۇردى. لېكىن، يەنىلا قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتم
ئارقا پۇتلىرىغا، چات ئارىلىقىغا ئۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. جەندە كىيگ
ئادەم ئېشەكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، يەنە كۆكۈيۈنلەرنى ئۆلتۈرۈش
كىرىشتى. ئېشەكنىڭ پاچاقلىرىغا يېپىشىۋالغان كۆكۈيۈنلەرنى چۈ
بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈردى. ئارقىدىن يەرگە تىزلىنىپ ئېشەكنى
قورسىقىغا، چات ئارىلىقىغا نەزەر سالدى، ئاشۇ تومپىيىپ تۇرغ
ھاياسىز يەرگە بىر قانچە كۆكۈيۈن مەھكەم چاپلىشىۋالغانىدى.
يۇلغۇن چىۋىق بىلەن كۆكۈيۈننى ۋاسىلدىتىپ سالدى. چىۋ
كۆكۈيۈنگىمۇ، ئاشۇ ھاياسىز يەرگىمۇ تەگدى. ئېشەك بىردى
چىچاڭشىپ سەكرەپ كەتتى ۋە خېلى يىراقتا توختاپ، بېشىنى بۇر
ئىگىسىگە يېلىنىش بىلەن تىكىلدى ...
جەندىلىك ئادەم تىزلانغان يېرىدە ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى.
ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى چۈشەنگەن ۋە چوڭقۇر خىيال
ۋەجىدىن ئۇنتۇلغان ئۇمۇرلۇك كۆڭۈل يارىسى يەنە يادى
چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىردىن ئوتقا چۈشكەن قىلد
تولغىنىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن تاراملىغان ئاچچىق ياش ساقال
بۇرۇت باسقان سۇرلۇك يۈزىنى بويلاپ سەلدەك ئاقتى... ئۇنىڭ ك

ئالدىدا ئورىدىكى ئاشۇ چىرايلىق دېدەكنىڭ گۈزەل سىماسى يەنە گەۋدىلەنگەندەك بولدى. ئارقىدىنلا قىپقىزىل قىزدۇرۇلغان تامغىنىڭ شەھۋەت تومۇرىغا ۋاژىلدىتىپ بېسىلغاندىكى ئازاب نېرىپلىرىنى قاقشىتىپ ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن ئىش ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆمۈرلۈك ئازابلا قالغانىدى... جەندە كىيگەن ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن تېخىچە نادامەت ياشلىرى قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ دەسلەپ دەمداردەك بۇقۇلداپ، كېيىن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، بەھرى ئەزىمدىكى كىتتەك سوزۇپ - سوزۇپ يىغلىدى. قۇم تۇپراققا پۇچىلىنىپ زېمىنغا، قوللىرىنى پەلەككە سوزۇپ ئاسمانغا نالە قىلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى نالە - پەريادىنى ھېچكىمگە ئوخشىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوغلاقلىرىدىن ئايرىلغان ئاھۇ كىيىكمۇ، جۈپتىدىن ئايرىلغان شىر - يولۋاسمۇ بۇنداق مۇڭلۇق، بۇنداق ئاچچىق پەرياد كۆتۈرەلمەيتتى. جۈپتىگە ئوق تەگكەن ئاققۇنىڭ قىچقىرىشلىرىمۇ، زەينەپتىن ئايرىلغان كاككۇكنىڭ نىداسىمۇ ئۇنىڭ ئازابىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ ئىنسان ئوغلىنىڭ ئەڭ ئېغىر ئازابى ئۈچۈن يىغلايتتى. يوق قىلىنغان، خورلانغان ئەرلىكى ئۈچۈن، نابۇت قىلىنغان ئەرلىك ھېس - تۇيغۇلىرى ئۈچۈن، خاراب قىلىنغان ئۆمرى ئۈچۈن يىغلايتتى ...

ئۇنىڭ نالە - پەريادى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئۇ گويا ئاشۇ نالە - پەريادلار ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك، بۇ ئۇنىڭ پانىي ئالەمدىكى ئاخىرقى نەپەسلىرىدەك بىلىنەتتى. لېكىن، ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنى ئاشۇ بەختسىزلىككە دۇچار بولغان دەسلەپكى ئايلار قەلبىگە پۈككەن پىكىر ۋە نىيەت ئورنىدىن تۇرغۇزغانىدى. ئۇ جانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىنى، ئۆز تېنىگە قويۇپ قويغان خۇدانىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى ئۆزىدە ئەمەسلىكىنى چۈشىنەتتى. ئۇ يەنە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئىچكى ئىلاجىلىقتا بىرىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ پۈتۈن كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسى بارلىقىغا، ئۆزىدە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ، ۋۇجۇدى مۇتلەقتە ئۆزىنىڭ روھى قارار تاپقانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ يەنە ئۆزى ئۈچۈن، خورلانغان ئەرلىكى ئۈچۈن ئۆچ ئالماقچى بولاتتى... ئەنە شۇ نىيەت ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇ كۆك ئېشەكنىڭ يېنىغا بېرىپ، قاپاق چىلىمنى ئېلىپ قاپقارا نەشىنى باستى. چاقماق تاش بىلەن پولات بىلەيىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ، ئوت چىقىرىپ، توغراقنىڭ پورىغا

تۇتاشتۇردى ۋە ئۇنى پۇۋلەپ چىلىمنىڭ سەيخانىسىغا — نەشىنى
ئۇستىگە قويدى. قېنىپ - قېنىپ شورىدى. تېزلا مەست بول
ئالەمنى، ئۆزىنى، دەرد - ئەلەملىرىنى ئۇنتۇدى ...

ئۇ ئەمدى يەنە كۆك ئېشەكىنىڭ ئۇستىگە قونۇۋېلىپ، يىراقتى
غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىغان بوستانلىققا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ھەم
نېمىنى ئۇنتۇغانىدى، قولىدىكى تەمبۇرىنى تىرىڭلىتىپ، ئۇنىڭد
كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ زىل ساداغا ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ غايىب ئاۋازىنى
ئاڭلىماقچى بولغانەدەك قولاق سالاتتى. تەمبۇرنىڭ تىرىڭلىغان ئاۋاز
ئاستا - ئاستا رىتىمىغا چۈشتى. مۇڭلۇق، غېرىب، سېھىرلىك ما
ساي ئىچىنى جاراڭلىتىۋەتتى. ئاشۇ ساداغا جەندە كىيگەن ئادەمنىڭ
بوم ئاۋازى تەڭكەش بولدى:

مۇرادىڭغا يېتەي دېسەڭ قەلەندەر بول - قەلەندەر بول،
ستەم ئەھلىن يۇتاي دېسەڭ قەلەندەر بول - قەلەندەر بول.
ئېغىزدىن كۆپىر ساچاي دېسەڭ، شارابى دەھەر ئىچەي دېسەڭ،
يامانلاردىن قاچاي دېسەڭ قەلەندەر بول - قەلەندەر بول.
پەساد ئەھلىن قوۋاي دېسەڭ، كېتىگە بىر تېپەي دېسەڭ،
كىپەن تونىن پىچاي دېسەڭ قەلەندەر بول - قەلەندەر بول.
رىيازەتسىز بولاي دېسەڭ، تېنىم ئازاد يۇرەي دېسەڭ،
جاھاننى سەير ئېتەي دېسەڭ قەلدەندەر بول - قەلەندەر بول.
بۇ تەقۋادىن كېچەي دېسەڭ، سېھرى زوھىد پاش ئېتەي دېسەڭ،
ھەق يولىنى تۇتاي دېسەڭ، قەلەندەر بول - قەلەندەر بول.

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قەلەندەرلىك يولىغا چۈشكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىدە قەلەندەرىيە تەرىقىتىگە ئاجايىپ مەيىل كىرگۈزدى ۋە ئۆچمەس نام قالدۇردى. لېكىن، ئۇزاق يىللار - ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ئاشۇ قېتىم قوم - تۇپراققا مىلىنىپ پەلەككە، زېمىنغا نالە قىلغان كۆرۈنۈشىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بىر - بىرىگە سۆزلەپ، ھېكايە، رىۋايەت قىلىپ يۇرۇشتى. ئەڭ ئاخىردا رەسىم قىلىپ سىزىپ قالدۇرۇشتى.

* * *

قەلەندەر «قوم رابات» تىن ئۆتۈپ، خېلى ئۇزاق كۈنلەردىن كېيىن، بىر كۈنى كەچكە يېقىن قاراقاشنىڭ بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۇدۇل يول بىلەن ماڭماي ھېلى جەنۇبقا — قاراقۇرۇم تەرەپك

ھېلى شىمالغا ــ تەكلىماكان تەرەپكە يۈرۈپ، كۆجۈم مەھەللىلەرنى قانغۇچە سەيلە قىلغانىدى. ئۇ شۇ ئارىدا «ئىمامى ئەپتەر» نىڭ بېشىغا، «باغداد پاشىشايىم» غا، «ئىمامى ئەسكەر» گە يولۇقۇپ ئۆتتى. ئۇ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ يۈرەتتى. تال - بوستانلىق ھويلىلار، مەجنۇنتال سايە تاشلاپ تۇرغان كوچىلار، قوغۇن ھىدى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان كۆزلەكلەر ئۇنىڭغا ياقىقان، ئىشچان، چىداملىق، ئەقىللىق، مېھماندوست كىشىلەر ۋە گۈزەل - ھايالىق قىزلار ئۇنى مەھلىيا قىلغانىدى. ئۇ قاراقاش كىشىلىرىنىڭ ئوخشاشلا قاراقاش، قاراكۆز، قارا كوكۇللۇق ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ، قاراقاشنىڭ بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۆزىنى ئورىۋالغان كىشىلەر ئالدىدا، تەمبۇرىنى سايرىتىپ ئاشۇ تەسىراتىنى قوشاق قىلىپ قاتتى:

قارا قارا قاشلىرىڭغا قاتساڭچۇ مېنى،
قاراقاشنىڭ بازارىدا ساتساڭچۇ مېنى.
قاراقاشنىڭ بازارىدا ئۆتمىسەم ئەگەر،
كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ ئاتساڭچۇ مېنى.

بازاردىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالقىش ياڭرىتىپ بارىكاللا ئېيتىشتى. كۇلاسىغا تەڭگە - تىيىنلارنى جاراڭلىتىپ تاشلاشتى. قەلەندەر رەت قىلمىدى، لېكىن ئاخىردا ئاز بىر قىسمىنى ئۆزىگە ئېلىپ، قالغانلىرىنى باللارغا چاچقۇ - مارجان قىلىپ تاشلاپ بەردى - دە، كېتىپ قالدى. ئۇ «يىپ بازىرى» دىن ئۆتۈپ «كالا بازىرى» نىڭ يېنىدىكى بىر دەڭگە چۈشتى. دەڭچامۇ قاراقاش، قارا كۆز، قارا ساقاللىق ئادەم ئىدى. ئۇ جۇلدۇر كىيىمەن، مەينەت قەلەندەرنىڭ قولىدىكى تەمبۇرىنى كۆرۈپ، يىرگەنمەستىن كۇتۇۋالدى، قولىدىن كۆك ئېشەكىنىڭ تىزگىنىنى ئالدى، ھۆرمەت بىلەن ھۇجرىغا باشلىدى.

— يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇۋالامدىلىكىن، سوپۇم؟

ھاجىتى يوق.

— نامازشام ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، تەرەت ئالامدىلىكىن سوپۇم؟

— مەن ناماز ئۆتىمەيدىغان جوھۇتمەن.

دەڭچا ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قارا قوشۇما قاشلىرى ھىمىرىلىپ، قارا كۆزلىرىنىڭ قاراقاتتەك قارىسى قەلەندەرگە قادىلىپ قالغانىدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى.

— ئۆزلىرىگە نېمە لازىمكىن سوپۇم؟

قەلەندەر ئۇندىمەستىن قولىنى قوينىغا سالدى ۋە بىر تەڭگە
ئېلىپ دەڭجاڭنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— ئۆزۈمگە ئۇزۇق، ئېشىكىمگە بوغۇز، غىزىمغا دان ئەپكە

دەڭجا ئېڭىشىپ تەڭگىنى يەردىن ئالدى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇل
ھوجرىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى نىمىنىدۇر تۇيغاند
ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يوغانلىقى چولڭ كوزىدەك كېلىدىغان
كۆكچى قوغۇننى ئەكىرىپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. قوغۇن شۇنچىل
ئۇز تورلاشقان ئىدىكى، گويا ئاشۇ قاراقاشلىق نەققاشلار ئاتايىت
نەقىش چېكىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. قەلەندەر چېھرىدىن ئاللىقاند
مەمنۇنلۇقنى جۇلالىتىپ قوغۇننى پىچتى، ھوجرا ئىچىنى قوغۇنن
خۇش ھىدى گۇپپىدە قاپلىدى. پۇرىقىدىنلا ئۇنىڭ تەمى بىلىن
تۇراتتى. قەلەندەر قوغۇننى ئىككى كاسلاپ، ئۇرۇقىنى ئېلى
غازنىڭ ئالدىغا قويدى. ئىككى كاسا قوغۇننى ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇ
يېدى. ئاخىردا شاپىقىنى ئۇششاق توغراپ كۆك ئېشەكنىڭ ئالد
ئاچىقىپ قويدى. ئۇ ئوقۇرنىڭ ئالدىدا كۆك ئېشەكنىڭ غورۇسلىت
شاپاق چاينىشىغا قاراپ تۇردى. ئېشەك شاپاقنى يەپ بولۇپ، يوغا
كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا قايتا تىككەندە، قەلەندەر ئاندىن ئاشۇ ئوقۇ
ئالدىدا دۇئاغا قول كۆتۈردى. دەڭ ھويلىسىدىن كۆز سېلى
تۇرغان دەڭجا يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدى، قەلەندەرم
دەڭجانى كۆرگەنىدى، ئۇ ئۆزۈن ئەمەس قىسقىغىنا دۇئ
قىلدى...

ئۇنىڭ كىمگە ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، نىمە دەپ دۇئا قىلغانلىقىن
ھېچكىم ئاڭلىمىدى. لېكىن، ئۇزاق يىللار - ئەسىرلەر ئۆتكەند
كېيىنمۇ كىشىلەر ئاشۇ دۇئانى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ئۇلار: ش
قېتىم ئەۋلىيا قاراقاشلىقلارنىڭ شەنىگە ھەمدۇ سانا ئېيتىپ
«ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ قىلغايسەن» دەپ دۇئايى - سىبھ
قىلغان، شۇڭا قاراقاشلىقلار ئەقىللىق كېلىدۇ، دېيىشىپ يۈردى
يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئەۋلىيا «قاراقاشلىقلارنىڭ چىش
ئوتتۇز ئىككى بولۇپ كەتكەي!» دەپ دۇئا قىلغانمىش. باش
يۇرتلۇقلارنىڭ چىشى يىگىرمە سەككىزدىن ئوتتۇز تالغىچە بولس
قاراقاشلىقلارنىڭ چىشى ئوتتۇز ئىككى دانە بولۇشىدىكى، رىزقىنىڭ
چىشىغا ئوخشاشلا كۆپ بولۇشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ دۇئايى
كارامەتتە ئىمىش.

ئەپسۇسكى، قاراقاش، قارا كۆز، قارا ساقاللىق دەڭ

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا، قەلەندەر دەڭدىن ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. ھۇجرىدىكى سۇپىدا تۇنۇگۈنكىگە ئوخشاشلا بىر تەڭگە تاشلىنىپ تۇراتتى...

* * *

قەلەندەر قاراقاش دەرياسىدىكى كەلكۈننىڭ بىر كۈنلۈك پەسىيىش ۋاقتى — سەھەرنى تاللاپ، كىمدۇر بىرى كۆرسىتىپ قويغان كېچىك ئارقىلىق دەريادىن ئۆتتى. ئېشەكنى يېتىلەپ دەريادىن كېچىۋېتىپ سۇ ئىچىدە يالتىراپ تۇرغان مۇشتۇمدەك قارا قاشتېشىنى سۇزۇۋېلىپ خۇرجۇنغا سېلىپ قويدى. ئۇ پايانسىز كەڭلىكتە يېيىلىپ ئېقىۋاتقان دەريادىن چىقىپ قوما① دېگەن كەنتتە جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، چاقار② دېگەن يەردە دەريا قىرغىقىدىكى مەغپىر مازارنى سەيلە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سىبىرقىئۆي③، يۇرۇشكە④ تايتاق⑤ شاخلىق⑥ لايقا⑦ ئارقىلىق سەھۋالىمغا چىقىپ، «كۆھمارىم» نى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ يەردىن كەينىگە يېنىپ، داكۇي، بۇزاقلار ئارقىلىق «ئىمامى مۇساكازىم» مازىرىغا كېلىپ، نەشنى بولۇشچە چېكىپ، ئۈچ كۈن ئۇخلىدى. ئۆزىنىڭ كۇپرانە سۆز - قىلىقلىرى بىلەن شەيخنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇ يەردىنمۇ يۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە ئۇچرىغان ئادەملەردىن نېمىلەرنىدۇر سوراپ باراتتى. مازارلارنىڭ ئورنىنى، يولىنى، ئۆزىنى قوندۇرۇشى مۇمكىن بولغان ئاللىقانداق شەخسلەرنىڭ ئۆي - قورۇلىرىنى ئېنىقلايتتى. سەھرا كىشىلىرى تولىمۇ ياۋاش ۋە قىزغىن ئىدى، سورالغان سوئالغا ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ھۆرمەت بىلەن جاۋاب بېرەتتى، ھەتتا تېخىمۇ ئىززەت كۆرسىتىپ، سورالغان يەر ۋە ئىزدىگەن ئۆيگىچە باشلاپ ئاپىرىپ قوياتتى. ئاشۇ مۇنبەت، گۈزەل يېزىلارنى ئايلىنىپ يۇرۇپ، قەلەندەر تال - ئۈزۈملۈك باغلاردا، قوغۇن - تاۋۇزلۇقلاردا مېھمان بولدى. ئۇنىڭ كۆك ئېشىكى غورۇسلىتىپ شاپاق چاينايتتى، غېرى قوغۇن ئۇرۇقىنى لەززەتلىنىپ يۇتاتتى. ئۇزۇن دەستىلىك تەمبۇرى بولسا رەھمەت - ھەشقاللا پەدىسىدە يېڭى - يېڭى كۇيلەرگە تىرىڭلايتتى

... قەلەندەر قاراقاشتىن چىقىپ ئون كۈنلەردىن كېيىن جەنۇب تەرەپتىن — قاچچى، قارامەت، توساللا، گازۇن دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ، «گۈجان دەرۋازىسى» ئارقىلىق خوتەن شەھىرى — ئىلچىگە

---

①② خوتەن ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسى تەۋەسىدىكى كەنت نامى.
③④⑤⑥⑦ خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېزا - كەنت ناملىرى.

كىرىپ كەلدى. قەدىمكى شەھەر پاكار -پاكار ۋە غوجمەك يـ
ئۆيلىرى ئارقىلىق كىشىگە خۇددى ئاستا - ئاستا يەرگە كىـ
كېتىۋاتقاندەك تەسىرات بېرەتتى. قەلەندەر ئىلچىنىڭ كوچىلىرىدا
سوراپ، دەڭ - قونالغۇ ئىزدەپ ئۇزۇنغىچە تىمىسقىلاپ يۈردى.
يەرنىڭ سەھرا يېزىلىرىدىمۇ، شەھەر - بازارلىرىدىمۇ كىشىلەر
«ر» تاۋۇشىنى زادىلا تەلەپپۇز قىلالمايدىغانلىقىنى، «ر» نىڭ ئور
«ي» نى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلار يەنە جۈملىنـ
ئاخىرىغا غەلىتە قىلىپ «يا» نى قوشۇۋالاتتى. دىققەت بىلەن قو
سېلىپ تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئاڭقىرمىسا گېپىنى ئۇققىلى بولمايتتى
قەلەندەر، تىلىدا «ر» تاۋۇشى بولمىغان قەدىمكى ساكلارنى يا
ئېلىپ: «ئېھ ساكلار، ئېھ ساكلار، بويسۇندۇرۇلغىنىڭلارغا 0
يىلدىن ئاشتى. تېخىچە ‹ر› نى ئۈگىنەلمەپسىلەر - دە ...» د
ئويلىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى قوشۇۋېلىنغان قەدىمكى مىللەتنىڭ ئاخىر
قارشىلىق كۆچىگە بولغان قايىللىق ئىگىلىگەنىدى ... قەلەندەر ئا
تەسىراتلىرىنى مۇجەسسەملەپ، ئىلچىنىڭ تار كوچىسىدا تەمبۇر
تونجى قېتىم سايراتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ چۆرىسىگە گۈررىدە ئولاشتى
ئۇ قەدىمكى ساكلارنىڭ «يا» قوشۇمچىسىنى رادىف قىلىپ بىر غەز
تەڭكەش قىلدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا خۇددى خوتەنلىكلەرنى دوراۋاتقان يا
يۇرتلۇق ھەزىلكەشكە ئوخشايتتى:

شۇكۇر لىللاھ غەمگۇزارىم كەلدى - يا،
غەمدە قويغان گۈلئۇزارىم كەلدى - يا.
جىلۋىسىنى كۆرسىتىپ زاھىردە ئەلگە رەڭبە رەڭ،
بۇ بەدەن دەشتىنى كەزگەن دىلفىكارىم كەلدى - يا.
نېچە كۈن ۋەسلىن سوراپ يۈردۇم خوتەن سەھراسىدا،
جەئفىرى سادىق ئىمام قۇتبى زامانىم كەلدى - يا.
مەشرەبىڭ مەھشەردە يىغلاپ داد ئېتەر،
داد ئېتىپ يارنى ئىزدەپ كەلدى - يـا.

كىشىلەر غەزەلنى تولۇق چۈشىنىشكەنىدى. ئالقىش ياڭرىتـ
باركاللا ئېيتىشتى. تەڭگە - تىيىنلار قەلەندەرنىـڭ كۇلاسـ
جىرىڭلاپ چۈشتى. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا ئاز بىر قىسمىنـى ئۆز
ئېلىپ، قالغانلىرىنى بالىـلارغا چاچقـۇ مارجان قىلـىپ كېتـ
قالدى ...

قەلەندەر نېمىشقىدۇر «قەلەندەرخانا» گە ئەمەس، گۈللۈغ ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى بىر دەڭگە چۈشتى. دەڭچى قىزغىنلىق بىلەن كۆك ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھەيرانلىق ئالامەتلىرى چاقناپ تۇراتتى. «دەيۋىشىمكىن دېسەم تەمبۇي كۆتىۋاپتۇ، نەغمىچىمىكىن دېسەم جەندە - كۇلا كىيىۋاپتۇ» دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. لېكىن، ئۇنىڭ ھەيرانلىقى قەلەندەرنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا تەسىر يەتكۈزمىدى. ئۇ قەلەندەرنى ھۇجرىغا باشلىغاندىن كېيىن قىزغىنلىق بىلەن خىتاب قىلدى:

— نېمە ھاجەتلىيى باكىن تەقسىيىم؟

قەلەندەر دەڭچىنىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى. زۇۋان سۈرمەستىن قولىنى قويىنىغا تىقىپ بىر تەڭگىنى ئالدى - دە، دەڭچىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— ئۆزۈمگە ئوزۇق، ئېشىكىمگە بوغۇز، غېرىمغا دان ئەپكەل!

دەڭچى ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— تەقسىيىم، شەھىيىمىز ئەزەلدىن قىممەتچىلىك شەھەي، بىر تەڭگىگە ئاش، بوغۇز، دان سېتىۋالغىلى بولماسمىكىن، ئەمدى بۇ بىر تەڭگە ...

قەلەندەر دەڭچىنىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى، خېلى ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ تۇردى. ئۇ گويا دەڭچىنىڭ تېزرەك ئەقلىنى ئىشقا بۇيرۇشىنى كۈتۈپ تۇرغانغا ئوخشايتتى. لېكىن، دەڭچى ئاشۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالىتىدە «ئەمدى بۇ بىر تەڭگە، ئەمدى بۇ بىر تەڭگە ...» سىنى تەكرارلاپ تۇراتتى. قەلەندەر ھەممىنى كۆرۈپ، چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇ يېنىدىكى ئاق غازغا قاراپ قويۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. دەڭچى ئۇنىڭ نېمىگە دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. قەلەندەرنىڭ دۇئاسى تولىمۇ قىسقا بولدى. ئۇنىڭ نېمە دەپ، قايسى ئايەتنى ئوقۇپ دۇئا قىلغانلىقىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى ...

لېكىن ئۇزاق يىللار — ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئاشۇ قىسقا دۇئانى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار: ئاشۇ قېتىم ئەۋلىيا خوتەنلىكلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ «سېنىڭ ئىشىڭنى خۇدا قىلغاي!» دەپ دۇئا قىلغان، شۇڭا خوتەنلىكلەرنىڭ كۆلپەت - جاپاسى كۆپ بولمايدۇ، دېيىشىپ يۈردى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شۇ قېتىم ئەۋلىيا «خوتەنلىكلەرنىڭ پۇشايمىنى چۈشتىن كېيىن

كەلگەي! ...» دەپ دۇئايى - سېھىر قىلغانىمىش، خوتەنلىكلەرنى
دائىم ئەتىگەندە قىلغان ئىشىغا چۈشتىن كېيىــــن پۇشايمان يە
يۈرۈشىدىكى سەۋەب شۇنىڭدىمىش ...

ۋاھالەنكى، قەلەندەر شۇ كېچە ئاچ قورساق يېتىپ قالدى، دەڭ
ئۇنىڭ ئۇخلىغان - ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلەلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ غېز
بولسا كېچىچە غاقىلــداپ، كۆك ئېشــكى پات - پات ھاڭــراپ چىقت
...

* * *

قەلەندەر تالڭ سەھەردە دەڭدىن چىقىپ تاكى پېشىنغىچە خوتە
شەھىرىنى چۆرگىلەپ يۈردى. كۆك ئېشەكنى ھېچيەردە توختاتمىدى
تەمبۇرنىمۇ سايراتمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ جەندە، كۇلاسىدىن كۆرە
ئۇزۇن دەستىلىك تەمبۇرىغا، رەزگى كۆك ئېشكىگە، ئېشەكنىڭ
سۆڭگىچىگە قونۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرغان ئاق غېزىغا بەكرەك
قىزىقىپ قارىشاتتى، لېكىن ئۇ توختىماي ئۆتۈپ كېتەتتى، ئۇ «دە
دەرۋازىسى» دىن «يەكەن دەرۋازىسى» غىچە، «گۇجان دەرۋازىسى
دىن «ھېيتگاھ دەرۋازىسى» غىچە، «قىزىق دەرۋازىسى» دىن «ئاقـ
دەرۋازىسى» غىچە كېزىپ چىقتى. «سۇ دەرۋازىسى» تەرەپتە ئېگىـ
- ئېگىز توغراقلار سايە تاشلاپ تۇرغان «ئەسكىرىي مازار» نى
«ھېيتگاھ دەرۋازىسى» تەرەپتە «ھەسسۇلتان مازىرى» نى، ئۇنىڭدىن
يىراقلاپ چۈشۈپ «ئاغچا بۇلاق» دېگەن يەردە «ئالتە قىزلىــر
مازىرى» نى، قاراقاش دەرۋازىسى تەرەپتە «لېچىن ئاتا مازىرى»
«توغراق مازار» لارنى، «ئات بازىرى» نىڭ يېنىدا «جالاپ مازار
نى، «تامباغ» تەرەپتە «مۇپتى غوجام مازىرى» نى، «شورۋاغ
تەرەپتە «شەمسى تەبرىزىم مازىرى» نى... سەيلە - تاۋاپ قىلى
ئۆتتى. ھەممە مازارلارنىڭ دەرۋازىسىدا تىلەمچىــلەر قاتار - قات
تىزىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ھەقتائالانىڭ، ھەزرىتى رەسۇلىللانىڭ، تۆ
چاھارىيالارنىڭ، پاتىمە - زۆھرالارنىڭ، ھەسەن - ھۈسەنىنىڭ ھەققى
سەدىقە سورىشاتتى... قەلەندەر بازارلارنىمۇ ئايلاندى. پۈتكۈل بازار
سودا - سېتىق قايىنىغان قازاندەك ۋاراقشىيتتى. كەشمىرلىكلەرنى
دېھلىلىقلارنى، كابۇللۇقلارنى، ئەنجانلىقلارنى كۆرگىلى بولاتتى
ئەرەبلەر، پارسلار، ھىندىلار، پەرەڭلەر، خەنزۇلار ئېلىــــپ
سېتىشىپ يۈرەتتى. قاشتېشى، ئالتۇن - كۈمۈش، گىلەم، ئەتلەسل
چاقنايتتى. ھىندىلارنىڭ دورا - دەرمەكلىرى، ئەرەبلەرنىڭ قۇرئ
ۋە خورمىلىرى، خەنزۇلارنىڭ چىنە - تەخسىلىرى ئايرىۋاشلىناتتى

ئالتۇن - تىللالار، كۈمۈش تەڭگىلەر، مىس تىيىنلار جىرىڭلايتتى. قىچقىرىقچىنىڭ «ئەيىۋھانناس» لىرى؛ كاۋاپچى، سامسىپەز، مانتۇپەز، ھالۋىچى، گۆش گىردىچى، باققاللارنىڭ خېرىدار چىللاشلىرى؛ ئۇرۇشقان - سوقۇشقانلارنىڭ تىل - ئاھانەت، غەلۋە چۇقانلىرى قوشۇلۇپ، بازار ئىچى بوران چىققاندەك گۇرۇلدەيتتى. ئاشۇ گۇركىرەك ئىچىدە ئاتلىق چارلاپ يۈرگەن رەئىس شەرىئىينىڭ «يۈزۈڭنى ياپ نائەھلى، ھۇ بىنومۇس!» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى، قامچىنىڭ تارسىلداپ ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. گۆل پۈرىقى، قوغۇن پۈرىقى، سامسا ھىدى، كاۋاپ ھىدى، ئىپار، ئەنبەر، زەپەرلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى بىلەن چۇچىتىلىۋاتقان زاغۇن يېغى، ئۇكلىنىۋاتقان كاللا، ئاشلانغان تېرە، ئىبىسلىنىۋاتقان كۆن-خۇرۇملارنىڭ قاڭسىق پۇراقلىرى قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. خوراز، بۇدۇنە سوقۇشتۇرۇۋاتقانلارنى، ئىت - سەگ تالاشتۇرۇۋاتقانلارنى، بۇقا- قوچقار ئۇسۇشتۇرۇۋاتقانلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ساتار چېلىپ مۇقام قىچقىرىۋاتقان، راۋاب تىرىڭشىتىپ جەڭنامە سۆزلەۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناپ كەرەشمە كۆرسىتىۋاتقانلارنى، نەشە چېكىپ، دوس تارتىۋاتقان، تاۋىكادا جەمشىتنى چىللاپ، دەتتىكام ئېتىۋاتقان، چېلىش سورۇنىغا چۈشۈپ كۈچ سىنىشىۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. دۇكان، ماگىزىنلارنىڭ لاكلانغان چىرايلىق شادا قەپەزلىرىدە بۇلبۇل -كۆكتالغۇلار، تورغايلار، شاتۇتىلار سايرىشاتتى. كىچىككىنە تاغ قاغىسىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كوچا ياقىسىدىكى كانارىلاردا تۆگە گۆشى، ئات گۆشى، كالا - قوتاز گۆشى، قوي - ئۆچكۇ گۆشى، توخۇ - ئۆردەك گۆشى، ئۇلا، كەكلىك گۆشى، پاختەك، جىگدىچى گۆشى، بۇدۇنە، قۇشقاچ گۆشى... ئېسىلىپ تۇراتتى. ھەرە، چىۋىنلەر ۋىژىلدايتتى، بازار گۇرۇلدەيتتى، جاھان ئۆز ئىشلىرى بىلەن ھەلەك ئىدى ...

قەلەندەر گويا ئاشۇ جاھان غەۋغالىرى بىلەن زادىلا مۇناسىۋىتى يوقتەك بىنەزەر چۆرگىلەپ يۈرەتتى، كۆك ئېشەكنى دېۋىتەتتى. ئۇنىڭ بازار كۆرۈپ چۆرگىلەپ يۈرۈشىدە، ئاشۇ نەرسىلەرگە نەزەر سېلىشىدا ھېچقانداق مۇددىئاسى يوق ئىدى، پەقەت كۆرۈش ئۈچۈنلا كۆرەتتى، چۆرگىلەش ئۈچۈنلا چۆرگىلەيتتى. ئۇ پەقەت بىر قېتىملا ئېشەكتىن چۈشتى. بۇنىڭغا ئاشۇ كوچىلارنىڭ ئىتتىنىڭ ئۈچىيدەك تار بولۇشى، نەپسى - بالا نائەھلىلەرنىڭ كوچىغا قىستاپ ئۆي - تام سېلىپ، يولنى تارلاشتۇرۇپ قويۇشى سەۋەب بولدى. ئالدىدىن

يۇلغۇن شېخى ئارتىلغان بىر سۇر ئېشەك كەلگەنىدى، ئىككى ئېشەك كوچىغا پاتمىدى. يا سۇر ئېشەكنىڭ شېخى ياكى كۆك ئېشەكنىڭ يۈكى ئۆرۈلۈشى كېرەك ئىدى. قەلەندەر خېلى ئۇزۇنغىچە سۈكۈت ساقلاپ كۈتكەن بولسىمۇ، سۇر ئېشەك يول بەرمىدى. ئېشەكنىڭ ئىگىسى بولسا توختىماي «پوش - پوش!» دەپ ۋارقىرايتتى. ئاخىر كۆك ئېشەكنىڭ يۈكى — قەلەندەر ئېشەك ئۈستىدىن چۈشتى. ئۇ ئىشىك پەس بولسا ئېگىشىش كېرەكلىكىنى چۈشىنەتتى. كۆك ئېشەك تامغا قىستالدى، قەلەندەر كۆك ئېشەككە يېپىشتى. شۇنداقتىمۇ سۇر ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى يۇلغۇن شېخى قەلەندەرنىڭ جەندىسىنى ئىلىپ، ئاق غازنى پالاقلىتىپ، ئاران تەستە ئۆتۈپ كەتتى...

قەلەندەر ئۆزلىرى قىستالغان تامغا قاراپ خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ يادىغا بالىلىق چېغىدا، ئاشۇ يىراق نەمانگاننىڭ تار كوچىلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بىر ئەسلىمە چۈشتى. نەمانگاننىڭ كوچىلىرىمۇ ئاشۇنداق تار ئىدى، ئۇ يەردىمۇ كوچىنى تارلاشتۇرۇپ، يولنى قىستاپ ئۆي - تام سېلىۋالىدىغان نائەھلىلەر بار ئىدى. ئۆزىنىڭ ھويلىسىنى كېڭەيتىۋېلىش ئۈچۈن جامائەتنىڭ يولىغا ئەجدىھادەك چاڭ سېلىشاتتى. بىر نائەھلى — نەپسى قۇل مەسچىت بىلەن مولا ۋەلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدىكى يولنى قىستاپ، ئۆي سېلىۋالدى. ئۆينىڭ بۇرجىكى يولغا خۇددى ئۇنىڭ گېلىدىكى پوقاقتەك بۆرتۈپ چىقىپ تۇراتتى. يول تېخىمۇ تارلىشىپ كەتتى، سۈپىتىمۇ بۇزۇلدى. ئاشۇ كوچىدىن كۆپ كىشىلەر ئۆتىدىغان بولسىمۇ نائەھلىنىڭ كۆكەملىكىدىن قورقۇپ غىڭ قىلىشالمىدى. ئاخىر يەنىلا ياش بابارەھىم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى:

— جامائەت يولىنى ئىگىلىۋېلىش مۇسۇلمانلىق جۈملىسىدىن ئەمەس ...

— نېمە دېدىڭ قۇل بەچچە؟ - يەنە بىر دېگىنە، يولغا پاتماي قالدىڭمۇ - يە؟

— مەنغۇ پاتارمەن، لېكىن، ھارۋا - مەپە ئۆتۈپ قالسا پاتمايدۇ.

— سېنىڭ ئۆيۈڭگە ھارۋا ئۆتەتتىمۇ؟ ۋاي قوۋۇرغا مەي، مۇنۇ مولا ۋەلىنىڭ يالاڭغىداق بەچچىسى مەپىگە ئولتۇرماقچىمىش تېخى. ۋاي خالايىق، تېڭشاڭلار، مۇنۇ قۇل بەچچە ... ھا - ھا - ھا...

ياش بابا رەھىم نەپسى قۇلنىڭ زەھەردەك گەپلىرىدىن مەڭدەپ قالمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ سوئال قويدى:

— بۇ يولدىن ھارۋا ئۆتمەمدىكەن؟ مەن مەپىگە ئولتۇرسا

بولمامدىكەن؟ ئەگەر مەپە ئۆتۈپ قالسا قانداق قىلىسەن، نەپسى قۇل ئاكا؟

— ئەگەر سەن مەپىگە ئولتۇرۇپ ئۆتمەكچى بولساڭ، ئۆيۈمنى چېقىپ، يولنى كېڭەيتۈرۈپ بېرىمەن، ئۇقتۇڭمۇ قۇل بەچچە، ۋاي ئەخمەق جۇلدۇر كىيەن، ئاۋۋال بىر پۇتۇڭغا كەش تاپ، ئاندىن مەپە ھەققىدە چۈش كۆر - ھا - ھا - ھا ...

— ئاشۇ گېپىڭ راستمۇ؟ گېپىڭدە تۇرالامسەن؟

— ھۆججەت قىلىپ بېرەيمۇ يالاڭتۆش؟ قېنى ھۆججىتىڭنى ياز، ئوڭ قولۇمنىڭ باش بارمىقىنى بېسىپ بېرىمەن، قېنى ياز...

ھۆججەت بىر دەمدىلا پۈتۈلۈپ تەييار بولدى. نەپسى قۇل مەردانىلىك بىلەن راستىنلا ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقىنى باستى، لېكىن، ئۇ شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۆيىنى چېقىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپمۇ قويمىدى. چۈنكى، ئۇ يالاڭتۆش موللا ۋەلىنىڭ ئۆيى تەرەپكە مەپە ئۆتسە قۇياش مەشرىقتىن ئەمەس مەغرىبتىن چىقىدۇ دەپ ئويلايتتى ...

شۇ كۈنلەردە موللا ۋەلىنىڭ يالغۇزى — بابا رەھىمنىڭ ئاجايىپ ھېكمەتلىرى، سىرلىق سۆز - ھەرىكەتلىرى ئاستا - ئاستا ئەل ئىچىگە تارىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر ھېكمەتلىرىدىن تەئەججۇپكە چۈشكەن ئىلىم سۆيەر نەمانگان ھاكىمى، ئۇنىڭ بىلەن دىدار مۇلاقەت بولماقنى ئىزدەپ چىللاپ كېلىشكە ئاتلىق چاپار ئەۋەتتى، لېكىن بابا رەھىم ياياق بېرىشنى رەت قىلدى، ھاكىم ئىككىنچى قېتىم كۆمۈش ئىگەرلىك نەمانگان ئارغىمىقىنى ئەۋەتتى، بابا رەھىم يەنىلا رەت قىلدى. ئۈچىنچى قېتىم تەتىللا سايىۋەنلىك ھاكىمانە مەپىسىنى ئەۋەتتى. مەپە نەپسى قۇلنىڭ پوقاقتەك بۆرتۈپ چىققان ئۆيىنىڭ دوقمۇشىدىن پاتمىدى. چىللاققا كەلگەن دوغا ئاشۇ يەرگىچە ياياق بېرىشنى ئىلتىماس قىلىۋىدى، بابا رەھىم مەپە ئىشىكى ئالدىغا كەلمىگۈچە ئۆيىدىن چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دوغىنىڭ قولىغا نەپسى قۇل قويغان ھېلىقى ھۆججەتنى تۇتقۇزۇپ قويدى... قۇم سائەت بىر قېتىم دۈم كۆمتۈرۈلۈپ، قۇم ئېقىمى تەتۈرگە قاراپ يېرىمى ئېقىپ بولغۇچە، مەپە دېگەندەكلا موللا ۋەلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. بابارەھىم تەتىللا سايىۋەنلىك مەپىدە گىدىيىپ ئولتۇرۇپ ھاكىم ئوردىسىغا قاراپ يولغا چىققاندا، ئەمدى نەپسى قۇلنىڭ پوقاق ئۆيى كوچىدىن يوقالغانىدى ...

مانا ھازىر ئىلچىنىڭ تار كوچىسىدا يولغا پوقاقتەك بۆرتۈپ

چىققان ئۆي تېمىغا قاراپ تۇرغان قەلەندەر، مۇشۇ شەھەردىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش نائەھلىلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرەلەيدىغان بىرەر ئەپچىلەمنىڭ چىقمىغىنىغا ئۆكۈندى. لېكىن، ئاشۇ يىراق نەمانگاندا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ئەسلەپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ يادىغا يەنە ئانىسى سەلىمە ۋە سىڭلىسى كەلدى. نەمانگاننىڭ بۈك - باراقسان باغلىق مەھەللىلىرىنى، ئۆزى ئوقۇغان مەدرىسىنى، ئاشۇ تار كوچىلارنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ سىنەسى يۇرت ئىشقىدا، ئەل ۋە ئۇرۇق - تۇغقان ئىشقىدا پىژىلداپ ئېچىشتى.

* * *

قەلەندەر پېشىنغا يېقىن دەڭگە قايتىپ كەلدى، لېكىن دەڭگە كىرمىدى. دەڭنىڭ يېنىدىكى مەسچىتنىڭ ئېگىز ئەزانخانىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ يەردە مەزىن ناماز پېشىنغا ئەزان قىچقىرىۋاتاتتى، ئەزان مۇڭلۇق ھىندىچە ئاھاڭدا ئوقۇلۇۋاتقان بولۇپ، ياڭراق ئاۋاز ئۇنى يىراقلارغا ئېلىپ كېتەتتى. قەلەندەر ئاشۇ ئەزانخانىغا كۆتۈرۈلگەندە خوتەن شەھىرىنى ئۈستىدىن ئېنىق كۆرۈشكە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئاشۇ چاغدىن 300 يىللار كېيىن قايتا ياسىلىپ «ناسىر ھاجىم مەسچىتى» دەپ ئاتالغان ئاشۇ مەسچىتنىڭ ئەزانخانىسى ئۈچبۇرجەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئېگىز مۇنار ئىدى، مۇنار «گۈللۈغ ئۈستەڭ» گە تاقاپ سېلىنغان مەسچىت دەرۋازىسى ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قەلەندەر ئېشىكىنى يېتىلەپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، مەسچىت ھويلىسىدا كۆكىرىپ تۇرغان ياش، لېكىن ئېگىز تۈت تۈپ سېدە دەرىخىنى كۆردى. ئۇ كۆك ئېشەكنى سېدىگە باغلاپ، تەمبۇرنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، «ئەنجان شوتىسى» ئارقىلىق ياغاچ مۇنارغا كۆتۈرۈلۈۋېتىپ مەسچىت ئەتراپىنىڭمۇ مازار بىلەن قورشالغانلىقىغا، ئېگىز ۋە قېرى توغراقلارنىڭ قەبرىلەرگە سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىغا نەزەر سالدى. ئۇ ئەزان پەشتىقىغا يېتىپ چىققاندا، ئەزان تېخى ئاياغلاشمىغانىدى. ئىككى قولىنىڭ باش بارماقلىرىنى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا تەگكۈزۈپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەزان توۋلاۋاتقان مەزىننىڭ كۆزلىرى قەلەندەرگە تىكىلىپ قالدى، ئاۋازى ئاستا - ئاستا ئۆچتى، قەلەندەر پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇ چار ساقاللىق مەزىننىڭ نەشتەردەك تىكىلىشلىرىگە ئېتىبار قىلماي، پەشتاق ئۈستىدە ئايلىنىپ، شەھەرگە نەزەر سېلىپ چىقتى. شەھەرنىڭ غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمى ئېگىز، شىمالىي ۋە شەرقىي قىسمى پەس ئىدى. شەرقتە، يېقىنلا يەردە يۇرۇڭقاش

دەرياسى دولقۇن ئۇرۇپ، شاۋقۇنلاپ ئېقىپ تۇراتتى. قەلەندەر شەھەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ قاچانلاردىدۇر بىر چاغلاردا يۇرۇڭقاش تېشىپ ئاققان ئويمانغا سېلىنغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى ۋە شەھەرنىڭ تار، ئۈستى يېپىق كوچىلىرىغا، پاكار - پاكار ياغاچ ئۆيلىرىگە نەزەر ئاغدۇردى. دۈمچەك - دۈمچەك قەبرىلەر بىلەن تولغان، خادا - شەددىلەر يالىڭاچلىنىپ تۇرغان مازارلار شەھەرنى بۆلەك - بۆلەكلەرگە بۆلۈۋەتكەنىدى. خادا - شەددىلەردە سامان تىقىلغان تۇلۇملار چوقچىيىپ، تۇغ - ئەلەملەر ۋە قوتاز قۇيرۇقلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. قەلەندەر قەدىمكى شەھەردە مازارنىڭ شۇنچە كۆپ ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدى ۋە شۇ ھامان يىراق ۋە يېقىن تارىختىكى ئۇرۇشلارنى — باسقۇنچى، بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ زۇلۇملىرىنى، كۈچلۈكخاننىڭ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقلىرىنى يادىغا ئالدى. «شەھىدانە خوتەن» دېيىشكەنلىرى راست ئىكەن - دە، دەپ ئويلىدى. ئۇ شەھەرنى تولۇق كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ، ئەزان پەشتىقىنىڭ سالاسۇندىن ئېسىلىپ پەسكە — ئايىغى تېگىگە قارىدى. «گۈللۈغ ئۆستەڭ» لايلىنىپ ئېقىپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ قىرغىقىدا، بىر تالاي ياش تالىپلار ئىشتانلىرىنى تىزىغىچە سىرىپ قويۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاھارەت ئېلىۋاتاتتى. ئوچۇمىغا ئالغان سۇنى ئەۋرىتىگە چېچىپ يۇياتتى. ئەۋرەتلىرىدىن ساقىغان سۇ يەنە يالاپ ئۆستەڭگە چۈشەتتى... قەلەندەر ئۆستەڭنىڭ سەل ئايىغىغا نەزەر سالدى. ئۇ يەردە يەنە ئاللىكىم ئوچۇمىدا ئاغزىغا سۇ ئېلىپ غار - غار قىلىۋاتاتتى. يەنىمۇ پەستىرەك باش - كۆزىنى قارا رومال بىلەن چۈمكىگەن بىر ئاجىزە قاپاقنى «گۈللۈغ ئۆستەڭ» گە چۆكۈرۈپ سۇ ئۇسسۇۋاتاتتى. قەلەندەر بىردىن يىرگىنىپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا كۈلۈمسىرەپ ئىشتان بېغىنى يەشتى. ئۇ قىلچە ھېيىقماستىن ئاشۇ ئېگىز مۇنار ئۈستىدە تۇرۇپ «گۈللۈغ ئۆستەڭ» گە شارقىرىتىپ سىيدى. تويۇقسىز چىققان شارقىرىغان سادا تاھارەت ئېلىۋاتقان تالىپلارنى چۆچۈتىۋەتتى. ئوچۇق ھاۋادا ياغقان تويۇقسىز «يامغۇر» — سۈيدۈك تامچىلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستى - بېشىغىمۇ چاچرىدى. ئۇلار ئىشتانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ھودۇققىنىچە ئۆستەڭ بويىدىكى يولغا قېچىپ چىقتى ۋە ئاسمانغا قاراشتى. ئېگىز مۇنارنىڭ چوققىسىدا جەندە - كۇلاھ كىيگەن قەلەندەر «گۈللۈغ ئۆستەڭ» گە شارقىرىتىپ سىيىپ تۇراتتى. قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى.

— ھوي كاپىر، نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— ھو، سوغا سىيگەن جوھوت.
— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟
— چۈش بۇياققا ...
قەلەندەر كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇ ئالدىرىماي ئىشتان بېغىنى ئېتىپ، چالڭ - توزان ۋە ئىس - تۈتەك ئاستىدا گۈرۈلدەۋاتقان شەھەرگە نەزەر سېلىشقا باشلىدى. پەستە قىيا - چىيا داۋام قىلاتتى.
— چۈش بۇياققا ...
— نەدىن كەلگەن بىئەدەبسەن؟
— ئەدەبلەپ قويۇش كېرەك ئۇنى ...
قەلەندەرنى ئەزانىنىڭ دۇئاسىنى مەندىلا تاماملىغان مەزىن ئاخۇنۇممۇ دۇشكەلىدى.
— نېمە قىلغان قىلىق بۇ، ساراڭمۇيا - سەن؟ چۈشە پەسكە، ھو بىئەدەب ...
قەلەندەر مەزىن ئاخۇنۇمغا بۇرۇلدى.
— قېنى ئۆزلىرى ئالدىدا مەرھەمەت قىلغايلا ...
— چۈش دەۋاتىمەن سېنى ...
— ئۆزلىرى ئالدىدا ماڭسىلا مەزىن ئاخۇنۇم، مەن ئالدىلىرىغا ئۆتۈۋالسام بىئەدەبلىك بولىدۇ، قېنى مەرھەمەت ...
قەلەندەر كۈلۈمسىرەيتتى، مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ چارساقىلىغەزەپتىن تىترەيتتى، كىچىككىنە پوقىقى چىلگە قاپاقتەك گىلدىڭلايتتى. خېلى ئۇزاق سالا - سۇلھەدىن كېيىن ئاخىر يەنە مەزىن ئاخۇنۇم ئالدىدا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. قەلەندەر ئىستىھزا بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان چۈشۈپ كەلگەندە، ئەمدى پەستىكى ئالامانىنىڭ گەپ - سۆزلىرىدە ئۆزگىرىش بولغانىدى.
— ساراڭ ئوخشايدۇ.
— ساراڭ بولمىسا سوغا سىيەمدۇ؟
— قەلەندەر كىيىمى كىيىۋالغان ساراڭ ئىكەن ...
— ساراڭ بولسىمۇ مەن ئۇنى... قېنى بۇياققا تۇرۇڭلار ...
قەلەندەر «ئەنجان شوتىسى» نىڭ ئاستىنقى ئۈچىنچى پەشتىقىغا چۈشۈپ، خۇددى ئورۇندۇق، كۇرسىدا ئولتۇرغاندەك پۇتلىرىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. قولىنى ئۇزىتىپ تامغا يۆلەپ قويغان تەمبۇرنى ئالدى ۋە تىرىڭلىتىپ چېلىشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى بۇ يەردە ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ئالامانىڭ غەزەپ - نەپرەتلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك مەنىسىز

قارايتتى. لېكىن، قەلبىدە ھەيرانلىق ئارىلاش بىر پىكىر — بۇتالىپلار خوتەنلىك ئەمەسمىكىنە؟ «ر» تاۋۇشىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىدىكەنغۇ، ھە، راست مەكتەپ كۆرگەنلىرى «ر» نى ئۆگىنىۋاپتۇ-دە، دېگەن پىكىر كېزىپ يۈرەتتى. شۇ ئەسنادا يېشى چوڭراق بىر تالىپ ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— سەن قەلەندەرمۇ ياكى ساراڭمۇ؟

— ھەم قەلەندەر مەن، ھەم ساراڭمەن.

— سۇغا سىيگىنىڭنى بىلەمسەن؟

— نېمىشقا بىلمىگۇدەكمەن؟! ئەتىگەن ئاشۇ ئۆستەڭدىن ئېچكەن، ئەمدى يەنە ئاشۇ ئۆستەڭگە قوشۇۋەتتىم.

— شۇ قىلغىنىڭ دۇرۇسمۇ؟

— بالىسى ئانىسىغا قوشۇلدى، جۇدالىق تامام بولدى...

قەلەندەر بەخىرامان ئىدى، تەمبۇرىنى تىرىڭلىتىشنىمۇ توختاتمىدى. سوئاللارغا دۇدۇقلىماي، ھازىر جاۋابلىق بىلەن ئۇن قېتىپ تۇردى. ئاچچىقلاپ چىچاڭشىپ كەتكەن تالىپلار ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى.

— راستىنلا ساراڭ ئوخشايدۇ.

— ساراڭ ئەمەس، كاپىرچاغۋا...

— ياق، ساراڭ ئەمەسكەن، ساراڭ بولسا ئاشۇنداق سۆزلىيەلەمدۇ؟

— سۆزلەپ قالغان ساراڭمىكىن - يا ...

— سوراپ باقمىنا، كاپىرمىكىن، مۇسۇلمانمىكىن ...

ھېلىقى سوئال سوراۋاتقان چوڭ ياشلىق تالىپ ھەمراھلىرىنىڭ ھە - ھۇلىرى بىلەن يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى:

— سەن مۇسۇلمانمۇ — كاپىرمۇ؟

— مۇسۇلمان دېسەڭ مۇسۇلماندۇرمەن، كاپىر دېسەڭ كاپىردۇرمەن.

— سەن كىمنىڭ قۇلىدۇرسەن؟

باقى بوياقچىنىڭ قۇلىدۇرمەن.

تالىپلار ئىچىدە گۇررىدە ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. ئۇلار «كاپىر، كاپىركەن» دەپ ۋارقىرىشاتتى. سوئال سورىغۇچى غەزەپلەنگەن ھالدا يەنە بىر سوئال سورىدى:

— سەن كىمنىڭ ئەۋلادىدۇرسەن؟

— ئاتام موللا ۋەلى بىلەن ئانام سىلىمىخانىنىڭ ئەۋلادىدۇر-

مەن ...

«كاپىركەن، راستتىنلا كاپىركەن» دېگەن ۋارقىراشلار سوئال جاۋابنى ئۈزۈپ قويدى. سوئال سورىغۇچىنىڭ ئۈزىمۇ ئەمدى ئالدىدا جەندە ـ كۇلاھ كىيگەن قەلەندەر ئەمەس، نامەلۇم بىر كەلگۈندى دەھرىنىڭ تۇرغانلىقىغا ئىشەندى، تالىپلار ۋارقىرىشاتتى:

— مالىڭ مەھكىمە شەرئىيگە بارىمىز.

— ماڭىسام ماڭدىم.

— سېنى ئۇ يەردە يۈز پالاق ئۇرۇپ مۇسۇلمان قىلىشىدۇ.

— ئوڭلىنىپ قالىسەن ...

—ساراڭلىقىڭمۇ ئوڭشىلىدۇ ...

قەلەندەر شوتىــدىن چۈشۈپ، سېدىگە باغلاپ قويۇلغان كۆك ئېشەكنى يەشتى. ئۇ يەنىلا بەخىرامان ئىدى. قورققانلىقى ياكى ھودۇققانلىقى بىلىنمەيتتى. گويا مەھكىمە شەرئىيگە يېقىن بىر قېرىنىدىشىنى ياكى قەدىناس دوستىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقاندەك ئوڭايلا تالىپلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. مەسچىــت دەرۋازىســدىن چىققاندىن كېيىن، تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھېلىلا ئۆزى شارقىرىتىپ سىيگەن «گۇللۇغ ئۆستەڭ» گە كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويدى ...

ئۇزاق يىللار ـ ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشــلەر ئەۋلىيانىڭ مۇشۇ «گۇللۇغ ئۆستەڭ» گە سىيگەنلىكىنــى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار «گۇللۇغ ئۆستەڭ» نىڭ سۈيىنىڭ تاتلىقلىقــى، ئېغىرلىقى، بىر تېتىغان ئادەمنىڭ مېھرىنى ئۇزەلمەي خوتەندە تۇرۇپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەشكەندە ئاللىقانداق بەخت ـ ئىپتىخار بىلەن «شەھەرنىڭ مەركىزىنى كېسىپ ئۆتىدىغان گۇللۇغ ئۆستەڭگە ئەۋلىيا سىيگەن ...» دەپ ئەسلىشەتتى. رىۋايەت قىلىنىشــچە، ئەۋلىيانىڭ سۈيدۈكى ئارىلاشقان سۇ تاتلىق بولارمىش ...

قەلەندەر ھېرىپ قالىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئېشىكــكە مىنىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. نېمىشقىدۇر تالىپلار ئۇنىــڭ بۇ ئىلتىماسىغا تاقىرىشمايلا قوشۇلدى. قەلەندەر ئېشەكنىڭ سۆڭگەكچىگە قونۇپ ئولتۇرغان غازنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى، يەنە بىر قولىدا تەمبۇرنى تۇتقان پېتى ئېشەككە سەكرەپ مىنىۋالدى.

* * *

خوتەننىڭ توپىلىق كوچىسىدا، بىر توپ تالىپلارنىڭ ئالدىدا، ئۇستىگە جەندە، بېشىغا ئۇچلۇق كۇلاھ كىــيگەن قەلەندەر كۆك

ئىشەككە تەتۈر مىنىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھېلى غازنى قۇچاقلاپ، تەمبۇرنى تۇتقان ھالدا ئىشەككە ئوڭ مىنگەنىدى، بىراق ئۇزاق ئۆتمەيلا سول پۇتىنى ئىشەكنىڭ قىسقا يايىلىق بويىندىن ئارتىلدۇرۇپ، ئىشەك ئۈستىدە يېنىچە بولۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى يايداق ئىشەككە يېنىچە مىنىپ ئېتىزدىن قايتقان، ھوسۇلنىڭ موللۇقىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان دېھقانغا ئوخشايتتى، يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئوڭ پۇتىنى ئىشەكنىڭ قويرۇقىدىن ئارتىلدۇرۇپ بىر بۇرالدى - دە، ئىشەك ئۈستىدە تەتۈر بولۇۋالدى، غازنى ئىشەكنىڭ سۆڭگىچىگە قوندۇرۇپ قويۇپ، تەمبۇرنى تىرىڭلىتىشقا باشلىدى. ئىشەككە تەتۈر مىنگەن قەلەندەرنىڭ تەمبۇر چېلىپ مېڭىشى تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى. تالىپلار چۇرقىرىشىپ كەتتى:

— ھوي ئەمدى بۇ نېمە قىلىق؟

— ئىشەككە ئوڭ مىن كاپىر...

قەلەندەر بەخىرامان ئىدى. ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك ئىشەك ئارقىسىدىن ئەگەشكەن تالىپلارغا خۇش نەزەر سېلىپ باراتتى. قايسىدۇر بىر تالىپ ئىشەكنىڭ نوقتىسىدىن تۇتۇپ توختاتتى:

— ئىشەككە ئوڭ مىن داۋاتىمىز سارالڭ، قېنى ئوڭ بول...

قەلەندەر تالىپلارغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. بېلى تالغان كۆك ئىشەك قىمىرلاپ ئېغىرلىقىنى ئوڭ پۇتلىرىدىن سول پۇتلىرىغا يۆتكىدى. تالىپلارنىڭ «ئىشەككە ئوڭ مىن، ھوي كاپىر ئوڭ مىن» دېگەن سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قەلەندەر خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— ھۆرمەتلىك ئەھلى ئىلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە ئەھلى ئۆلىمالارغا ھۆرمەت قىلىش ۋاجىپ، دېگەن. ئۆزىمۇ ئەھلى ئۆلىمالارغا ئىززەت كۆرسىتەتتى. مەن ئىشەككە ئوڭ مىنىپ ماڭسام ھەر قايسىلىرىغا ئارقام بولۇپ قالىدىكەن. ئەھلى ئىلىمگە ئارقىسىنى قىلىش ھۆرمەتسىزلىكتۇر، شۇڭا مەن ...

تالىپلارنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى. ئۇلار ئەمدى نېمە دېيىشلىرىنى بىلەلمەي قالغانىدى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا يولسىزلىق بىلەن ئۇنى ئىشەككە ئوڭ مىنىشكە قىستايتتى. تالاش - تارتىش ئۇزاققا سوزۇلدى. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە يان بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئاخىر يەنىلا تالىپلار تەسلىم بولدى.

قەلەندەر كۆك ئىشەكنى دېۋىتىپ، ساغرىسىغا شاپىلاقلاپ ئۇرۇ
قويدى. كۆك ئىشەك ئورنىدىن قوزغىلىپ مەھكىمە شەرئىيگە يۈرۈ
كەتتى، تالىپلار ئەگەشتى. ئاشۇ ھالەت خۇددى نىكاھسى
مۇھەببەتلەشكەن زىناخورنى يۈزىگە قارا سۈۋاپ، بېشىغا كۇلا
كىيگۈزۈپ، ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىۋاتقان
ئوخشايتتى. قەلەندەرنىڭ ئۇزاقتىن بېرى سۇ تەگمىگەن يۈزىمۇ قازا
كۆيىسى سۈۋاپ قويغاندەك قارا ھەم مەينەت ئىدى، كىشىلەر نەپرە
بىلەن قارىشاتتى، بىكار تەلەپلەر ئەگىشەتتى، بالىلار چۇقا
سېلىشاتتى، تاش - داڭگاللارنى ئېتىشاتتى. قەلەندەر بولسا بەخىرامان
ئىدى. سازايى قىلىش تاكى مەھكىمە شەرئىيگە يېتىپ بارغۇچ
داۋاملاشتى.

ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىش خوتەن شەھىرىنىڭ
كوچىلىرى ئۈچۈن تونۇجى قېتىممۇ، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىممۇ ئەمەس
ئىدى. لېكىن، ئۆزىنى ئۆزى ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى
قىلىش بولسا تونۇجى قېتىم ئىدى. ئۇزاق يىللار — ئەسىرلەر
ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئەۋلىيانىڭ ئاشۇ كوچىلاردىن ئىشەككە
تەتۈر مىنىپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ھەر قېتىم يۈزىگە
قارا سۈۋىغان زىناخورلار ۋە باشقا گۇناھكارلار ئىشەككە تەتۈر
مىندۈرۈلۈپ سازايى قىلىنغاندا، ئۇلار ئاشۇ ئەۋلىيانى يادىغا
ئېلىشاتتى. ئۇلار ئاخىرقى قېتىم ھېلىقى ئاپەتلىك «مەدەنىيەت
ئىنقىلابى» دا سازايى قىلىنغان بىچارىلەرنى كۆرگەندە ئۇنى يادىغا
ئېلىشتى. لېكىن ئەمدىكى بۇ بىچارىلەرنىڭ بېشىدا كۇلاھ، يۈزىگە
قارا سۈۋالغان بولسىمۇ ئاستىدا ئىشەك يوق ئىدى ...

مەھكىمە شەرئىينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تالىپلار بىلەن قەلەندەر
ئوتتۇرىسىدا يەنە ئازراق تالاش - تارتىش بولۇپ ئۆتتى. قەلەندەر
ئىشەكتىن چۈشمەيلا مەھكىمە شەرئىيگە كىرمەكچى بولغاندا تالىپلار
ئۇنىمىدى. بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر قەلەندەر جاھىل خوتەنلىكلەرگە يول
قويدى.

* * *

ئۇلار مەھكىمە شەرئىيگە كىرىپ كەلگەندە، ئۇ يەردە ھېلى
بولۇپ ئۆتكەن سوتنىڭ ئاخىرقى پەتىۋاسى ئېلان قىلىنىپ بولغانىدى
ھارغىنلىقتىنمۇ ياكى نېمىندۇر كۈتۈپ زېرىككەنلىكتىنمۇ قازى
قۇززات، ئەلەم، مۇپتى، رەئىسلەر پاشا كاۋىسىدەك يوغا

سەللىلەرنىڭ ئاستىدا ئېزىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. كۆزلىرى خۇددى ئۇخلاۋاتقان مۇشۇكنىڭ كۆزلىرىدەك يېرىم يۇمۇلغانىدى. ئۇلار كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى ئاشۇ تارقىسچىلىقتىن تالىپلار ھەيدەپ كىرگەن جەندە - كۆلاھلىق قەلەندەرنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى ئېچىشتى، لېكىن ئۇنىڭدىن بىرەر قولغا چىققۇدەك پارا ياكى مۆھۈر ھەققى ئۈندۈرۈۋېلىشقا جەزىم قىلالماي يەنە كۆزلىرىنى يۇمۇشتى. پەقەت قازى - قۇززاتلار «نېمە ئىش؟» دەپ سوراپ قويدى پەس ئاۋازدا. لېكىن، ئۇنىڭ سوزۇلغان ئاۋازىدىن ئۇلۇغۋارلىقى جاراڭلاپ تۇراتتى. تالىپلار قەلەندەرنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ۋە بەرگەن جاۋابلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ كاپىر - دەھرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتى. جازالاپ بېرىشنى، خەلقى ئالەمگە ئىبرەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قازى جىددىي دىنىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ كۆزىنى ئاچتى ۋە دەرھال سوراقنى باشلىدى. لېكىن، ئۇمۇ تونۇشتۇرۇلغان ئاشۇ گەپلەردىن ئالدىدىكى قەلەندەر سىياق ئادەمنىڭ ئوق ياكى سارالڭ ئىكەنلىكىگە دەرگۇمان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ سوراقنى دەل ئاشۇ جايىدىن باشلىدى.

— ئەقلى - ھوشۇڭ جايىدىمۇ؟

— سارالڭ ئەمەس ئوخشىمەن، قازى جانابلىرى.

— ئۆزۈڭنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

— مەھكىمە شەرئىيىدە تۇرۇۋاتىمەن جانابلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا.

— تالىپلارنىڭ سېنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭ توغرىسىدا دېگەنلىرى راستمۇ؟

— راست جانابلىرى، ئۇلار يالغان ئېيتمىدى.

— سەن مۇسۇلمانمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلماندۇرمەن جانابلىرى.

قەلەندەر تېز، توغرا، ئېنىق جاۋاب بېرەتتى. لېكىن، ھالىتى بىنەزەر ئىدى. ئاشۇ سوئاللارغا ئويلىمايلا جاۋاب بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تالىپلار ئۇنىڭ جاۋابلىرىدىن ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ گەپلىرى ھېلى مەسچىت مۇنارىنىڭ پەشتىقىدا ئولتۇرۇپ بەرگەن جاۋابلىرىغا ئوخشىمايتتى. گويا ئۇ تالىپلارنى تۆھمەتچىگە چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك قىلاتتى. تالىپلارنىڭ كۆزلىرى ئەنسىزلىكتىن چاراقلاپ پۇلتىيىپ كەتتى. ھەممىدىن بەكرەك ئەنسىزلىككە چۈشكەن بىر تالىپ «ئابايا ئۇ ئۇنداق دېمىگەن» دەپ

لوقما سالدى. قازى سوراقنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن ھېلىقى تالىپلارنىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنىدىڭ؟

— توغرا جاۋاب بەرگەنىدىم جانابلىرى.

تالىپلار «يالغان، يالغان» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— ئۇلار نېمە دەپ سورىغانىدى؟

— سەن مۇسۇلمانمۇ ياكى كاپىرمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى جانابلىرى.

— سەن نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭ؟

— مۇسۇلمان دېسەڭ مۇسۇلماندۇرمەن، كاپىر دېسەڭ كاپىردۇرمەن، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم جانابلىرى.

— بۇ سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلغىنىم جانابلىرى، ئۆزلىرى ئېيتىپ باقسىلا، مۇسۇلمان ئادەمدىن كاپىرمۇ سەن دەپ سوراش دۇرۇس بولارمۇ جانابلىرى؟

قازى توختاپ قالدى. مەھكىمە شەرئىينىڭ ئىچىنى ھەيرانلىق قاپلىدى. ئەلەم، مۇپتى، رەئىسلەرنىڭ يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرى ئېچىلىپ كەتتى. تالىپلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشتى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇتۇلۇپ قالغانىدى. قەلەندەرنىڭ ھەر بىر سۆزىگە «جانابلىرى» دېگەننى قوشۇپ ئېيتىشىدا روشەن مازاق مەنىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قازى قەلەندەرنىڭ مەينەتلىشىپ كەتكەن چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قاراشلىرىدىن ئالدىدىكى قەلەندەرنى بوش چاغلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ تالىپلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىلمەك ـ توقۇناق سوئاللىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— سەن راستىنلا مۇسۇلمانمۇ؟

— كەلىمە تەيىبە گۇۋاھ جانابلىرى.

— قاچاندىن بېرى مۇسۇلماندۇرسەن؟

— يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى مۇسۇلماندۇرمەن جانابلىرى.

تالىپلار «ئوھ» دەپ چوقۇر نەپەس ئېلىشتى. ئۇلار «ئەلمىساقتىن بېرى مۇسۇلماندۇرمەن» دەپ جاۋاب بەرمىگەن قەلەندەرنى تۇتۇلۇپ قالدى دەپ ئويلاشقانىدى. قازى سوراقنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئاشۇنداق دېگىنىم جانابلىرى:

— نېمىشقا ئەلمىساقتىن بېرى مۇسۇلمان ئەمەسسەن؟

— ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىردىم جانابلىرى، يەتتە يېشىمدا ئاتام سۈننىتىمنى قىلدۇرغان. شۇ يىلى موللامنىڭ مەكتىپىدە كەلىمە تەيىبە تىلىمغا جارى بولدى. ئۆزلىرى ئېيتىپ باقسىلا جانابلىرى، سۈننەت قىلدۇرمىغان، كەلىمە تەيىبىنى دېيەلمىگەن ئادەم مۇسۇلمان بولارمۇ؟

قازى مەڭدەپ قالدى، چېكىسىدىن پۇژژىدە ئىسسىق تەر چىقتى، لېكىن ئۇ كۆپ سوراقلارنى قىلىپ پىششىپ كەتكەن قاقباش ئىدى. دەرھال يېڭى ھۇجۇمنى باشلىدى:

سەن ئابايا «سەن كىمنىڭ قولىدۇرسەن؟» دېگەن سوئالغا «باقى بوياقچىنىڭ قولىدۇرمەن» دەپ جاۋاب بېرىپسەن، راستمۇ؟

— راست جانابلىرى، مەن باقى بوياقچىنىڭ بەندىسى.

— سەن مۇسۇلمانمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلماندۇرمەن جانابلىرى.

— ئەمىسە بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— باقى بوياقچىنىڭ بەندىسى بولغاندىكىن باقى بوياقچىنىڭ بەندىسى دېگىنىم جانابلىرى. ئۆزلىرى ئويلاپ كۆرسىلە، ئاللانىڭ نامى - شەرىپى مىڭبىردۇر. ئاشۇ مىڭبىر مۇبارەك ئىسىم قاتارىدا باقى دېگەن ئىسىممۇ ئاللانىڭ مۇبارەك ناملىرىغا مەنسۇپتۇر...

— ئۇنداق بولسا بوياقچى دېگىنىڭ نېمىسى؟

— ھويلىدىكى گۈلزارغا قاراپ باقسىلا جانابلىرى، گۈللەر قىزىل، سېرىق، ھال رەڭلەردە ئېچىلىپ كېتىپتۇ، ياپراقلار يېشىل رەڭدە چاقناپ تۇرۇپتۇ، قارا ساقاللىرى قاردەك ئاقىرىپتۇ، بۇلارنى ئاللا بويىماي كىم بويىغان؟ ئاللانىڭ ئۆزى ئۇستا بوياقچىدۇر جانابلىرى، ئاشۇ باقى بوياقچىنىڭ ئۆزى يالغانچىنىڭ چىرايىنى قارا بوياپ قويۇشقىمۇ قادىردۇر جانابلىرى ...

قازى يەنە مەڭدەپ قالدى. چېكىسىدىن ئىككىنچى قېتىم پۇژژىدە ئىسسىق تەر ئۇرۇلدى. ئۇ قەلەندەرنىڭ جاۋابلىرىنى «خاتا» دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ئاجىز ئىدى، «توغرا» دېيىشكىمۇ رايى بارمايتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قوينىدىن يىپەك ياغلىقىنى ئېلىپ چېكىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى. تالىپلارغا ھۆمىيىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قىلىقىدا «نەدىن تېپىپ كېلىشتىڭ بۇ تىلى ئۇزۇننى؟» دېگەن تەئەددى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاشۇ سەت قەلەندەر ئالدىدا يېڭىلىپ، تۇتۇلۇپ قالغانلىقىدىن جىلە بولۇپ، يېلى ئېشىپ

كەتكەن پومزەكتەك يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر سورىماقچى ئىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ يەنە لەت بولۇشىدىن قورقۇپ زۇۋان سورىمىدى. شۇنداقتىمۇ تۇيۇقسىز «سېنىڭ كۆللۈغ ئۈستەڭگە سىيگىنىڭ كۇپىرانلىق، قىرىق دەررە ئۇرۇلۇشقا لايىقسەن!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ غەزەپتىن خۇددى بەيگىدە چاپقان ئاتتەك ھاسىرايتتى، قەلەندەر بولسا تىنچ ئىدى. نېمىنىدۇر زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاشۇ بەخىرامان ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي، ئورۇق، ئۇزۇن قوللىرىنى قازىغا قارىتىپ كۆتۈردى:

— نېمە ۋەجىدىن قازى جانابلىرى؟

— سۈنى بۇلغىغانلىقىڭ ئۈچۈن ...

— سۈنىڭ يەتتە يۇمىلانسا ھالال بولىدىغانلىقىنى بىلمەملا جانابلىرى؟ ئۆزلىرى ئاشۇنداق دېمىگەنمىدىلە جانابلىرى؟ مېنىڭ سۈيدۇكۈممۇ سۇ، ئۇ ئەزان پەشتىقىدىن چۈشكۈچە يەتتە قېتىم ئەمەس، يەتمىش قېتىم يۇمىلاندى. ئۇ ھالال جانابلىرى ...

— ياق، مەن ئۇنداق دېمىگەنمەن، سۈنى بۇلغىغانلىقىڭ ئۈچۈن قىرىق دەررە ئۇرۇلۇشقا لايىقسەن، قېنى پاششاپ، ھۆكۈمنى ئىجرا قىل ...

قەلەندەر ئەمدى قولىنى چىلان ياغىچىدىن ياسالغان پالاق كۆتۈرۈۋالغان پاششاپقا قارىتىپ كۆتۈردى. بۇ ئۇنىڭ «ئالدىرىما» دېگىنى ئىدى. ئۇ يەنىلا ئاۋۋالقىدەك بەخىرامانلىق ئىچىدە قازىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئەگەر سۈنى بۇلغىغانلىقى ئۈچۈن قىرىق دەررە ئۇرۇلۇش كېرەك بولسا، ئاۋۋال مۇنۇ تالىپلارنىڭ ھەر بىرىنى قىرىق دەررىدىن ئۇرسىلا جانابلىرى، ئاندىن كېيىن مېنى.

— نېمە ۋەجىدىن؟

— پاك سۈنى بۇلغىغانلىقى ۋەجىدىن، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى كۆللۈغ ئۈستەڭگە چىلاپ تاھارەت ئېلىشتى، ئىچىدىغان سۈنى بۇلغىدى ...

— راستمۇ؟

بۇ سوئال ئەمدى تالىپلارغا قارىتىلغانىدى. تالىپلارنىڭ سەللىلىك باشلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ۋۇجۇدلىرىغا تىترەك ئولاشتى. دەررىنىڭ «پاق - پۇق» ئۇرۇلغان دەھشەتلىك ئاۋازلىرى قۇلاقلىرىغا ئاڭلانغاندەك بولۇپ، شۈركۈنۈپ - تولغىنىپ كېتىشتى.

قازى تۇرۇپ قالدى، ئۇ ئەمدى نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەۋرەتلىرىنى ئۈستەڭگە چىلاپ تاھارەت ئالىدىغان ئاشۇنداق بىنومۇس - بىشەرئىي قىلمىقتىن ئۆلگۈدەك بىزار ئىدى. مەسچىت - مەدرىسىلەردىمۇ تالاي قېتىم ئاشۇ قىلمىقنى سۆكۈپ ۋەز ئېيتقان، مەسچىت - مەدرىسىلەرگە تاھارەت ئېلىشتا ئىشلىتىدىغان قوم چۆگۈن، ساپال چەينەكلەرنى، نوگاي - قاپاقلارنى قويدۇرغانىدى. لېكىن، بۇ خەق يەنە ئاشۇ پاسكىنا قىلمىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى، سۆت بىلەن كىرگەن خۇي ئۆلگەندە چىقىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. قازىنىڭ شۇ تاپتا ئاشۇ تالىپلارنى، بىشەرئىي قىلمىقى ئۈچۈن قىرىق دەررىدىن ئۇرغۇسى كەلدى، لېكىن ئىككىلىنىپ قالدى. ئۆزىنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى تېخىچە قۇرئاندىن نېرى ئۆتەلمىگەن زەڭگىرەك ئوغلىمۇ تالىپلار ئىچىدە تۇراتتى. مۇپتى ئاخۇنۇمنىڭ، ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئوغۇللىرىمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئاشۇ سۆڭەكى قاتمىغان باللار قىرىق دەررىنىڭ ئاستىدىن ساق تۇرالامدۇ؟ ھەي... قازى ئىككىلىنەتتى، نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى، بۇ سوراقنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلمەيتتى. شۇ ئارىدا ئەلەم ئاخۇنۇم ئارىغا چۈشتى. ئەلەم ئاخۇنۇم پۈتكۈل سوراق جەريانىدا، قەلەندەرنىڭ بەخىرامان ھالىتىگە، جۇل-دۇر- كىيىپ تۇرقىغا، ئاجايىپ پاساھەتلىك جاۋابلىرىغا ھەيرانلىق - مەمنۇنلۇق نەزەرى بىلەن قاراپ ئولتۇرغانىدى. كۆڭلى سىرلىق بىشارەتنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قەلەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنى تونۇماي قاپتىمىز، نامى - شەرىپلىرى نېمىكىن؟

— قەلەندەرمەن، نام - شەرىپىممۇ قەلەندەر...

— ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك سۆھبەتلىرىگە مەيلىمىز بار ئىدى. قەلب دۇردانىلىرى ئارىسىدىن ئازراق گۆھەر تىرىۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرەرلىمىكىن؟

قەلەندەر ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ مەقسىتىنى — ئۇنىڭ قازى ئاخۇنۇمنى تەڭلىكتىن، تالىپلارنى پالاقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇ ياش باللارنى تاياققا قويغۇسى يوق ئىدى. پەقەت ساۋاق بېرىپ قويۇشنىلا ئىستەيتتى. ئۇ تاقىرىشىمىدى:

— قېنى ئەمىسە باشلا.

ئەلەم ئاخۇنۇم قەلەندەرنى باشلاپ مەھكىمە شەرئىيەدىن چىقتى...

ئۇزاق يىللار - ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر مەھكىمە شەرئىيەدە بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ بىر قېتىملىق سوراقنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ھەر قېتىم رەڭدار نەرسىلەرنى كۆرگەندە باقى بوياقچى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى كۆڭۈللۈك ھالدا يادىغا ئېلىشاتتى. ئەۋرىتىنى ئۈستەڭگە چىلاپ تاھارەت ئېلىۋاتقان بىشەرئىيلەرنى ئۇچراتقاندا قەلەندەرنىڭ ئۇنتۇلماس تەنبىھىنى ئەسلىشەتتى. لېكىن، ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ، بېشىغا سەللە يۆگىۋالغان بەزى نائەھلىلەرنىڭ چوڭ ئۈستەڭگە ئەۋرىتىنى چىلاپ، پاك سۇنى بۇلغايدىغان قىلىقىنى يەنىلا پات - پات ئۇچرىتىپ تۇرۇشاتتى ...

شۇ تاپتا ھۆرمەتلىك ئەلەم ئاخۇنۇم قەلەندەرنى خۇش پېئىللىق بىلەن يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ئېسىل كىيىنىۋالغان، بېشىغا يوغان سەللە ئورىۋالغان چاكارغا ئوخشايتتى. قەلەندەر بولسا ئېشەك ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇراتتى، كىشىلەر ھەيران بولۇپ قارىشاتتى. ھەي، ھۆرمەتلىك ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ بىر ئەرزىمەس قەلەندەرنىڭ ئېشىكىنى يېتىلەپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان، ھەي تەتۈر پەلەك...

* * *

ئەلەم ئاخۇنۇم كۆك ئېشەكنىڭ باشبىغىدىن يېتىلەپ باراتتى. كۆڭلىدە قىلچە كىر - پۇشايمان يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكەت- قىلىقلىرىدىن ئۇلۇغۋار بىر زاتقا، نامى كەلگۈسىدە ئەسىرلەر بوي ئۆچمەيدىغان بىر مۆتىۋەرگە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىغا چەكسىز ئىشەنگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆزىمۇ كەمتەر ئادەم ئىدى- سىرلىق — نامەلۇم بىر كەلگۈندى قەلەندەرگە قىلىۋاتقان مۇش خىزمەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كەمتەر نامىنىڭ يەنىمۇ ۋايىغ يېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئەخلەت ئارىسىدىكى گۆھەرنى تونۇيالايدىغان كۆزلىرىنىڭ يەنىمۇ داڭقى چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ قىلچە نومۇس قىلماستىن جۇلدۇر كىيىمەن قەلەندەرنىڭ ئېشىكىنى يېتىلەپ كېتىۋەردى. ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچى قالغان كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا سىرلىق خىياللارنى قالدۇرۇپ باراتتى. ھاڭ - تاڭلىقىنى يەنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى. ئۇلار ئاش يۇرۇشىدە «خەلىپىلىك ھويلا» غا — خوجا ئەۋلادى بولمىش، ئەلە ئاخۇنۇمنىڭ خاندانىغا يېقىنلاپ باردى. «خەلىپىلىك ھويلا» نا ئارقىسىدىكى «مۆيتى غوجام» مازىرىنىڭ خادا - شەددىلىرى، توغ ئەلەملىرى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. توپىلىق يولنىڭ ئىكك

قاسىنقىدىكى قاتار - قاتار ئۈجمە دەرەخلىرى يولغا قويۇق سايە تاشلاپ، كىشىگە ھوزۇر بېرەتتى. كۆك ئېشەك ھۆرمەت - ئىززەت ئىچىدە «خەلىپىلىك ھويلا» نىڭ ھەشىمەتلىك دەرۋازىسىنىڭ ئېگىز بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى. ئىچكىرى - تاشقىرى ھويلىلار، نەقىشلىك دىراۋزۇن ھۆسن بېغىشلاپ تۇرغان پېشايۋانلار، ئاستىمۇ، تاملىرىمۇ زىلچا - گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ئايۋان - سارايلار قەلەندەرنىڭ دىققىتىنى قىلچىمۇ جەلىپ قىلالمىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئېغىل تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقان كۆك ئېشەككە ھەسرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، مېھمانخانىغا قەدەم باستى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە كۆك ئېشەككە قارىتىلغان «كىم سېنى سالپاڭ قۇلاق، تۆت ئاياغلىق بولسۇن دەپتۇ؟ جىسمىڭدا ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسى بار تۇرۇقلۇق مېھمانخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشتىن چەتلىتىلدىڭ، ھەي، بىچارە...» دېگەن پىكىر كېزىپ ئۆتتى. لېكىن قاردەك ئاق، قارا تۇمشۇقلۇق غاز بولسا، ئىككى تەرىپىگە ئېغىناقلاپ غاقىلدىغىنىچە مېھمانخانىغا — ئوتتاشتەك قىزىل گىلەملەر ئۈستىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. ئەلەم ئاخۇنۇم تۆت پۇتلۇق ئەمەس، ئىككى پۇتلۇق بولغىنى ئۈچۈنمىكىن ئۇنى توسمىدى. قەلەندەرنىڭ بولسا رايى شۇ ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشام ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرى، غالچا - مەدىكارلىرى، دېدەك - چۆرىلىرى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك يايپىتەك بولۇپ، قەلەندەر ئۈچۈن پۈتۈن بىر ئاخشام خىزمەت قىلدى. جاھاندىن تېپىش مۇمكىن بولىدىغان نازۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ خانىدانىدىن تېپىلاتتى. توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە يېمەكلىكلەر داستىخانغا تۆكمە قىلىندى، لېكىن قەلەندەر كەم ئىشتىھا ئىدى. ئۇ قوغۇن - تاۋۇزلارنى، بېھى، نەشپۈتلارنى كۆك ئېشەككە چىقارتىپ تۇردى. ھالۋا - مانتۇلارنى تەخسىسى بىلەنلا غازغا ئۆتۈندى. ئەڭ ئاخىردا يېگىي ئۈزۈلگەن ئانارلارنى ئالىقىنىغا ئۇۋۇپ، غازنى قوچىقىغا ئېلىپ، ياقۇتتەك ئانار دانىلىرىنى ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ يېگۈزدى. قەلەندەر پۈتۈن بىر ئاخشام داۋامىدا زادىلا زۇۋان سۈرمىدى، مۇبارەك نەزەرلىرىنى، ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ تەشنا چېھرلىرىگە بىرەر قېتىممۇ تاشلاپ قويمىدى. ئۇ گويا قەلب دۇردانىلىرىنى ئەلەم ئاخۇنۇمدىن قاچۇرۇۋاتقاندەك، ئېسىل نەزەرلىرىنى ئەلەم ئاخۇنۇمغا تەقدىم قىلغۇسى كەلمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ناماز خۇپتەنگە ئەزان چىققاندا ئەلەم ئاخۇنۇم لەۋ يېرىپ: «ھەززىتىم، تاھارەتلىرىنى يېڭىلىۋالامدىلىكىن؟» دەپ سورىدى، قەلەندەردىن

ھېچقانداق ئىنكاس قايتمىدى. «ئاڭلىماي قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان ئەلەم ئاخۇنۇم تەكلىپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. گەپ شۇ چاغدا قەلەندەر كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ: «مەن ھەر قانداق ھەمدۇ سانانى قوبۇل قىلىشقا تەييارمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ پۈتۈن بىر ئاخشامدا چاچقان قەلب دۇرلىرى پەقەت شۇلا ئىدى. ئەلەم ئاخۇنۇم ھەيران بولدى ۋە ئارقىدىنلا چىرايىدا ئاللىقانداق بىر يوشۇرۇن سىرنى چۈشەنگەندەك ئىپادىنى جىلۋە قىلدۇردى. ئۇ قايتا قايتا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ناماز خۇپتەنگە چىقىپ كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. ھەزرىتىمنى يالغۇز قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم تىلىدى. قەلەندەر گويا ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلىمىغاندەك بىئىنكاس ئىدى ...

ئەلەم ئاخۇنۇم خۇپتەن نامىزىدىن قايتىپ كىرگەندە، قەلەندەر چىلىمنى خورۇلدىتىپ، نەشە چېكىپ ئولتۇراتتى. زىلچا - گىلەملەرنىڭ مېھمانخاننى نەشە ھىدى قاپلىغانىدى. قەلەندەر ئۆپكىسىدىن ياندۇرغان ئىسسىق غازنىڭ تۇمشۇق - بۇرنىغا قارىتىپ پۈۋلەيتتى. غاز ئىللىپىسمان كۆزلىرىنى خومارلاشتۇرۇپ، دەسلەپتە بوش - بوش غاقىلدىدى، كېيىن تېخىمۇ شوخلىنىپ قاناتلىرىنى كېرىپ، گىلەم ئۈستىدە غاقىلداپ چېپىشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئاق لىباسلىق رەققاسقا ئوخشايتتى. شوخلۇق بىلەن غاقىلداشلىرى بولسا كېچىچە ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، ساما سېلىپ چىققان سوپىنى ئەسلىتەتتى. قەلەندەر نەشىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن، قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ قىسقىغىنا دۇئا قىلدى ۋە شۇ زامات ماۋۇق ياستۇققا يانپاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئەلەم ئاخۇنۇممۇ ئۇخلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ، مېھمانخانا ئىشىكىنى ئاۋايلاپ يېپىپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ئەلەم ئاخۇنۇم مېھمانخانا ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ نەزەر سالغىنىدا، قەلەندەر ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. سىيىپ - چىچىپ، بىزەپ قىلىۋېتىلگەن مېھمانخانا ئىچىدىن گەندىنىڭ سېسىق ھىدى گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. گىلەم ئۈستىدىكى ئالامەتلەردىن كۆك ئېشەكنىڭمۇ مېھمانخانا ئىچىدە تۈنىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قوغۇن - تاۋۇز، بېھى - نەشپۈتنى كۆپ يەپ، شاتىراقلاپ قالغان كۆك ئېشەك ئۇتقاشتەك قىزىل گىلەملەرنىڭ ئۈستىنى بۇلغىۋەتكەنىدى. ئادەم گەندىسى، ئېشەك تېزىكى، قوش مايىقى ئارىلىشىپ، چېچىلىپ ياتاتتى... سېسىق پۇراق

بىر ئاز بېسىققاندىن كېيىن ئەلەم ئاخۇنۇم مېھمانخانا ئىچىگە كىرىپ، تامغا يېزىپ قويۇلغان «ماڭا قىلغان ئىززىتىڭگە سىيمەك ۋە چىچماق كېرەك» دېگەن خەتلەرنى كۆردى ۋە بۇنىڭ يېنىغا توقۇلغان بىر غەزەلنىڭ تۈنجى مىسراسى ئىككەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەلەم ئاخۇنۇم ھەيران ئىدى، ئۇنىڭ قەلبىنى سىرلىق بىر تۇيغۇ قاپلاپ كېلەتتى ...

ئۇزاق يىللار - ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىلچىلىكلەر ئەۋلىيانىڭ «خەلىپىلىك ھويلا» غا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى، ئېيتقان بىر جۈملە سۆزىنى، نەشە چېكىپ قىلغان دۇئاسىنى، مېھمانخانىغا سىيىپ - چىچقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار: شۇ قېتىم ئەۋلىيا مۇقەددەس جەندە — كۇلاھسىنى ئەلەم ئاخۇنۇمغا قالدۇرۇپ كەتكەن، دېيىشەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەلەندەر نەشە چېكىپ قىلغان دۇئاسىدا: «ئەۋلادىمۇ ئەۋلاد ئەلەملىك مۇقامىدا ئۆتكەيسەن! » دەپ سېھرىي ئالامەت قىلغانمىش، ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى سۇلايمان ئەلەم، شەمشىدىن خوجا ئەلەم قاتارلىقلارنىڭ تاكى ئەخمەتتوختى ئەلەمگىچە ئەۋلادىمۇ - ئەۋلاد ئەلەم بولۇپ ئۆتكەنلىكى ئاشۇ سېھرىي ئالامەتنىڭ ۋەجىدىنىمىش. مېھمانخانىغا سىيىپ - چىچقانلىقى بولسا، ئۇزىنىڭ ئەۋلىيالىقىنى يوشۇرۇن - پىنھان تۇتۇش ئۈچۈن قىلغان ئىشمىش ... يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، قەلەندەر شۇ قېتىمقى دۇئاسىدا، «قىزلىرىڭ ئۆمۈرۋايەت تۇل قالغاي! » دەپ قاغىغانمىش ۋە خوتەنگە ئەلەم بولغانلارنىڭ قىزلىرىغا ئەر چىقماسلىقىدىكى سەۋەب شۇنىڭدا ئىمىش ...

بۇ چاغدا قەلەندەر كۆك ئېشىكىنى دېۋىتىپ، يىراق مەنزىللەرنى كۆزلەپ، خوتەن شەھىرىدىن چىقىپ كېتىپ باراتتى.

* * *

قەلەندەر تاڭ سەھەردە، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىكى كەلكۈننىڭ پەسەيگەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خېلىلا تۆۋەندىن — «تاش كېچىك» ئارقىلىق دەريادىن ئۆتتى. ئۇ كۆك ئېشەكنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ، قاراقاش دەرياسىدىكىگە ئوخشاشلا، قولىنى دەرياغا تىقىپلا، چىلگە قوغۇنچىلىك كېلىدىغان ئاق قاشتېشىدىن بىرنى سۇزۇپ، خۇرجۇنغا سېلىپ قويدى. ئۇ ئاشۇ قاشتېشىنى نېمىگە سۇزگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، پەقەت سۇزۇپ قويۇش ئۈچۈنلا سۇزۇپ قويغانىدى. ئۇ دەريادىن ئۆتۈپ ئۇزاق ماڭمايلا «ھېلىم ئاتا» مازىرىنىڭ ئالدىدا زاھىر

بولدى. ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ، يىراققا — شىمالغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ قەلب كۆزلىرى يورۇقلاش دەرياسى بويىدا بىر سىزىق ئۈستىگە تىزىلىپ، يىراق - يىراق چېچىلىپ ياتقان «تۇغىيانچى» مازىرىنى، «ئىمامى ھاشىم» مازىرىنى، «ئىمامى پەتتار» مازىرىنى، «مازار تاغ» نى بىمالال كۆرەتتى. ئۇ ئۇزاققا سوزۇلغان چوڭقۇر خىياللاردىن ئويغىنىپ، قۇم ئىچى بىلەن شەرققە يۇرۇپ كەتتى. چۈشكە قالمايلا «ئىمامى ئاسىم» ۋە «ئىمامى قاسىم» لارنىڭ قەبرىسىگە يەتتى. ئۇ بۇ يەردە ئىمامى ئاسىم ۋە ئىمامى قاسىملارنىڭ روھىغا دۇئا - تەكبىر ئېيتىمىدى، سەنسۇئىل كاپىرنىڭ قەبرىسىگ سىيىپ - چېچىپمۇ يۈرمىدى. پەقەت چىلىمنى خورۇلدىتىپ بىر پەنەك نەشە چەكتى. قۇمغا كۆمۈلۈپ، كۆتىنى كېيىنكى كۈننىڭ ئاپتىپى قىزدۇرغۇچ ئۇخلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىمالغا يۇرۇلۇپ، سۇبا، جىيا دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ، يورۇقلاش دېگەن يېزىدا «ئۇشلۇقۇم مازار» ، «قارا ساقال مازار غوجام» ، «ئىمامى مۇھەممەد نەقىي مازار غوجام» ، «ئىمامى مەھەممەت تەقىي مازار غوجام» لارنى يوقلاپ، لوپنىڭ يېزا، جاڭگاللىرىنى ئارىلاپ، «دول» دېگەن يەردە «باغداد پاششايىم» غا كېلىپ چۈشتى. قاراقاشنىڭ «چېدىرقۇم» دېگەن يېرىدىمۇ «باغداد پاششايىم» نى كۆرۈپ ئۆتكەنلىكىنى ئەسلەپ ھەيران بولدى. «دول» دىن جەنۇبقا يۇرۇلۇپ①«سامپۇل» دېگەن قەدىمكى يۇرتنىڭ تاشلىق قەبرىستانلىقى ئارقىلىق تاغ ئۈستىدىكى ساي بىلەن ئۇدۇل «ئاچچىق» دېگەن يەرگە راۋان بولدى. «ئۇجمە مازار غوجام» دا ئۇجمىنىڭ يېرىقىغا قىسىلىپ قالغان زىكرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى كۆرۈپ، ئون بەش كۈن نەشە چېكىپ ئۇخلىدى. تاغ ئىچى ئارقىلىق «چىرىيە» تاغلىرىغا ئۆتۈپ، «ئىمامى مۇھەممەد ئاخىر زامان» نىڭ تاش ئىچىگە كىرىۋالغان يېرىنى كۆرۈپ، تاش يېرىقىدىن ئېقىپ چىقىپ تۇرغان كۆز يېشىدا بىر يىل يۇمىغان يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئۆتتى. «چاقار»②دا «ئىمامى خۇدا سالىم» مازىرىغا، «ئىمالا»③دېگەن يەردە ھەزرىتى تۆت ئىماملارنىڭ شېھىتلىكىگە يولۇقتى. ئۇ يەردىن كېرىيىنىڭ «پولۇ» تىغى ئارقىلىق «نىيا» تاغلىرىغا ئۆتۈپ، «كۆك مەرەس» دېگەن يەرنىڭ ئۈستىدىكى «مۇنجىلە خېنىم» مازىرىغا يەتتى. ئۇ يەردە

① سامپۇل — لوپ ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسىنىڭ نامى.
② چاقار — چىرا ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى
③ ئىمالا - چىرا ناھىيىسىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى بولۇپ ھازىر بوستان دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيۇلتاشنىڭ تېگىدىن سۇ چىقىپ تۇراتتى. يۈز - كۆزلىرىنى، ئۆسۈپ دولىسىدىن ساڭگىلىغان قارا چاچلىرىنى يەنە بىر قېتىم يۇدى. تاغدىن پەسلەپ «كۆك مەرەس» تە «ھەسسۇلتىنىم» غا يولۇقۇپ، ساي بىلەن نىياغا كېلىپ چۈشتى. تەلپەكچىلىك كېلىدىغان بۇ كىچىككىنە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىدا، «قالماق قۇدۇق» دېگەن يەردە «شېھىتلىك پاششايىم» نى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. نىيالىقلار «شېھىتلىك پاششايىم» نى ئاچقۇچى، «ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىم» نى قۇلۇپى دەپ چۈشەندۈرۈپ، «شېھىتلىك پاششايىم» غا دۇئا قىلمايلا «ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىم» غا بارسا دۇئاسى ئىجاۋەت بولمايدۇ دەپ «قالماق قۇدۇق» تا تاۋاپ قىلىپ ئۆتۈشنى تەۋسىيە قىلاتتى. قەلەندەر «شېھىتلىك پاششايىم» دىمۇ باشقا مازارلاردىكىگە ئوخشاشلا نەشە چېكىپ، تەمبۇر چېلىپ ئون بەش كۈن ياتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن چۆل ئىچىگە ئاتلىنىپ «ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىم» غا قاراپ يۈرۈپ كەتتى... ئۇ نېمىشقىدۇر يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ بارماي، مازارمۇ مازار چۆرگىلەپ يۈرەتتى. بىرەر كىم پالانى يەردە مازار بار دېسە، شۇ ياققا قاراپ كېتىۋېرەتتى. مازارلاردا دۇئا قىلمايتتى. ئىستىقامەت قىلىپ، تىلەك تىلەپ، شاخ يېرىپ، بىرەر كىمنىمۇ قارغىمايتتى. نامى ئانچە مەشھۇر ئەمەس كىچىك مازارلاردا توختىماي، چوڭراق مازارلاردا ھەپتە، ئون بەش كۈن، ھەتتا قىرىق كۈن توختاپ، مازاردا ياتقان مۇقەددەس زاتلار بىلەن سىردىشاتتى. ئۇلارنىڭ تەزكىرە كەچمىشلىرىدىن ئۆز سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەيتتى. ئاشۇ مۇقەددەس زاتلار ئۇنىڭ نەزەرىدە مەشھۇر - مەشھۇر ئەمەسلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى «ئىنسانىي كامالەتكە قانچىلىك يېقىنلىقى بىلەن پەرقلىنەتتى». ئۇ ئاشۇ مازارلاردىن «ئۆزى» نى ئىزدەيتتى؛ ئۆزىنى تاپسىلا ھەقنىمۇ تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ ماشايىقلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، كامالەت يولىغا ئىنتىلەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىكلەر ئىچىدە يوقلۇقىنى بىلەتتى. شۇڭىمۇ مازارمۇ مازار كېزىپ يۈرەتتى ... قەلەندەر ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئالدىدا جاۋابكار ئەمەس ئىدى. مازارلارنىڭ گۈمبىزىگە باش قويۇپ، ھەپتە، ئون بەش كۈن، قىرىق كۈن چوڭقۇر خىياللارغا پاتقىنىدا، يەنىلا ئۆزىنىڭ كامالىتىنى ئىزدەيتتى. ئۆزىگە بولغان جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ئۆز ۋۇجۇدىدىن ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسىنى تېپىشقا قىستايتتى. ئۆزىنى، ئۆز كامالىيىتىنى تاپالمىغانسېرى قەلبى ئۇلۇغ بىر ئىشق گۈلخانىدا كۆيەتتى. ئۇلۇغ

ۋە مۇقەددەس ئىشىق ئوتى قەلبىنى تاۋلايتتى. تاۋلانغان قەلبتە يېڭى- يېڭى ھېكمەتلەر پىشىپ چىقاتتى. «ھېكمەت كۆپ جايدا قايغۇ كۆپ» . ئۇ ئازابلىناتتى، پۇچۇلىناتتى، بىيدى بىيدا بولاتتى ...

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاشۇ مازارلاردا، شەيخنى، تاۋاپچىلارنى ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى «كۇپىرانە» ھېكمەتلىرى، بىشەرئىي قىلىقلىرى بىلەن ھەيران قالدۇرۇپ، يېڭى - يېڭى مازارلارنى ئىزدەپ كېتىپ قالاتتى.

قەلەندەر «ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشايىم» مازىرىدا ئۈچ يىل تۇرۇپ قالدى. ئۇنى ئاشۇ يەردە «ئۈچ يىل ئېتىكاپتا ئولتۇردى، ئۈچ يىل چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ ئۆزىنى ئىزدىدى، ئۈچ يىل نەشە چېكىپ ئۇخلىدى» دېيىشمۇ بولاتتى. پەقەت ئۇ ھەر يىلنىڭ سەيلە تاۋاپچىلار توپلىشىپ كېلىدىغان ئايلىرىدىلا خىيالدىن ئويغىناتتى. تەمبۇرىنى سايرىتىپ، ئۇلارغا يېڭى - يېڭى غەزەللەرنى، يېڭى - يېڭى ھېكمەتلەرنى تەقدىم قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاجايىپ مەنىلىك غەزەللەر ھۇمايۇن قۇشىنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلگەن دەستە - دەستە گۈللەردەك چېچىلاتتى، ئۇنىڭغا مەيلى سەيلە - تاۋاپ مەزگىلى بولسۇن، مەيلى يىلنىڭ باشقا مەۋسۇملىرىدە بولسۇن، نەشە ياكى ئوزۇق تۈگەپ قېلىشتىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ھەر يىلقى سەيلە - تاۋاپ مەۋسۇمىدا تاۋاپچىلار ئۇنىڭغا ۋە شەيخكە ئاتاپ، قارا ياغدەك پارقىراپ تۇرىدىغان موندەك - موندەك نەشىلەرنى ئالغاچ كېلەتتى، پۈتۈن يىلغا يەتكۈدەك ئوزۇق ئالغاچ كېلەتتى، ھەر يىلقى سەيلە - تاۋاپ مەۋسۇمى قەلەندەر ئۈچۈن دەرد - ئەلەملىرىنى، قايغۇ ئازابلىرىنى ئۇنتۇش مەۋسۇمى بولاتتى. ئۇ ئاشۇ پەيتلەردىلا ئەسلى ئادەملىكىگە قايتقان، خىيالىي ئالەمدىن رېئال دۇنياغا يېنىپ چىققان، ئازاب دېڭىزىدىن ئاراملىق قىرغىقىغا ئۆلىشىۋالغان بولاتتى. تەمبۇر چېلىپ، غەزەل ئوقۇپ ئادەملىكىنى، ئادەملىك ھېس - تۇيغۇسىنى، ئارامىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. تاۋاپچىلارغىمۇ ئاشۇنداق كۆرۈنەتتى. سەيلە - تاۋاپ مەۋسۇمى ئاياغلىشىپ، تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى شالاڭلىغان چاغلاردا بولسا، ئۇنىڭ خىيال دۇنياسى يەنە باشلىناتتى. ئازاب دېڭىزى دولقۇنلايتتى. قەلبىدىكى دەرد - ئەلەم گۈلخىنى يالقۇنجاپ، ۋۇجۇدى كۆيگەن كاۋاپتەك پىژىلدايتتى. نەشە چېكىپ ئازابلارنى ئۇنتۇشقا ئۇرۇناتتى، چوڭقۇر ساماۋى خىياللارغا بېرىلىپ ئۆزىنى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇراتتى ...

قەلەندەر «ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشىشايىم» مازىرىدىن ئۈچ يىلدىن كېيىن يېنىپ چىقتى. يېنىپ چىقىشىغا ئاشۇ يەردىن ئۆزىنى تاپالمىغانلىقى سەۋەب بولدى. ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشىشايىمنىڭ روھى ئۇنىڭغا ھېچنېمە كۆرسىتىپ بېرەلمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىنى ئىزدىگەنسېرى ھەقىقىي ئادەملىك تۇيغۇ، ئەرلىك شەھۋەت، ئىنسانىي ئارزۇ - ھەۋەس يىراقتىن كۆرۈنگەن ئېزىتقۇ سۇغا ئوخشاش جىمىرلاپ ئۇنى ئازدۇراتتى. لېكىن، ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم قالغانلىقى يادىغا چۈشكەندە قەلبى ھەقىقىي ئادەمنىڭ قەلبىدەك ئازابلارغا تولاتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشىشايىمدىن يېنىپ چىقىۋاتقان يولدا، تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ قانداقتۇر ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسى ئىكەنلىكىدىن، تۇغۇلۇشىدىنلا فەنا بولۇپ، ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىغا — ئېرىشكەنلىكىدىن شۇبھىلىنىپ قالدى. ئۆزى بىلەن ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى ھېس قىلغانسېرى قەلبىدە ئەلەم - نادامەت ئوتى يالقۇنلاپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىغا ئىنتىلەتتى. ۋۇجۇدى، قەلبى ئاللانىڭ ئىشقىدا ياناتتى، ئاللانىڭ ئىشق قازىنىدا قايناتتى. يار ۋەسلىگە ئېرىشىش — ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانىغا ئايلانغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىز مەڭگۈلۈك ۋىسالىنى — ئاخىرەتنى ئىختىيار قىلىپ قالدى. ئەتراپ غايەت يوغان ۋە ئېگىز توغراقلار، بەھەيۋەت ئۆسكەن يۇلغۇنلار بىلەن قورشىلىپ تۇراتتى. قەلەندەر دولىسىدىكى خورجۇننى يەرگە قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللىقاچان — ئۇ ئېگىز قارا قۇرۇم تاغلىرى ئىچىدە مازارمۇ مازار كېزىپ يۈرگەن چاغلاردا ئۆلۈپ كەتكەن كۆك ئېشەكنىڭ باشبېغىنى ئالدى. قاردەك ئاق، قارا تۇمشۇقلۇق غازنىمۇ شۇ چاغلاردا تۈلكە يەپ كەتكەنىدى. قەلەندەر كۆك ئېشەك ۋە ئاق غازنى ياد ئەتكەن ھالدا بىر تۈپ قېرى توغراقنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقتى. ئارغامچىنى توغراقنىڭ پەغەزدەك كۆندىلەڭ ئۆسكەن يوغان پۇتىقىنىڭ ئۇچىغا چەگدى، يەنە بىر ئۇچىنى ھالقا قىلىپ بوينىغا سالدى، ئاخىرقى قېتىم ئەتراپقا — پانىي ئالەمگە نەزەر سالدى. توغراق ئېگىز ئىدى، يىراق - يىراقلار كۆز يەتكۈزگۈسىز باراقسان توغراقلىقلار، يۇلغۇنلۇقلار، قومۇش - يانتاقلىقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قەلەندەر ئۆزى مىنىپ ئولتۇرغان توغراق پۇتىقىغا قارىدى. ئۇ مانا مۇشۇ يەردە باقىي ئالەمگە ئۆتمەكچى، ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىغا ئۇلاشماقچى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ نۇرانە سىماسى

كۆرۈنگەندەك بولدى ...

قەلەندەر ئۆزىنى پەسكە قارىتىپ تاشلىدى. ئارغامچىنىڭ
ھالقىسى قىسقىراپ، گېلىدىن بوغدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدىن ئاخىر
ئوي ئۆتتى: يېرىم مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئالەمنى كۆرىمەن ...

لېكىن، مانا شۇ چاغدا كارامەت يۈز بەردى. توغراقنىڭ شۇ
يوغان پۇتىقى ھۆل چىۋىقتەك ئېگىلىپ، قەلەندەرنىڭ يالاڭئاياغ تاپ
يەرگە تېگىپ قالدى. گېلىمۇ تۈزۈكرەك بوغۇلمىغانىدى. لېك
ئۇ بۇلارنى سەزمەيتتى. قەلەندەر مانا ئۆلىمەن - ئەنە ئۆلىمەن
خىيالى ئۇزاق كۈتتى، لېكىن ۋۇجۇدى مۇتلەقىنىڭ ۋىسالىدىن ئەم
يوق ئىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئويلاپ، تاپىنىنىڭ يەرگە تېگ
قالغانلىقى، نەپەسىنىڭمۇ راۋان يۈرۈشۈۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ
خىل رىتىمدا سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. قولىنى كۆتۈر
ئارغامچىنى تۇتتى ۋە ئۇنىڭ ھالقىسىنى بوشاتتى، ئېگىلىپ يەر
تېگەيلا دەپ قالغان توغراق پۇتىقىدىن ئارغامچىنى يەشتى. لېكىن
توغراقنىڭ يوغان پۇتىقى تۈزلىنىپ ئەسلىگە كەلمەي، ئېگىلگەن پې
قېتىپ قالدى. ئۇ خۇددى ئالايىتەن ئېگىپ قويغان قىسماققا ئوخش
قالغانىدى. قەلەندەر قولىدىكى ئارغامچا بىلەن قىسماقتەك ئېگىل
قالغان توغراققا قاراپ، باقىي ئالەمنىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلمىغانلىق
چۈشەندى. خۇدا ئامانىتىنى ئالغىلى ئۇنىمىسا ئۇ يەرگە كەتك
بولمايتتى ...

كىشىلەر ئۇزاق يىللار، ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن
ئەۋلىيانىڭ «ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشىشايىم» دا ئۈچ يى
تۇرغانلىقىنى، ئاشۇ يەردىن قايتىشتا توغراققا ئېسىلىپ، خۇدايىتا
بىلەن تېزرەك دىدارى ۋىسال بولۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەنلىك
ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. تاۋاپچىلار ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تەقدىرنىڭ ئا
كارامىتىگە — قىسماقتەك ئېگىلىپ قالغان توغراق پۇتىقىغا قار
ياقىلىرىنى چىشلىشەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەۋلىيا ئا
توغراققا ئېسىلىش ئارقىلىق ئاللانىڭ قۇدرىتىنى سىناپ كۆرگەنمى
ئەسلىدە بولسا ئۆز ئەجىلىنىڭ قۇندۇز شەھىرىدىكى ش
مەھمۇدخاننىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلەرمىش. يەنە بىر رىۋاي
ئېيتىلىشىچە، قەلەندەر «ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشىشايىم» مازى
شاخ يېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى نابۇت قىلغان ھىدايىتۇللا ئا
جازا تىلىگەنمىش. تىلىكىنىڭ ئىجاۋەت بولغان - بولمىغانلىق
بىلىش ئۈچۈن توغراققا ئېسىلغاندا، توغراق ئەنە شۇنداق ئېگىل

قالغانمىش، ئەۋلىيا بۇنىڭدىن تەقدىرنىڭ ھۆكمىسىز قىل تەۋرىمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىگە كەلگەن ھەممە كەلمىشلەرنىڭ تەقدىردىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغانمىش ...

بۇ چاغدا ئەجىلنىڭ تېخى توشمىغانلىقىنى ھېس قىلغان قەلەندەر خورجۇنىنى يۈدۈپ يىراقلارغا قاراپ كېتىپ باراتتى ...

* * *

قەلەندەر تۆت يىل ئۆتكەندە غەربكە قايتىپ خوتەن شەھىرىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتتى. ئۇ مۇشۇ جەرياندا، چىرىنىڭ «ئىماملا» دېگەن يېرىدە شېھىت بولمىش، ھەزرىتى ئىمامى ھەپتەنىڭ ئوغۇللىرى بولمىش تۆت ئىماملار — ھەزرىتى ئىمامى نەسىردىن، ھەزرىتى ئىمامى موئىمىن، ھەزرىتى ئىمامى زوھىرىدىن، ھەزرىتى ئىمامى قەۋمىدىنلارنىڭ نەسەپ يىلتىزلىرىنى بويلاپ كېزىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى ھەپتە، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى قاسىم، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى ئەسكىرى، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى نەقىي، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى تەقىي، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى ئەلى مۇسارىزا، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمامى مۇساكازىم، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمامى جەئفىرىم سادىقلارنىڭ قەبرىگاھلىرىنى تاۋاپ قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ مۇشۇ ئىخلاسمەن خوتەنلىكلەرنىڭ «تۆت ئىمام» لارنىڭ ھەممە بوۋا، ئەجدادلىرى ئۈچۈن خاتىرە - ئابىدە تىكلەپ قەبرە تورغۇزغانلىقلىرىدىن ھەيران قالدى. ئۇ يەنە، نېمىشقا ئاشۇ تۆت ئىماملارنىڭ يەنىمۇ يىراق بوغۇن، يىلتىزلىرى بولمىش ئىمامى جەئفىرىم سادىقنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى مۇھەممەد باقىر، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى زەيدىنىلئابىدىن، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمامى ھۇسەن دەشتى كەربالا، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان، جەددى ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللەھۇ ئەلەيھى ۋەسسالاملار ئۈچۈنمۇ قەبرە - ئابىدە تۇرغۇزۇشقانمىكىنە، دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن ئەل ئىچىدىن سۈرۈشتۈرگەندە بۇنداق ئابىدىلەر يوق بولۇپ چىقتى.

قەلەندەر قايتىشقا — نامەلۇم، سىرلىق، يېڭى سەپەرلەرگە يول ئالغان شۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ نامى ئاللىقاچان «دەشتى خوتەن» گە يۇر كەتكەنىدى. ئۇنىڭ سىرلىق سۆز - ھەرىكەتلىرى، گۈزەل شېئىر-غەزەللىرىدىن «بىسيار رىغبەت ۋە مەيىل» تاپقان «قەلەندەرىيە» ئۇنىڭ نامىنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ «توغما ئەۋلىيا» لىقى ھەققىدە يېڭى - يېڭى رىۋايەت - ئەپسانىلەرنى ئوتتۇرىغا

چىقىرىشقان بولۇپ، ھەر بىر يۇرت - بازارلاردا تەشكىل قىلىنغان «قەلەندەرخانا» لار ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلىشەتتى. ئۇنى كۈتۈۋالغان بىرىنچى ئۆتەڭ — كىرىيەدىلا، قارلوق ۋەچىگىل قەبىلىلىرىنىڭ ئاشۇ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۇنىڭغا «شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى» ئۇنۋانىنى تەقدىم ئېيتىپ، ئۇستىگە «جەندەئى شاھ قەلەندەر» نى يېپىشتى. ياۋاش، پاكار، توكلۇك ئاتنى مىندۇرۇپ قويۇشتى. بۇ ئاشۇ بىمەھەل ئىگىسىنى تاشلاپ كەتكەن كۆك ئېشەكتىن سەل ئېگىزرەك ئات ئىدى. ئۇ قايسى ئۆتەڭ - قونالغۇغا، قايسى يۇرت - بوستانلىققا قەدەم باسسۇن، «قەلەندەر شامەشرەپ، شامەشرەپ! » دەپ ۋارقىرىشىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى. «قەلەندەرىيە» گە گۇمان بىلەن قارايدىغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا زوقلىناتتى. غەزەللىرىنى مۇتالىئە قىلىپ، ھېكايىلىرىنى سۆزلىشەتتى. قەلەندەرمۇ تەرىقەتداشلىرىنىڭ ھۆرمەت - ئىززەتلىرىنى رەت قىلمايتتى. ئۆتەڭلەردە ئەمدى دەڭ ئىزدەپ يۈرمەي، بىراقلا «قەلەندەرخانا» لارغا چۈشىدىغان بولدى. ئۇ قەدەم باسقان قەلەندەرخانىلار بىردىن قىزىپ كېتەتتى. خورۇلدىتىپ چىلىملاردا نەشىلەر چېكىلەتتى، داپلار داراڭلاپ، ساتار - تەمبۇرلار ياڭراپ، غەزەللەر ئوقۇلاتتى. سوپىلارنىڭ غەلىتە ھەرىكەتلەر بىلەن باشلىشى ئارقىسىدا زىكرى - ساما ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى، قەلەندەرلەرنىڭ غەزەل ۋە ساماغا نىقرات قىلىپ ئۇن قاتقان «ھۇم، ھۇم، ھۇم! » دېگەن بوغۇق ۋە كۈچلۈك ساداسى ھاۋانى لەرزىگە كەلتۈرەتتى. ئاشۇ ساما ۋە «سۆۋەت» لەرنىڭ ساداسى ئۇزۇنغىچە ساقلىناتتى ...

قەلەندەر قايتىش سەپىرىدە مازار ئىزلەپ، تاغ ئارىلاپ يۈرمەي، يۇرتمۇ يۇرت، كەنتمۇ كەنت كېزىپ چىقتى. پەقەت كېرىيىنىڭ «بوغاز لەڭگەر» دېگەن يېرىدە «ئىمامى غەززالىم» مازىرىغا يولۇقۇپ، مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى ئەبۇھامىت مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل غەززالىم بىلەن روھى كامالەتكە يېتىشنىڭ تۆت باسقۇچى — شەرىئەت باسقۇچى، تەرىقەت باسقۇچى، مەرىپەت باسقۇچى ۋە ئەڭ ئاداققى ھەقىقەت باسقۇچى توغرىسىدا غايىبانە سۆھبەتلەردە بولدى. ئالىمنىڭ «ھەقىقەت باسقۇچىغا ئۇلاشقان ئادەم تېخى مەيدانغا كەلمىدى، ئەخمەق بولما! » دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلاپ ئۈمىدسىزلەندى. چىرىيىدىكى «ئىمامى جەئفىرىم تەييان پاششايىم» غا كېلىپ، ئۇ كىشىدىن مەشھۇر «ئوھۇد ئۇرۇشى» ھەققىدە جەڭنامىلەرنى ئاڭلىدى. قالغان چاغلىرىدا ساپلا كەنت - مەھەللىلەرنى ئارىلاپ،

ئەۋلىيالىق نەزەرلىرىنى ساددا خەلققە تەقدىم قىلىپ ئۆتتى. ئۇ ئارىلىمىغان كېرىيىنىڭ «مۇغاللا»، «قارلۇق»، «چۆپچىلە»، «جاي»، «شىۋۇل»، «لايسۇ» دېگەن يېزا - قىشلاقلىرى؛ چىرىيىنىڭ «گۇلاخما»، «دامىكۇ» دېگەن يېزىلىرى قالمىدى. ئۇ ئاشۇ يەرلەردە ئاددىي خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئۆتتى.

قەلەندەر خوتەن شەھىرى — ئىلچىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۆزىنى پىنھان تۇتۇش زۆرۈرلۈكىنى، ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلىرىنىڭ «قەلەندەرىيە» تەرىقىتىنىڭ مىزانلىرىغا ئۇيغۇن بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇلگۇرگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئىلچىگە جەندە - كۇلاسىنى يېشىپ تاشلاپ، پاكار ئېتىنى يېتىلەپ، تەرىقەتسىز يولۇچىدەك كىرىپ كەلدى. قەدىمكى شەھەر تۆت يىل ئاۋۋالقىدەكلا ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق، قاينام - تاشقىنلىق ئىدى. مەدداھلار تەرەپ - تەرەپتە سورۇن تۈزۈپ، جەڭنامىلەرنى، رىۋايەت - ئەپسانىلەرنى سۆزلىشەتتى. ئەلنەغمىچىلەر راۋاب، ساتار، تەمبۇر، دۇتارلىرىنى سايرىتىپ «شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى» نىڭ ناخشا - غەزەللىرىنى كۈيلىشەتتى. قەلەندەر بىر مەدداھنىڭ سورۇنىغا يېقىنلاپ كېلىپ توختىدى، ئۇنى ھېچكىم تونۇمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنۇش مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ مەدداھنىڭ سۆزلىرىگە مەمنۇنىيەت بىلەن قۇلاق سالدى. مەدداھ ئېغىزلىرىدىن تۈكۈرۈك چاچرىتىپ، نەمانگان شەھىرىدە ئۇخلاپ ياتقان ياش ۋە گۈزەل بىر ئايالنىڭ ئۈستىدە سىرلىق ۋە غايىبانە بىر شولىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، ئايالنىڭ ئاشۇ نۇرنىڭ مەلاقاتى بىلەن ھامىلىدار بولغانلىقىنى سۆزلەۋاتاتتى. ھېكايىدىكى كۆرۈنۈشلەر قەلەندەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاستا - ئاستا گەۋدىلىنىپ باراتتى...

ياش ئانا بازارغا كەلدى، باققالنىڭ سېۋىتىدىكى قاشتېشىدەك جۇلالاپ پىشقان ئۈزۈملەر، نۇردىن ھامىلىدار بولغان ئانىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ تولدۇردى. ئانا ئەنە شۇ ئۈزۈمگە سېزىك ئىدى. ئۇ سېۋەتتىن بىر سېرىق ئۈزۈمنى ئېلىپ رۇخسەتسىز يېدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قورسىقىدىن: «ئەي ئانا، نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھەققىنى رۇخسەتسىز يەيسەن؟ باققالنى رازى قىل، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ قورسىقىڭدىن غايىب بولۇپ كېتىمەن» دېگەن سادا ياڭرىدى. ئانا ئېگىرگەن يىپىنى سېتىپ، باققالنى رازى قىلدى. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت ئۆتكەندە نۇر ئوغلى تەۋەللۇت بولدى. ئۇ يەتتە كۈنلۈك بولغاندا يەتتە ئايلىق بالىدەك، يەتتە ئايلىق بولغاندا يەتتە

ياشلىق ئۆسمۈردەك ئۆستى... موللام ئۇنىڭغا «ئېلىپبە» نى ئۆگەتمەكتە، موللام «ئېلىپ» دېسە بالا «ئېلىپ» دەپ تەكرارلايتتى. موللام «بە» دېسە، بالا «مەندە بەرگىلى ھېچنېمە يوق» دەپ جاۋاب بېرەتتى. «ئېلىپ» تىن ئۇياققا ئۆتكىلى ئۇنىمايتتى. موللام ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا — بۇزچى موللا ۋەلى بىلەن سەلىمىخانغا ئەرز قىلدى. بالا موللىسى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا بىردىن «ئېلىپبە» نى سۈدەك يادلاپ ئوقۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا ھەر بىر ھەرپ، تاۋۇشنى غەزەل-مىسرالىرى بىلەن شەرھلەپ چىقتى: «ئېلىپ، ئېلىپتەك قامىتىڭنى ئېپتىدا قىلدىم بۈگۈن ...»

شاھ قەلەندەر ئۆزى قاچانلاردۇر بىر چاغدا توقۇغان غەزەلنى يادىغا ئالدى. رىۋايەتنىڭ ئۆزى ھەققىدە كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ ئەزايىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. مەدداھ «شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى» نىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى رىۋايەت قىلىشقا كىرىشكەندە، قەلەندەر ئۇ يەردىن كېتىپ قالدى ۋە ئىككىنچى سورۇنغا — راۋاب تۇتۇۋالغان ئەلنەغمىچى غەزەل ئوقۇۋاتقان يەرگە يېقىنلاشتى. ئۇ يەردىمۇ «شاھ مەشرەپ» نىڭ غەزىلى ئوقۇلۇۋاتاتتى. قەلەندەر نېمىشقىدۇر ئاڭلاپ بېقىشنى ئىختىيار قىلدى. چۈنكى ئەلنەغمىچىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ ساز ۋە يېقىملىق بولۇپ، قەلەندەر ئۆزى توقۇغان ۋە ئۆزى ئاھاڭ سالغان ئاشۇ غەزەل ۋە ئاھاڭغا ئاجايىپ پاساھەت كىرگۈزۈۋەتكەنىدى.

گۈل دىلبىرى رەنانى مەن يار تۇتاي دەيمەن،
مەي بولسا بىھەم ئاندىن بىر قەترە يۇتاي دەيمەن.
ئالەم ھەممە لەيلىدۇر تۈن - قاش قاراسىدەك،
ئايدەك يۈزگە باقىپ مەستانە ئۆتەي دەيمەن.
ئىشىق يولىدا كاپىر ئاشىققا قىلار تەنە،
بىر ئوق ئىلە كاپىرنى ئۇرۇپ يىقىتاي دەيمەن.
كۆز ياشىم دەريا بولدى، دوزاخ ئوتىدا مەشرەپمەن،
ئىشىق ئوتىدىن تاۋلاپ دوزاخنى قورقۇتاي دەيمەن.

قەلەندەرنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. راۋابچى ئۇنىڭ غەزىلىدىكى «زاھىد» دېگەن سۆزنى «كاپىر» دېگەن سۆزگە ئالماشتۇرۇپ، مەنىسىنى پۈتۈنلەي بۇزۇۋەتكەن، غەزەلنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا رىتىممۇ بۇزۇلغانىدى. قەلەندەرنىڭ غەزەپلىك

كۆزلىرى، چېچى ئۆسۈپ دولىسىغا چۈشكەن، چاچ - ساقاللىرى قارا قاغىنىڭ چاڭگىسىدەك چىگىشلىشىپ كەتكەن، يۈز - كۆزلىرىنى مەينەت باسقان راۋابچىغا تىكىلىــــپ توختاپ قالدى. شۇ ئەسنادا راۋابچىنىڭ يېڭى سۆزلىرى قەلەندەرنىڭ قۇلىقىغا كىردى: «ئەي شەخسلەر، پېقىر شا مەشرەپ سەرسەرى ھەر قايسىڭلاردىن سەدىقە تىلەيدۇ، ئاللا ھەققى، ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ھۆرمىتى ھەققــى...»

قەلەندەر ئەمدى ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدى. تەمبۇرنىڭ ئۈزۈن دەستىسى بىلەن راۋابچىنىــــڭ يالغان ئېيتقان ئاغزىلىرىغا ئۇرغۇسى كېلىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنــى سەل بېسىۋېلىپ خىتاب قىلدى:

— شامەشرەپ سەدىقە تىلىمەيدۇ، كىشىلەر ئۇنىــڭغا ئۆزى بېرىدۇ، سەن شامەشرەپ ئەمەسسەن ...

— مەن شامەشرەپنىڭ ئۆزىمەن.

— ئەمەسسەن.

— دەل شۇنىڭ ئۆزىمەن.

—ئۇنداق بولسا قېنى، دەرھال بىر يېڭى غەزەل توقۇپ باق.

— ...

راۋابچى دۇدۇقلاپ قالدى، ئارقىدىنلا دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— سەن ئۆزۈڭ كىمسەن؟

— بابارەھىم ئاتلىق، شامەشرەپ لەقەملىك مىنەلھەقمەن!

— يالغان!

— راست!

— يالغان ...

ھىلال ئاي شەكلىدە سورۇن ھاسىل قىلغان ئاڭلىغۇچىــلار ئاللىقاچان بۇرۇلۇپ قەلەندەرگە قارىشىپ قالغانىدى. قەلەندەر ئېتىىغا سەكرەپ مىنىدى - دە، «مانا قارا» دەپ، تەمبۇرىنى سايرىتىپ غەزەل ئوقۇشقا كىرىشتى. كىشىلەر توپى ئىچىدە قەلەندەرنى تونۇيدىغانلارمۇ بار ئىدى. شۇ ھامان «شامەشرەپ، شامەشرەپ دېگەن شۇ، شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى دېگەن شۇ» دېگەن پىچىرلىشىــشلار سورۇننى بىر ئالدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا زوق بىلەن نەزەر تاشلىشاتتى. شۇ ئارىدا ھېلىقى يالغانچى راۋابچى غىپپىدە تىكىۋەتتى، ئۇ مەھكىمە شەرئىيگە كۈپۈر سۆزلەيدىغان قەلەندەرنى ئۇچراتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنى «مىنەلھەقمەن» دەپ جاكارلىغانلىقىنى چېقىشقا كەتكەنىدى.

قەلەندەرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭراپ كەتتى:

ئەيىۋھەل ئەشراقى بوي ۋەسلى جاھان كەلتۈرمىشىم،
ئۆرگۈلۈپ قەشقەرمۇ، يەركەن، ئىلچى ئامان كەلتۈرمىشىم،
گاھ مۇغاللا①، گاھى قارلۇق②، چۆپچىلە③، جاي④كەنتىدىن،
كەچقۇرۇن ئاتقا بوغۇز بىرلە سامان كەلتۈرمىشىم،
گاھى شىۋول⑤، گاھى لايسۇ⑥، گاھ گۈلاخما⑦ دىن ئۆتۈپ،
چىرىلىقتىن قاق تىلەپ، ئىششەك چىلان كەلتۈرمىشىم.

ئىلچى - يۇرۇڭقاش شەھرىدىن گۆش - ياغۇ، چاي ئېلىپ،
قاراقاش بازارىدىن ئەبجۇش قازان كەلتۈرمىشىم،
بىناۋالەر بىرلە گۈلخاندا كۆڭۈللەر شاد ئېتىپ،
دەمبۇدەم ھۇ ناتىۋا ئاھۇ - پىغان كەلتۈرمىشىم.
مەشرەبا ئۆمرۈڭ خوتەن دەشتىدە ئۆتتى قان يۇتۇپ،
قانۇ جاننى كۆيدۈرۈپ يارغا ئىمان كەلتۈرمىشىم.

غەزەل ئاياغلاشقاندا، بازاردىكى پۈتكۈل خالايىق شاھ قەلەندەرنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقانىدى. تەرىقەت پېشۋاسىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان خوتەن قەلەندەرلىرى ئاللىقاچان يېتىپ كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشقان. ئۇلار ئۇنىڭ مۇبارەك ئۇزەڭگىلىرىگە لەۋ تەگكۈزۈشكە، يۈگەن بېغىغا ئېسىلىشقا، ئېتىنى يېتىلەشكە ئالدىرىشاتتى. ئۇلار شاھ قەلەندەرنىڭ ئېتىنى سۆرىگەندەك، يېتىلىگەندەك، گىتتىرگەندەك، كۆتۈرگەندەك قىلىپ ئالامانىنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ ماڭدى. بىرلىرى «سەرسەرى، سەرسەرىم!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. شاھ قەلەندەر بولسا توختىماي غەزەل ئوقۇيتتى، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ ئېيتاتتى. ئۇ گويا ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك، پەرۋايى پەلەك ھالدا قەلب مۇڭلىرىنىڭ چوڭقۇر كۆيى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ توساتتىن مۇڭلۇق «ھۆكمەت» باشلىدى. ھۆكمەتنىڭ نىقراتىغا ھەممە قەلەندەرلەر ئۇن قاتتى. جازاباتلىق سوپىلار ئاللىقاچان پاكار ئاتنىڭ ئەتراپىدا زىكرى - سامانى باشلىۋەتكەنىدى. «ھۇم، ھۇم!» قىلغان تەلقىن ئاۋازى گۈررۈلدەيتتى ... ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئاستا - ئاستا ئالغا سىلجىپ «سۇمە» گە — «قەلەندەرخانا» غا كىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ

①②③④⑤⑥⑦ كېرىيە، چىرا ناھىيىلىرىدىكى يەر ناملىرى

كوْن ئىچىدە «سوْمە» دىن «هوْم! هوْم! هوْم!» قىلغان تەلقىن ساداسى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى. هاۋا لەرزىگە كېلىپ، شەھەر ئاسمىنى گوْرۇلدەيتتى. گويا خوتەن ئاشۇ بوغۇق، مۇڭلۇق، گوْركىرەك ئاۋازى ئارقىلىق ئاھ ئۇرۇپ نالە قىلىۋاتقانغا ئوخشايتتى.

ئۇزاق يىللار - ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىلچىلىكلەر ئاشۇ زىكرى - سامانى، بوراندەك گوْرۇلدىگەن تەلقىن ئاۋازىنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ئۇلار «شاھ قەلەندەر مەشرەپى سەرسەرى» بىزنىڭ «سوْمە» دە «سوْۋەت» ئۇيۇشتۇرغان، پۈتۈن شەھەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقان دېيىشىپ يۈردى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ خوتەندە «قەلەندەرىيە» نىڭ ئۇز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ كەلگەنلىكى ئەنە شۇنىڭ ۋەجىدىنمىش ...

ئاشۇ ئاجايىپ جاراڭلىق، ئۇزۇنغا سوزۇلغان زىكرى - سامانىڭ ئاخىرقى كوْنى شاھ قەلەندەر «سوْمە» دىن ئۇن - تىنسىز غايىب بولدى. ئۇ يېڭى - يېڭى نىشانلارنى كۆزلەپ، ئۇزاق سەپەرلەرگە يول ئالغاندى.

* * *

شاھ قەلەندەر مەشرەپى سەرسەرى خوتەندىن كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئۈچ ئەسىردىن كېيىنمۇ ئۇنتۇلمىدى. كېيىنكى ئۇزاق زامانلار جەريانىدا يەنە نۇرغۇن شاھ قەلەندەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىشتى. تاكى XX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىمۇ شائەيساخان ئىسىملىك چىرايلىق، قارا ساقال، قارا بۇرۇت، قارا كۆز، بوستان كىرپىكلىرى مەڭزىگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان شاھ قەلەندەر «سوْمە» نى جايى ماكان قىلىپ، ھەر پەيشەنبە كوْنى قەلەندەرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، توپىلىق شەھەر كوچىلىرىدا غەزەل ئوقۇپ يۈردى. ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىرەك غوللۇق، ئېگىز بوي تەمبۇرچى شا قاسىمخان «قەلەندەرىيە» گە رىغبەت كىرگوْزمەكچى بولغاندى. ئەڭ ئاخىردا، تاكى ھازىرمۇ شامۇھەممەد — شاھ پاسارخاننىڭ ئوغلى؛ شا قاسىمخاننىڭ ئوغلى — كوچىلاردا ئادەم يىغىپ راۋابىنى جاراڭلىتىپ ئاجايىپ گەپتانلىقى ۋە ھازىرجاۋاب قوشاقلىرى بىلەن ئەل چېھرىگە كوْلكە يۈگۈرتۈپ يۈرۈپتۇ ... ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى «شاھ قەلەندەر مەشرەپى سەرسەرى» نىڭ ئورنىنى باسالمىدى. ئۇنداق گوْزەل غەزەل ۋە چىرايلىق ھېكمەتلەر ئۇلارنىڭ تىلىغا جايىز بولمىدى. غەزەل بىلەن كۆيىنى، كۆي بىلەن غەزەلنى يۇغۇرۇپ ئۆتەلمىدى. مازارلارنى كېزىپ، «تۆت

ئىماملا» ۋە ئەۋلاد - يىلتىزلىرىنىڭ تەقلىدىي قەبرىلىرىگە تاۋاپ قىلىدىغانلار ھازىرمۇ تولۇپ يېتىپتۇ. لېكىن، شاھ قەلەندەر مەشرەپنى سەرسەرىدەك «ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشاھىم» دا ئۈچ يىل ياتىدىغانلار چىقمىدى. توغراقتا ئېسىلىپ ئاللانىڭ ۋىسالىنى ئىزدەيدىغانلار، چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ ئۆزىنىڭ كامالىتىنى قوغلىشىدىغانلار تېخىمۇ چىقمىدى... بۇ قەدىمكى يۇرتتىكى ئاشۇ خەلق ھېلىمۇ تالاي- تالاي مازار - پاشاھىملارنىڭ قەبرىلىرىگە باش قويۇپ يېتىپتۇ، خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئەللەي ناخشىسىمۇ ئاڭلىنىدۇ ... شا مەشرەپ خوتەن دەشتىدە كېزىپ يۈرگەندە ھېچكىم ئۇنىڭدىن «تەسىراتىڭ قانداقراق» دەپ سوراپ كۆرمىگەن بولغىيدى. مەن بۈگۈنكى كۈندە، ئەگەر ئاشۇ سوئال ئاشۇ چاغلاردا ئۇنىڭدىن سورالغان بولسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرەركىن، دەپ ئويلايمەن ...



ۋېي دالىن

# خوتەن قاشتېشى دېلوسى

— چيەنلۇڭ خاننىڭ چىرىكلىكنى جازالاشتىكى تۇنجى تەدبىرى

1

شىنجاڭغا ئائىت قەدىمكى كىتابلار ۋە سەھىپىلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىرى كۆپ ئەمەس. ئەمما، ناھايىتى ئاز ماتېرىياللار ئىچىدىن يەنىلا ئاجايىپ بىر تارىخىي دېلونى كۆرۈۋشكە بولىدۇ.

چيەنلۇڭ خان ئەتىۋارلىق خانىشى خۇيشيەننىڭ جىيەنى، لەشكىرىي پىرقىنىڭ ئوڭ يانداش بېگى گاۋپۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، خاندانلىقنى زىلزىلىگە سالغان. بۇ دېلو چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، جىنايەتنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىقى، خىيانەتنىڭ زورلۇقى جەھەتتە تارىختا مىسلىسى كۆرۈلۈپ باقمىغان. ھارام مال ۋە جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كەتكەن. چېگرا رايون خوتەندىن جيايۈيگۈەن ئۆتكىلىگىچە، ئاستانىدىن چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغىچە قۇرۇقلۇق ۋە سۇ يوللىرىغا توساق قۇرۇش ئارقىلىق، ھارام مال قولغا چۈشۈرۈلۈپ، مۇھىم ۋەزىپىلەردىكى شان - شۆھرەتلىك مۆتىۋەر - تۆرىلەر، پادىشاھنىڭ تۇغقانلىرىدىن يۈزدىن ئارتۇق كىشى ئىنقىلاپ چىقىلغان...

چيەنلۇڭنىڭ 43 - يىلى (مىلادىيە 1806 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان چۇڭياڭ بايرىمى بولسىمۇ، ئەمما، بايرام شادلىقىدىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. چيەنلۇڭ خان ئۈچتۇرپان خان ئامبىلىنىڭ يولۇقۇيدىن مەلۇماتنامە تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، مەلۇماتنامىدە يەكەن خان ئامبىلى گاۋپۇنىڭ ئۈچ مىڭ ئۆيغۇرنى تاغدا مەجبۇرىي قاشتېشى كولاشقا سېلىۋاتقانلىقى، چېگرا رايوندىكى خەلقنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتقانلىقى، گاۋپۇنىڭ سودىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ قاشتېشىنى ئىچكىرىگە

ياندىش بېگلىكىگە تەيىنلىگەن. چيەنلوڭنىڭ 40 - يىلى (1803 - يىلى) ئۇ شىنجاڭدىكى لەشكىرىي ئىشلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتىلىپ، يەكەننىڭ خان ئامبىلىلىق مەرتىۋىسى بىلەن ئۈچ-تۆت يىل ئىشلەش، مۇددەت توشقاندا ئاستانىگە قايتىشقا بۇيرۇلغان. بۇنداق چوڭ يۆلەنچۈكى بولغان كاتتا ئەمەلدارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس ئىدى، ھەتتا ئۇرۇمچى باش بۇغى سۇنۇم سىرىنمۇ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلاتتى. گاۋپۇ شۇ يىلى 30 ياشقا كىرگەن، تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن، ھاكاۋۇرلۇقتا چېكىدىن ئاشقان مۇتتەھەم بولۇپ، چېگرا رايوندىكى ئەمەلدارلارنى كۆز قىرىغا ئىلىپمۇ قويمايتتى.

يۈڭگۈي مانجۇلار قوشۇنىغا كىرىپ ئەمەل تۇتقان خەنزۇلاردىن بولۇپ، لى شۈفاڭنىڭ دىلوسىغا چېتىلىپ قالغانلىقتىن ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، چېگرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. چيەنلوڭنىڭ 43 - يىلى (1806 - يىلى) 2 - ئايدىكى يارلىقىدا: «يۈڭگۈي خاننىڭ شەپقىتىنى كۆپ قېتىم يەردە قويدى. بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەمەلدارلىق كولاسىنىڭ پۆپۈكى ئېلىپ تاشلانسۇن، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىق كولاسى ئىنئام قىلىنىپ، قورال - ياراغ سەرمايىسىنى ئۆزىگە تەييارلىتىپ، جوكتونىڭ ئورنىغا ئۈچتۇرپانغا ئەۋەتىلسۇن. جوكتو ئاستانىگە قايتۇرۇپ كېلىنسۇن؛ يۈڭگۈي ئۈچتۇرپانغا بارغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ سادىقلىق بىلەن ئىشلىمىسە شۇ جايدا كاللىسى ئېلىنىپ خالايىققا سازايى قىلىنسۇن» («چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى. گاۋزۇڭ دەۋرى» 1050 - جىلد) دەپ جاكارلانغان. يۈڭگۈي گەرچە ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىق كولاسى ئىنئام قىلىنغان ئەمەلدار بولسىمۇ، لېكىن مەرتىۋىسى چۈشۈرۈلۈپ ياقا يۇرتقا ھەيدىلىش جەريانىدا ماغدۇرىدىن كەتكەنلىكتىن، خالىغان بىر چېگرا ئەمەلدارىنىڭ بىر پارچە مەلۇماتنامىسى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋېتەلەيتتى. ئۈچتۇرپان ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، ئالدىنقى يىللاردا بۇ جايدا توپىلاڭ يۈز بەرگەنلىكتىن ئىش بېجىرىش ناھايىتى تەس ئىدى، بولۇپمۇ يۈڭگۈي ئىش قىلىشتا ئىنتايىن ئېھتىيات قىلمىسا بولمايتتى.

خوتەن قاشتېشى تارىختىن بۇيان ئەتىۋارلىق بۇيۇم سۈپىتىدە

توشۇپ سېتىپ، نەچچە مىليون سەر كۈمۈش پايدا ئالغانلىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلىنغانىدى ... چيەنلۇڭ خان داڭقېتىپ قالدى. مۇھىم ۋەزىپىلەر بىلەن ئەۋەتىلگەن خان تۇغقانلىرىنىڭ خاندانلىقنىڭ ئۈلىنى كولاۋاتقانلىقى ئۇنىڭ زادىلا خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانىدى. ئۇ غەزىپىنى باسالماستىن، دەرھال: «يۈڭگۈينىڭ مەلۇماتى ماختاشقا ئەرزىيدۇ، ئادىللىق بىلەن قاتتىق سوراق قىلىنىپ، مەلۇمات بويىچە ئىش كۆرۈلسۇن؛ ئىشنى قەستەن كىچىكلىتىش ياكى سەۋەب كۆرسىتىپ يول قويۇشقا بولمايدۇ» ، دەپ پەرمان چۈشۈردى ھەمدە چاپارمەن ئارقىلىق يارلىقنى تېزدىن 600 چاقىرىم يىراقلىققا يەتكۈزدى. يەنە زېرەكلىك بىلەن ئوردا ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىرى ئاگۈيغا مەخپىي يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ گاۋپۇنىڭ ئاستانىدىكى ئۆرۈق - جەمەتىنىڭ ھەرىكىتىگە يوشۇرۇنچە كۆز - قۇلاق بولۇشنى، گاۋپۇ بىلەن ئالاقىدار كاتتا ئەمەلدارلارنىمۇ نازارەت ئاستىغا ئېلىشنى تاپىلىدى. ئاگۈي شۇ يىلى يەتمىش ئۈچ ياشتا بولۇپ، يۈڭجېڭ يىللىرىدىن باشلاپلا ئوردا ئىشلىرى مەھكىمىسىدە ئىشلەۋاتاتتى، ئىشلىرى ناھايىتى ئىدىتلىق، پىشقان، تەمكىن كىشى بولۇپ، ئىككى دەۋرنىڭ مۆتىۋەرى ئىدى.

2

گاۋپۇ خاننىڭ ئەتىۋارلىق كىچىك خانىشى خۈيشيەننىڭ جىيەنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى گاۋخېڭ ئىلگىرى خاندانلىقنىڭ تۇزچىلىق مىزان يالۋاچى، ناھايىتى كۆپ پايدىغا ئېرىشكەن تۇزچىلىق ئەمەلدارى بولۇپ، خىيانەت قىلغانلىقتىن كاللىسى ئېلىنغان. ئۇنىڭ بوۋىسى گاۋبىن ئىككى دەۋرنىڭ مۆتىۋەرى بولۇپ، چيەنلۇڭنىڭ قەدىرلەپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان، قېرىپ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن پادىشاھلىقنىڭ يۇقىرى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى. گاۋپۇنىڭ چوڭ تاغىسى شىنىڭ مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ ياندانش بېگى، ئۇنىڭ كىچىك دادىسى گاۋجىن جياڭشى - جياڭسۇنىڭ ھەربىي ۋالىيسى بولۇپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى پۈتۈنلەي گاۋ جەمەتىگە قاراشلىق ئىدى. گاۋپۇ 16 يېشىدا تەشرىپدار بولغان، كېيىن ئوردا ئىشلىرى مەھكىمىسىدە بەش يىل چاپارمەن بولغان. چيەنلۇڭ خان كىچىك خانىشى خۈيشيەننىڭ يۈزىدىن ئۇنى لەشكىرىي پىرقىنىڭ ئولڭ

ئوردىغا تەقدىم قىلىنىپ كەلگەنىدى. تاش قوۋۇق (يۈيمىنگۈەن) قاشتېشى ئەتكەسچىلىرىنى تۇتىدىغان ئۆتكەل ئىدى. تاغ ئېگىز، يول خەتەرلىك بولغانلىقتىن قاشتېشى كوللاش تولىمۇ قىيىنلىشىپ كەتكەن، چوڭ، ئېسىل قاشتېشىنى تېپىش تېخىمۇ مۇشكۈل ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پۇقرالارنىڭ قاشتېشى قېزىشى قاتتىق مەنئى قىلىنغان بولۇپ، ھۆكۈمەت يىل ئارىلاپ قاشتېشى قېزىپ، ئېسىللىرىنى سۇجۇغا ئاپىرىپ پىششىقلىتىپ، قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئاستانىگە ئاپىراتتى. يەنە بىر تۈركۈم قاشتېشى بۇيۇملىرىنى چەت ئەللىك سودىگەرلەرگە ساتاتتى. خوتەن قاشتېشى خانىدانلىق كىرىمىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغاچقا، چېگرىغا بارىدىغان يوللاردا توساق قۇرۇلۇپ، قاشتېشى ئەتكەسچىلىكى تەكشۈرۈلەتتى. ئوغرىلىقچە قاشتېشى توشۇيدىغان سودىگەرلەر تۇتۇلۇپ قالسا، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغاندىن سىرت يەنە جازا بېرىلەتتى. يول بويىدىكى توساقلارغا مەسئۇل ئەمەلدارلار ھەممىشە ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىنى بوياپ، پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، تۈگىمەس دۇنيا دەپىنىگە ئېرىشكەن. ئوردا ئەتكەسچىلىك ئەھۋالىنى ئانچە - مۇنچە سەزگەن، شۇڭا قانۇنسىز سودىگەرلەر ئۆتكەلدىن كۆز بوياپ ئۆتۈۋالغان بولسا كېرەك، دەپ قارايتتى. ئوردا ئەمەلدارىنىڭ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، قاشتېشى قېزىش - توشۇش ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغىنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ھازىر ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە قاتتىق جازالىمىسا زادىلا بولمايتتى.

گاۋپۇ ئۈچىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئەمەلدار بولۇپ، ئەتىۋارلىق ئەمىرلەردىن ئىدى. قولىدا لەشكىري ھوقۇق بولغاچقا، بارغانلا يېرىدە خالىغىنىنى قىلالايتتى. ئىلگىرى ئاتىسى تۇز ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كۆپ پايدا ئالغان، گاۋپۇ پۇل تېپىش يوللىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ قالغانلىقتىن، خوتەن قاشتېشىنى نىشانلىغانىدى. ئۇ قىلچە تەپتارتماستىن 3000 ئۇيغۇرنى مىرداي تېغىغا مەجبۇرىي ئاپىرىپ قاشتېشى قېزىشقا سالغان. كۆڭلىدە يۈڭگۈي بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدۇ، كۆزۈمگە قادالغان بۇ مىخنىڭ كاللىسىنى ئالغان تەقدىردىمۇ ئوردىغا جاۋاب بېرەلەيمەن، دەپ ئويلايتتى.

يۈڭگۈينىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغىنىغا يېرىم يىل بولغان بولۇپ، گاۋپۇنىڭ قىلمىشلىرىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇ كۆپ ئويلىنىپ

ئاخىر خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيمىسا، ئۆلۈكى ياقا يۇرتلاردا قالدىغانلىقىنى، مۇبادا گاۋپۇ ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ يىگەلمىسە، ئۆلسە گۆرمۇ تېپىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ قايتا - قايتا ئويلىنىپ، ئاخىردا قول قوشتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتكۈچە ئۆلۈمدىن قورقماي خانغا مەلۇمات يوللىسا ھەر ھالدا ئۈمىد بارلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىگىرمە تۆت بەتلىك بىر پارچە مەلۇمات يېزىپ گاۋپۇ ئۇستىدىن شىكايەت قىلدى. ئۇنىڭ ئەرزى ناھايىتى تېزلا خاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، يارلىق تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن روھى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، لەشكەر باشلاپ بېرىپ گاۋپۇنى تۇتۇپ كېچىلەپ سوراق قىلدى، بىراق خان تۇغقىنى ئۇنى پەرۋايىغا ئېلىپمۇ قويمىدى، «بېشىنى سىلىپ ئۇندىمەي» تۇرۇۋېلىپ، بىر ئېغىزمۇ ئىقرار قىلغىلى ئۇنىمىدى. ئۈچ كۈن سوراق قىلىپ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن يۈگۈي خاننىڭ مۇقەددەس يارلىقى كەلمىگۈچە گاۋپۇنى قىيىن - قىستاققا ئېلىشقا پېتىنالمىدى.

گاۋپۇ يۆلەنچۈكۈم چوڭ، يەنە كېلىپ ئوغرىنى تۇتساڭ مېلى بىلەن دېگەن گەپ بار، مېنى كۆپ قاشتېشى بىلەن تۇتۇۋالمىغاندىكىن نېمىدىن قورقاتتىم دەپ ئويلىدى.

يۈگۈي لەشكەر باشلاپ بېرىپ گاۋپۇنىڭ تۇرالغۇسىنى ئاختۇرۇپ چىقتى، پۈتۈن يەكەن دىيارىنى ئاختۇرۇپمۇ قاشتېشىغا چاغلىق نەرسە تاپالمىدى. كۆڭلىدە ئۇ شۇ قەدەر كۆپ قاشتېشىنى قەيەرگە يوشۇرغاندۇ دەپ تېگىرقاپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. مۇبادا بۇ دېلو توختاپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاشۇ ئەرزىمەس جېنىنى ساقلاپ قېلىشى تەس ئىدى.

نەچچە كۈنگىچە يۈگۈيدىن مەلۇمات ئالالمىغان چيەنلۇڭ خان چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتتى - دە، دەرھال ئوردا ئىشلىرى ۋەزىرى ئاگۈينى ئەۋەتىپ، گاۋپۇنىڭ ئاستانىدىكى تۇرالغۇسىنى ئاختۇرغۇزۇپ، 140 مىڭ سەر ئالتۇن - كۈمۈش، دۇنيا - دەپىنىنى مۇسادىرە قىلدى. مەنسەپ تۇتقىنىغا ئەمدىلا تۆت يىل بولغان لەشكىرىي پىرقىنىڭ يانداش بېگى شىنجاڭغا بارغىنىغا ئىككى يىل بولمايلا شۇ قەدەر كۆپ دۇنيانىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانلىقى، خاننىڭ بۇ ئىشنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئىرادىسىنى كۈچەيتتى.

ئاگۈي گاۋپۇنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىنى

ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇپ چىقىپ، لى فۇ ئىسمىلىك بىرىنىڭ قاشتېشىنى قوغداپ سوجوغا ئاپىرىپ قاشتېشى بۇيۇملىرى ياسىتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ يىل ئاخىرىدا ئۆيىگە قايتىدىغانلىقى، يەنە بىر كىشىنىڭ قاشتېشى ۋە كۈمۈشلەرنى قوغداپ يولدا كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. چيەنلۇڭ خان مەكتۇپلارنى كۆچۈرۈپ يۈڭگۈيغا ئەۋەتىپ بېرىشنى پەرمان قىلىپ، ئۇنىڭغا پىلەك بويلاپ خەمەك ئىزدەشنى بۇيرىدى ھەمدە سوجو ۋە گەنسۇنىڭ سوجو ئايمىقى ئەمەلدارلىرىغا: «ھەر قايسى تەۋەلىكلەرگە تېزدىن خەۋەر قىلىپ، ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈش، گاۋپۇ ئائىلىسىدىكىلەر بايقالسا، دەرھال تۇتۇپ قېلىپ قاتتىق تەكشۈرۈش، مەخسۇس ئادەم تەيىنلەپ ئادەم ۋە مالنى ئاستانىگە يوللاپ بېرىش» توغرىسىدا مەخپىي يارلىق چۈشۈردى. مەخپىي يارلىق تاپشۇرۇۋالغان ئەمەلدارلار دەرھال نىقابلىنىپ، لەشكەرلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

3

ئۇزاق ئۆتمەي، خوتەن قاشتېشى دېلوسى خاندانلىقنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن ھەممە يېرىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. گاۋپۇنىڭ شېرىكلىرى ۋە تاغىسى ساراسىمىگە چۈشۈپ، يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

يۈڭگۈي ئوردا چاپارمىنى ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپتىن ئوردىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ـ دە، گاۋپۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، ھەمراھلىرى ۋە ھارۋىكەشلىرىنى بىراقلا قولغا چۈشۈرۈپ قاتتىق سوراق قىلدى، ئۆلۈمدىن قورققان بىر شېرىكى ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردى. مەلۇم بولدىكى: 5 ـ ئايدا گاۋپۇ ئوردىغا مەلۇمات يوللاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاشتېشى قېزىشىنى توسۇش ئۇچۇن مىرداي تېغىغا توساق قورۇشنى ئىلتىماس قىلغان، ئوردا رۇخسەت قىلغان. گاۋپۇ توساق قورۇشنى باھانە قىلىپ، زور تۇركۇمدىكى ئۇيغۇرلارنى تاغقا ئاچىقىپ، تاغ ئېغىزىنى ئىگىلەپ، مەخپىي قاشتېشى قېزىپ، بىر قېتىمدىلا 6000 جىڭ قاشتېشى قېزىۋالغان ھەمدە لى فۇنى مەسئۇل قىلىپ تۆت ئات ھارۋىسىدا ئىچكىرىگە ماڭغۇزغان، ئىككى ئايدىن كېيىن يەنە 9000 جىڭ قاشتېشى قېزىپ، چالڭ يۇلڭ ئارقىلىق

ئىچكىرگە ماڭغۇزغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۆتكەل سىرتىدا مال تاپشۇرۇۋالىدىغان سودىگەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى ۋە نەلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم ئىكەن. يەكەندىن يۇرتىغا قايتقان جاۋشياڭيۇ هارۋىلار بىلەن بىللە ماڭغانىكەن. ئۇنىڭ زىھرەك بىر خەنزۇ ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن سىرت، ئىسمى ۋە قەيەرلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم ئىكەن. گاۋيۇ بىر مۇنچە خوتەن قاشتېشى بۇيۇملىرى ۋە قاشتېشى قاچىلارنى يەرلىك خەلقتىن تارتىۋالغان بولۇپ، نەگە يوشۇرغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىكەن... يىپ ئۇچى يەنە ئۈزۈلگەندە يۇڭگۇي تولىمۇ جىددىيلىشىپ قالدى.

خەققە كەلگەن كۈلپەتتىن خۇشال بولىدىغان ئىچى قارا ئوردا ئەمەلدارلىرى پادشاھقا مەسلىھەت بېرىپ: سۇجۇ، خاڭجۇ، ياڭجۇ ئەتراپلىرى گاۋ جەمەتى ئىككى ئەۋلاد ئىگىدارچىلىق قىلغان جاي، شۇڭا گاۋ جەمەتىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر. جياڭسۇ باش مۇپەتتىشى ياڭ كۇي خەنزۇ بولۇپ، ئەسلىدە يەتتىنچى دەرىجىلىك ناھىيە ئامبىلى ئىدى، جياڭسۇ - جياڭشى هەربىي ۋالىيسى گاۋجىننىڭ يۆلىشى بىلەن تەدرىجىي باش مۇپەتتىشلىككە ئۆستۈرۈلگەن... دەپ مەلۇم قىلىشتى. ئۇلار ياڭ كۇينىڭ ئەھۋالدىن خەۋەردا ئىكەنلىكىنى ئىشارەت قىلىشقانىدى. چيەنلۇڭ خان ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ، جياڭسۇ - جياڭشى باش مۇپەتتىشى ياڭ كۇيغا لى فۇنى تۇتۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى ھەمدە لى فۇنىڭ ئەسلى قاشتېشى سودىگىرى ئىكەنلىكىنى، سۇجۇ - خاڭجۇدىكى ئەمەلدار تۆرىلەر بىلەن يېقىن ئىكەنلىكىنى، جەزمەن ئېنىقلاپ ئادەم ۋە هارام مالنى بىللە قولغا چۈشۈرۈش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. يەنە گەنسۇدىكى سۇجۇ، شەنشىدىكى تۇڭگۇەن قاتارلىق ئۆتكەللەرگە قاشتېشى بېسىلغان هارۋىلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ، «ئوغرى ئوغرىنىڭ پېيىگە چۈشتى، ياچۇەك تومۇزغا تۇتماقچى بولسا، سېرىق قۇشقاچ ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى» دېگەندەك ئىشلارنى ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇردى.

ياڭ كۇي يارلىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، دەرھال خۇجىسى گاۋجىنغا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويىدى. ئىككى بىر هازا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ياڭ كۇي قايتىپ كېتىپ: «ئېنىقلىشىمىزچە لى فۇ 8 - ئايلاردا سۇجۇدا قاشتېشى بۇيۇملىرى

ياساتقان، قاشتېشى دۆكىنى خوجايىنىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ شىمالغا كېتىپتۇ» دەپ مەلۇمات سۇنۇپ، ئوردىنىڭ دىققەت نىشانىنى قەستەن بۇراپ، لى فۇنى شىمالغا يەنى ئاستانىگە كەتكەن دېگەننى ئىشارەت قىلدى. ھالبۇكى چيەنلۇڭنىڭ كۆڭلىدە ئاللىقاچان سان بولۇپ، زادىلا چاندۇرمايۋاتاتتى.

جياڭسۇ - جياڭشى ھەربىي ۋالىيسى گاۋجىن كىچىك خانىش خۇيشيەننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى بولۇپ، خانىشنىڭ قېيىنئىنىسى ئىدى. ئۇ ئىچكىرى قەسىرگە كىرىپ خان بىلەن بىۋاستە سۆزلىشەلەيدىغان قۇلايلىقلىقىدىن پايدىلىنىپ مەلۇمات سۇندى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: «گاۋپۇ خوتەندىن قاشتېشى توشۇپ كېلىپ، سۇجۇدا پىششىقلاپ ئىشلىتىپ ئالىيلىرىنىڭ يەتمىش ياشقا تولغان تۇغۇلغان كۈنىگە مەۋلۇت سوۋغىتى تەييارلاۋاتىدۇ، ئالىيلىرىدىن كۆڭلىگە ياقىدىغىنىنى ياستايمۇ ياكى قاشتېشى بوت ياستايمۇ دەپ سوراۋاتىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. روشەنكى، گاۋجىن پادىشاھقا گاۋپۇنىڭ قاشتېشى قېزىشى مەۋلۇت سوغىتى تەييارلاش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتمەكچى بولغان.

يېزنىسى قېيىنئىنىسىگە قىلچە يۈز خاتىرە قىلماستىن كەيپى ئۇچقان ھالدا پەرمان چۈشۈرى: «بۇ چوڭ يالغانچىلىق، ئۇيغۇر ئېلى خان ئامبىلى ئەزەلدىن سوۋغات ئەۋەتىپ باقمىغان... چاشقان يىلىدا 70 ياشقا تولىمەن، سوۋغا تەقدىم قىلماقچى بولغانلارغا ۋاقىت تېخى بالدۇر، يەنە كېلىپ گاۋپۇ ياندىش بەگ بولغاچقا سوۋغا تەقدىم قىلىدىغانلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. مەن ئاللىبۇرۇنلا يارلىق چۈشۈرۈپ، 70 ياشقا تولغان كۈنۈمدە ئوردا ئىچى - سىرتىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ سوۋغا تەقدىم قىلماسلىقىنى جاكارلىغان تۇرسام، گاۋجىن سىز بۇنى تولۇق بىلىپ تۇرۇپ گاۋپۇنىڭ سوۋغا تەقدىم قىلىشى ئۈچۈن سۇجۇغا ئادەم ئەۋەتىشكە يول قويغىنىڭىز نېمىسى! خوتەندىن چىقىدىغان قاشتېشى خانىدانلىققا تەۋە، ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرۇشلۇق قايسى ۋەزىر ئۇنى سۇجۇغا ئاپىرىپ سوۋغات ياساتسا، مەن ئۇنى كۆرۈپلا بىلىۋالىمەن، ئۇنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا خانىدانلىق بايلىقىنى ئوغرىلىغان دەپ گۇناھ ئارتىمە...» چيەنلۇڭ خان گەپنى ئۇزۇۋەتمەي گاۋجىنغا يۈز خاتىرە قىلىپ، ئۇنى گائگىرىتىپ قويغان.

ئاگوي گاۋپۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەشكە زورلىغان. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ناھايىتى چوڭقۇر بىر گەمە بارلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئۇ گەمىدىن نۇرغۇن قاشتېشى بۇيۇملىرىنى تېپىپ چىققان، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ھەممىسى خوتەننىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئاق قاشتېشىدىن ياسالغان قاچا - قۇچىلار ئىدى. چيەنلۇڭ خان غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن: «گاۋپۇ ھەر قېتىم ئوردىغا سوۋغا قىلغان قاشتېشى بۇيۇمى توققۇزدىن ئاشمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇنداق ئاددىي ئىدى، بۈگۈن مەلۇم بولدىكى، ئۇ ياخشىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇپتىكەن، بۇ قىلمىشىدىن ئۇنىڭ ۋىجدانىنى تامامەن يوقاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان ھەمدە ئوردا ئىشلىرى مەھكىمىسىگە بۇ قاشتېشى قاچىلارنى ئوردىغا تىزىپ، بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالارغا كۆرسىتىشنى بۇيرىغان. گاۋ جەمەتى بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى سەزگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر مەھەل جان تالىشىپ باقماقچى بولۇۋاتاتتى.

قاشتېشى بېسىلغان ئالتە هارۋا ئۇيغۇر ئىلى تەۋەسىدىن توسالغۇسىز ئۆتۈپ كەتكەن، تاش قۇۋۇق ئۆتكىلىدىن ئۆتكەندە تەكشۈرۈش بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەن، ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك دېگەندەك چالا يۇڭ بىلەن جاۋ شياڭيۇ شەپىنى ئاڭلاپ يۈرىكى قېپىدىن چىققۇدەك قورقۇپ كەتكەن، چۆل - جەزىرىلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ ۋاقتىنچە مۆكۈۋالماقچى بولغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە لى فۇ سۈجۈدا بىرلا كۆرۈنۈپ قويۇپ يوقاپ كەتكەن. يۈڭگوي سوراقنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، ھەممە يەردە ئاشكارا، يوشۇرۇن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئەمما، قاشتېشىدىن ھېچقانداق ئەسەر بولمىغان، ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاستانىدىن تېخىچە خەۋەر ئالالمىغان يۈڭگوي پۈتى كۆيگەن توخۇدەك قاتتىق بىئارام بولغان.

4

ئاگوي يەنە ئىككى يىپ ئۇچى تاپقان. گاۋپۇنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتكەن خېتىدە: «شيۇڭ ئەپەندىگە پۇل بېرىپ مەنسەپ ئېلىپ بېرىڭلار» دېگەن گەپ بار ئىدى. ئاگوي گاۋپۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى سوراق

قىلىپ شىيۇڭ لىيەننىڭ جېنجىياڭدىن كېلىپ خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرگەن موللا ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرى تۆت كىتابنى رەتلەشكە قاتنىشىپ پۈتۈكچىلىك قىلغانلىقىنى، گاۋپۇ يەكەنگە ماڭغاندا بىللە بېرىپ كاتىپاتلىق ئىشلىرىنى قىلغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن گاۋپۇنىڭ سىردىشى بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقتى. گاۋ جەمەتىنىڭ شىيۇڭ لىيەنگە مەنسەپ ئېلىپ بەرمەكچى بولۇشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ گاۋ ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئۆز ئارا نەپ ئېلىشنى مەقسەت قىلىشقان بولسا كېرەك. شىيۇڭ لىيەن لى فۇ بىلەن بىللە سەپەر ئۈستىدە ئىكەن، جېنجىياڭدا شىيۇڭ لىيەن تۇتۇلۇپلا قالسا لى فۇنى تېپىش ئاسان ئىدى. ياڭجۇ گاۋپۇنىڭ دادىسى گاۋ خېڭ مەنسەپ تۇتقان جاي بولۇپ، ئۇنىڭ كونا قەدىناسلىرى كۆپ ئىدى. لى فۇ ئېلىپ ماڭغان قاشتېشى، كۆمۈش تەڭگىلەر ئېغىر بولغانلىقتىن يول يۈرۈش ئەپسىز بولاتتى، شۇڭا ئۇ ياڭجۇغا يوشۇرۇنۇۋالىمايدۇ دېگەن گۇمان بىلەن مەخپىي يارلىق تاپشۇرۇۋالغان بىر توپ چاپارمەن جېنجىياڭدا يوشۇرۇن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

شەنشىدىكى داخې ئۆتىكىنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەردىن خەۋەر كېلىپ چاڭ يۈڭنىڭ قولغا چۈشكەنلىكى مەلۇم قىلىندى. ئۇنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، يەكەندىن يولغا چىققاندا ئالتە هارۋىغا توققۇزمىڭ جىڭ قاشتېشى بېسىلغان بولۇپ، گەنسۇنىڭ سۇجۇ ئايمىقىدىن ئۆتكەندە ئۆتەڭ باشلىقىغا يۈز سەر كۈمۈش بېرىپ ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇلار يول بويى گاۋپۇنىڭ دەستىكى بىلەن كۈمۈش تەڭگە پارا بېرىپ يول ئېچىپ ماڭغان ۋە يول بويى قاشتېشىنى هايىنىغا ساتقان. بىر قىسىم پۇلغا يەكەنگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن تاۋار - دۇردۇن سېتىۋالغان. يەنە تۆت هارۋا قاشتېشىنى جاۋ شىياڭيۈ ئاستانىگە ئېلىپ كەتكەن. هارۋىكەش ماۋەنجىن چاڭ يۈڭنىڭ ئىقرارىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئوردا دەرهال جاۋ شىياڭيۈنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن.

ياڭ كۈيىنى ئەقىللىق ئادەم دېيىشكە بولاتتى. ئۇ پادىشاھنىڭ راستىنلا ھەرىكەتكە كەلگىنىنى كۆرۈپ، گاۋ جەمەتىنى پاناھ تارتىشنىڭ ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى بايقاپ قالغان، ئۆز جېنىنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال ئارقىسىغا قارىتىپ نەيزە ئۇرۇپ، مادارىنىڭ يېتىشىچە ئاختۇرۇپ، خان ئەلچىسى

كېلىشتىن ئىلگىرى گۇناھكارلارنىڭ ئىز-دېرىكىنى تاپقان. لى فۇ بىلەن شيۇڭ ليەن راستىنلا ياڭجۇغا يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، ئۈچ كۈن ئىلگىرى كېمە بىلەن چاڭجياڭ دەرياسىدىن دېڭىزغا چىقىپ كەتكەن، ياڭ كۆي بىر قەدەم كېچىككەندى. لى فۇ كېمىگە ئېرىقتىن ئارتۇق ساندۇقنى بېسىپ، كېمىگە لەشكىري پىرقىنىڭ سول قول تۇغىنى ئېسىپ، يەلكەن چىقىرىپ تېزلىك بىلەن قېچىپ كەتكەندى. ئېھتىمال بىرەرى خەۋەر يەتكۈزۈپ قويغان بولسا كېرەك. بىراق، كىمنىڭ خەۋەر يەتكۈزگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. قارىغاندا لى فۇلار يىراققا كېتىپ تېخىمۇ چوڭقۇر يوشۇرۇنۇۋالماقچى بولغاندەك قىلاتتى. ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلگەن ياڭ كۆي يەنە خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوردىغا مەلۇمات يوللاپ، يەنە بىر تەرەپتىن دېڭىز مۇداپىئە لەشكەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، تېز قولۋاقلار بىلەن ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلىدى ...

ئاستانىگە چاقىرتىنىپ كېلىنگەن سابىق ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى جوكتو كەلگىنىگە ئۈچ ئاي بولغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە خۇدۇكسىرەپ ئوردىغا كىرىپ يارلىق كۈتۈشكە پېتىنالمايۋاتاتتى، چيەنلۇڭ خان ئۇنى چاقىرتقۇزغاندا، بۇ پېيسەندە قورققىنىدىن ئىشتىنىغا سىيىۋېتىپ، گاۋپۇ بىلەن بولغان بارلىق شەرمەندىچىلىكنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە ئىقرار قىلدى. ئۇ ئاستانىگە قايتار چاغدا گاۋپۇ ئۇنىڭغا يوغان بىر ياغاچ ساندۇقنى ئالغاچ كېتىشنى ھاۋالە قىلغان بولۇپ، ئىچىگە يۈز نەچچە دانە قاشتېشى قاچا سېلىنغانىكەن، ئۇ يېرىم يولدا ۋەزىيەتتىن خەۋەر تېپىپ قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئاستانىگە ئەپكېلىشتىن قورقۇپ پەم بىلەن شىئەندىكى بىر قاشتېشى بۇيۇملىرى دۇكىنىغا يوشۇرۇپ قويغان ... جوكتونىڭ ئىقرارى يۈڭگۈينىڭ مەلۇماتى بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى - دە، چيەنلۇڭ خان يۈڭگۈينىڭ مەلۇماتىغا شەكسىز ئىشەندى.

لى فۇ ئېلىپ ماڭغان قاشتېشى ئون نەچچە تۈمەن سەر كۈمۈشكە يارايتتى. خۇشۇ ئۆتكىلىدە كېمىلەر تەكشۈرۈلمىگەن، باجمۇ ئېلىنمىغان. خەيگۈەن ئۆتكىلى لەشكىري ئىشلار ۋە خەلق ئورتاق ئىشلىتىدىغان چوڭ پورت بولۇپ، ئەسلىدە كېمىلەر قاتتىق تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلەتتى، ئەمما پورت ئەمەلدارى يىنجۇ

ئۆلارنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن. ياڭ كۈي يەتتە كېچە - كۈندۈز قوغلاپ ئاندىن لى فۇنىڭ كېمىسىگە يېتىشىۋالدى، كېمىدە شيۇڭ ليەن يوق ئىدى. ياڭ كۈي ئادەم ۋە كېمىلەرنى نەزەربەند قىلىپ ۋۇسۇڭ ئېغىزىدىن دېڭىزغا چىقتى - دە، شىمالغا يۈرۈپ ئاستانىگە يېتىپ كەلدى.

لى فۇنىڭ ئىقرارىدىن مەلۇم بولۇشىچە، گاۋجىن ئۇنىڭغا سۇ يولى بىلەن يوشۇرۇن قېچىش پىلانىنى كۆرسەتكەن. خۇشۇ ئۆتكىلىدە شيۇڭ ليەن بىردىنلا قارارىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزى يالغۇز قىرغاققا چىقىپ قۇرۇقلۇق بىلەن كېتىپ قالغان، قەيەرگە كەتكىنى ئېنىق ئەمەس ئىكەن. گاۋجىن لى فۇغا «ھىمات دەستىكى» بەرگەن بولۇپ، لى فۇ خۇيگۇەن ئۆتكىلىدىن ئۆتكەندە ئۇنى يىنجۇ ئېلىۋالغان.

چيەنلۇڭ خان دەرھال يىنجۇنى تۇتۇپ ھىمات دەستىكىنى تارتىۋېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. ئۇ گاۋ جىننىڭ كوكولىسىدىن تۇتۇپ ئۆلگۈدەك جاجىسىنى بېرىش نىيىتىگە كەلدى، ياڭ كۈينىمۇ ئاستانىدە تۇتۇپ قالدى.

5

يۈڭكۈي جاۋ شياڭيۇنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقتى: ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى جاۋ جۇنرۇي بولۇپ، شەنشىنىڭ چاڭئۇ ناھىيىسىدىن ئىكەن. يەكەندە شياڭيۇ بولغاندا ئۆزىنى گاۋپۇنىڭ قوينىغا ئېتىپ، ئۇنىڭغا يانتاياق بولۇپ، خەلقنى ھاشارغا تۇتۇپ مەجبۇرىي قاشتېشى قېزىشقا سالغان ھەمدە يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ كۈمۈشلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، گاۋپۇنىڭ سادىق قولچۇماقچىلىرىدىن بولغان. گاۋپۇ ھىيلە - مىكىرلىك، قۇۋ ئادەم بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئۆزۈن يىللىق چاكارلىرىدىنمۇ گۇمانلىنىپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى جاۋ جۇنرۇينى چاڭ يۇڭ بىلەن بىللە مېڭىشقا بۇيرۇغان. كۆرۈنۈشتە جاۋ جۇنرۇينى يۇرتىغا قايتىشقا ھارۋىلار بىلەن سەپەرداش بولغان قىلىپ كۆرسىتىپ، ئەمەلىيەتتە چاڭ يۇڭنىڭ يېرىم يولدا قاراقچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قاشتېشىنى بۇلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چاڭ يۇڭغا كۆز - قۇلاق بولۇشقا ئەۋەتكەن. لېكىن، ئۇ جاۋ جۇنرۇينىڭ قاراقچىنىڭ قاراقچىسى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن! چاڭ يۇڭ ئەلەمدار كىشى بولۇپ، باتۇر بولغان بىلەن پاراسەتسىز

ئىدى. شۇڭا يول بويى جاۋ شياڭيۇنىڭ پىلانى بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئىككىسى ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، قاشتېشىنى سېتىپ يېنىنى تومىلىغان. ھارۋىلار شەنشىنىڭ ۋېيىنەن دېگەن يېرىگە كەلگەندە، گاۋپۇنىڭ دېلوسىدىن خەۋەر تېپىپ، جاۋ جۇنرۇينىڭ پىلانى بويىچە ھارۋىلارنى ھەيدەپ جاۋنىڭ يۇرتىغا يوشۇرۇنۇپ بىر مەزگىل پاناھلانغان. كېيىن جاۋ شياڭيۇ چاڭ يۇڭنى تۇتۇش توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ قالغان، ئەمما چاڭ يۇڭ بۇنىڭدىن تېخىچە بىخەۋەر ئىدى. ھىيلىگەر جاۋ شياڭيۇ بىر قىسىم قاشتېشىنى سېتىپ ئۇنىڭغا بىر ئاز تاۋار - دۇردۇن سېتىۋالدى - دە، چاڭ يۇڭدىن يەكەنگە ئەۋەتتى. ئۇ چېكىنىش ئارقىلىق قوغدىنىپ، چاڭ يۇڭنى يەكەنگە قايتىش سەپىرىدە ئۆزلۈكىدىن قىلتاققا چۈشۈرۈپ، ئوردىنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋېتىپ، «كۆزگە توپا چېچىپ قېچىپ قۇتۇلۇش] ئويۇنىنى ئوينىماقچى بولدى. مۇبادا كېيىنكى كۈنلەردە ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ، گاۋ ئائىلىسىدىكىلەر قاشتېشىنىڭ سۈرۈقىنى قىلىپ قالسىمۇ، ئۇ يەنە بۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلەيتتى. چاڭ يۇڭ يولغا چىققاندىن كېيىن، جاۋ شياڭيۇ قالغان ئىككى ھارۋا قاشتېشىنى يۆتكەپ يوشۇرۇپ قويدى. ئۇ بۇ ھارام ماللارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، خەۋپىنىڭ يەنىلا چوڭلۇقى، مەنچىڭ لەشكەرلىرىگە ئۇچراپ قېلىپ قالىلىسىدىن ئايرىلىشتىن ئەنسىرەپ، سېتىشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوردىدىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن گاۋ جەمەتىدىن قورقۇپ خۇددى ئوقيادىن ئۈركۈگەن قۇشتەك ساراسىمىدە قالدى. ئۇ قاشتېشىنى ئاۋۋال تاغ ئىچىگە كۆمۈپ يەنە خاتىرجەم بولالماي يۆتكەپ قۇدۇققا يوشۇردى. ئارقىدىن يەنىلا خاتىرجەم بولالماي يامغۇرلۇق تۈن كېچىدە قاقاس قەبرىستانلىققا كۆمدى، ئاندىن ئۈستىگە توپا دۆۋىلەپ بەلگە سېلىپ قويدى. ئۇ خىيالىدا كېيىن كېلىپ ئېلىۋالماقچى بولدى. كېيىن ئۇ يىراق يۇرتلارغا كېتىپ ئىز - دېرەكسىز يوقالدى - دە، خوتەن قاشتېشى دېلوسىدا توردىن چۈشۈپ قالغان بىردىنبىر بېلىق بولۇپ قالدى. بىراق، كىم بىلسۇن، جاۋ شياڭيۇ قاشتېشىنى ئېلىپ شەنشى چېگرىسىغا كىرگەن چاغدىلا بىر توپ ئوغرى قاشتېشى بېسىلغان ھارۋىلارنىڭ پېيىگە چۈشكەنىدى ...

يىنجۇ ئىلگىرى گاۋ جىننىڭ يۆلىشى بىلەن ئۆسكەن بولۇپ،

ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەنىدى. ئىشتىن خەۋەر تاپقان بۇ غالچا خوجىسى ئۇچۇن هارام مالنى يىغىشتۇرۇش مەقسىتىدە خەيگۇەن پىرىستانىدا لى فۇنىڭ قولىدىكى گاۋجىن بەرگەن هېمات دەستىكىنى تارتىۋالدى. تۇتۇش يارلىقى چۈشكەندە ئۇ سېزىپ قېلىپ قۇيرۇقىنى تىكىۋەتتى، تۇتۇش يارلىقى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى هەممە يەرگە چاپلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن، قېچىشقا يولى قالمىغان يىنجۇ يۆلەنچۈكنىڭ يېقىلىدىغانلىقىنى هېس قىلىپ هېمات دەستىكىنى ئېلىپ كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

شيۇڭ ليەن گاۋپۇنىڭ يۇرتدىشى بولۇپ، تەدبىرلىك ئادەم ئىدى. گاۋ جەمەتى هېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۇنىڭغا ئاياق ئەمەلدارلىق ئەمىلىنى ئېلىپ بەرگەن بولۇپ، يېڭى يىلدا مەنسەپكە ئولتۇرسىلا ئىش پۈتەتتى. گاۋ جەمەتىنىڭ بۇ جاھىل مۇرتى، ئىش-هەرىكىتىدىن قارىماققا قەلەمدار مولللىدەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە گاۋ ئائىلىسىگە زور مىقداردىكى دۇنيا دەپىنلەرنى ساقلاپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ لى فۇ بىلەن ماڭغاندا بارغان هەممە يېرىدە ۋەزىيەتنى كۆزەتتى. ئۆزىگە كېلىدىغان پالاكەتنى سەزگەن هامان يېرىم يولدا قىرغاققا چىقتى - دە، جېنجياڭدىكى ئۆيىگە قايتىپ بېكىنىپ يېتىۋالدى، نەتىجىدە ئۇ ئۆز ئۆيىدە قولغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئون ئىككى تۈمەن سەر كۈمۈش، 60 تۈمەن سەر كۈمۈش پۇل، 100 تۈمەن كۈمۈش قىممىتىدىكى قاشتېشى، ئالتۇن ۋە جاۋاهىراتلار تېپىلىپ، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىنى بىر مەهەل زىلزىلىگە سالدى. ۋاهالەنكى، شيۇڭ ليەن بۇلارنىڭ هەممىسى ئۆزۈمنىڭ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇ تالىپلارچە مەردانىلىكى بىلەن ئۆلگۈچە گاۋ جەمەتىنىڭ شۇملۇقلىرىنى زادىلا ئاشكارىلىمىدى. چيەنلۇڭ خان ئۇنى مۇردانىغا يەتكۈزدى، خوتەن قاشتېشى دېلوسىدا شيۇڭ ليەننىڭ كاللىسى بىرىنچى - بولۇپ ئېلىنىپ، شيۇڭ جەمەتىدىن 40 نەچچە كىشى 3000 چاقىرىم يىراقلىقتىكى موخې دېگەن جايغا سۈرگۈن قىلىندى.

جاۋ شياڭيۇ بىلەن چاڭ يۇڭ سەددىچىن ئەتراپىدا قاشتېشى سېتىۋاتقان چاغدا، بىر توپ ئوغرى ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشتى، جاۋ شياڭيۇنىڭ قاشتېشىنى يوشۇرۇشىمۇ ئۇلارنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. جاۋ شياڭيۇ ئەمدى كېتىشى بىلەنلا ئوغرىلار قاشتېشىنى كولاپ ئېلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن جاۋ شياڭيۇ ئىسىم -

قامىلىسنى ئۆزگەرتىپ ياقا يۇرتتا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

چيەنلۇڭ خان يارلىق چۈشۈرۈپ، جيا گۈەن ئۆتكىلىدىن تۇڭگۇەن ئۆتكىلىگىچە بولغان لىنىيىدىكى پارا ئېلىپ، قانۇننى بۇزغان ئۆتەڭ باشلىقلىرى، چاڭجياڭ، خۇەيخې ۋادىسىدىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان ئەمەلدار - تۆرىلەر ۋە قانۇنسىز قاشتېشى سودىگەرلىرىدىن 130 كىشىنى تۇتۇپ، گۇناھى چېكىدىن ئاشقان يەتتە كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالدى ۋە قالغان كۆپ قىسىم كىشىلەرگە يېنىك جازا بېرىش ئارقىلىق ئەمەلدارلارنى چۆچۈتۈپ قويدى.

چيەنلۇڭنىڭ 44 - يىلى (مىلادىيە 1807 - يىلى) 3 - ئايدا ئۈچتۇرپان شەھىرىنىڭ سىرتىدا گاۋپۇ بىلەن چاڭ يۈڭنىڭ كاللىسى ئېلىندى. بۇنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ ئالقىش ياڭراتتى، گاۋپۇنىڭ جەسىتى ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىشكە يول قويۇلماي چۆل - جەزىرىگە تاشلىۋېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدا چېگرا رايون ئەمەلدارلىرى چېگرا خەلقىنى شەخسىي قاشتېشى قازدۇرۇشقا پېتىنالمىدى.

گاۋجىن ئوردا سىرتىدا تىزلىنىپ گۇناھىغا ئەپۇ سورىدى. ئۇ گۈللۈك دارايىسىنى ئېلىۋېتىپ گۇناھىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇمەن دېدى. چيەنلۇڭ خان ئۇنىڭغا ھىمات دەستىكىنى تاشلاپ: «ئۇنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىر، مەھكىمىگە ئەۋەتىلىپ قاتتىق جازالانسۇن! » دەپ يارلىق چۈشۈردى. يېزىنىسى قېيىنىنىسىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن تارىخىي خاتىرىلەردە گاۋجىننىڭ نامى ئەسلا چېلىقمىدى.

يۈڭگۈي ئادىل ئىش قىلغاچقا، ئاستانىگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ ئەسلىي مەنسىپى بېرىلدى. ئۇنىڭ 24 بەتلىك مەلۇماتنامىسى مانجۇ- خەنزۇ يېزىقلىرىدا كۆچۈرۈلۈپ ھەر قايسى ئەمەلدارلارغا تارقىتىپ بېرىلدى. خوتەن قاشتېشى دېلوسى بىر يىلدىن ئارتۇق تەكشۈرۈلۈپ، دېلو ماتېرىياللىرى چىڭ ئوردىسى تارىخ سارىيىدا بەش ئىشكاپقا قويۇلدى. بۇلار ئىچىدە گاۋپۇ دېلوسىغا زادىلا چېتىشلىق بولمىغىنى گاۋپۇنىڭ چوڭ تاغىسى شى نىڭ بولۇپ، ئۇ مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ ياندىش بېگى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئەمىلى چوڭ، ھوقۇقى زور بولسىمۇ، پاك ئەمەلدار بولغاچقا قاشتېشىغا زادىلا قول

سوزمىغان. ئۇنى ھەقىقەتەن پاك ئەزىمەت دېيىشكە بولاتتى. ئۇ دىيانەتلىك كىشى بولغاچقا، چيەنلۇڭ خان كۆپ قېتىم ئوچۇق - ئاشكارا «گاۋپۇنىڭ ئىشىغا شىنىڭنى ھەرگىز چېتىلدۇرۇپ قويمايمەن» دېگەن.

چيەنلۇڭ خان ئىككى سۇلالىنىڭ مۆتىۋەرى گاۋبىننى ئوغلى ۋە نەۋرىسىنىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن ئاگۇيغا خوتەن قاشتېشى دېلوسىنىڭ ماتېرىياللىرىدىن تاللاپ بىر نۇسخا كۆچۈرگۈزۈپ ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەرگەن. چيەنلۇڭ خان بۇ ئاقساقالغا ئاۋازسىز شاپىلاق ئۇرغان، ۋەزىپىسىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆز قەسىرىدە خانلىقنىڭ يۇقىرى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان گاۋبىن ئۈچ ئايدىن كېيىن تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغان. چيەنلۇڭ خان قەستەن ئاڭلىمىغان بولۇۋالغان، ئىچكىرى قەسىردىكى خۇيشيەن خانىشنىڭ يۈزى قاتتىق تۆكۈلگەن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى، گاۋزوڭ خانىدانلىقى» 1067 - 1075 - جىلد؛

②«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 2 - قىسىم؛

③ «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار. ئەمەل - مەرتىۋە قىسمى».

(خەنزۇچە ئەسلى ئەسەر «غەربىي جۇڭگو ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 11 - سانىدىن ئېلىندى. داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى)



ئابدۇرېھىم ھەكىمى

# قەسىدىگە تاي، ساتىراغا ئات

ئەينى يىللاردا خوتەن دىيارىغا ھاكىملىق قىلىۋاتقان ئابدۇلمۇمىن ھاكىمبەگ، مىلادىيە 1818 - يىلى كېسەللىك تۈپەيلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئوغلى مۇھەممەد ئەلىشىر ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ھاكىمبەگ بولدى. ئۇ مەدرىسىدە ئوقۇغان ھەمدە شېئىرىيەتتىن خەۋەردار بىلىملىك يىگىت بولغاچقا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەدرىسە سالغۇزۇپ، ئۆستەڭ قازدۇرۇپ، يول - كۆۋرۈك ياسىتىپ، يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇردى، ئالۋان - ياساقنى ئازايتتى. خۇشامەتگۈي ئەمەلدارلاردىن ھەزەر ئەيلەپ، شائىر، موللىلارنى دوست تۇتتى. ئۆز زامانىسىدىكى نوپۇزلۇق ئىلىم ئەھلى بولغان نېمىتۇللا ئىبنى ئەسمىتۇللا مۆجىزىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆز يېنىدىن ئايرىماي ھەمسۆھبەت بولدى ھەمدە مەخسۇس كىتاب تەرجىمە قىلىشقا قويدى. مۇھەممەد ئەلىشىر ھاكىمبەگنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك پەزىلىتى ئوردىدىن چىقىپ يۇرتقا تارالدى.

ئاقتاش كەنتىدىكى موللىنىياز ئىسىملىك بىر ياش شائىر، يۇرت ئەھلىنىڭ بۇ ئەمەلدارغا ياخشى باھا بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ھەمدە ھاكىمبەگنىڭ شېئىر خۇمار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھاكىمبەگ ھەققىدە بىر قەسىدە يازىدۇ ۋە ئۇ قەسىدىنى ئېلىپ ياز ئايلىرىنىڭ قۇتلۇق بىر كۈنى ئوردىغا كىرىدۇ. ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ھاكىمبەگ بۇ ياشنىڭ ئوردىغا كىرىشىدىكى مۇددىئاسىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا شېئىرىنى ئوردا ئەمەلدارلىرى ئالدىدا ئوقۇشقا ئىجازەت بېرىدۇ. يىگىت ھاكىمبەگكە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۆز يەكتەكنىڭ قوينىدىن خوتەن قەغىزىگە قومۇش قەلەم بىلەن ھۆسنخەت قىلىپ پۈتۈلگەن شېئىرىنى ئېلىپ:

مۇھەممەد ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا ياخشىغا ئامان بولدى؛
مۇھەممەد ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا ئۆي - ئۆيدە قازان بولدى.
مۇھەممەد ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا دېھقانلار ئەزىز بولدى،
مۇھەممەد ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا پۇقرالار سېمىز بولدى.
مۇھەممەد ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا سۇلار يەتتى سايلىقنا؛

مۇھەممەد ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا نامرات يەتتى بايلىققا؛
مۇھەممەد ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا جوندەك يەتتى شادلىققا.

دېگەن مىسرالارنى ئاجايىپ ۋەزمىن ئاھاڭدا دېكلاماتسىيە قىلىپ بولۇپ، ھاكىمغا باش ئېگىپ، قولباغلاپ تۇردى. ھاكىمبەگ ئۆزىگە ئوقۇلغان قەسىدىنىڭ مەزمۇنىدىن بەكرەك، يىگىتنىڭ ئىقتىدارىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ شۇئان ئىمىن دورغىغا قاراپ:
— دورغام، بۇ يىگىتكە مېنىڭ نامىمدىن ئېگەر - توقۇملۇق بىر ئات ئىنئام قىلغايسىز! — دەپ بۇيرۇدى.
ئىمىن دورغا ھاكىمبەگنىڭ ئالدىدا يەتتە پۈكلىنىپ، ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ، ئاتخانىغا كىرگەندە «بىز ئەمەلدارلار ھاكىمبەگنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىمىزغا بىر نەچچە يىل بولدى، بىزگە بىرەر ئېشەك ئىنئام قىلغىنى يوق، بىر ساياق موللا ئالىقانچىلىك قەغەزگە قوشاق يېزىپ كىرسە بىر ئېگەر - توقۇملۇق ئات ئىنئام قىلغىنىنى ...» دەپ ئويلاپ، ئېغىلدىن بىر تايچاقنى يېتىلەپ چىقىپ ئېگەر - توقۇملىرى بىلەن جابدۇپ موللىنىيازغا بەردى. موللىنىياز تايچاقنى كۆرۈپ «ھاكىم بېگىم ئات ئىنئام قىلىۋىدى، ئەمدى بۇ دورغام تايچاق بېرىۋاتىدۇ، دورغامنىڭ بۇ خىل ئالدامچىلىقىدىن ھەر ھالدا ھاكىمبەگنى خەۋەردار قىلىپ قويغىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلاپ، شۇ يەردىلا:

ھەزرىتى ھاكىمبەگنىڭ بەرگىنى مۇشتۇمچە تاي،
جىن سوقۇپ سالغانمىكىن قىردىن ئۆتەلمەيدۇ بۇ تاي.
سەيشەنبە كۈن جابدۇق ئېتىپ، چارشەنبە كۈن پىر ئويىنىتاي،
بەرسىلە چوڭ بەرسىلە، دۈشمەن كۆزىدە ئويىنىتاي.

دېگەن بىر كۇپلېت ساتىرانى يېزىپ، ھاكىمبەگ مۇستەھەپ قىلىدىغان ئۆيگە چاپلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ھاكىمبەگ مۇستەھەپ قىلىش ئۈچۈن كىرگەندە بۇ بىر كۇپلېت قوشاقنى ئوقۇپ، قاتتىق غەزەپلەندى - دە، مۇستەھەپخانىدىن چىقىپلا ئىمىن دورغىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى، ئىمىن دورغا ھاكىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ھۇۋقۇشنىڭكىدەك چېقىر كۆزىنى پارقىرىتىپ، قولباغلاپ تۇردى، ھاكىمبەگ:
— سەن موللىنىيازغا قانداق ئات بەردىڭ؟ — دەپ سورىدى.
— ياخشى جابدۇلغان بىر تايچاق بەردىم.
— مەن ساڭا ئات بەر، دېسەم، سەن نېمە ئۈچۈن تايچاق بەردىڭ؟
— ئالىقانچىلىك قەغەزدىكى قوشاققا چوڭ بىر ئات بېرىشكە

كۆزۈم قىيمىدى، بېگىم.

— خوش، ئۇنداق بولسا سەنمۇ ئالىقانچىلىك قەغەزگە بىر قوشاق يازغىن، مەن ساڭا ئىككى ئات ئىنئام قىلاي.

— ھەزرىتىم، ئۆزلىرىگىمۇ ئايان، پېقىر ساۋاتسىز ئادەممەن.

ھاكىمبەگ ئەمدى غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كايىپ كەتتى:

— سىلەر يۇك ئارتىدىغان ئېشەك بىلەن تەڭ مەخلۇقلار، ئىچىڭلاردا پىيشەپتىن باشقا نەرسە يوق، شۇڭا شائىرلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىشمەيسەن. ئۇلارنىڭ فەزلى ئىلىملىرىنى ئۇقۇشمايسەن، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي كاللىسى بار ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشمايسەن، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىكى تاشلار ئىچىدىن ئاق سۇزۇك قاشتېشىنى تاپساڭ ئۇنى ئەللىك يامبۇغا ئالىدۇ، بىراق ئۇنداق قاشتېشىدىن سانسىزلىغان تاشلار ئىچىدىن بىرى چىقىدۇ ياكى چىقمايدۇ، لېكىن ئادەتتىكى تاشنى بىرەرىگە بىكارغا بەرسەڭمۇ تاشلىۋېتىپ كېتىدۇ. ئالتۇن بىلەن تۇچ ئوخشاشلا سېرىق، ئالتۇننىڭ باھاسى نېمە ئۈچۈن تۇچنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن! ؟ مەن نېمە ئۈچۈن نېمىتۇللا ئىبنى ئەسمىتۇللا مۆجىزىگە شۇنچە ھۆرمەت بىلدۇرۇۋاتىمەن؟ چۈنكى ئۇ كىشى شائىر، نەچچە يۈزمىڭ ئادەم ئىچىدىن ئاران بىر نەچچە شائىر چىقىدۇ، شائىرلار خۇددى كانچىلار نەچچە مىڭ گەز چوڭقۇرلۇقتىن مىڭبىر تەسلىكتە ئالتۇن قازغانغا ئوخشاش، زېھنىي ئەمگىكى بىلەن شېئىرىيەت جاۋاھىرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئەۋلادلارغا تۆھپە قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى قەدىرلەش كېرەك، ئۇزاق زاماندىن بېرى خوتەن دىيارىدىن ئابدۇمۆمىن ۋە نۆبىتىدىن باشقا بىرەر شائىر چىقمىغان. ھازىر موللىنىياز ئاخۇننىڭ شۇنچىلىك بىر شېئىر يازغانلىقىغا ناھايىتى كۆپ خۇرسەن بولدۇم، ئىقتىسادىمنىڭ كەملىكىدىن ئاران بىر ئات ئىنئام قىلسام، سەنلەر نارازى بولۇشۇپسەن، ئەگەر ئىقتىسادىم يار بەرگەن بولسا ئون يامبۇ ئىنئام قىلغان بولاتتىم، — دەپ، ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تىللاپ، ئاخىردا ئىمىن دورغىنى خىزمەتتىن قالدۇرۇپ ئوردىدىن ھەيدەپ چىقاردى.

ئەتىسى ھاكىمبەگ شائىر موللىنىيازنى ئوردىغا چاقىرتىپ ئەكەلدۈردى ۋە ئاتخانا باشلىقىغا:

— ئۆزۈم مىنىدىغان قارا تورۇق ئاتنى كۈمۈش ئېگەر، شايى كۆرپىلىرى بىلەن جابدۇپ، يوپۇقلىرىنى يېپىپ ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى، ئاتخانا باشلىقى ھاكىمبەگنىڭ بۇيرۇقىنى شۇئان بەجا كەلتۈردى.

ھاكىمبەگ:

— ساۋاتسىز ئەمەلدار شائىرنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن. ئىمىن دورغا ماڭا بويۇنتاۋلىق قىلىپ ساڭا ھەسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى خىزمەتتىن ھەيدىدىم، سەن مېنىڭ مۇشۇ ئېتىمنى قوبۇل قىلغىن، — دەپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى موللىنىيازغا تۇتقۇزدى، موللىنىياز ھاكىمبەگنىڭ سەممىيىتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، كۆزىگە ياش ئالدى ۋە ھاكىم بەگكە ئۇزۇن ئۆمۈر، يۇقىرى مەرتىۋە، تۈگىمەس بايلىق تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇ، ھاكىمبەگ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ:

— كەمىنىلىرىنىڭ مۇددىئايى ئۆزلىرىدىن ئات ئۈندۈرۈۋېلىش ئەمەس، بەلكى ئىمىن دورغىنىڭ ساختىپەزلىكىنى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىپ قويۇش ئىدى. بەك كايىپ كېتىپلا، ئىلتىپاتلىرىغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىم، ھېلىقى تايچاقنى ئەتىلا ئەكىرىپ بېرەي، — دېۋىدى، ھاكىمبەگ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنى مەدھىيىلەپ يازغان شېئىر ئۈچۈن، تايچاقنى بېقىپ ئات ئېتىپ مىنگىن. مېنى تەنقىدلەپ يازغان شېئىرىڭ ئۈچۈن چوڭ ئاتنى مىنگىن. ھەر ئىككى ئاتنى ساڭا ئىنئام قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ تىرىشىپ كۆپ شېئىرلارنى يازغىن، شۇنداق قىلساڭ سەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ نامىڭ ئۆچمەيدۇ، — دەپ ئىلھام بېرىپ ئۇزىتىپ قويىدى.

---

*شائىر ئابدۇرېھىم ھەكىمى 1962 - يىلى 8 - ئايدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ توخۇلا يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1979 - يىلى قاراقاش ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى كادىرلار مەكتىپى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.*



*ھازىرغىچە ئۇنىڭ 300 پارچىگە يېقىن شېئىر، 50 پارچىگە يېقىن ھېكايە، نەسر، فېليېتون ۋە 30 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئىككى پارچە ئەسىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «چۈنكى مەن نامەرد» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە «سودا بانكىسىغا سەپەر» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. يەتتە پارچە ئەسىرى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى.*

ئەزىزى

# تەقدىرنىڭ سول كۆزى

(تارىخىي ھېكايە)

## كېچەش

قۇياش مەغرىپ تامان ئېگىلگەن بولۇپ، قاق سەھەردە چىقىشقا باشلىغان سوغۇق شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئاسماننى قاپلاپ كەتكەن بۇلۇتلار قايىنىمى پات ئارىدا ئېغىر بىر شۇۋىرغاننىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. قۇياش گويا زېمىن بىلەن مۆكۈشمەك ئويناۋاتقاندەك تۇرۇپ بۇلۇتلار قورشاۋىدا غايىب بولسا، تۇرۇپ بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۆرلەپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ھامان غالىب ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تەنتەنە قىلىشقا تىرىشاتتى.

دەل - دەرىخى شالاڭراق بىر تۇزلەڭلىككە سانجاق - سانجاق چېدىرلار تىكىلگەن بولۇپ، بۇ چېدىرلارنىڭ ئۈستىگە قادالغان تۇغ-ئەلەملەر شامالدا توختىماي يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى كېگىز ۋە بۆز رەختلەردىن تىكىلگەن بۇ چېدىرلار بىر - بىرىدىن قىسمەن ئايرىلىق تاشلانغان ھالدا بىر ھالقا شەكلىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئەنە شۇ ھالقىنىڭ مەركىزىگە يوغان ۋە ھەيۋەتلىك بىر ئاق چېدىر تىكىلگەن بولۇپ، ئۇ ئەتراپتىكى چېدىرلاردىن پەرقلىق ھالدا يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. چېدىرنىڭ ئەتراپىدا بېشىغا قۇندۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن تەلپەك، ئۈچىسىغا مىس تۈگمىلىك، ئىككى مۈرىسىگە يۇلتۇز كەشتىلەنگەن قىزىل تون كىيىپ، بېلىنى ئالتۇن كەڭلىكىدىكى خۇرۇم كەمەر بىلەن باغلىغان، قوللىرىغا قۇيۇپچىتىن سوقۇلغان قىلىچ تۇتقان لەشكەرلەر مىدىر - سىدىر قىلماي قېتىشىپ تۇرۇشاتتى.

چېدىرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى گەرچە ھەيۋەتلىك بولسىمۇ، ئىچى ئادەتتىكىدەكلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. تۆر تەرەپكە بىر پارچە

ئىران نۇسخىلىق گىلەم سېلىنغاندىن تاشقىرى، قالغان يەرلىرىگە شىرداق، تەڭلىماتلار سېلىنغانىدى. چېدىرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يوغان بىر چۆيۈن ئاتەشدان قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قىپقىزىل بىر دۆۋە چوغ يالقۇنجاپ تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئاتەشداننىڭ ئەتراپىدا ئون نەچچە ئادەم سۈكۈت ئىچىدە خىيال سۈرۈپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈمۈش تۈگمىلىك سوكنا تون كىيىپ، بېلىگە ئۈنچە - ياقۇتلاردىن كۆز قويۇلغان خۇرۇم كەمەر باغلىغانلارمۇ، ئېسىل رەختلەردىن كەمزول كىيىپ، ئۈستىگە پېرىجە يېپىنىۋالغانلارمۇ بار ئىدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر ھازا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن جىمجىت ئولتۇرۇۋېرىشتىن ئىچى سىقىلدى بولغاي، ئارىدىن قاتاڭغۇر چىراي، شاپ بۇرۇت بىرەيلەن گەپ باشلىدى:

— مېنىڭچە ئارتۇقچە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئالدى بىلەن توپ زەمبىرەكلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئاندىن ئاتلىق يىگىتلىرىمىزنى ئاتلاندۇرساق، ئاتلىق يىگىتلەرگە ئۇلاشتۇرۇپلا سەرۋازلارنى باشلاپ، پۈتۈن سەپ بويىچە توغرىدىن - توغرا تېگىش قىلساق خوتەننى پەتھى قىلىش قىيىنغا چۈشمەيدۇ. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب بىرىنچىدىن، ھاجى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزدەك مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن ئەمەس، ئىككىنچىدىن، ھاجى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى سان جەھەتتە بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئاران ئۈچتىن ئىككى قىسمىغىلا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەننىڭ سېپىل قورغانلىرىنىڭ ئۈنچىۋالا مۇستەھكەم بولۇشىمۇ ناتايىن.

— ئەمىر لەشكەرنىڭ دېگەنلىرىمۇ قىسمەن ئورۇنلۇق، — دەپ گەپ قىستۇردى باياتىن بېرى ئاندا - ساندا ئاق ئارىلىغان ساقىلىنى تۇتاملاپ ئولتۇرغان مىرزا بېشى، — لېكىن ھاجى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرىنى ئانچە سەل چاغلاشقىمۇ بولمايدۇ. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ھاجى خەزىنىچى بەگ باشچىلىقىدىكى كۇچا لەشكەرلىرىنى بىر قېتىم ئېلىشىش بىلەنلا تىرىپىرەن قىلىپ، يەكەنگىچە قوغلاپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق زۆرۈر. ھاجى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرىمۇ بىر گەپ، مۇھىمى خوتەن پۇقرالىرى. ئۇلار سىرتتىن كەلگەن ھەر قانداق ھۆكۈمرانغا ئاسانلىقچە بويۇن ئەگمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئېتىقادى

كۆچلۈك، ئۆز ئارا ئۇم، ئىرادىلىك، گېزى كەلگەندە ياش - قېرى، ئەر - ئايال دېمەي، پۈتكۈل خوتەنلىك تەۋرەپ كېتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئىماملىرىمىز ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن بۇ يۇرتقا كېلىپ، ئون نەچچە يىل قانلىق غازات قىلىپ، ئاران دېگەندە ئۇلارنى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلغان ئىكەن. تا مەككە - مۇكەررەمدىن باشلاپ دەھشەتلىك غازاتلارنى قىلىپ، ساق - سالامەت كەلگەن ئىماملىرىمىز شۇ قېتىملىق غازاتتا شېھىت بولغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ يۇرت «شەھىدانە خوتەن» دېگەن نام بىلەن ئەتراپقا مەشھۇر. شۇڭا، بۇ ئىشتا پازىللارنىڭ «رەقىبىڭنى سەل چاغلىساڭ، ئاقىۋەتتە پۇشايمانغا قالىسەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىگە ئاساسەن ئاقىلانىلىك بىلەن ئويلىنىپ، پەم بىلەن يول تۇتماق لازىم.

مىرزا بېشىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، چېدىر ئىچى يەنە سۈكۈتكە چۆمدى. ئولتۇرغانلار لام - مىم دېمەستىن چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندى. ئۇلار يەنە ئالاھىزەل بىر ئاش پىشىمدىن ئارتۇقراق ۋاقىت مەسلىھەت قىلىشقان بولسىمۇ، بىرلىككە كېلەلمىدى - دە، تارقاپ كېتىشتى.

## سىرلىق مەكتۇپ

ئەتراپقا تۈن پەردىسى يېپىلىشى بىلەن تەڭ ساراي تەرەپتىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامال بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ بورانغا ئايلاندى - دە، گويا كائىناتقا زەردە قىلىۋاتقاندەك، غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ گۈركىرەشكە باشلىدى. ئاسماننى قويۇق چاڭ ئارىلاش تۇمان قاپلاپ كەتكەچكە، نە يۇلتۇز، نە ئاينى پەرق ئېتىپ بولمايتتى. ئېشەكلەرنىڭ يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ھاڭراشلىرى، قوي - قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى، لالما ئىتلارنىڭ ئەنسىز ھۇۋلاشلىرى بوراننىڭ گۈركىرەشلىرىگە قوشۇلۇپ، كېچىنى ئادەم شۈركەنگۈدەك دەرىجىدە سۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى.

ئاق كىگىزلىك چوڭ چېدىرنىڭ ئىچى پىلىلداپ كۆيۈپ تۇرغان شامنىڭ نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئاتەشداننىڭ چوغى يېڭىلاپ ئالماشتۇرۇلغان بولسا كېرەك، ھېلىمۇ شوخ يالىلداپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن بالقىۋاتقان سۇس قىزىل يالقۇن بەئەينى ئەپسانىلەردە

سۆزلىنىۋاتقان ئەجدىھانىڭ ئوتلۇق تىلىغا ئوخشاش ھەدەپ ھاۋانى يالىماقتا ئىدى. ئاتەشداندىن ئىككى - ئۈچ ماڭدامچە يىراقلىقتا سېلىنغان ئاق كىگىزنىڭ ئۈستىدە ئوتتۇرا بوي، يەلكىلىرى تارراق، دىقماقتىنا كەلگەن بىر ئادەم كۆزىنى يۇمغان ھالدا جىمجىت ئولتۇرۇپ بىر خىل رىتىمدا تەسۋى سىرىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ تەسۋى ئۆرۈقلىرىنى ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئاستا ئايلاندۇرۇپ، تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن سىرىۋاتقان قولىغا دىققەت قىلىنغان كىشى ئۇ چوقۇم ئولتۇرغان پېتى ئۇيقۇغا كەتكەن ئوخشايدۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ قالاتتى. ئەپتىدىن قارىغاندا ئۇ چېدىرنىڭ سىرتىدىكى سۈرلۈك ئاۋازلارنى ئاڭلىمىغاندەك، ئاڭلىسىمۇ قىلچە پەرۋا قىلمىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ سەل قارىداپ يىرىكلىشىپ كەتكەن يۇمىلاق چىرايىدا بىر خىل تەمكىنلىك ۋە ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى. ئۆسكىلەڭ قويۇق قېشىنىڭ ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىنىڭ جۇپلەشكەن كىرپىكلىرى كىمنىڭدۇر يۈرىكىگە بەتلەنگەن ئوقيانىڭ ئوقىدەك تىك تۇراتتى.

ئۇ قارىماققا تەسۋى سىرىپ ئولتۇرغاندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە كۈندۈزى ئون نەچچە ئادەم يىغىلىپ كۈن باش قاتۇرۇپمۇ بىرلىككە كېلەلمىگەن ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە، يەنى خوتەننى قانداق ئېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى.

ئۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھەر خىل چارىلەرنى ئويلاپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ چارىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە خوپ كەلمەيۋاتاتتى. شۇ يېشىغا كەلگۈچە تالاي قانلىق جەڭلەرگە ئاقىلانىلىك بىلەن قوماندانلىق قىلىپ، نى - نى مۇستەھكەم سېپىل- قورغانلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، نى - نى شەھەر - قەلئەلەرگە نۇسرەت تۇغلىرىنى قاداپ، زەپەر كۈيلىرىنى ياڭراتقان بۇ تەجرىبىلىك لەشكەر بېشى بۇ قېتىم خوتەننى ئېلىشتا گاڭگىراپ قالغانىدى. ئۇ ھاجى پادشاھ ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى ئۆزىگە ئانچە تەڭ قىلمى كەتمىسىمۇ، خوتەندىكى يۇقىرىلاردىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ خوتەن يۇقىرىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ناھايىتى ئىجىل - ئىناقلىقىنى، ھاجى پادشاھقا بولغان ئىخلاسىنىڭ قاتتىقلىقىنى، بۇنداق ئويۇلتاشتەك ئۆز يۇرتىنى ئېلىشنىڭ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى، نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈش جەريانىدا ئېنىق تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ خوتەننى يېنىپ تۇرغان بىر پارچە ئوت، قاراملىق قىلىپ ئۇنىڭغا

سەللا تېگىپ كەتسەك، قاراپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنى ئوتقا ئۇرغان بولىمىز. بۇ ئىشتا كاللىنى ئوبدان ئىشلىتىپ، بۇ ئوتقا تەگمەي تۇرۇپ ئۇنى بويسۇندۇرغىلى بولىدىغان بىرەر ئەقىل - چارە تېپىش زۆرۈر، دەپ قارايتتى.

ئۇنىڭ خىيال ئەينىكىدە ھاجى پادشاھ گەۋدىلەندى. ئىگىلەنگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا ھاجى پادشاھ تولىمۇ تەقۋادار، ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەم بولۇپ، ئاسانلىقچە بىرىنىڭ لەۋزىنى يەردە قويمايدىكەن. قول ئاستىدىكى ھەر قانداق بىر ئادەم — مەيلى ئۇ ئەمەلدار، ياكى پۇقرا، باي، ياكى كەمبەغەل بولسۇن، ئۇنىڭ ئالدىغا بىرەر ئەرزىيەت ئېيتىپ كەلسە، مۇمكىنقەدەر ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ بېرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئوردىسىغا بىر قوغۇنچى دېھقان كېلىپ يەرگە باش قويۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ھاجى پادشاھ ئۇنىڭدىن نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى سورىغانىكەن، قوغۇنچى: «ئەي كەرەملىك شاھ ئاتىمىز، ئېيتسام تىلىم كۆيىدۇ، ئېيتمىسام دىلىم. مېنىڭ بۇ دۇنيالىق پەقەت بىرلا ئوغلۇم بار. ئۇ كىچىكىدىنلا ئات چاپتۇرۇشقا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى. ئەمما، ئۇ پانىي ئالەم مەئىشىتىنىڭ تېخى ئۇندىن بىرىدىنمۇ بەھرىمەن بولماي تۇرۇپ، قاتتىق كېسەلگە دۇچار بولۇپ قالدى. ھەر قانچە قىلغان بولسامۇ ھاياتىدىن ئۈمىد قالمىدى. مەن ئۇنىڭدىن قانداق ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇ: ‹پادشاھ ئاتىمىزنىڭ ئالتۇن ئىگەر - جابدۇقلۇق قاشقا ئېتىنى بىر قېتىم مىنىۋالغان بولسام، ئۇ دۇنياغا ئارمانسىز كېتەتتىم› دەپ جاۋاب بەردى. ھالا دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ ئارماندا كېتىشىگە يۈرىكىم چىدىمىدى. شۇ ۋەجىدىن خەيرىيەت، دەپ ئالدىلىرىغا كەلدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھاجى پادشاھ ئىككىلەنمەيلا ئۆزىنىڭ ئالتۇن ئىگەر جابدۇقلۇق ئېتىنى قوغۇنچىنىڭ ئوغلىنىڭ مىنىۋېلىشىغا بەرگەنىكەن. ئەگەر ھاجى پادشاھنىڭ ئەنە شۇنداق ئاق كۆڭۈللۈكىدىن پايدىلىنىپ، بىرەر چارە - تەدبىر قوللىنىلسا قانداق بولار؟

ئۇ مۇشۇ ھەقتە بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن توساتتىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى - دە، مۇلازىمنى دەرھال بېرىپ مىرزىنى باشلاپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

مۇلازىم چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا چېدىرغا مىرزا كىرىپ

كەلدى ۋە ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن سول تەرەپتىكى شىرەنىڭ يېنىغا بېرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قەلەم، قەغەز ۋە سىياھنى راسلاپ خىزمەتكە تەييار بولدى. شۇ تاپتا سىرتتىكى بوران توختاپ پۈتۈن ئەتراپ جىمىپ كەتكەندەك بولدى ـ دە، چېدىردا ئىشەنچلىك ۋە ياڭراق ئاۋاز بىلەن دانىمۇ دانە قىلىپ ئېيتىلغان مۇنۇ سۆزلەر جاراڭلاشقا باشلىدى:

*ــ شەرىئەتنىڭ باش پاناھى كەرەملىك ھاجى پادىشاھ ئاتامغا:*

*كۆپتىن ـ كۆپ دۇئا ۋە سالامدىن سوڭرە مەلۇم بولغايكى، كەمىنىنىڭ بۇ مۇبارەك زېمىنغا قەدەم قويغىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ياراتقان ئىگىمىزنىڭ مېھىر ـ شەپقەتكە باي ئىنايىتىنىڭ خاسىيىتىدىن ھەر قايسى شەھەرلەردىكى ئەۋلىيا، ئەنبىيالارنىڭ تەۋەررۇك مازار ـ ماشايىخلىرىنى تاۋاپ قىلىپ، خەتمە قۇرئان ئوقۇتۇپ ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ بېرىش، غېرىب ـ غورۋا، ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم ـ يېسىرلارنى يوقلاش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز خۇرسەنمەن. ئەمدى پېقىرلىرىنىڭ زەمىپ كۆڭۈل قۇشى ھەزرىتى ئىمامى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇبارەك قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرۇپتۇ. مۇبادا ھاجى پادىشاھ ئاتام مەرھەمەت قىلىپ ئىجازەت بەرسە، مازار ـ ماشايىخنى تاۋاپ قىلغاچ پادىشاھ ئاتامنىڭ نۇرلۇق چىرايىنىمۇ بىر كۆرۈپ، باسقان قەدەملىرىنى كۆزۈمگە سۈرۈپ يانسام، دېگەن ئۈمىدتە ئەزىز ئىخلاسىمنى مەلۇم قىلىپ بۇ مەكتۇبنى يازدىم. قوبۇل كۆرۈشلىرىنى ئۆتۈنۈپ:*

*خىزمەتكارلىرى مۇھەممەد ياقۇپبەگ*

*تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1283 ـ يىلى بارات ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى.*

مەكتۇپ يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ مۆھۈرىنى باستى ـ دە، ئىشەنچلىك چاپارمەنلەردىن ئون ئادەمنى تاللاپ، مەكتۇبنى تۇتقۇزۇپ قىممەتلىك سوۋغا ـ سالاملار بىلەن كېچىلەپ خوتەنگە يولغا سالدى. ئاندىن مىرزا بېشى ۋە ئەمىر لەشكەرلەرنى چېدىرغا چاقىرىپ، تەنتەنە بىلەن «ئەتە مازارى شېرىپ زىيارىتىگە ئاتلىنىمىز. بارلىق قوشۇن تەقمۇ تەق بولۇپ تۇرسۇن» دېگەن مەزمۇندا يارلىق چۈشۈردى.

ئەتىسى ناماز بامداتتىن كېيىن بارلىق قوشۇن چېدىر -

بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كۆتەك ھارۋىلارغا باستى - دە، سەپكە تىزىلىپ ھەيۋەتلىك ناغرا - سۇناي سادالىرى ئىچىدە خوتەن تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى.

ياقۇپبەگنىڭ ئون بەش مىڭ لەشكەردىن تەركىب تاپقان بۇ قوشۇنى شۇ مېڭىش بىلەن ئۇدا توختىماي يول مېڭىپ، خوتەننىڭ پاسىلىغا يېتىپ كەلگەندە ئاندىن ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكلەشتى ۋە ئالدىن ماڭدۇرۇلغان چاپارمەنلەرنىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇشتى.

## قورقۇنچلۇق چۈش

ھاجى پادىشاھ ھەر كۈنى ئەتىگىنى ناماز بامداتتىن كېيىن ئۈزۈم، مېغىز، مۇراببا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ناشتا قىلاتتى - دە، ھەرەمخانىسىغا يانداپ سېلىنغان ھەشەمەتلىك ئوردىغا كىرىپ، ئالتۇن يالىتىلغان كۆركەم، ھەيۋەتلىك تەختكە ئولتۇرۇپ ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەركانى - ئەكابىرلارنىڭ تەزىمىنى قوبۇل قىلاتتى. ئاندىن ئۇلار مەلۇم قىلغان دۆلەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. بەزى ئىشلارغا نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا يا ئۇنداق، يا مۇنداق قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا كەسكىن پەرمان بېرەتتى. بەزى ئىشلارنى بولسا ۋەزىرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن بىر تەرەپ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھاجى پادىشاھنىڭ بىر كۈنلۈك دۆلەت ئىشلىرى تۈگەپ، ھۇجرىسىغا قايتىپ ئىبتىكاپتا ئولتۇرۇپ، دۇئا - تىلاۋەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. جۈمە كۈنلىرى ئوردىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئازنا مەسچىتكە بېرىپ جامائەت بىلەن بىللە جۈمە نامىزىنى ئوقۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياشىنىپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئوردىدىن سىرتقا كەمدىن-كەم چىقاتتى.

ھەر جۈمە كۈنى خوتەن شەھىرى باشقىچىلا قىزىپ ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. ئەرلەر چاچ - ساقاللىرىنى پاكىزە ياسىتىپ، موپى ئېچىلىپ راسا ۋايىغا يەتكەن كۆرپە تۇماقلىرىنى قىرلاپ كەيسە، ئاياللار چاچلىرىنى يۇيۇپ چىرايلىق تاراپ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ سەھەردىلا بازارغا مېڭىشاتتى. شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى

قاسىنقىغا جايلاشقان دۇكانلار ئادەتتىكىدىن ئەتىگەن ئېچىلىپ، دۇكانىنىڭ ئالدى پاكىز سۈپۈرۈلۈپ سۇ چېچىلاتتى. ئادەتتىكى كۈنلىرى كۈن ئۆرلەپ خېلىدىن كېيىن ئاندىن ئوچاقلىرىغا ئوت يېقىلىدىغان ئاشخانىلاردىمۇ كىشىلەرنىڭ بامدات نامىزىدىن يېنىشىغا ئۈلگۈرۈپلا ئاش - مانتا دۈملىنىپ بولاتتى. ئادەتتىكى كۈنلىرى باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، پەقەت جۈمە كۈنىلا يايما ئېچىپ ئوقەت قىلىدىغان تۆمۈرچى، ياغاچچى، تورچى ۋە باشقا خىلمۇخىل ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرمۇ سەھەردىلا بازارغا كېلىپ تازا قىزىيدىغان يەردىن ئورۇن تۇتۇپ، ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى رەتلىك تىزىپ تەقمۇ تەق بولۇشۇپ تۇراتتى.

جۈمە نامىزى تۈگەپ ئازنا مەسچىتىنىڭ پەشتىقىدا ناغرا - سۇناي چېلىنغاندىن كېيىن بازار راسا ئەۋجىگە چىقاتتى. قايناق شاۋقۇن - سۈرەن ئاۋازلار ھەممىلا يەرنى قاپلاپ، پۈتكۈل شەھەر بىردىنلا ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى.

ھاجى پادىشاھ بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ ئازنا مەسچىتكە بېرىپ، جۈمە نامىزىنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇدى. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن يەنە تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ ئوردىغا قايتتى.

ئەمما، ئوردىغا ئاز قالغاندا توساتتىن بېشى قايغاندەك بولۇپ، ئۆزىنى ئارامسىز ھېس قىلدى. كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ مىجەزى باشقىچىلا بولۇپ قالدى. ھاجى پادىشاھ گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئادەتتە تېنى ساغلام ئىدى. يول ماڭغاندا قەددىنى تىك تۇتۇپ، شالماق قەدەم تاشلاپ سالاپەتلىك ماڭاتتى. شۇنچە يېشىغا كەلگۈچە ئۆزىنىڭ ئىككى - ئۈچ كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىراق، بۈگۈن ئۇ مىجەزىدە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشتىن بەكمۇ بىئارام بولۇپ، مۇلازىملارنى تېز مېڭىشقا بۇيرۇدى.

مۇلازىملار ئوردىغا يېتىپ كېلىپ، ھاجى پادىشاھنىڭ خاس ھۇجرىسىنىڭ ئالدىدا توختاشتى - دە، تەختىراۋاننى سىلىققىنا يەرگە قويۇپ، ھاجى پادىشاھنى ئېھتىيات بىلەن يۆلەپ چۈشۈرۈپ، خاس ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ يۇمشاق تۆشەكنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇشتى.

ھاجى پادىشاھنىڭ بىتاب بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئوردا ئەمەلدارلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ پاتپاراق بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلار ئالدىراپ - تېنەپ ئوردا تېۋىپىنى چاقىرىپ كېلىشتى. بىراق، ئۇلار

ئويلىمىغان يەردىن تېۋىپنى كۆرگەن ھاجى پادىشاھنىڭ چىرايى تاتىرىپ دەرغەزەپكە كەلدى ۋە ئۇنى خاس ھۇجرىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى. بۇ ھال ئوردا ئەمەلدارلىرىنى تولىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلار ھەيرانلىق ۋە ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى بىر - بىرىگە تىككىشتىيۇ، ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشتى.

ھاجى پادىشاھ توختىماي ھاسىراپ - ھۆمۈدەيتتى. ئەمما، زادى قەيېرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. ئۇ شۇ ياتقان پېتىچە تاكى باش توخۇ چىللىغانغا قەدەر گاھ قىزىپ بەدىنى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ، گاھ سوۋۇپ جالاقلاپ تىترەپ زادىلا كۆز يۇمالمىدى. باش توخۇ ئاخىرقى قېتىم چىللىغان چاغدىلا ئاندىن بىر ئاز ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى -دە، ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

ھاجى پادىشاھ چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۆزى يالغۇز يۇلغۇن، چاتقال ۋە يانتاق بىلەن قاپلانغان جاڭگالدا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگۈدەك. بىر چاغدا پادىشاھنىڭ ئالدىغا سېمىزلىكىدىن تۈكلىرى پارقىراپ كەتكەن بىر كېيىك ئۇچرىغۇدەك، پادىشاھ دەرھال كېيىككە قاراپ ئات سالغۇدەك، پادىشاھنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كېيىك قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قۇيۇن تېزلىكىدە چاپقۇدەك، پادىشاھ قوغلىغۇدەك، قوغلىغۇدەك. ئەمما، كېيىككە زادىلا يېتىشەلمىگۇدەك. بىر چاغدا كېيىك تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ، پادىشاھ ئېگىز بىر يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغۇدەك. كېيىكنى قاچۇرۇپ قويغىنىغا زەردىسى قاينىغان پادىشاھ ئېتىنى ئارقىسىغا بۇراپ تۇرۇشىغا موزايدەك كېلىدىغان بىر يولۋاس پادىشاھقا قاراپ ئېتىلىپ كەلگۈدەك، يولۋاستىن ھۈركۈپ كەتكەن ئات ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە قاتتىق بىر كىشنەپ، پادىشاھ بىلەن بىرگە ياردىن غۇلاپ كەتكۈدەك ...

پادىشاھ چۆچۈپ ئويغاندى. ئالتۇندىن ياسالغان شامداندىكى شام ھۇجرىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى ماموق ياستۇقتىن تەسلىكتە كۆتۈرۈپ، يوتقاندىن سەل سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئىچىدە كەلىمە شاھادەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. بىراق، پادىشاھنى يەنە غەپلەت باستى. ئۇخلىماسلىققا ھەر قانچە تىرىشقان بولسىمۇ، كۆزلىرى ئېلىشىپ زادىلا بولالماي يەنە ئۇخلاپ قالدى ۋە يەنە چۈش

كۆرۈشكە باشلىدى.
بۇ قېتىم پادىشاھ ئوردىدىكى گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياسالغان ئېگىز راۋاقنىڭ ئۈستىدە ئانىسىدىن تۇغۇلما ھالەتتە تەمتىرەپ تۇرغۇدەك. راۋاقتىن چۈشۈپ كېتەي دېسە، نېمىشقىدۇر چۈشەلمىگۈدەك، گەپ قىلاي دېسە ئاۋازى چىقمىغۇدەك، دەل شۇ چاغدا كائىناتنى يورۇتۇپ تۇرغان قۇياش بىردىنلا ئاسماندىن دومىلاپ چۈشۈپ ئۆچۈپ قالغۇدەك. يەر يۈزىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغۇدەك. ئەمما، پادىشاھنىڭ كۆزى ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇدەك. بىر چاغدا ئوردىنىڭ سىرتىدا دۈپۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغۇدەك، پادىشاھ قارىغۇدەك بولسا، كىشىلەر تېنى بار، بېشى يوق ھالەتتە ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن قاتار تىزىلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇدەك، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن پادىشاھ سەپنىڭ باش - ئاخىرىنى پەرق ئېتەلمىگۈدەك. باشسىز بويۇنلاردىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قان يولغا ئېقىپ، يولنى قىپقىزىل رەڭگە كىرگۈزۈۋەتكۈدەك. بۇنى كۆرگەن ھاجى پادىشاھ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ھەيران قالغۇدەك ...
ئەتىسى پادىشاھ ناماز بامداتقىمۇ تۇرالمىدى. قوبۇل ۋاقتى بولغاندا ئاندىن بىر ئامال قىلىپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، كىيىمىنى كىيىپ قوبۇلخانىغا چىقتى. ئادەت بويىچە سالام - سائەت رەسمىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ كىردى ۋە ئالىم-ئۆلىمالارنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا كېچىدىن كۆرگەن چۈشلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. ئاندىن ئۇلاردىن بۇ چۈشكە قانداق تەبىر بېرىش لازىملىقىنى سورىدى. ئۆلىمالار ھاجى پادىشاھنىڭ بۇ چۈشكە دەماللىققا بىر نەرسە دەپ تەبىر بېرەلمىدى. شۇندا پادىشاھ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن كېسىپلا:
— بۇ چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى، خوتەن شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق مىۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەر ئادەم بويى ئېگىزلىكتە قالدۇرۇلۇپ، ئۈستى كېسىپ تاشلانسۇن! شۇندىلا بۇ قورقۇنچلۇق چۈش دەپئى بولغۇسى، — دېدى. ئۆلىمالار ھاجى پادىشاھنىڭ بۇ تەبىرىگە كەينى - كەينىدىن ئاپىرىن ئوقۇشتى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن شەھىرى ئەتراپىدىكى بارلىق دەرەخلەر ئادەم بويى ئېگىزلىكتە قالدۇرۇلۇپ، ئۈستى كېسىپ تاشلاندى. مۇشۇ ئىشلار بولۇپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ياقۇپبەگ ئەۋەتكەن چاپارمەنلەر خوتەنگە

كېلىپ، ياقۇپبەگنىڭ خىتىنى ھاجى پادشاھقا يەتكۈزدى. ھاجى پادشاھ ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن تەپسىلىي مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئوغلى شاھزادە نىمەتۇللاخاننى كاتتا سوۋغا - سالاملار بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ئىستىقبالىغا ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى.

## قىلتاق

ئىككى نەپەر چاپارمەن چېدىرغا كىرىپ، ئاراچىتىلا توختاپ ياقۇپبەگكە ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئاق كىگىز نىڭ ئۈستىدە گويا نىمىنىدۇر خىيال قىلىۋاتقاندەك، ئويچان قىياپەتتە ئولتۇرغان ياقۇپبەگ ئۇلارغا «قانداق بولدى؟» دېگەن مەنىدە سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى. ئارىدىن كەكە ساقال، قىيغاق يۈز كەلگەن دارازا چاپارمەن ياقۇپبەگنىڭ مەقسىتىنى دەررۇ چۈشىنىپ، ئاۋازىنى ئامال بار مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشىپ، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك مەكتۇپلىرىنى ھاجى پادشاھنىڭ قولىغا ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ بەردۇق. ھاجى پادشاھ مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن، ئوغلى شاھزادە نىمەتۇللاخاننى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا سالامغا ئەۋەتتى. ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ.

ياقۇپبەگ چاپارمەننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھاجى پادشاھ ۋە خوتەندە كۆرگەن - بىلگەنلىرى ھەققىدە بەزى سوئاللارنى سورىدى. بۇنداق ئىشلارنى كۆپ قېتىم قىلىپ پىشىپ كەتكەن چاپارمەن سورالغان سوئاللارغا ھۇدۇقماي تولۇقى بىلەن جاۋاب بەردى. ياقۇپبەگ مەمنۇنىيەت بىلەن باش لىڭشىتىپ، چاپارمەنلەرنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەردى.

چاپارمەنلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ياقۇپبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، چېدىرنىڭ ئىچىدە ئۇششاق قەدەملەر بىلەن مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئالامەتلىرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى تېخىمۇ يوغىناپ، نۇرلىنىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھاجى پادشاھنىڭ ئوغلى نىمەتۇللاخاننىڭ سالامغا كېلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا نۇسرەت ئىشىكىنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزى ئويلاپ تاپقان تەدبىرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۇنۇم

بىرئۇاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولغان هالدا: «خۇداغا شۇكۇر، تەلىيىم هەر هالدا ئوڭدىن كەلدى. مۇراد گۇلۇم پات ئارىدا چېچەك ئاچقۇسى. ياراتقان ئىگەم ئۆزى ئىنايەت قىلىپ ماڭا زەپەر ئاتا قىلغۇسى» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

شاهزادە نېمەتۇللاخان تولىمۇ داغدۇغىلىق ۋە هەشەمەتلىك كۈتۈۋېلىندى. يۈزلەپ قوي - قوزىلار سويۇلدى. چوڭ - چوڭ داشقازانلار ئېسىلىپ، پۇرىقى دىماغنى يارغۇدەك مەززىلىك پولو دۇملەندى. داستىخانغا مول قەنت - گېزەك، نازۇنېمەتلەر تىزىلدى. شاهزادە نېمەتۇللاخان ۋە ئۇنىڭ خاس هەمراهلىرى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئالاهىدە جابدۇلغان ئازادە چېدىرنىڭ تۆرىدىكى كۆرپىلەرگە باشلاندى. مېهمانلار كەڭ - كۇشادە يەپ - ئىچىپ ساهىبخانلار بىلەن مۇڭداشتى.

زىياپەتتە شاهزادە نېمەتۇللاخان دادىسى هاجى پادشاه ئەۋەتكەن سوۋغا - سالام، تارتۇق - پىشكەشلەرنى ياقۇپبەگكە بىرمۇ بىر تاپشۇردى. ياقۇپبەگ تولىمۇ سۆيۈنگەن هالدا هەر بىر سوۋغا - سالامنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، ئۈستى - ئۈستىلەپ رەهمەت - تەشەككۇر ئېيتتى. هاجى پادشاهنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، دۆلىتىنىڭ زىيادە بولۇشىنى تىلەپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا قىلدى. ئاندىن شاهزادە نېمەتۇللاخاننىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىدىن ئۆزىنىڭ چەكسىز مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىزهار قىلىپ، شاهزادىگىمۇ كۆپتىن - كۆپ ئىززەت - ئىكراملار كۆرسەتتى.

شاهزادە نېمەتۇللاخان ياقۇپبەگنىڭ هوزۇرىدا ئىككى كۈن مېهمان بولغاندىن كېيىن خوتەنگە قايتىش قارارىغا كەلدى. ياقۇپبەگ «شاهزادەمنىڭ لايىقىدا بولمىسىمۇ، كەمىنىنىڭ ئازغىنا ئەقىدە - ئىخلاسى سۈپىتىدە قوبۇل كۆرگەيلا» دېگەندەك تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن شاهزادە نېمەتۇللاخانغا زەر يىپتىن توقۇلغان كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك جۇلالىق كۆركەم سەللە، كىمخاپ تون، ئىگەر - جابدۇقلىرىغا ئالتۇن - كۈمۈش يالىتىلغان ئېسىل نەسىللىك ئارغىماق ئات قاتارلىق قىممەتلىك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى. شاهزادە بىلەن بىللە كەلگەن خاس مەهرەم، لەشكەر ۋە مۇلازىملارغىمۇ ئۆز لايىقىدا تون - سەرۇپاي، تەڭگە - تىللالارنى ئىنئام قىلدى. ئاندىن شاهزادىنىڭ ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

— كۆپتىن - كۆپ شۇكرىكىم، ياراتقان ئىگىمىز ئۆزىنىڭ پەزلى كامالى بىلەن مېنى شاهزادەمنىڭ ئەزىز جامالىنى كۆرۈشكە

مۇشەررەپ قىلدى. بۇ مەن ئۈچۈن چەكسىز سائادەتتۇر. گەمدى شانۇ شەۋكەتلىك ھاجى پادىشاھ ئاتامنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ، باسقان قەدەملىرىنى كۆزۈمگە سۈرتۈش نېسىپ بولارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. ئەگەر كەرەملىك شاھ ئاتام كەمىنە ئاجىزلىرىنىڭ بۇ ئەرزىمەس ئارزۇسىنى قوبۇل كۆرۈپ، بۇ پېقىرانە چېدىرىمغا قەدەم تەشرىپ قىلسا، ئاياغلىرىغا قونغان چاڭ ـ توزانلارنى ساقىلىم بىلەن سۈرتۈپ خىزمىتىدە بولسام، مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈپ خىرەلەشكەن كۆزلىرىمنى مۇنەۋۋەر قىلسام، مۇبادا ھاجى پادىشاھ ئاتام بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىسە، ئۆزۈم ئالدىغا بېرىپ بوسۇغىلىرىنى تاۋاپ قىلىپ دىدارىنى بىر كۆرۈپ يانسام، ئۆمرۈمدە ئارمىنىم قالماس ئىدى، — دېگەنلەرنى بايان قىلدى.

ياقۇپبەگنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شاھزادە نېمەتۇللاخاننىڭ كۆڭلى ئېرىپ، دەرھال بېرىپ ياقۇپبەگنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ـ دە:

— مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى شاھ ئاتامغا يەتكۈزىمەن. ياخشىسى ئۆزلىرى ئىشەنچلىك مۇلازىملاردىن بىر نەچچىنى ماڭا قوشۇپ بەرسىلە. مەن ئۇلارنى شاھ ئاتام بىلەن كۆرۈشتۈرسەم ھەمدە بۇ ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدىكى جاۋابنى شۇ كىشىلەر ئارقىلىق سىلىگە يەتكۈزسەم، — دېدى.

بۇ گەپ ياقۇپبەگكە ياغدەك ياقتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىمۇ مۇشۇنداق بىر ئەپچىل پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ياقۇپبەگ ئەمىر لەشكەر ئابدۇللا پانساتنى پىنھان بىر چېدىرغا باشلاپ كىرىپ، بىر پارچە خىشنى نەچچە قات تاۋار ـ دۇردۇن بىلەن قۇرئاننىڭ شەكلىدە ئوراپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ـ دە:

— سىلەر بېرىپ ھاجى پادىشاھقا مېنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسىمنى تولۇق بايان قىلىڭلار، ئەگەر ئىشەنمىسە مۇشۇ «قۇرئان» بىلەن مېنىڭ نامىمدا قەسەم ئىچىڭلار. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بىر ئامال قىلىپ ھاجى پادىشاھنى جەزمەن ئالدىمغا باشلاپ چىقىڭلار، — دېدى.

## شامالىلىق ساي

دەل ـ دەرەختىن ئەسەرمۇ بولمىغان كۆز يەتكۈسىز تاشلىق ساي غۇۋا بىر قەۋەت تۇمان ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

يازدىكى ئۆتكۈنچى يامغۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى سۇ يۈزىنى كۆرمىگەن بۇ ساي گويا تەبىئەتنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىغاندەك، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا ئادەمنى بىزار قىلىدىغان دەرىجىدە جىمجىت ۋە زېرىكەرلىك ئىدى. ئاندا - ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان كارۋانلارنىڭ تۈچتىن قۇيۇلغان يوغان كولدۇرمىلىرى بۇ ساينى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتماقچى بولغاندەك بار ئاۋازى بىلەن جاراڭلىسىمۇ، كارۋاننىڭ ئۆزىشغا ئەگىشىپ، ساي يەنە ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپ جىمىپ قالاتتى. باھار كېلىپ جىمى ئۇچار قۇشلار قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ پەرۋاز قىلىشقا باشلىسىمۇ، بۇ سايىنىڭ ئاسمىنى ئىگە - چاقسىز بالىغا ئوخشاش يېتىمسىراپ مۆكۈنۈپ تۇراتتى.

قۇياشنىڭ بارا - بارا ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ تۇمان تارقىدى - دە، ساي قىپقىزىل شەپەق نۇرىغا چۆمۈلۈپ يالىلداپ تۇرغان جەيۋەتلىك بىر پارچە يالقۇنغا ئوخشاپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن يالقۇن بارغانسېرى قېنىق تۇسكە كىرىپ، ئۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن خۇددى ئوت دېڭىزىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك بىر توپ ئاتلىق كىشىلەر چىقىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ھەيۋەت بىلەن ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ بىر خىل سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى.

بۇ سايىنىڭ ئادەمنىڭ جېنىغا ئەڭ قاتتىق تېگىدىغان يېرى ئۇنىڭ جىمجىتلىقىدا بولماستىن، بەلكى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا ئۈزۈلمەي غۇرقىراپ چىقىپ تۇرىدىغان بىزەڭ شامىلىدا ئىدى. بۇ شامال ياز كۈنلىرى ئۆزىنىڭ ئوتتەك قىزىق تەپتى بىلەن ئۆتكۈنچىلەرنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئازابلىسا، قىش كۈنلىرى مۇزدەك سوغۇق نەشتىرىنى سانجىپ بۇرۇن - قۇلاقلارنى سەزمەس قىلىپ كاردىن چىقىرىۋېتىشكە تەييار تۇراتتى.

ئاتلىق سەپ داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتۇن يالىتىلغان ئىگەر - چابدۇقلۇق قاشقا ئاتقا مىنگەن ھاجى پادشاھ قېلىن سۆسەر جۇۋىغا مەھكەم ئورىنىپ مۈگدەپ ئولتۇراتتى.

ھاجى پادشاھ دەسلەپتە ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئانچە خالىمىغانىدى. ئەمما، ياقۇپبەگنىڭ ئەلچىلىرى ئۇنى ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا بېرىشقا ئۈندەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ھەتتا «بىز سىلىنىڭ ئامان» ئېسەنلىككىلىرىگە خۇدانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى بىلەن كېپىللىك قىلىمىز» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ ياقۇپبەگنىڭ نامىدىن

«قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم ئىچىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھزادە نىيەتۇللاخانمۇ ئەلچىلەرنىڭ گېپىنى ياقلاپ، ھەر خىل گەپ - سۆزلەر بىلەن ئۇنى ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ كېلىشكە دالالەت قىلدى. نەتىجىدە، ھاجى پادشاھ ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئەمما، كۆڭلى تازا خاتىرجەم بولمىغانلىقتىن گەپ - سۆز قىلماي ئۇياقتا تۇرسۇن يول بويى قاپىقىنىمۇ ئاچماي كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە يېرىم كۈندىن ئارتۇقراق يول يۈرگەندىن كېيىن، يىراق كۆن پېتىش تەرەپتە ياقۇپبەگنىڭ چېدىر - بارگاھلىرىنىڭ ئۈستىگە قادالغان تۇغ - ئەلەملەر غۇۋا كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى.

بۇنىڭ بىلەن ئەتىگەندىن باشلاپ بۇ قارغىش تەگكۈر تاقىر سايدا توختىماي يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكەن ئاتلىقلارغا بىر ئاز جان كىرگەندەك بولۇپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاتلىرىنى دىۋىتىشكە كىرىشتى.

## بەشىنچى قىسمەت

ئەمىر لەشكەرلەر چېدىرغا كىرىپ، ياقۇپبەگكە ھاجى پادشاھنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ياقۇپبەگ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ چېدىرنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقلارنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ھەقىقىي خۇشال بولىدىغان، يەنە كېلىپ خۇشاللىقىنى چىرايىدا ئىپادىلەيدىغان چاغلىرى كەمدىن - كەم كۆرۈنەتتى. چۈنكى، ئۇ ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم ئارىسىدا تاسقىلىپ يۈرۈپ، تالاي ئىسسىق - سوغۇق قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ قاراملىقى، قاتتىق قوللۇقى ۋە رەھىمسىزلىكىگە تايىنىپ دەۋر سۈرۈپ كەلگەچكە، ھەددىدىن زىيادە خۇشاللىق ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەنتەكلىك ۋە ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسىدەك تۇيۇلاتتى. ئەمما، شۇ تاپتا ئۇ بۇنداق خىياللارنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەندەك قىلاتتى.

ھاجى پادشاھ باشچىلىقىدىكى ئاتلىق كىشىلەر بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ياقۇپبەگ مىرزا بېشى، ئەمىرلەشكەر ۋە باشقا ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى

ۋە ھاجى پادىشاھ مىنگەن ئاتنىڭ ئىگەر، ئۈزەڭگىلىرىنى يۈز - كۆزلىرىگە سۈرتۈپ كۆز يېشى قىلدى. ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى داق يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ھاجى پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈردى ھەمدە ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ھاجى پادىشاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى. بۇنى كۆرگەن ھاجى پادىشاھ ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ئاتتىن چۈشمەكچى بولدى. ئەمما، ياقۇپبەگ ھەر خىل شېرىن سۆزلەر بىلەن ھاجى پادىشاھنى ئاتتىن چۈشكىلى قويمىدى. ئەكسىچە، ئاتنى ئۆز قولى بىلەن يېتىلەپ ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك چېدىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا ئاندىن ھاجى پادىشاھنى ئاتتىن ئۆزى كۆتۈرۈپ چۈشۈردى. بۇ چاغدا ئەتراپتا دەبدەبىلىك ناغرا - سۇناي سادالىرى ياڭرىدى. ياقۇپبەگ ھاجى پادىشاھنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئەللىك - ئاتمىش قەدەم ئۇزۇنلۇقتا سېلىنغان ئاق شايى پاياندار ئارقىلىق ئۆز چېدىرىغا باشلاپ كىرىپ تۆرگە باشلىدى.

ھاجى پادىشاھنىڭ شەرىپىگە ھەر خىل نازۇ - نېمەتلەر بىلەن مول داستىخان سېلىندى. ھاجى پادىشاھ ئارتۇقچە تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماي داستىخانغا باقتى. ياقۇپبەگ ھاجى پادىشاھنىڭ تۆۋىنىدە ئولتۇرۇپ، ھاجى پادىشاھقا ئۆز قولى بىلەن چاي قۇيدى ۋە ئۇياق-بۇياقتىن سۆزلىگەچ ھاجى پادىشاھنى داستىخانغا كۆپرەك بېقىشقا ئۈندىدى. داستىخان يىغىلىپ دۇئا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ياقۇپبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوشتۇرۇپ تولىمۇ مۇلايىملىق بىلەن ھاجى پادىشاھقا:

— پادىشاھ ئاتام خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل مۇبارەك تاۋاپگاھىمىز مەككە مۇكەررەمدە ئىستىقامەت قىلىپ ھاجىلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. پېقىر بولسا بىلىپ - بىلمەي قىلغان گۇناھى كەبىرلىرىمدىن پارىغ بولۇش ئۈچۈن، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ مازار - ماشايىخلىرىنى زىيارەت قىلىپ يۈرگەن ئاددىي بىر تاۋاپچىمەن. ئۆلىمالاردىن «ھاجى ياكى غازى بىلەن بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش، پەيغەمبەر بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشكەنگە باراۋەر» دېگەن ھەدىسنى ئاڭلىغانىدىم. ھاجى پادىشاھ ئاتام بىلەن بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالىغان بولسام، ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادا چەكسىز بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم، — دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھاجى پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئېرىپ ئورنىدىن تۇردى. ياقۇپبەگ غۇلىچىنى كەرگىنىچە كېلىپ ھاجى پادىشاھنى

قوچاقلىدى ۋە شۇ پېتى دەس كۆتۈرۈپ، ئالدىن چېدىرغا يانداپ راسلاپ قويۇلغان بىر قاراڭغۇ يەرگە ئېلىپ كىردى. ھاجى پادشاھ نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە بىر نەچچە ئادەم كېلىپ ئۇنى يەرگە يېقىتىپ چەمبەرچاس باغلىدى. ئارىدىن بىرەيلەن ھاجى پادشاھنىڭ تون ۋە كۆڭلەكلىرىنى يىرتىپ كۆكسىنى يالىڭاچلىدى - دە، يېنىدىن يالىلداپ تۇرغان بىر خەنجەرنى چىقىرىپ ئۇنىڭ كۆكسىگە كۈچ بىلەن ئۇردى. «گاچ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ خەنجەر ھاجى پادشاھنىڭ كۆكرىكىگە دەستىنىنىڭ تۇۋىگىچە پېتىپ كەتتى. بۇ چاغدا ھاجى پادشاھ زەئىپ ئاۋاز بىلەن ئىڭراشقا باشلىدى. ھېلىقى كىشى خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ ھاجى پادشاھنىڭ كۆكرىكىگە ئارقا - ئارقىدىن كۈچ بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇردى. ھاجى پادشاھنىڭ كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان قان ئۇنىڭ كىيىم - كېچەك، يۈز - كۆزلىرىگە چاچراپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ھاجى پادشاھنىڭ پۇت - قولى تىپىرلاشتىن توختاپ كۆزىنىڭ قارىچۇقى تارتىلىپ كەتتى.

ياقۇپبەگ ھاجى پادشاھنىڭ جېنى تولۇق چىقىپ بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ھېلىقى كىشىلەرگە:

— بۇنى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا بىر تەرەپ قىلىڭلار، ھېچكىم بىلىپ قالمىسۇن، بولمىسا كاللاڭلار بىلەن جاۋاب قىلىسىلەر، — دەپ قويۇپ چېدىردىن يېنىپ چىقتى ۋە مىرزىسىغا ھاجى پادشاھنىڭ نامىدىن «مەن ئۇكام ياقۇپبەگ بىلەن بۇگۈن كېچە مۇشۇ يەردە مۇڭدىشىپ، ئەتە ئۇنى خوتەنگە ئۆزۈم باشلاپ كىرىمەن، سىلەر خاتىرجەم قايتىپ بېرىپ ئوغلۇم نېمەتۇللاخانغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، بارلىق ئەمىرلەشكەر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئېلىپ ئالدىمغا چىقسۇن» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە خەت يازدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھاجى پادشاھنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ، ھاجى پادشاھنى كۈتۈپ تۇرۇشقان مۇلازىم ۋە لەشكەرلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇلار بۇ خەتنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولغان ھالدا كەلگەن يولى بىلەن خوتەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ھاجى پادشاھ ياقۇپبەگنىڭ چېدىرىغا پەقەت ئون نەچچىلا خاس مەھرەملىرى بىلەن بىللە كىرگەنىدى. ياقۇپبەگنىڭ ئەمىر لەشكەرلىرى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان پىلان بويىچە ھاجى پادشاھنى قانداق بىر تەرەپ قىلغان بولسا، ئۇلارنىمۇ خۇددى شۇنداق بىر تەرەپ قىلدى. بۇ ئىشلار شۇ قەدەر ئۇستىلىق بىلەن تېز ھەم مەخپىي بىر

تەرەپ قىلىنىدىكى، بۇنى ياقۇپبەگنىڭ بىر نەچچە ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن ئۆزگە ھېچكىم سەزمىدى.

## پۇشايمان

تېخى قار چۈشمىگەن بولسىمۇ، سوغۇق جاندىن ئۆتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق بولۇۋاتاتتى. پەقەت چۈش بولاي دېگەندىلا بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىققان قۇياش گويا ئۆزىنىڭ ھېلىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىش ئۈچۈن، ئەتەي ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك ئۇزاق ئۆتمەي كۆزدىن غايىب بولاتتى. قۇياشنىڭ غايىب بولۇشى بىلەنلا ئالەم غۇۋالىشىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان كۆڭۈلسىز بىر مەنزىرە شەكىللىنەتتى.

ياقۇپبەگ سەپىنىڭ ئالدىدا ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن بىللە كېلىۋاتاتتى. ئۇ پارقىراپ تۇرىدىغان سۆسەر جۇۋىغا ئورىنىۋالغان بولۇپ، ھەدەپ ئەتراپتىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرگە، يىلان باغرى سوزۇلۇپ ياتقان چىغىر يوللارغا، ئۇ يەر، بۇ يەردە ئۇچراپ تۇرىدىغان غۇژمەك - غۇژمەك پاكار ئۆيلەرگە، ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن ئۈرۈك، ئۈژمە، شاپتۇل دەرەخلىرىگە قىزىقسىنىپ قارايتتى.

ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى خوتەنگە يېقىنلاپ قالغاندا ئالدىن يۈرگۈچى ئاتلىق لەشكەرلەردىن چاپارمەن كېلىپ، ياقۇپبەگكە شاھزادە نىمەتۇللاخاننىڭ بىر توپ ئاتلىقلار بىلەن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ياقۇپبەگ مەغرۇر قىياپەتتە لەشكەرلەرگە يۈرۈشنى توختىتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. ئاندىن چاپارمەننى ئۆزىگە يېقىن چاقىرىپ ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر تاپىلىدى. چاپارمەن شۇ ھامان ئېتىنى قامچىلاپ بايا كەلگەن يولى بىلەن تېزلىكتە كېتىپ قالدى.

شاھزادە نىمەتۇللاخان بارلىق ئەمىر لەشكەر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاز بىر قىسىم ئوردا ئاتلىق لەشكەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دادىسى ھاجى پادشاھنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئېتىنى تېز - تېز قامچىلاپ بىر مەزگىل يول يۈرگەندىن كېيىن كەنت، مەھەللىلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئانچە چوڭ بولمىغان بىر تۆپىلىكتىن ھالقىپ كەڭ بىر سايغا چۈشۈشتى. ئەمما، دەل شۇ چاغدا غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى.

يەنى ئۇلار تۆپىلىكتىن ئەمدىلا ھالقىپ سايغا چۈشۈشكە خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئالدى تەرەپتىن بىر توپ ئاتلىق كىشىلەر پەيدا بولۇپ ئۇلارغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، دەماللىققا گاڭگىراپ قالغان نېمەتۇللاخان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇشىغا ئارقا تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن بىرەيلەن بىر نەيزە ئۇرۇپ، ئۇنى ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈردى. نېمەتۇللاخان ئىڭرىغان پېتى ئېغىناپ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە بىر نەچچە ئادەم دەرھال ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنى يەرگە بېسىپ تۇرۇپ قىل ئارغامچا بىلەن پۇت - قولىنى مەھكەم باغلىۋەتتى. نېمەتۇللاخان ئۆزىنىڭ ھاجى پادشاھنىڭ ئەتىۋارلىق شاھزادىسى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى تىللىدى، تېپىچەكلىدى. بىراق، بۇلارنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ ياقۇپبەگنىڭ قاپقىنىغا دەسسىگەنلىكىنى بىلىپ قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئەمما، ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان كېچىككەنلىكىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ يەتتى.

شاھزادە نېمەتۇللاخاننىڭ ئاتتىن يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن خاس قوغدىغۇچىلار ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولۇپ كېلىۋىدى، ئاڭغىچە ئارقا تەرەپتىن ئۇرۇلغان ئۆتكۈر پولات قىلىچلار ئۇنىڭغا ئىمكان بەرمىدى. قالغانلارمۇ ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئاتتىن يىقىلىپ، پۇت - قوللىرى باغلىنىپ بولدى. قارشىلىق كۆرسىتىپ باغلاققا بوي بەرمىگەنلەر قىلىچ يەپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.

## قىرغىن

ياقۇپبەگ لەشكەرلىرى بىلەن خوتەن شەھەر سېپىلىنىڭ يېنىغا چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇنلاشتى ھەمدە شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا قول ئاستىدىكىلەر بىلەن قىسقا كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، كېڭەشنىڭ قارار قىلىشى بىلەن ئېزىز بەگ جاللاتنى ئالدى بىلەن شەھەرگە كىرىپ ھاجى پادشاھنىڭ خەزىنىسىنى يىغىشتۇرۇشقا بۇيرىدى.

ئېزىز بەگ جاللات بەش يۈز نەپەر خىللانغان ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ چاقماق تېزلىكىدە خوتەن شەھەر ئىچىگە كىردى ۋە ئۇدۇل ھاجى پادشاھنىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ بېرىپ، ئوردىنى قوغداۋاتقان ئاز بىر قىسىم لەشكەر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى تۇتۇپ شۇ يەردىلا

قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى. نەتىجىدە ھەش - پەش دېگۈچە پۈتۈن ئوردىنى قامال قىلىپ، خەزىنىلەردىكى بارلىق ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى ساق - سالامەت قولغا چۈشۈردى. بۇ ئالتۇن كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلار ئۇلار پەرەز قىلغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى.

ياقۇپبەگ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە بارلىق لەشكەرلىرىنى سەپ بىلەن شەھەرگە كىرىشكە بۇيرۇدى. تاڭ سۈزۈلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى شەھەرگە كىرىپ، شەھەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئىشغال قىلىپ بولدى. ئۇلار خەلقنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ ئىشلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇمكىنقەدەر شەپە چىقارماي ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئەتىسى شەھەر خەلقى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ھەيران قېلىشتى. ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ تاسادىپىي يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەر خۇددى قورقۇنچلۇق چۈشكە ئوخشاش ئۇلارنى ھەر خىل گۇمانلارغا سالاتتى. شۇڭا بىردىن، ئىككىدىن بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىر - بىرىدىن بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىشاتتى. ئەمما، ھېچكىم بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى. ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان يات كىشىلەرگە قىزىقىش بىلەن سەپسېلىشاتتىيۇ، ھېچكىم ئۇلارنىڭ زادى نېمە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، خوتەنگە نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى سوراشقا پېتىنالمايتتى.

بۈگۈن بارلىق شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن بىر خىل ھەيرانلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن كوچىدا قوللىرىدا تاياق - توقماق كۆتۈرۈشۈۋالغان بىر توپ كىشىلەر پەيدا بولدى. ئۇلار ھەدەپ «ھاجى پادىشاھىمىز قېنى؟»، «بىزگە ھاجى پادىشاھىمىزنى تېپىپ بېرىش!»، «يات تائىپىلەرنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرايلى!» دېگەندەك چۇقان - سۈرەنلەرنى سېلىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ، دەسسەپ چەيلەشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن شەھەر ئاھالىسى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ توپى بارغانسېرى زورىيىشقا باشلىدى.

ياشلاردىن باشقا مويسىپىت بوۋايلار، ھەتتا ئاياللارمۇ كېلىپ بۇ توپقا قوشۇلدى. نەتىجىدە، ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا ئۇلار ھەيۋەتلىك بىر قوشۇنغا ئايلىنىپ، خۇددى تۇغاندىن ھالقىغان كەلكۈنگە ئوخشاش

ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى مەركەزلىك ئورۇنلاشقان ئورۇنغا قاراپ تاشلاندى.

ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. توپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقانلار ئوق تېگىپ ئارقا - ئارقىدىن يىقىلىشقا باشلىدى. ئەمما، ئۇلار توختاپ قالمىدى. ئەكسىچە غەزەپ - نەپرەتلىرى قايناپ - تېشىپ، جەسەتلەرنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرىگە قاراپ ئېتىلدى.

بۇ ئۇرۇش شۇ تەرىقىدە تاكى كۈن پېشىن بولغۇچە داۋام قىلدى. شەھەر ئاھالىسى چېكىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇدۇلدىن - ئۇدۇل قىستاپ كەلدى. ياقۇپبەگنىڭ مىلتىق ئېتىپ ھالىدىن كەتكەن لەشكەرلىرى ئاخىر ئامالسىز قېلىپ، پاتپاراق بولۇشۇپ چېكىنىشكە باشلىدى.

ئاردىن يەنە ئۈچ كۈن ئۆتتى. بۇ جەرياندا خوتەن شەھىرى ۋە شەھەرگە يېقىن يېزىلاردىن كەلگەن خەلق توپلىشىپ، ئۆز يۇرتىنى قوغداش يولىدا ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قان كېچىپ ئېلىشتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ قولىدا تاياق - توقماقتىن ئۆزگە قورال بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھاياتىدىن ئايرىلدى.

ئالتىنچى كۈنى چاشكا ۋاقتى بىلەن تاياق - توقماق، پالتا - كەكە ۋە ئورغاق، ئارىلار بىلەن قوراللانغان نەچچە مىڭ كىشى خوتەنگە بېسىپ كېلىشتى. بۇلار خوتەننىڭ يات تائىپىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دېگەن نىيەتتە بېلىنى باغلاپ، ئۆزۈن مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن چېرىيەلىكلەر ئىدى.

چىرىيەلىكلەر شەھەرنى يان تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل ياقۇپبەگنىڭ چېدىر - بارگاھلىرىغا قاراپ يوپۇرۇلدى. ياقۇپبەگنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسماقچى بولدى. ئەمما، ئۇلار ئاتلىرىنى ناھايىتى تېز چاپتۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئارىلىق يېقىنلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى تارتىشقا ئۈلگۈرمەيلا، توپنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قالدى. چىرىيىلىكلەر بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، دەرھال چەمبەر شەكلىدە دەۋرەپ كېلىپ ئۇلارنى ئارىغا ئېلىۋالدى -دە، باش - كۆزلىرىگە چېپىلىۋاتقان قىلىچلارغا قارىماستىن پىتراپ تۇرغان ئاتلارنىڭ پاچاقلىرىغا تاياق - توقماقلار بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىشقا باشلىدى. ئات بىلەن بىللە يىقىلغان

لەشكەرلەر ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە تاياق زەربىسىدىن قاش قاپاقلىرى يېرىلىپ داد - پەرياد سېلىشقا باشلىدى. بىر قىسىم لەشكەرلەر يىقىلغان ئاتنىڭ ئاستىدا قېلىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلدى.

بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان ياقۇپبەگ ئاتلىق لەشكەرلىرىنىڭ چېرىيەلىكلەرگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، سەرۋازلارنى مىلتىقلارنى ئىشقا سېلىشقا بۇيرۇدى. بىراق، ياقۇپبەگنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى چېرىيەلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مىلتىقلار قولايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىدى.

چېرىيەلىكلەر ھەدەپ ياقۇپبەگنىڭ چېدىرىغا قىستاپ كەلدى. ئەھۋالنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەكمۇ خەتەرلىك تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى سەزگەن ياقۇپبەگ ساراسىمە ئىچىدە توپچىلارنى جەڭ مەيدانىنى قارا - قويۇق توپقا تۇتۇشقا بۇيرۇدى. زەمبىرەكلەر ئارقا-ئارقىدىن ئېتىلىپ جەڭ مەيدانىنى قويۇق چاڭ - توزان قاپلاپ كەتتى.

چېرىيەلىكلەر ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرىگە قارشى توپتوغرا بىر كېچە - كۈندۈز مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جاسارەت بىلەن ئېلىشتى. ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ھېچبىر ئىككىلەنمىدى. ئەكسىچە، ئۆز يۇرتىنى قوغداش، قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئىرادىسى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلدى. ئەمما، ئۇلار ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى قورال - ياراغ جەھەتتە ناھايىتى خىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئارتۇقچە بەرداشلىق بېرەلمەي، جەڭ مەيدانلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن قىرىلىپ تۈگىدى. ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئېغىر دەرىجىدە تالاپەتكە ئۇچرىدى. شۇ كۈنگە كەلگۈچە بولغان ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى جەڭ ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر بۇنداق ئىرادىلىك رەقىبىنى كۆرۈپ باقمىغان ۋە بۇ قەدەر ئېغىر زىيان تارتمىغان ياقۇپبەگ دەرغەزەپكە كېلىپ بارلىق لەشكەرلىرىگە پۈتۈن سەپ بويىچە قەتلىئامغا ئۆتۈشكە ۋە خوتەننى تالان - تاراج قىلىشقا پەرمان بەردى. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپ - تەرەپكە چېپىشىپ يۈرۈپ، ئۇچرىغانلىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. قەدىمى يەتكەنلىكى ئۆيلەرنى بۇلاپ - تالاپ ئاندىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ دەھشەتلىك قىرغىن ئۇدا بىر نەچچە كۈن داۋاملىشىپ ھەممىلا يەرنى قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسەتلەر قاپلاپ كەتتى. ئۆي - ۋارانلار

كۆيۈپ خارابىلىككە ئايلىنىپ، ئاسماننى ئىس - تۈتەك قاپلاپ، خوتەننىڭ ئىلگىرىكى گۈزەل مەنزىرىسىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىدى.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمىنىيە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ياقۇپبەگ لەشكەرلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خوتەندە ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىق ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تارىخ كىتابلىرىدا بىر تۈمەن ئادەم ھالاكەتكە يەتكەن بولسا، بىر مۇردا قولىنى ئۈستۈن كۆتۈرىدۇ، ئىككى تۈمەن ئادەم ھالاكەتكە يەتكەن بولسا ئىككى ئۆلۈك قولىنى كۆتۈرىدۇ. ئەگەر ئون تۈمەن ئادەم ھالاك بولسا بىر ئۆلۈك ئۆرە تۇرىدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ چاغدا خوتەندە بەش ئۆلۈك قولىنى كۆتۈرگەنىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا ئەللىك مىڭ ئادەم ھالاك بولغانلىقى مەلۇم.

## خاتىمە

ئارىدىن توپتوغرا ئون بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1294 (مىلادىيە 1877) - يىلى باھار پەسلىنىڭ بىر كۈنى ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇياشى، مەڭگۈ يېڭىلمەيدىغان غالىب سەركەردە ھېسابلاپ كەلگەن ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ، ئېغىر ئازاب ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.

كۆپلىگەن كىشىلەر بىرەر بالايىئاپەتتىن ئامان قالسا ياكى كۆڭلى يورۇپ خۇشاللىققا چۆمسە، بۇنى تەقدىرنىڭ ئۆزلىرىگە ئوڭ كۆزى بىلەن نەزەر سالغانلىقىدىن، ئەگەر تاسادىپىي بىرەر كېلىشمەسلىك سەۋەبىدىن پېشكەللىككە ئۇچرىسا ياكى قەلب ئاسمىنىنى تۇمان بېسىپ ئازاب چەكسە، بۇنى تەقدىرنىڭ ئۆزلىرىگە سول كۆزى بىلەن قارىغانلىقىدىن، دەپ چۈشىنىدۇ. مەن بۇ يەردە «تەقدىر» دېگەن بۇ نەرسىنىڭ مەۋجۇد ياكى مەۋجۇد ئەمەسلىكى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايمەن. بىراق، يۇقىرىقى ئاددىي قاراشقا ئاساسلانغاندا، ياقۇپبەگ خوتەننى بېسىۋالغاندا تەقدىر خوتەن خەلقىگە سول كۆزى بىلەن قارىغان بولسا، ئەمدىلىكتە تەقدىر ياقۇپ بەگكىمۇ ئەنە شۇ سول كۆزى بىلەن قارىغان بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن قارىغاندا تەقدىرمۇ يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ ئايلىنىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئوڭ ۋە سول كۆزلىرىنى

ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرسا كېرەك.

(«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىل 5 - سانىدىن ئېلىندى)

---



*كۆزگە كۆرۈنگەن ئىقتىدارلىق قەلەم ساھىبى ئەزىزى 1962 - يىلى چىرا ناھىيىسىنىڭ مازاركۆل كەنتىدە تۇغۇلغان. 1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىدە باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە مىڭ پارچىغا يېقىن شېئىرى، 60 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ۋە نەسرى، 20 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى، 200 پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. بىر قىسىم ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.*

*ئەزىزىنىڭ «ھىدايەت نۇرى»، «دانالار دۇردانىلىرى»، «پەرىدۇددىن ئەتتار»، «ئوتلۇق تىلەكلەر» (باشقىلار بىلەن) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە مەجمۇئەلەرگە كىرگۈزۈلگەن. ئۇ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىرلىك قىلىۋاتىدۇ.*



نالى دۇڭ

# كۆز يېشى قۇرىغان يىپەك يولى

1

ستەين 41 يېشىدا ئەنگلىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە رەسمىي ئۆتكەن ۋېنگرىيىلىك بولۇپ، 1862 ـ يىلى بوداپېشتتا بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىمۇ بىر مۆجىزە ئىدى. 45 ياشلىق ئانىسىنىڭ ئۇنى زادىلا تۇغقۇسى يوق ئىدى، ئەمما ئانىسى مەست دادىسىنىڭ مەجبۇرىي ھەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭغا تاسادىپىي ھامىلىدار بولۇپ قالىدۇ. دوختۇرلار بۇنچە ياشقا كىرگەندە تۇغۇش مەيلى ئانىغا ياكى بالىغا بولسۇن ناھايىتى خەتەرلىك ئىش دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئانىسى دوختۇرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماستىن ئۇنى تۇغىدۇ. تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلو 300 گىرام بولۇپ، ئۇنى خېلى ئۇزۇن ھەرىكەتلەندۈرگەندىن كېيىن ئاندىن يىغلايدۇ. ئاتىسىنىڭ بوۋاقنىڭ ئەي بولۇشىغا كۆزى يەتمەيدۇ. شۇڭا ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن كىچىك ئۆلۈك ساندۇقى تەييارلاپ قويىدۇ، بىراق ئۇنىڭ رىزقى چوڭ بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ بېقىشى نەتىجىسىدە ناھايىتى نورمال، ساغلام ئۆسۈشكە باشلايدۇ، يەنە كېلىپ چوڭ بولغانسېرى قاۋۇل بولۇپ كېتىدۇ، شۇغىنىسى بويى ئانچە ئۆسمەستىن پاكار بولۇپ قالىدۇ.

ستەين 26 ياشقا كىرگەن يىلى ئاتا ـ ئانىسى كەينى ـ كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پارفىيەلىكلەرنىڭ جەڭگاھتا كۆتۈرۈۋالغان زور بايرىقى نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ يىپەك يولىنى كېزىپ چىقىش قەستىمىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشىنىڭ پۇرسىتى يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئاۋۋال ھىندىستانغا كېلىپ، ئۇ يەردە ھىندىستاننىڭ پورترېت رەسساملىقى ۋە شەرق ـ غەربنىڭ بۇددا دىنىغا ئائىت سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ،

شۇنداقلا بىر يىراقتا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىغا ئەگىشىپ ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا جايلاردا زور مىقداردىكى قەدىمىي بۇيۇملارنى ئوغرىلاش ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ. شۇ چاغدا شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئېكسپېدىتسىيە قىلىۋاتاتتى. روسىيە ۋە گېرمانىيىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئەترەتلىرىمۇ تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالغان ستەيىن شۇ ھامان بىر يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىنى باشلاپ روسىيىلىكلەر ۋە گېرمانىيىلىكلەردىن بۇرۇن تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىش قارارىغا كېلىدۇ.

ستەيىن يىراقتا يۈرۈش قىلىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىقىغا تۇتۇندى. قورال - جابدۇقلارنى ھازىرلىدى، سايمان - ئەسۋابلار سېتىۋالدى، ھەمراھلىرىنى تاللىدى. ئۇ گويا بىر مەيدان جەڭگە كىرىدىغاندەك، تەكلىماكان دىيارىنى ئوڭتەي- توڭتەي قىلىۋاتىدىغاندەك قىلاتتى.

مىلادىيە 1900 - يىل 5 - ئاي، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن ئۆتۈكى ۋە گۇرجىكى بىلەن مىڭ يىللاردىن بېرى قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان قەدىمىي شەھەر كىرورەننى ئويغىتىپ، ئۇ يەردىن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى ئېلىپ مەملىكىتىگە قاراپ جەنۇبقا كېتىۋاتقاندا، ستەيىن كىرورەن جايلاشقان تەكلىماكاننىڭ يەنە بىر چېتىدىن شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ، جۇڭگونىڭ غەربىي دىيارىغا بولغان بىرىنچى قېتىملىق يۈرۈشنى باشلىدى.

كەشمىر ۋە قارا قۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈپ قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ستەيىن يەر شارىدا دېڭىزدىن ئەڭ يىراق جاي «ئاسىيانىڭ مەركىزى» قەشقەردە ئەنگلىيە باش كونسۇلخانىسىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. باش كونسۇل سىرماك كېيىنا ستەينگە تەييارلانغان ئازادە تۇرالغۇدا ئۇنىڭ ئۇچۇن كاتتا زىياپەت بېرىپ، ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. ستەيىن كونسۇلغا شىرەلەردىكى ئېسىل يىپەك - ئىچمەكلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سىز ماڭا بۇ نەرسىلەرنى تەييارلىماستىن، تەكلىماكاندىكى يەر ئاستى مەدەنىي مىراسلار ئورنىنىڭ بىر پارچە خەرىتىسىنى بەرسىڭىز بولاتتى، — دېدى.

— يارايسىز! سىزدە باتۇرلارنىڭ خىسلىتى؛ ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ جاسارىتى بار ئىكەن! ئەمما قورساقنى تويغۇزماي تۇرۇپ «ھالاكەت دېڭىزى»غا قانداق كىرگىلى بولىدۇ؟

ئەپەندىم، ئاۋۋال بۇ قورۇمىلارغا ئېغىز تېگىڭلار، ئاغزىڭىزغا چوقۇم تېتىيدۇ، — دېدى سېرماك كېننا چاۋاك چېلىپ. ئۇ شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قورۇما قاچىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، ستەين ھەيران بولغان ھالدا قاچىدا قورۇما ئەمەس، بەلكى قاتلاقلىق خەرىتە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى - دە، خەرىتىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتتى.

— رازى بولغانسىز؟ — دېدى سېرماك كېننا شىرەنىڭ گىرۋىكىنى يېنىك چېكىپ تۇرۇپ، — مانا بۇ سۈبىن ھېدىن تەكلىماكان قۇملۇقىدا ماڭغان يول ۋە ئۇ بايقىغان قەدىمىي خارابىلىكلەر ئورنىنىڭ خەرىتىسى، يەنە تېخى ئۇ بايقىمىغان، ئەمما بىز بىلىدىغان خارابىلىكلەر ئورنىنىڭ بەلگىلىرىمۇ سىزىلغان.

— بەك ياخشى بولدى! — دېدى ستەين قەدەھ كۆتۈرۈپ، — بىز راستلا بىر نىيەت - بىر مەقسەتتىكى كىشىلەر ئىكەنمىز، بىر كۆرۈشۈپلا كونا دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. مەن سىزنىڭ تۆۋەندىكى قارىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن: «ھازىر خوتەن ئەتراپلىرى قەدىمىي بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى. ئەمما بۇ مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى شۈبھىسىزكى ھىندىستاندا. يەرلىك كىشىلەر ۋە شەرقشۇناسلىقتىن ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان سۈبىن ھېدىن تەكلىماكان قۇملۇقىدىن شۇنچە كۆپ قول يازمىلار ۋە باشقا قەدىمىي بۇيۇملارنى تاپقان يەردە، مەندەك شەرقشۇناسنىڭ ئۇ يەرنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ ناھايىتى زور بايقاشلارغا ئېرىشىشىمگە قىل سىغمايدۇ».

— مەن بۇنىڭغا يۈزدە - يۈز ئىشىنىمەن، — دېدى سېرماك كېننامۇ قەدەھ كۆتۈرۈپ.

قەدەھلەر سوقۇشتۇرۇلدى، شارابلار ئىچىلدى.

ماك كېننا زىياپەت ئارىلىقىدا ستەيندىن:

— كېيىنكى قېتىم نەگە بارماقچىسىز؟ — دەپ سورىغىنىدا، ستەين ماك كېننا يول باشلاشقا تونۇشتۇرغان، تاشقىرىقى ئۆيدە تاماق يەۋاتقان ئىسلام ئاخۇنغا قاراپ قويۇپ:

— خوتەنگە، — دەپ جاۋاب بەردى.

— شۇنداق، خوتەنگە بېرىش كېرەك، — دېدى ماك كېننا مۇشۇ كەسىپنى بىلىدىغاندەك قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ، — سۈبىن ھېدىن ئەڭ بۇرۇن ئاشۇ يەردىكى خورانلەك شەھەر خارابىسىنى تاپقان. ئىسلام ئاخۇن خوتەننى پىششىق بىلىدۇ، ئۇ يول باشلىسا

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزدا گەپ يوق!

بىراق، ماك كېننا ستەيننىڭ خوتەنگە بېرىشتا يەنە بىر مۇددىئاسىنىڭ بارلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. بۇ ستەين كۆڭلىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان مەخپىيەتلىك ئىدى.

خوتەن.

پايانسىز قۇم - باياۋان، قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنلىرى، ھەرە كۆنىكىدەك بولۇپ كەتكەن ئۆيلەر، قۇم - بورانلار ئۆچۈپ تۇرغان يوللار ... بۇ يەرلەرنى قۇم باياۋاندىكى بوستانلىق دېگەندىن كۆرە، قۇم - بورانلار يۇتۇپ كەتكەن بوستانلىقنىڭ بىر پارچىسى دېگەن تۈزۈك ئىدى.

ستەين خوتەندىكى ئاشۇنداق قاقاسلىقنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭغا كېرەكلىك نەرسىلەر مانا مۇشۇنداق قاقاسلىقنىڭ ئاستىدىنلا تېپىلاتتى.

خوتەن ۋالىيسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ستەيننىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە ئۇنىڭغا ئەلك زور ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش، ھەرىكىتىگە چەك قويماسلىق توغرىسىدىكى ئالاقىنى تاپشۇرۇۋالغاچقا، ستەين خوتەنگە كېلىشىگىلا ئەلچىلەردەك مۇئامىلىلەرگە نائىل بولدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان چاي - زىياپەتلەرنى، مېھماندارچىلىقلارنى سىلىق - سىپايىلىك بىلەن رەت قىلىپ ئادەتتىكىدەكلا غىزالاندى. قېرى - چۆرىلەر ۋە يەرلىك مەنسەپدارلارنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلاردىن ئەتراپتىكى قۇملۇقتىن بىر خىل «ناتونۇش يېزىق» تا پۈتۈلگەن قەدىمىي كىتابلارنىڭ بايقالغان - بايقالمىغانلىقىنى سورىدى. ئۇلار: «خارابىلىك بولۇشى بار، ئەمما بىز ناتونۇش يېزىقتا پۈتۈلگەن كىتابلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئەمما، ستەين قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويۇپ ئارتۇقچە بىر نېمە دېمىدى. كېيىن، ئۇ سۋېن ھېدىن خوتەندىكى چېغىدا تۇرغان ئۆيگە باردى. ئۇ يەردىن بىر نەرسە تاپماقچىدەك تام - تورۇس، پول، دېرىزە، ھەتتا كارىۋات ئاستىلىرىغىچە زەن سېلىپ قاراپ چىقتى. ئۇ بۇ يەردىن قايتىش ئالدىدا غەلىتە كۈلۈپ قويدى.

ستەين خوتەنگە كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە بىر ئەترەتنى باشلاپ شىمالدىكى قۇملۇققا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ كېتىۋېتىپ بىر نېمىنى بايقىماقچى بولغاندەك ئىسلام ئاخۇنغا پات - پات قىيا كۆزى بىلەن قاراپ قوياتتى. ئەمما، ئىسلام ئاخۇندا باشقىچە ئالامەت

كۆرۈلمەيتتى. ئۇ پاكار ئاتتا ئۇخلاپ قالغاندەك لىڭشىپ ئولتۇراتتى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ستەيننىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى ئىسلام ئاخۇن بىلەن زىچ ئالاقىدار ئىدى، شۇنداقلا بۇ ئۇ كۆڭلىدە يوشۇرۇپ يۈرگەن ھېلىقى سىر ئىدى.

قارا ھەم ياداڭغۇ، ئىڭەك - يۈزلىرىنى ساقال - بۇرۇت بېسىپ كەتكەن ئىسلام ئاخۇن ستەيننىڭ نەزەرىدە گۇمانلىق ئادەم ئىدى. ئىسلام ئاخۇن ستەيننىڭ ئاغىنىسى، ستەيننىڭ ھىندىستان ۋە شەرق - غەرب تىلشۇناسلىقى جەھەتتىكى يېتەكچى ئۇستازى، داڭلىق پەيلاسوپ ۋە تىلشۇناس خىررولغا «ناتونۇش يېزىق» تىكى بەزى قەدىمىي كىتابلارنى سېتىپ بەرگەن كىشى ئىدى. بۇ كىتابلار ئىنتايىن قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقى دەپ قارىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ساقلاش ئورنىدا ساقلىنىۋاتاتتى. گەرچە خىررول بۇ قەدىمىي كىتابلارنىڭ قول يازمىسىنى ھەقىقىي يازما يادىكارلىق دەپ قاراپ، بۇلار توغرىسىدا ناھايىتى جىق ئىلمىي ماقالە يازغان بولسىمۇ، ئەمما ستەين بۇ قول يازمىلارنىڭ چىنلىقىدىن گۇمانلىنىپ كېلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ، قەشقەردە ئىسلام ئاخۇن بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى. ئۇ ئاشۇ قول يازمىلارنى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت رىۋايەتلەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولىدۇ. خىررولنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ئىسلام ئاخۇن بۇ قەدىمىي كىتابلارنى خوتەننىڭ شىمالىدىكى گۇمىغا يېقىن بىر قۇملۇقتىن تاپقانىكەن. ئىسلام ئاخۇن دائىم شۇ يەرگە بېرىپ، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قازىدىكەن.

ھازىر ستەين «دوكلات» تا تىلغا ئېلىنغان، ئىسلام ئاخۇن كىتابلارنى تاپقان قۇملۇققا بارماقچى ئىدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت ئىسلام ئاخۇن ۋە ئۇ تاپقان كىتابلار ھەمدە قەدىمكى كىتابلارنى يىغىپ ساقلايدىغان خىررول ئەپەندى ئۈچۈنمۇ بىر قېتىملىق سىناق ئىدى.

«... قۇم دېڭىزى يىراق جەنۇبقا سوزۇلغانىدى. ئۇنىڭ دولقۇنسىمان بارخانلىرىنى كۆرگەن ئادەم ئۇنى دېڭىزغا ئوخشىتىپ قالاتتى. بۇ قۇم بارخانلىرى ئېگىزلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشمۇ بارغانسېرى تەسكە توختاۋاتاتتى.

پاكار ئاتنىڭ تۇياقلىرى يۇمشاق قۇمغا يېتىپ قالاتتى. ھەر بىر قەدەم ئۈچۈن ناھايىتى كۈچەشكە توغرا كېلەتتى».

«مەن ھايۋانلارنىڭ قۇرۇپ كەتكەن ئۈستىخانلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن قۇملۇق يولدا پىيادە ياكى ئاتلىق كېتىۋېتىپ، بۇرۇنقى

ساياھەتچىلەرنىڭمۇ ئادەم ئايىغى تەگمىگەن، سۇسىز چۆلدە ماڭغانلىقىنى ئىختىيارسىز ئويلىدىم. شۈەنزاڭ ۋەتىنىگە قايتىش سەپىرىدە مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە، مۇشۇ يولنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپادىن كەلگەن ماركو پولو ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسمى نامەلۇم ساياھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يولدىن ئۆتكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ يولدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولغىنى يوق».

يۇقىرىقى ئىككى ئابزاس ستەين كېيىن يازغان ئەينى چاغدىكى ئىشلار توغرىسىدىكى خاتىرە ئىدى. ئەمەلىيەتتە گويا بېرىش يولىدا ئۇنىڭ ئۆزى چوقۇنىدىغان شۈەنزاڭ ۋە ماركو پولونىڭ ئىلگىرىكى سەپەرلىرىنى ئويلاشقا چولىسى تەگمەيتتى. گويا يېقىنلاشقانسېرى ئۇ ئىسلام ئاخۇن بايقىغان قەدىمكى قول يازمىلارنىڭ راست - يالغانلىقىنى قانداق ئېنىقلاش ھەققىدە باش قاتۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا شۇنچىلىك ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭچە ئەگەر «ناتونۇش يېزىق» بىلەن پۈتۈلگەن قەدىمكى قول يازمىلارنىڭ ساختىلىقىنى ئېنىقلاپ چىقالىسا، ئۇ ئارخېئولوگىيە ساھەسىگە قوشقان چوڭ بىر تۆھپە بولاتتى، ئۇ بۇنىڭ بىلەن بىراقلا نام چىقىراتتى. ئەگەر ئاشۇنداق قول يازمىلار راست بولسا، ئىسلام ئاخۇننىڭ ياردىمى بىلەن تېخىمۇ كۆپ، يېڭى قول يازمىلارنى قولغا چۈشۈرەلەيتتى. ئەمما، ئۇ باشتىلا كېيىنكى ئېھتىماللىق ھەققىدە ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمىگەنىدى. شۇڭلاشقا گويا ئۇنىڭ نەزىرىدە راست- يالغاننى ئايرىيدىغان مەيدان بولۇپ قالغانىدى.

گويا قۇملۇقى گويا بازىرىدىن خېلى يىراق ئىدى. ستەين ھاسىراپ - ھۆمىدەپ چوڭ بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، ئىسلام ئاخۇن ئۇنىڭغا:

— كەلدۇق، — دېدى.

— مۇشۇ يەرمۇ؟ — دەپ سورايدۇ ستەين.

ئىسلام ئاخۇن بېشىنى لىڭشىتىپ قولى بىلەن يەر ئاستىنى كۆرسىتىدۇ.

— بۇ يەرنىڭ نامى نېمە؟ — دەپ سورايدۇ ستەين.

— قارا كۆل مازار.

ستەين خىررولىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ بىر ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ساياھەت خاتىرىسىدە قەدىمكى قول يازما تېپىلغان ئورۇنلارنىڭ ئىسمىلىكىدە مۇشۇ يەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئىسلام ئاخۇن

ساياھەت داۋامىدا مۇشۇ جايدا چولڭ بىر قەبرىستانلىقنى بايقىغانلىقىنى ئېيتتى. ستەين ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، بۇ يەرنىڭ ھەقىقەتەن بىر قەبرىستانلىققا ئوخشايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. قۇرۇق شور ئۆرلەپ تۇرغان كۆلچەكنىڭ بويىدا كىچىك قۇم تاغ بولۇپ، تاغ ئۈستىگە بىر نەچچە تال خادا ئورنىتىلىپ، خادىغا ھەر خىل تۇغلار چىگىلگەنىدى. بۇ ھال مۇشۇ يەرگە ئۆلۈغلارنىڭ دەپنە قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. لېكىن يەر ئۈستىدىن تۇپراق بېشىنىڭ ھېچقانداق ئىزى يوق ئىدى.

— نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە تۇپراق بېشى يوق؟ — دەپ سورىدى ستەين قولى بىلەن لەھەت ئۈستىنى كۆرسىتىپ ئىسلام ئاخۇندىن.

— ھە... بوران ئۇنى ئاللىقاچان ئۇچۇرۇپ كەتكەن، ھەممىسى يەر ئاستىدا.

— سىز بۇ يەردىن نېمىلەرنى بايقىغان؟

— بايقىغان نەرسىلەر كۆپ، قەدىمكى پۇللار، تارشا پۈتۈك، ساپال قاچىلار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن تارتىپ ھەممىسى بار.

لېكىن ھېيلىگەر ئىسلام ئاخۇن كىتابنىڭ گېپىنى ھەرگىز تىلغا ئالمىدى.

— ئەنە، ئاۋۇ يەردىن كولىۋالغان، ھەي! ئەپسۇس، شامال ھەممىنى تىندۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى ئۇ.

ستەين قارا كۆل مازار دېيىلىدىغان بۇ جاينى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، ئۇن نەچچە يەرنى تاللاپ، قول ئاستىدىكىلەرنى كولاشقا بۇيرىدى. ئۇ ھىندىستاندىن سېتىۋالغان، ئەنگلىيىدە ياسالغان گۈرجەكلەر ئىشلىتىشكە ناھايىتى ئەپلىك بولسىمۇ، ئۇ ئىسلام ئاخۇن كۆرسەتكەن مازاردىن ھېچنېمىنى ھەتتا ئادەمنىڭ بىرەر پارچە سۆڭىكىنىمۇ تاپالمىدى. ستەين گۇمانلىق نەزەرى بىلەن ئىسلام ئاخۇنغا قارىدى. ئىسلام ئاخۇن ئىككى قولىنى پولاڭلىتىپ:

— بۇ تەلەي، بەزى نەرسىلەرگە ھەممىلا ئادەم ئېرىشىۋەرمەيدۇ، — دېدى.

— ئۇنداقتا باشقا يەرگە بارايلى، — دېدى ستەين، — سىز ئالدىمىزغا يەنە ئۈچ چاقىرىم ماڭساق قارا تال دېگەن بوستانلىق بار، ئۇ يەردە خارابە بار دېگەنىدىڭىز، شۇ يەرگە بارساق قانداق؟

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى ئىسلام ئاخۇن مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ. قارا تالدا بىر نەچچە ئائىلىلىك بولۇپ، ئۇلار بۇ قۇملۇقتا بىر كۆلچەك ۋە بىر پارچە توغراقلىققا تايىنىپ مۆجىزە كەبى

ياشايتتى. مەھەللىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە، ئىسلام ئاخۇن قۇمدىن چىقىپ تۇرغان ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ خارابىسىنى ستەينغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بەزىلەرنىڭ مۇشۇ جارابىدىن قەدىمكى كىتابلارنى قېزىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. ستەين ئىنچىكە سەپسېلىپ، بۇ خارابىلىكنىڭ قەدىمكى تۇرالغۇنىڭ خارابىسى ئىكەنلىكىنى، ئەمما تارىخىنىڭ ئۇزاق بولغاندىمۇ 200 يىلدىن ئاشمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. بىراق ئىسلام ئاخۇن خىررولغا سېتىپ بەرگەن قەدىمكى قول يازمىلار ئاز دېگەندىمۇ مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ستەين قول ئاستىدىكىلەرگە ئىسلام ئاخۇن كۆرسىتىپ بەرگەن بىر نەچچە جاي ۋە ئۆزى تاللىغان بىر نەچچە جاينى كولاشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خارابە ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، يېزىق پۈتۈلگەن ھېچنېمە ھەتتا بىرەر پارچە ساپال پارچىسىمۇ چىقمىدى. ئىسلام ئاخۇن بۇ يەردە بىر نېمە يوق ئىكەن دېگەندەك قىلىپ قوللىرىنى سىلكىپ قويدى.

ستەين غەزىپىنى باسالمىغان ھالدا ئىشلەمچىلەرنى چېدىر تىكىپ دەم ئېلىشقا بۇيرىدى ۋە ئۆزى يەرلىكلەردىن ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئىگىلەشكە كەتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ گەپلىرى ئوخشاش ئىدى. ئۇلار بۇ يەردىن ھېچكىمنىڭ كىتاب قېزىۋالمىغانلىقىنى ئېيتتى. ھېلىقى خارابىلەرنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز زامانىسىدىن تارتىپلا بار ئىدى دېيىشتى.

ستەين ھەممە ئىشنىڭ ئايدىڭلاشقانلىقىنى، قانداقتۇر «ناتونۇش يېزىق» پۈتۈلگەن كىتاب بايقىغان ئىسلام ئاخۇننىڭ بىر ئالدامچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ستەين خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ خوتەندە يېرىم كەسپلەشكەن بىر «بايلىق ئىزدىگۈچى قېرىنداشلار جەمئىيىتى» نىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدى. بۇ خوتەننىڭ ئاسارئەتىقە سودىسى ۋە ساختا قول يازمىلار سودىسىنى تىزگىنلىگەن گورۇھ بولۇپ، ستەين ئۇلارنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالدى ۋە ئۇلاردىن كىچىك بىر چارلاش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئۇلارنى خوتەن ئەتراپىدىن بايلىق ۋە خارابە ئىزدەشكە سالدى. ئۆزى بىر فوتوگرافىنى ئېلىپ ھېچقانداق خەرىتىگە كىرگۈزۈلمىگەن رايوننىڭ يەر شەكلى ۋە خوتەننىڭ خەرىتىدىكى توغرا ئورنىنى ئۆلچەش ئۈچۈن قارا قۇرۇم تېغىغا كىرىپ كەتتى. بىر ئايدىن كېيىن ستەين قارا قۇرۇم تېغىدىكى ئىشنى تۈگىتىپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ تەشكىللىگەن چارلاش ئەترىتى

مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە تاپقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئالدىغا قويغاندا ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قولىقىغا يەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىسلام ئاخۇننىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنى سۈرۈشتۈردى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئىسلام ئاخۇننىڭ بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن يوقاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئۇقمايدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇ كېتىش ئالدىدا ئۆيىدە بىر قەدىمكى قول يازمىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ستەيىن دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ھېلىقى قەدىمكى كىتابنى ئەكەلدۈردى. ئۇ بىر قاراپلا بۇ «ناتونۇش يېزىق» تا پۈتۈلگەن كىتابنىڭ قەغىزى ۋە يېزىق شەكلىنىڭ ئىسلام ئاخۇن خىررولغا سېتىپ بەرگەن قەدىمكى كىتابقا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

ئۇ بارمىقىنى ھۆللەپ كىتابتىكى خەتلەرگە تەگكۈزگەندە ھېلىقى «ناتونۇش يېزىق» لار ناھايىتى تېزلا ئۆچۈپ كەتتى. ستەيىن كىتابنى چاندۇرماي ئېپقالدى. لېكىن ئىچىدە: «ھۇ ئالدامچى، خەپ توختاپ تۇر» دېدى.

2

قۇياش قۇملۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ، خوتەننى قىزىل نۇرغا پۈركىگەندى.

بۇ ئەتىگەنلىكى ستەيىن قۇملۇقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە نەزەر سالمىدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بۇيان كېلەركى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتاتتى. ئىسلام ئاخۇن قېچىپ كەتتى. قول يازمىنىڭ راست - يالغانلىقى ئېنىقلانمىدى. ئۇنىڭ خوتەندە تەشكىللىگەن ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى تېپىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئانچە قىممىتى يوق پارچە - پۇرات نەرسىلەر ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭغا كېرىكى بىر پۈتۈن شەھەر خارابىسى، توپ - توپ مەدەنىيەت يادىكارلىقى، باشقىلاردا يوق ئاسارئەتىقىلەر ئىدى.

ستەيىن ماك كېنىنا سوۋغا قىلغان ھېلىقى خەرىتىنى يەنە بىر قېتىم ئېچىپ، سۋېن ھېدىننىڭ تەكلىماكاننى ئېكىسپېدىتسىيە قىلىش لىنىيىسىنى تەكشۈرۈپ چىقتى.

بۇ ۋاقىتتا ستەيىننىڭ ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ قالدى، بىرى ئۇنىڭغا خوتەندە تۇردى ئاتلىق بىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ ئاسارئەتىقىلەرنى بايقىغان كىشى ئىكەنلىكىنى، تەكلىماكاننى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ بايلىق ئىزدىگۈچى بولۇپ،

ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تەكلىماكاندا 30 يىل بايلىق ئىزدىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. لېكىن، بۇ كىشىنىڭ مىجەزى غەلىتە بولۇپ، تەنها ھەرىكەت قىلىدىكەن، ھېچكىم بىلەن ھەمكارلاشمايدىكەن. دائىم سىرتقا چىقىپ تۇرغاچقا، ئۇنى ئۆيىدىن تېپىش تەس ئىكەن، شۇڭلاشقا سۈەن ھېدىن خوتەندىكى چېغىدا بۇ كىشىدىن پايدىلىنىش پۇرسىتىنى تاپالمىغانىكەن.

ستەين بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى - دە، باشقىلاردىن ئۆزىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ستەين بارغاندا تۇردى ئۆيىدە يوق بولۇپ، ئىشىكىگە يوغان قۇلۇپ سېلىقلىق ئىدى.

ستەين ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇنى بىر كېچە - كۈندۈز ساقلىدى. ئىككىنچى كۈنى چۈشتە تۇردى قايتىپ كەلدى.

ستەيننىڭ نەزەرىدە چاچلىرى پاخپايغان، يۈز - كۆزلىرىنى كىر باسقان بۇ ئۇيغۇر ئۆزى بايقىغان تىرىك ئاسارئەتىقە ئىدى. ئۇ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ياردەم بېرىشنى ئۆتۈندى. تۇردى ئۇنىڭغا:

— مەن ئەزەلدىن يالغۇز ھەرىكەت قىلىمەن. سىزگە قانداق ياردەم قىلىشىمنى بىلمىدىم، — دېدى. ستەين:

— ماڭا يول باشلىغۇچى بولۇڭ، قەيەردە قېزىش قىممىتى بار خارابىلىك بولسا مېنى شۇ يەرگە باشلاپ بېرىڭ، — دېدى ۋە كۈمۈش قاچىلانغان بىر خالتىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، — بۇ سىزگە ئالدىن بېرىلگەن ھەق، قوبۇل قىلغايسىز، — دېدى.

تۇردى بۇ بىر خالتا كۈمۈشكە قاراپ قويدى، چىرايىدىن ھېچقانداق ھەيران قېلىش ئالامىتى كۆرۈلمىدى. ئۇ:

— بۇ نەرسىلەر قولۇمغا تەگكەن، كېرەك بولسا ئۆزۈم كولىۋالىمەن، — دېدى.

بۇ چاغدا ستەينگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بىر يەرلىك ئەمەلدار سۆز قىستۇرۇپ:

— تۇردى، ستەين ئەپەندىم ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئېكسپېدىتسىيە قىلىۋاتىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇشى بار. سېنىڭ ستەين ئەپەندىمنىڭ تەلىپىگە ماقۇل دېگىنىڭ ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئىشلىگىنىڭ بولىدۇ، — دېدى.

تۇردى لاسىدە بوشاپ قالدى. ئۇ يەنە بۇ يەرلىك ئەمەلداردىن

قورقۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

زىبرەك ستەين تۇردىنىڭ تەققى - تۇرقى ئادەتتىكىچە بولغان بىلەن ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، مەرد كىشى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— دوستۇم، مېنىڭ سىزنى مەجبۇرلاش نىيىتىم يوق، بۇ كۇمۇش ئارقىلىق سىز بىلەن سودىلاشماقچىمۇ ئەمەسمەن، مەن پەقەتلا ياردىمىڭىزغا موھتاج. بىز دوست بولايلى، ناھايىتى يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالايلى، — دېدى - دە، تۇردىنىڭ ئىنكاسىنى كۈتمەستىنلا قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

تۇردى ستەيندىن تەسىرلەنگەن ياكى ھېلىقى ئەمەلداردىن قورققان بولسا كېرەك، ئىشقىلىپ ئۇ بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ماقۇل بولدى.

بايلىق ئىزدەش بىلەن داڭ چىقارغان تۇردى ھېچنېمىسىنى يوشۇرماستىن ستەيننىڭ ئالدىغا يوغان بىر ساندۇقنى ئېلىپ چىقىپ ئاغزىنى ئاچتى. ستەيننىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. كىچىك - كىچىك ئالتۇن بۇتلار، كۇمۇش قوشۇق، كۇمۇش تەخسىلەر، ياغاچ ئويمىلار، رەڭلىك لايقونچاقلار ... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ستەين ھىندىستاننىڭ بىراخما يېزىقى پۈتۈلگەن تام رەسىمىنىڭ پارچىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك لاي قاپارتما سەنئەت بۇيۇمى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇ يەنە بىر پارچە قەغەزنى ئالدى. ئۇنىڭغا ئېجىر - مىجىر قىلىپ بىر خىل يېزىق يېزىلغانىدى. بۇ بۇددا دىنى ئايەتلىرىدەك قىلاتتى.

— بۇ نەرسىلەرنى قەيەردىن تاپتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ستەين ھەيران بولۇپ.

— خوتەننىڭ شەرقى شىمالىدىكى قۇملۇقتىن، — دەپ جاۋاب بەردى تۇردى.

— ئۇ يەر يىراقمۇ؟

— توققۇز-ئون كۈنلۈك يول، — دەپ جاۋاب بەردى تۇردى.

ستەين خەرىتىنى يېيىپ، تۇردىدىن شۇ ئورۇننىڭ كونكرېت ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئېيتتى. تۇردى بېشىنى چايقاپ، خەرىتىنى تونۇمايدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇ يەرنىڭ دەندان ئۆيلۈك دېيىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ستەين دەرھال دەندان ئۆيلۈك دەپ ئاتىلىدىغان يەرنىڭ سۈيەن ھېدىن بارغان «پىل چىشى ئۆيى» دېگەن يەر بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. سۈيەن ھېدىن ئۇ يەردىن

نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرىنى بايقىغانىدى.

ستەين دەندان ئۆيلۈكنى تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى بىرىنچى قېزىش نىشانى قىلىپ تاللىدى. ئۇ شۇ يەردە ئارانلا بىر كۈن تۇرغان سۈرەن ھېدىننىڭ ھەممە تەرسىنى ئېلىپ كېتەلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، يەر ئاستىدىكى نۇرغۇن ئاسارئەتىقىلەرنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەندى.

دەندان ئۆيلۈك.

ئون بىر كۈنلۈك جاپالىق سەپەردىن كېيىن روژدىستۋو بايرىمىنىڭ ھارپىسىدا ستەيننىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بۇ جايغا يېتىپ كەلدى.

بۇ يەرنىڭ ستەينگە بەرگەن تۇنجى تەسىرى، قاقاسلىق، ۋەيرانە، ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان، ھەممە يەر بايلىق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئىزلىرى بىلەن تولغان جاي ئىدى.

مول تەجرىبىگە ئىگە تۇردى باشقىلارنىڭ قولى تەگمىگەن جاينى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ بەردى ۋە قانداق قېزىشنىڭ لازىملىقىنىمۇ ئېيتىپ بەردى.

ھاۋا سوغۇق، يېمەكلىك چەكلىك، ۋاقىت قىس بولغاچقا 30 نەچچە ئادەمنىڭ بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ستەين ئازراق دەم ئېلىپلا قېزىشنى باشلىۋەتتى. 30 نەچچە قاۋۇل ئىشلەمچى يول ئۈستىدە باشكەنت دېگەن مەھەللىدىن ياللىۋېلىنغانىدى. ئۇلارغا بېرىلىدىغان ھەق يۇقىرى بولغاچقا ئۇلارمۇ راسا ئىشلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى جوتۇ ۋە ستەين ئۇلارغا تارقىتىپ بەرگەن كۈرجەكلەردىن چىقىۋاتقان تاراڭ - تۇرۇڭ ئاۋازلاردىن ستەين نەچچە يىلدىن بۇيان كۈتۈۋاتقان بايلىقنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك يۈرەكلىرى ئويناپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كەسپىي بىلىمىنىڭ بۇ يەردە تازا ئەسقاتىدىغانلىقىغا، بۇ ھەددى - ھېسابسىز بايلىق كۆمۈلۈپ ياتقان زېمىندىن دېھقانلار ئېتىزدىن چامغۇر كولىۋالغاندەك، بېلىقچىلار دەريا - دېڭىزدىن بېلىق سۈزۈۋالغاندەك بايلىق ئۇسۇۋېلىش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى.

ناھايىتى روشەنكى، بۇ بىر بۇتخانا ئىدى. بىرىنچى كۈندىكى قېزىشتىلا 150 پارچىدەك قەدىمكى بۇددىزم تام رەسىملىرى ۋە ھاك قاپارتما نەقىشلەر قېزىۋېلىندى. ستەين ھەر بىر پارچە بۇيۇمنى ئۆز

جايىدا رەسىمگە تارتىپ بولغاندىن كېيىن، ساندۇققا قاچىلاپ توشۇشقا مەسئۇل خادىم ئارقىلىق ئەنگلىيە مۇزېيىغا يولغا سالدى. ئىككىنچى كۈنى ستەين قېزىش خىزمىتىنى سەككىز فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى قۇم ئاستىدىكى قۇرۇلۇشلارغا يۆتكىدى ۋە يەنە بىر تۈركۈم تام رەسىملىرى ۋە قاپارتما نەقىشلەرنى بايقىدى. ئەمما، ئۇ ئېرىشىشكە ئەڭ تەشنا بولغان قەدىمكى قول يازمىلار تېپىلمىدى.

ستەين تىت - تىت بولغانلىقتىن قېزىش مەيدانىدا ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى. ئۈزۈلمەي تېپىلىۋاتقان تام رەسىملىرىگە قاراپمۇ قويمايتتى. ئۇلار ئالدىرىغانلىقتىن سۋېن ھېدىن كىرورەن شەھىرىنى قازغاندا قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنىشنى قارار قىلدى. كىم بىرىنچى بولۇپ قول يازمىنى بايقىسا، شۇنىڭغا 10 قاداق كۈمۈش ئىنئانە بېرىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشلەمچىلەر تېخىمۇ كۆچەپ قېزىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي قۇم ئازگىلىنىڭ تېگىدىن بىرىنىڭ «ھۆججەت» دېگەن ھاياجانلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا بىرەيلەن كىر باسقان قوپال قولى بىلەن بىر ۋاراق سوقىچاق قەغەزنى ئېگىز كۆتۈردى.

ستەين ئېتىلىپ بېرىپ سارغىيىپ كەتكەن قەغەزنى ئىككى قوللاپ ئالدى. قەغەزگە ئىجىر - مىجىر قىلىپ سانسكرىت يېزىقى پۈتۈلگەنىدى. قەغەزنىڭ بىر چېتىدىكى تۆشۈككە قارىغاندا، بۇ تۆپلەكلىك كىتابنىڭ بىر ۋارىقى ئىدى. ئارقىدىنلا يەنە تېپىلدى، قول يازمىلارنىڭ ھەممىسى V - VI ئەسىردە سانسكرىت يېزىقىدا پۈتۈلگەن بۇددا نوملىرى ئىدى. نومنىڭ خەتلىرى ئوچۇق، ھەجىمى كۆپ ئىدى. ستەين قول يازمىلار بايقالغان بۇ ئىمارەت بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ نوم ساقلاش ئۆيى بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلدى. ستەين ھاياجانلانغانلىقىدىن ئىنئام بېرىش ۋەدىسىنى دەررۇ نەقلەشتۈردى. ئۇ كېيىن قول يازما تاپقانلارغىمۇ ئازراقتىن كۈمۈش بەردى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ستەين قېزىش نىشانىنى بىر چاقىرىم يىراقلىقتىكى قۇم ئاستىدا قالغان ئىمارەتكە يۆتكىدى. بۇ يەرلەردە بايلىق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى. لېكىن، ستەين ئىنچىكىلىك بىلەن قېزىش ئارقىلىق بىر ئۆينىڭ تېمىدىن ئىككى پارچە نەپىس سىزىلغان رەسىمنى تاپتى. قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ رەسىم تاج كىيگەن چاشقان باشلىق ئادەم بولۇپ، ئىككى مۇلازىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەغرۇر ئولتۇراتتى. بۇ رەسىم ستەيننىڭ ئېسىگە

خوتەندە ئاڭلىغان بىر رىۋايەتنى سالدى. مىلادىيە V ئەسىردە هونلار خوتەنگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدۇ، خوتەن قولدىن كېتىش خەۋپى ئاستىدا قالىدۇ. توساتتىن مىڭلىغان چاشقانلار، چاشقان پادىشاھىنىڭ باشچىلىقىدا هونلارنىڭ قارار گاھىغا بېسىپ كىرىپ، كۆندىن ياسالغان ئات جابدۇقلىرىنى، ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى چىشلەپ ئۈزۈپ، ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلەرنى يەپ كېتىدۇ.

هونلار ھەممە يەردە يامراپ يۈرگەن چاشقانلاردىن قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن بۇيان خوتەن خەلقىدە چاشقانغا چوقۇنۇش ئادەت بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، رەسىمدىكى تاج كىيگەن چاشقان باشلىق كىشى خوتەن خەلقىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان چاشقان پادىشاھى بولسا كېرەك.

يادىكارلىق ئىزدەش تەلۋىلەرچە توختىماي داۋاملاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يەنە بىر قېتىم بىراخما يېزىقى پۈتۈلگەن قەغەز پارچىلىرى قېزىۋېلىندى. بۇلار VIII ئەسىردىكى ھۆكۈمەت ۋە شەخسىلەرنىڭ ۋەسىقىلىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆتنە ئېلىش ۋە يۆتكەش بۇيرۇقى بار ئىدى. يەنە نەچچە ۋاراق خەنزۇچە ھۆججەتلەر قېزىۋېلىندى. بۇ ھۆججەتلەر مىلادىيە 791 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6-كۈنى يېزىلغان بولۇپ، ئېشەكنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش مەزمۇنىدىكى ھۆججەت ئىدى. ھۆججەتتە ئىككى كىشىنىڭ بىر ئېشەكنى سورىۋېلىپ كېتىپ 10 ئايغىچە قايتۇرۇپ بەرمىگەنلىكى، ئېشەكنى ئېپكەتكەن ئىككى كىشىنىڭمۇ يوقاپ كەتكەنلىكى، ھۆكۈمەتتىن ياردەملىشىپ تېپىپ بېرىش تەلەپ قىلىنغانىدى.

يەنە بىر كىچىك ئىبادەتخانىدىن ناھايىتى نۇرغۇن خەنزۇچە قول يازمىلار، نۇرغۇن تام رەسىملىرى، ياغاچ ئويمىلار چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ياغاچ ئويمىغا ئاتقا مىنگەن بىر ئادەم ۋە قوش لوكىلىق تۆگە مىنگەن بىر ئادەمنىڭ رەسىمى ئويۇلغانىدى. ستەين ياغاچ ئويمىلاردىكى تويىلارنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتىدىن ھەيران قالدى. ياغاچ ئويمىنىڭ ئويۇلۇش ئۇسۇلى ۋە ماھارىتى، بەدىئىي تۈزۈلۈشى ئەينى چاغدىكى يەرلىك رەسساملارنىڭ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە جۇڭگو بىلەن ھىندىستان، ئىراننىڭ رەسىم سىزىش ئۇسۇل - ماھارىتىنى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەن رەسىم سىزىش ئۇسۇلى، غەربىي رايون رەسساملىق سەنئىتىنىڭ شەرقچە سۇرۇلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۆزلۈكسىز تېپىلىشقا باشلىدى. ھەر بىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىشى ستەيننى ناھايىتى ھاياجانلاندۇردى. ستەين ئۈچ ھەپتىگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە دەندان ئۆيلۈكتە ئون تۆت خارابىنى قېزىپ ھېسابسىز مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ئېرىشتى. تېپىلغان ھۆججەتلەر ۋە شۇ جاينى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، دەندان ئۆيلۈك رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك، تويۇقسىز كەلگەن بالايىئاپەتتىن ۋەيران بولۇشنىڭ ئىككى خىل سەۋەبى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى ئۆزلۈكسىز داۋاملاشقان يېغىلىقلار ۋە سىياسىي قالايمىقانچىلىقلار سەۋەبىدىن كىشىلەر سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا يېتىشەلمەي، سۇ قىس يەردە ياشاشقا ئامالسىز قالغان؛ يەنە بىر سەۋەب، قۇم ئاپىتى ۋە قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن دەريا - ئۆستەڭلەر بارا - بارا قۇرۇپ كەتكەنلىكتىن كىشىلەر بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. قىسقىسى، دەندان ئۆيلۈك ئاستا - ئاستا ۋەيران بولغان.

ستەيننىڭ بۇ تەھلىلىنى بىر قەدەر ئىلمىي دېيىشكە بولاتتى.

1901 - يىلى 6 - يانۋاردا ستەين نۇرغۇن بايلىقنى ئېلىپ دەندان ئۆيلۈكتىن ئايرىلىپ، تۇردى كۆرسەتكەن يەنە بىر قېزىش نۇقتىسى نىيىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئۆزى ئۇڭتەي-تۇڭتەي قىلىۋەتكەن دەندان ئۆيلۈككە قاراپ تۇردىدىن:

— بىز كەتكەندىن كېيىن بۇ يەر قانداق بولۇپ كېتەر؟ — دەپ سورىدى. تۇردى بۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

— ھا - ھا - ھا ... — ستەين بىر دەم قاقاقلاپ كۈلگەندىن كېيىن يەنە پەس ئاۋازدا، — بۇ يەر ئىلگىرىكىدەكلا يەنە تونۇلماي قېلىۋېرىدۇ، — دېدى.

نىيە.

ھېسابسىز چوڭ - كىچىك قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتۈپ، مۇز تۇتقان نىيە دەرياسىنى بويلاپ، تۆۋەن ئېقىنىغا قاراپ بەش كۈن ماڭغاندىن كېيىن ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان قارا قۇرۇم تېغى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئىككى ئېغىز ئۆي ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، مانا بۇ نىيە ئىدى.

دەندان ئۆيلۈك سەپىرىدە ستەين چوقۇم بىر ياخشى يول باشلىغۇچى بولۇشى كېرەك ئىكەن دېگەن تونۇشقا كەلگەنىدى. ئۇ تۇردى بىلەن يېقىن دوست بولۇپ قالدى، ئەمما تۇردىمۇ نىيىنى تازا ياخشى بىلمەيتتى. شۇڭلاشقا ئۇ نىيە سەپىرىدە يول باشلىغۇچى،

تاپمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلار كېرىيەدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئىبراھىم ئىسىملىك بىر كىشى ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۆزىدە ئىككى تارشا پۇتۇك بارلىقىنى، ئۇنى نىيە خارابىسىدىن تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. ستەين دەرھاللا ئىبراھىمغا تارشا پۇتۇكنى ئەكەلدۈرۈپ كۆردى. تارشىغا يېزىلغىنى ئوتتۇرا ئەسىردە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن كارۇشتى يېزىقىنىڭ قول يازمىسى ئىدى. بۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بۇيۇم ئىدى. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان ستەين:

— بۇنى راستىنلا نىيىدىن تاپقانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىمدىن.

— شۇنداق، ئۆتكەن يىلى ئۇ يەرگە ئالتۇن ئىزدىگىلى بارغاندا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر ئۆينىڭ ئىچىدىن قېزىۋالغان، — دېدى ئىبراھىم.

— بۇلار ئۇ يەردە كۆپمىكەن؟

— كۆپكەن، — مەن ئۇ يەردىن تۆت پارچە ئېپكەلگەن.

— قالغان ئىككى پارچىسى قېنى؟

— بالىلار ئويناپ يورگەن.

— تېز بېرىپ تېپىپ كېلىڭ، بالىلار بۇزۇۋەتمىسۇن.

ئىبراھىم بۇ ياۋروپالىقنىڭ بۇ نەرسىلەرگە نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىزىقىدىغانلىقىنى چۈشەنمىسىمۇ، يۈگۈرۈپ بېرىپ بالىلار يول بويىغا تاشلىۋەتكەن تارشا پۇتۇكلەرنى تېپىپ كەلدى.

ستەين تۆت پارچە تارشا پۇتۇكنى ئالغاندىن كېيىن ئىبراھىمغا ناھايىتى كۆپ پۇل بەردى.

ئىبراھىم بۇ تۆت پارچە تارشا پۇتۇكنىڭ شۇنچە كۆپ پۇلغا يارىغانلىقىغا تولىمۇ ھەيران بولدى ۋە نىيە خارابىسىدىكى تارشا پۇتۇكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېلىۋالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ھازىر ئۇ بۇ سىرنى بۇ ياۋروپالىققا ئاسانلا ئاشكارىلاپ قويغانىدى.

ئىبراھىمنىڭ پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ستەين:

— سىز ماڭا يول باشلىغۇچى بولۇڭ، ئەگەر سىز مېنى تارشا پۇتۇك تاپقان يەرگە باشلاپ بارسىڭىز، سىزگە بىر ئۆمۈر خەجلىسىڭىزمۇ يەتكۇدەك پۇل بېرىمەن، — دېدى.

ئىبراھىم بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ماقۇل بولدى. ئەترەت يولغا چىققاندىن كېيىن ستەين ئادەملىرىگە ئىبراھىمنى قاتتىق نازارەت قىلىشنى، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ياكى ئۆزلىرىنى باشقا

جايغا باشلاپ قويۇپ، بايلىقنى تەنها ئىگىلىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تاپىلىدى.

كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن نىيە خارابىسى ستەيننىڭ ئالدىدا پارلىغان، ئەمما ئۇ غېرىبانە ھالدا نامايان بولغاندا، ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئۆزلىرىنى خاتا باشلىمىغانلىقىغا ئىشەندى. ستەين خۇددى «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۇم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك دەرھال قېزىشنى باشلىۋەتتى. تۇنجى قېتىم قېزىلغان ئۆيدىنلا 85 پارچە تارشا پۈتۈك قېزىۋېلىندى. كېيىن باشقا ئۆيلەردىنمۇ ناھايىتى كۆپ چىقتى. بەزىلەر باغلام - باغلام بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ساقلانغانىدى. بۇ تارشا پۈتۈكلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 سانتىمېتىر بولۇپ، يىپقا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئالدى يۈزىدە تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئورنى، ئىسىم - فامىلىسى، كەينىگە ھۆججەت مەزمۇنى يېزىلغان بولۇپ، ھەممىسى كاروشتى يېزىقىدا پۈتۈلگەنىدى. ستەين تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ تارشا پۈتۈكلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ يارلىق ۋە خەت ئالاقىلىرى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى.

ئۆرۈلۈپ چۈشكەن باشقا ئۆيدىن ستەين نەپىس نەقىش ئويۇلغان ياغاچ ئورۇندۇق، بىر تاختا مۈشۈك، بىر ھاسا، بىر ئاياغ قېلىپى، بىر پارچە گىلەم ۋە نۇرغۇن كۈندىلىك بۇيۇملارنى تاپتى.

يەنە قۇم ئاستىدىن قېيىن دەرىخى شېخىدا توقۇلغان قاشا ۋە بىر پارچە بوش يەر بايقالدى. بۇ يەردىن ئالما، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئۈجمە قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ كۆتەكلىرى قېزىۋېلىندى. ستەين بۇنىڭغا قاراپ بۇ مېۋىلىرى ئوخشىغان باغ ئىكەن دەپ قىياس قىلدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ستەين يەنە ئالتە ئېغىزلىق ئۆينى قازدى. بۇ يەردىن بىر دۆۋە ئەخلەت چىقتى. ئۇ سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرغان ئەخلەت ئىچىدىن ئىككى يۈز پارچىدەك تارشا پۈتۈك، يەنە كاروشتى يېزىقىدا خەت يېزىلغان ئىككى باغلام كۆن تاپتى. ئۇ تارشا پۈتۈكلەرنى بىرمۇ - بىر سۈرتۈپ تازىلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ستەين بىر تارشا پۈتۈكنىڭ ساپال لېپى پېچەتتىگە سىزىلغان گرېتسىيە ئەپسانىلىرىدىكى دانىشمەن ئىلاھە ئافىنانى تونۇۋالدى، ئافىنا جاھاننى زىلزىلىگە سالغان، كۆك يېرىلغان، چاقماق چېقىش ئارقا كۆرۈنۈش

قىلىنغان ھالەتتە تەڭرى ئىلاھى زېۋسىنىڭ شاھلىق قالقىنىنى تۇتقىنىچە تۇراتتى. باشقا تارشا پۈتۈكلەرگىمۇ گرېتسىيە ئىلاھلىرىنىڭ رەسىملىرى سىزىلغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سۆيگۈ ئىلاھى ئېروس، كۈچ ئىلاھى ھېراكىلىس قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلاردىن باشقا يەنە تەقى - تۇرقى غەلىتە ئەر - ئاياللارنىڭمۇ رەسىملىرى بار ئىدى. ستەين بۇ رەسىملەرنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قالدى. قەدىمىي زامان پۈرىقىغا ئىگە بۇ رەسىملەردىن VII ئەسىردىلا غەربنىڭ پورترېت سىزىش سەنئىتىنىڭ يىپەك يولىنى بويلاپ جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىغا تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى.

ستەين نىيىدە 16 كۈن قېزىش ئارقىلىق ناھايىتى نۇرغۇن تارشا پۈتۈك ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپتى. ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىلگەن نىيە خارابىسىگە قاراپ، بۇ يەردىن كېتىشنى قارار قىلىپ، بۇ يەردىن 120 چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەنە بىر قېزىش نۇقتىسى — ئەندىرگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئەندىر.

مۇز تۇتقان ئەندىر دەرياسى خۇددى بىر تال كۈمۈش لېنتىدەك تەكلىماكان قۇملۇقىدا ياتاتتى. دەريادىن ئۆتۈپ ئۇزاق ماڭمايلا ستەين ئۆزى كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئەندىر خارابىسىنى كۆردى.

10 نەچچە يەردىكى خارابىلىك بىر سوقما تام بىلەن قورشالغانىدى. سوقما تامنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مېتىرغىچە بولۇپ، ئۇلى ناھايىتى قېلىن ئىدى. تامنىڭ ئۈستىگە خىش بىلەن كۈنگۈرە ياسالغان بولۇپ، بۇ بىر مۇداپىئە قورۇلۇشى ئىدى. بۇنىڭدىن ئەينى چاغدا ئەندىردە دائىم يېغىلىق بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى.

بۇ يەردىكى قېزىش يەتتە كۈن داۋاملاشتى. بەزىدە گۈلخان يېقىلىپ كېچىسىمۇ قېزىلدى. ئۇ يەردىن تىبەت يېزىقىدا پۈتۈلگەن بۇددا نوملىرىنىڭ سىرىق قەغەز ۋاراقلىرى، ئادەم بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتىكى لاي ھەيكەل، ئوقيا، تۆمۈر نەيزە قاتارلىق قورال - ياراغلار ۋە بىر پارچە خەنزۇچە پۈتۈك تېپىلدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن، ئۇ ئىلگىرى بۇ يەرلەردە خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان، تاڭ راھىبى شۈەنزاڭمۇ بۇ يەرگە كەلگەن دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئەينى چاغدا جەنۇبتىكى تىبەتلەر بۇ جايلارنى دائىم پاراكەندە قىلىپ تۇرغاچقا، خەنزۇلار سېپىل ياساپ ئۇلاردىن مۇداپىئە كۆرگەنىدى. ئەمما، VIII

ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تىبەتلەر خەنزۇلارنى بۇ جايدىن قوغلىۋەتكەن. ئەندىر تىبەتلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بىر مەزگىلدىن كېيىن قۇم ئاپتى ۋە سۇنىڭ قىسلىقىدىن، ئۇلار بۇ جايلارنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

ستەيننىڭ ئەندىردە قولغا چۈشۈرگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، ئۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى رازى بولدى. ستەيننىڭ بىر ئىشتىن مەمنۇن بولغاندا چىشىنىڭ ئارىسىدا بىر نەرسە بولسۇن، بولمىسۇن چىشنى كولايدىغان غەلىتە ئادىتى بار ئىدى. ئاغزىدىن چىش كولىغۇچنى چۈشۈرمەيتتى. ئۇ بۈگۈن ئەندىردىن ئايرىلىش ئالدىدىمۇ ئاغزىغا چىش كولىغۇچنى تىقىۋېلىپ ئۇنى ئاغزىدا ئۇياقتىن- بۇياققا ئوينىتىپ باراتتى.

قارا تۇغ.

ستەين قارا تۇغنىڭ تەكلىماكاندا ۋەيران بولغان بىر قەدىمى شەھەر ئىكەنلىكىنى سۋېن ھېدىننىڭ «ئاسىياغا سەپەر» ناملىق ئەسىرىدىن بىلگەنىدى. ئۇ قارا تۇغنىڭ بۇ جايدىن ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ يەرنىمۇ قېزىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى.

قارا تۇغ كېرىيە دەريا ئېقىنىدا ئىدى. ستەين قېزىش ئەترىتىنى باشلاپ ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، ئويلىمىغان يەردىن قۇم بورانىغا دۇچ كەلدى. قاتتىق بوران ئاسماننى قازاننى دۈم قىلىپ قويغاندەك قاراڭغۇ قىلىۋەتتى. مۇشتەك تاشلارنى يامغۇردەك ياغدۇردى. شۇ تاپتا تەڭرى ئۇلارغا قارا تۇغنىڭ ۋەيران بولۇش سەۋەبىنى كۆرسىتىپ قويۇۋاتقاندەك ياكى ئۇلارنىڭ كەلگىنىگە قاتتىق غەزەپلەنگەندەك قىلاتتى.

قۇم بوران سىلىككەندىن كېيىن ستەين قېزىشقا كىرىشتى. ساقلىنىپ قالغان بىر نەچچە خارابە ناھايىتى تېزلا قېزىلىپ بولدى. بۇ يەردىن چىرىپ كەتكەن گۈرۈچ، بۇغداي، پۇرچاقتىن باشقا ھېچنېمە تاپالمىدى. ستەين شۇ كېچىسى كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن قارا تۇغدىن ئايرىلدى.

راۋاق.

ستەين راۋاقتىكى قېزىشتا قارا تۇغدا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالدى. ئۇ دەندان ئۆيلۈكتە ئۆزىنى باي قىلغان تۇردىغا رەھمەت ئېيتسا بولاتتى. چۈنكى، تۇردى

ئۇنى راۋاقتا باشلاپ كەلگەنىدى. ستەين تەكلىماكاننى قېزىپ بىر چەمبەر ھاسىل قىلغانىدى.

راۋاق ھەقىقەتەنمۇ ئەينى چاغدىكى سەلتەنەتتىنى يوقاتمىغان بىر خارابە ئىدى. يىراقتىنلا بىر ھەيۋەتلىك بۇددا مۇنارى قۇم ئۇستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مۇنارنىڭ ئۇچىلا قۇمدىن چىقىپ تۇراتتى، قالغان قىسمى پۈتۈنلەي قۇم ئاستىدا ئالغانىدى. مۇنارنىڭ ئەتراپىدا ئالتۇن - كۈمۈش ئىزدىگۈچىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلار بولۇپ، كولاپ چىقىرىپ تاشلىۋېتىلگەن لاي ھەيكەللەر ھەممىلا يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. بۇنى كۆرگەن ستەين بۇ يەرنىڭ ناھايىتى مۇھىم يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ 70 چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر يېزىدىن 10 نەچچە ياراملىق ئىشلەمچى چاقىرتىپ كەلدى.

توققۇز كۈن ئۈزۈلدۈرمەي قېزىش ئارقىلىق، ئۇلار 91 يوغان بۇت ۋە بۇتساتۋانىڭ ھەيكەللىرىنى، يەنە نۇرغۇن كىچىك بۇتلار ۋە تام رەسىملىرىنى قېزىپ چىقتى. ستەين كىچىك بۇتلارنى ۋە كىچىكرەك تام رەسىملىرىنى ساندۇقلارغا قاچىلىدى. بىراق، ئادەمدىنمۇ يوغان بۇتلارنى ئېلىپ كېتىشكە ئامالسىز قالدى. ئايرىم ساندۇق ياساتقان تەقدىردىمۇ بۇنداق يوغان، نەپىس بۇتلارنى قۇملۇقتىن ئامان - ئېسەن ئېلىپ چىقىپ، ياۋروپاغا ساق - سالامەت ئېلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ستەين بۇنىڭغا قاتتىق ئەپسۇسلاندى. ئۇ ئىلاجسىزلىقتىن بۇ بۇتلارنى رەسىمگە تارتىۋېلىپ خاتىرە قالدۇرۇپ، ئۆز جايىغا قويۇپ قۇم بىلەن قېلىن كۆمۈۋەتتى. ئۇ شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە، راۋاققا يەنە كېلىپ بۇ ھەيكەللەرنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدى.

تولىمۇ ئەپسۇس، بەش يىلدىن كېيىن ستەين بۇ يەرگە يەنە كەلگەندە، قۇم ئاستىدا 1500 يىل ساقلانغان سەنئەت بويۇملىرى ئاللىقاچان يوقالغانىدى. بىر ئوچۇم يەرلىك ئالتۇن ئىزدىگۈچىلەر راۋاققا كېلىپ، بۇ يوغان بۇتلارنىڭ ئىچىدە ئالتۇن، كۈمۈش بولۇشى مۇمكىن دەپ ھەممىسىنى چېقىپ بۇزىۋەتكەنىدى. ستەيننىڭ راۋاقنى قېزىشى ھېلىقى ئوغرىلارنىڭ بۇ يەرلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. تۆگە ۋە جوغى كىچىك ئاتلاردىن تەركىب تاپقان توشۇش ئەترىتى ھەددى - ھېسابسىز ئاسارئەتىقىلەرنى ئېلىپ راۋاقتىن ئايرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ستەيننىڭ تەكلىماندىكى خارابىلىكلەردە ئېلىپ بارغان تۆت ئايلىق قېزىش ئىشى ۋاقتىنچە

ئاياغلىشىپ، شىنجاڭغا قىلغان بىرىنچى قېتىملىق سەپىرى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. 4 - ئايدىكى تەكلىماكاننىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ، قۇم بورانلارمۇ كۆپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇ سىۋېن ھېدىننىڭ ساۋىقى ۋە تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلىپ تەكلىماكاندىن ۋاقتىدا كېتىۋالدى.

ستەين خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

قازغۇچىلارنىڭ مۇرىسىدىكى ئەنگلىيىدە ياسالغان گۇرجەكلەر قۇملۇقنى قېزىش جەريانىدا يالىنىپ ئاپتاپتا تېخىمۇ پارقىراپ تۇراتتى. ستەيننىڭ قېزىش ئىشى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى. ئۇ خوتەندە باشقا بىر خىل «قېزىش» ئېلىپ بېرىپ، ئىسلام ئاخۇننىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىماقچى بولدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پۈتۈن ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سالاتتى.

3

1901 - يىل 25 - ئاپرېل سەھەردە، ستەين خوتەن ھۆكۈمىتى قوشۇپ بەرگەن ئىككى نەپەر تۇرمە خادىمى بىلەن خوتەن شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر يېزىغا كېلىپ، كەنتنىڭ كوْن چىقىشىدىكى بىر ئۆينىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى، ئۇلار سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام ئاخۇننىڭ تېۋىپلىق نامى بىلەن ئىككى - ئۈچ ئايدىن بۇيان بۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققانىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئىسلام ئاخۇن ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ، ئۆي ئارقىسىغا ھاجەت قىلىشقا ئۆتتى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئىككى خادىم ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ، ئۇنىڭغا قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ئىسلام ئاخۇن ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى، ئۇۋال بولغانلىقىنى ئېيتتى. ستەين ئۆيگە كىرىپ بىر باغلام كونا قەغەز ۋە ئالاھىدە ياسالغان سىياھنى تاپتى. ستەين رەڭگى ئۆچۈرۈۋېتىلگەن قەغەزلەردە ئۆزىگە تونۇش ھېلىقى «ناتونۇش يېزىق» نى كۆردى. ئۇلار ئىسلام ئاخۇننى نەزەربەند قىلىپ خوتەنگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خوتەندىكى ئۆيىدىن «ناتونۇش يېزىق» تا پۈتۈلگەن قول يازما ۋە ئۇلارنى ياساش ئەسۋابلىرىنى تېپىپ چىقتى.

ستەين ئىسلام ئاخۇننىڭ ساختا قول يازما ياساش ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ شۇنچە كۆچەپ كېتىشىگە، ئۇ تەكلىماكاندا تۆت ئاي قېزىش جەريانىدا بايقىغان ھەر قانداق بىر

يېزىقنىڭ ئىسلام ئاخۇن تاپقان ھېلىقى «ناتونۇش يېزىق» لارغا ئوخشىمايدىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. قېزىپ چىققان قەغەزلەرمۇ ئىسلام ئاخۇندىكى قەغەزلەرگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ستەين يەنە باشقا گۇمانلىق نۇقتىلاردىن ئىسلام ئاخۇننى مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئالدامچىسى، ئۇ خىررولغا يۇقىرى باھادا سېتىپ بەرگەن قەدىمكى كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئويدۇرۇلغان ساختا نەرسىلەر دەپ ھۆكۈم چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتەنگە كېلىپلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ خوتەندىكى ئالىي ئەمەلدارى فەن ئامبالغا بۇ ئىشنى ئېيتتى. ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ھەمكارلىشىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. فەن ئامبال خېلى مەلۇماتلىق ئەمەلدار بولۇپ، ئۇ شۇ جايدىلا مەدەنىيەت يادىكارلىقى ياساپ ئالدامچىلىق قىلىشقا سەل قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ:

— ئەپەندىم، سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟ — دەپ سورىدى ستەيندىن. ستەين:

— ئىسلام ئاخۇن مېنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قالدى بولغاي. ئەگەر ئۇ مېنىڭ ئىشنى بولدى قىلمايدىغانلىقىمنى بىلىپ قالسا قېچىپ كېتىشى ياكى مۆكۈۋېلىشى مۇمكىن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ئالدى بىلەن قولغا ئالايلى، — دېدى فەن ئامبال شىرەنى مۇشتلاپ تۇرۇپ.

بۇ دەل ستەيننىڭ ئارزۇسى ئىدى. ئۇ فەن ئامبالنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

— سىزنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئىشقا تېز تۇتۇش قىلساقمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— ئەمىسە ئۇنى دەرھال قولغا ئالايلى.

فەن ئامبالنىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن ئىسلام ئاخۇن قولغا ئېلىندى. ئىسلام ئاخۇن تاملىرى قېلىن بىر ئۆيگە قامالغانىدى. ستەين ئۇنى بىۋاسىتە سوراق قىلدى.

— نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ستەين.

— مەن ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىدىم، — دېدى ئىسلام ئاخۇن.

— ئۇزۇڭنىڭ قەدىمكى كىتاب ئويدۇرۇپ چىقىپ ساتقىنىڭنى جىنايەت دەپ ھېسابلىمامسەن؟

— لېكىن، ئەپەندىم، سىز پاكىتنى ئېنىكار قىلىۋاتىسىز، مەن نەدىمۇ قەدىمكى كىتابنىڭ قول يازمىسىنى ئويدۇرۇپ چىقاردىم؟

— ئويدۇرۇپ چىقارمىدىم دەيسەن، ئەمىسە سەن خىررول ۋە ماك كېيىنا ئەپەندىگە سېتىپ بەرگەن قول يازمىلار نەدىن كەلگەن؟ ئۆيۈڭدىن چىققان ھېلىقى «ناتونۇش يېزىق» يېزىلغان قەغەزلەر ۋە ئەسۋابلار قانداق ئىش؟ يەنە بار تېخى، مەن تەكلىماكاندىكى شۇنچە كۆپ خارابىلىكلەرنى قېزىپمۇ سەن ساتقان ھېلىقى قول يازمىلارنى تاپالمىدىمغۇ؟

— ئۇنداق بولسا مەن سىزنىڭ بۇ بىمەنە سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەي، مەن ساتقان ئاشۇ قول يازمىلار راستمۇ ـ ساختىمۇ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. چۈنكى ئۇلارنى باشقىلار ماڭا سېتىپ بېرىشكە بەرگەن. ئۇلار ئۇ كىتابلارنى قۇملۇقتىن قېزىۋالغان ھەقىقىي ئەسەرلەر دېگەن. سىز ئۆيۈمدىن تېپىۋالغان ھېلىقى نەرسىلەرنىمۇ شۇلار ئەكېلىپ قويغان. سىزنىڭ تەكلىماكاندا ئاشۇنداق يېزىقلارنى تاپالمىغانلىقىڭىزغا كەلسەك، بۇنى كىمدىن كۆرىسىز؟ ئۇنداق قول يازمىلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، ئۇنداق نەرسىلەر چۆمۈلدەك ھەممە يەردە بولىۋەرمەيدۇ ـ دە.

— تولا گەپدانلىق قىلما، ساڭا سېتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغۇچىلار كىملەر؟ ئۇلار قەيەردە، دەپ بېرەلەمسەن؟

— ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈپ كەتتى، بەزىلەرنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ئۇقمايمەن.

— ئۇلارنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىك بولۇشى بىلەن كارىم يوق، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېيت.

— ھىم، ئېيتسام ئېيتتىم، بىرىنىڭ ئېتى مۇھەممەد تولا، بىرىنىڭ ئېتى مۇھەممەد دىك. ئۇلارنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيمەن. يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئۆمەر، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى.

— ئەمىسە ھېلىقى كىتابلارنى سەن ئويدۇرۇپ چىقارماپتىكەنسەن ـ دە؟

— ئۇ قول يازمىلار يالغان بولىدىغان بولسا، مەن ئادەم بولماي كېتەي.

ستەيىن سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى.

ستەيىن باشقا بىر خىل ئۇسۇل يەنى خىررولنىڭ دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئىسلام ئاخۇننىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى بىراقلا

ئېچىپ تاشلىماقچى بولدى.

ئۇنداقتا، «خىررولىنىڭ دوكلاتى» قانداق ئىش؟ بەش يىل بۇرۇن ئىسلام ئاخۇن «ناتونۇش يېزىق» پۈتۈلگەن ئويدۇرما كىتابنى خىررول ۋە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلى گېرتسوگ ماك كېنناغا سېتىپ بەرگەندە، بۇ قول يازمىلارنى ئۆزۈم قولىلۇقتىن قېزىۋالغان دېگەن. ماك كېننا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئارخىپقا خاتىرىلەپ قويغان. خىررول ئارخىپتىكى بۇ سۆزلەرنى ھەمدە ئۇنىڭ قېزىپ چىقىلىش جەريانىنى بۇ ئىلمىي ماقالىسىگە كىرگۈزۈپ، ئەنگلىيىدىكى بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرغان. لېكىن، ھازىر ئىسلام ئاخۇن بۇ نەرسىلەر قېزىلغان يەرگە ئۆزىنىڭ بارمىغانلىقىنى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ پەقەتلا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە سېتىپ بېرىشكە ھاۋالە قىلغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋاتاتتى.

بۇ چاغدا ستەين كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر ژۇرنالنى چىقىرىپ ئىسلام ئاخۇنغا:

— ئاڭلاپ تۇر، مەن ساڭا بىر نەرسىنى ئوقۇپ بېرەي، — دېدى. ستەين خىررولىنىڭ دوكلاتىنى بىرمۇ بىر ئوقۇشقا باشلىدى. ئىسلام ئاخۇن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ژۇرنالنى تارتىۋېلىپ قاراپ باقتى. ئۇ ژۇرنالنى ئوقۇيالمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ژۇرنالغا بېسىلغان بىر پارچە رەسىمىنى كۆردى.

ئىسلام ئاخۇن بىردىنلا لاسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ بېشىنى قاماللىغىنىچە يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ماك كېننانىڭ ئەينى چاغدا ئۆزى توقۇغان ھېكايىنى خاتىرىلىۋالغانلىقىنى، خىررولىنىڭ بۇ ھېكايىنى دوكلاتىغا كىرگۈزگەنلىكىنى، بۇ دوكلاتنى ستەيننىڭ كۆرگەنلىكىنى، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ بۇ قېرى تۈلكىگە ئۇچراپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

— شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، داۋاملىق قارشىلاشساڭ ساڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئەمەلىيەتتە مەن سېنىڭ جىنايى قىلمىشىڭنى ئاللىقاچان ئىگىلەپ بولغان، ئەمدىكى مەسىلە سېنىڭ مەسىلەڭنى تاپشۇرۇۋېلىشىڭغىلا باغلىق بولۇپ قالدى. ئەگەر راستچىللىق بىلەن تاپشۇرساڭ، ئىككىمىزنىڭ ئىلگىرىكى ياخشى ھەمكارلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ فەن ئامبالغا ئېيتىپ سېنى قويغۇزۇۋېتىمەن، بولمىسا ئاز دېگەندە بەش يىل قاماقتا ياتىسەن، بەلكىم ھەر خىل قىيناشلاردا ئۆلۈپ كېتەرسەن ... قانداق قىلىشنى ئۆزۈڭ تاللا! — دەپ ئىسلام ئاخۇننى قىستىدى ستەين.

— ئەپەندىم، مەن ئېيتاي، راستىنى ئېيتاي ... — دېدى ئىسلام ئاخۇن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ.

ئىسلام ئاخۇننىڭ ئىقرارى:

بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى مەن قەدىمكى پۇل، ساپال قاچا، تامغا ۋە باشقا قەدىمكى نەرسىلەرنىلا ساتاتتىم. بۇ تايىنى يوق تىجارەت بولغاچقا پايدىسىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. كېيىن ئافغانىستانلىق بىر سودىگەر ماڭا ياۋروپادىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ يەر ئاستىدىن چىققان قەدىمكى كىتابلارنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى، بۇ ئىش مېنى بەك قىزىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئوقەتنى قىلىش قارارىغا كەلدىم. لېكىن، قولۇمغا قەدىمكى كىتابلارنى ئىزدەش خۇددى دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىش بولۇپ، پۇرسەتمۇ بەك ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنداق جاپاغا مەن چىدىمايتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەندە قەدىمكى كىتابلارنى ئويدۇرۇپ چىقىش ئويى پەيدا بولدى. ئىبراھىم دېگەن كىشىنى ئۆزۈمگە شېرىك قىلدىم، دەندان ئۆيلۈكتە تېپىلغان ھەقىقىي قەدىمكى كىتاب قول يازمىسىنى ئۆلگە قىلىپ بازاردىن بىر خىل يىرىك قەغەز سېتىۋالدۇق، تېرەك يىلىمىدىن ياسالغان بوياقتا قەغەزنى بوياپ سۇس قوڭۇر رەڭگە كىرگۈزدۇق، ئاندىن كېيىن پەي قەلەم بىلەن ئۈستىگە خەت يېزىپ رەڭگى قولۇمىزدىن تېپىلغان قەغەزگە ئوخشىغىچە ئوتقا قاقلىدۇق، كىتابنى تۇپلىگەندىن كېيىن تەكلىماكاندىن ئېلىپكەلگەن قۇمنىڭ ئارىسىغا بىر مەزگىل كۆمۈپ، ئاندىن ئاچىقىپ ساتتۇق. ھېلىقى «ناتونۇش يېزىق» لار قەيەردىن كەلگەن دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن، بۇ ناھايىتى ئاددىي. بىز دەسلەپتە دەندان ئۆيلۈكتىن چىققان قەدىمكى قول يازمىدىكى بىراھما يېزىقى بويىچە يازدۇق، كېيىن رۇس يېزىقىنىمۇ ئىشلەتتۇق. چۈنكى ئىبراھىم رۇسچىنى ئازراق بىلەتتى. كىتابلارنى ئالغان ياۋروپالىقلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ ئۇ خەتلەرنى ئوقۇيالمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ساختىلىقىنىمۇ بىلمىگەنلىكىنى بايقىدۇق. ئەكسىچە ئۇلار ئوقۇيالمىغانسېرى ئۇ كىتابلارنى بىباھا گۆھەر دەپ بىلدى. كىتابلىرىمىز ناھايىتى ياخشى باھادا سېتىلىپ، ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. بۇنىڭ بىلەن بىز ھەقىقىي كىتابنى دوراپ يېزىشنى ئاۋارىچىلىك كۆرۈپ، ھەر قايسىمىز ھەر خىل «ناتونۇش يېزىق» لارنى ئىجاد قىلغىلى تۇردۇق.

يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن خېلى جىق ساختا كىتاب ئىجاد قىلساقمۇ، كىتاب ئالغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدۇق. قول

بىلەن يازغاندا جىق ۋاقىت كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر ئازمۇ بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ياغاچ مەتبەئەدە بېسىشنى قارار قىلدۇق. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ياغاچ مەتبەئەدە بېسىلغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى كىتابلىرىمىز چىقتى. بۇ كىتابلارنى ساتقاندا باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرىدۇق، يۈرىكىمىز چىقىپ كېتەيلا دەپ قالاتتى. خىررول ئەپەندى بۇ كىتابلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئويلىمىغان يەردىن «شەكلى ئۆزگىرىشچان، ھەرپلىرى ھەر خىل، نېمە دېگەن كۆركەم - ھە!» دەپ ماختاپ كەتتى. شۇندىلا يۈرىكىمىز جايىغا چۈشۈپ، كىتابلارنى تۈركۈملەپ بېسىشقا باشلىدۇق. ئۆيۈمدە ياغاچ مەتبەئە بار، مەن سىزگە كۆرسىتەي ...

ستەين ئىسلام ئاخۇننىڭ ياغاچ مەتبەئەسىدە بىر ۋاراق بېسىپ بېقىشۇېدى، دەرۋەقە خىررولدىكى كىتابنىڭ ۋارىقىغا ناھايىتى ئوخشاش چىقتى. شۇنىڭ بىلەن گۇمانلىنىشۋاتقان «ناتونۇش يېزىق» بىلەن پۈتۈلگەن كىتابنىڭ راست - يالغانلىقى ئۇزۇل - كېسىل ئايدىڭلاشتى. بۇ نەتىجىنىڭ ئەھمىيىتى ستەينگە نىسبەتەن قۇملۇقتا مىڭ يىللاپ كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىقنى تاپقانغا باراۋەر ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ نەتىجىسى دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە تىلشۇناس خىررول ئەپەندى ئۈچۈن نومۇس ئىدى. خىررول ئۆزىنىڭ بىر نەچچە خوتەنلىك تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىنى بىلگىنىدە قانداق بولۇپ كېتەر؟ تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرەر؟ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ستەين پايدا ئالدى. خىررول نومۇسقا قالغاندا، ئۇ بىراقلا نام چىقاردى.

ئىسلام ئاخۇن خوتەندىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان ستەيننى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ياۋروپاغا ئەپكېتىشنى، ئۆزىنىڭ ياۋروپادا كارامىتىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىسلام ئاخۇننىڭ بۇ خىيالىدىن ناھايىتى ھەيرانلىق ۋە كۈلكىلىك ھېس قىلغان ستەين ئۇنىڭغا:

— ياۋروپاغا بېرىپ نېمە ئىش قىلىسەن؟ ئۇ يەردىمۇ قەدىمىي كىتابلارنى ئويدۇرۇپ چىقارماقچىمۇ سەن؟ ھا - ھا - ھا... بىلىپ قويغىنكى ياۋروپا دېگەن كونا كىتابلارنىڭ كانى! — دېدى.

ئەتىسى ئىسلام ئاخۇن خوتەن تۈرمىسىگە تاشلاندى. تۈرمىدىكىلەر ئۇنىڭ پۇتىغا ئىشكەل سالغاندا ئۇ:

— ستەين، سەن كېيىنكىدە تۈرمايدىغان ئېشەككەنسەن، سەن مېنى ئالدامچى دەيسەن تېخى، ئۆزۈڭچۇ؟ سەن دېگەن كىشىلەرنىڭ

ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان ئوغرىسەن! — دەپ ۋارقىرىدى.
ئىسلام ئاخۇن ستەيننى تىللىغاچقا گۇندىپايلار ئۇنىڭ ئىككى ئۇدۇل چىشىنى ئۇرۇپ چۇشۇرۇۋەتتى.
مىلادىيە 1901 - يىل 29 - ماي ستەين توپلىغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى سەككىز ئاتقا ئارتىپ، قەشقەردىن لوندونغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ جۇڭگو چېگرىسىدىن چىققاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ جېنىنىڭ بارىچە:
— ئاھ، مەن غەلىبە قىلدىم! مەن مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم! — دەپ قاتتىق توۋلىدى.

4

ستەين يىپەك يولىنى ئىككى قېتىم تالان - تاراج قىلغاندىن كېيىنمۇ، بۇ يەر يەنە ئۇنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. 1914 - يىلى كۈزدە 52 ياشقا كىرىپ قالغان ستەين ئاخىر جۇڭگونىڭ غەربىگە قىلغان ئۈچىنچى قېتىملىق سەپىرىنى باشلىدى. ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى مىرەنگە يەنە بىر قېتىم كەلدى ھەمدە خارابە ئىزلىرىدىن بىر نەچچە كىچىك تىپتىكى رەڭلىك بۇتنى ئېپكەتتى. ئۇ دۇڭخۇاڭغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ، كونا چۆپقىتى ۋاڭ يۈەنلۇنىڭ قولىدىن بەش ساندۇق قول يازمىنى ئېلىپكەتتى. ئۇ تۇرپان بېزەكلىكىگە بېرىپ قومۇرۇۋالغان تام رەسىملىرىنى 100 نەچچە ساندۇققا قاچىلاپ ئەپكەتتى. ئۇ تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قەبرىگە كىرىپ، قەدىمكى جەسەت ئۈستىدىكى VII ئەسىرگە تەئەللۇق نۇرغۇن يىپەك كىيىملەرنى ئەپكەتتى.
1915 - يىلى قىشتا ستەين زەپەر بىلەن قايتتى. ئۇ قەدىمكى تام رەسىملىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارتىلغان 45 تۆگىنى ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ئەنگلىيىگە يول ئالدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق يىراققا يۈرۈش غەلىبىسى ھەمدە ئۇنىڭ جۇڭگودىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئەپكەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدى. 1943 - يىلى 82 ياشقا كىرىپ قالغان ستەين ئافغانىستاندا ئېكسپېدىتسىيە قىلىۋاتقاندا، ئۆپكە سوغۇق ئىششىقى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ شۇ يەردە ئۆلدى. ئۇ كابۇلدىكى خرىستىئان قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. يامان يېرى

ئۇنىڭ جەسىتى مەڭگۈ ياقا يۇرتتا قالدى.

نەچچە رەت بولاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغان يىپەك يولى يەنە ئۆزىنىڭ جىمجىتلىقىغا چۆكتى. جىمجىت خوتەن، جىمجىت دەندان ئۆيلۈك، جىمجىت نىيە، جىمجىت ئەندىر، جىمجىت دۇڭخۇاڭ موگاۋ تاش كېمىرى، جىمجىت بېزەكلىك، جىمجىت ئاستانە، جىمجىت ساياھەتچىلەر، جىمجىت ئاسمان، جىمجىت تەكلىماكان...

غەزەپ چەككە يەتكەندىلا جىمجىتلىق، سۈكۈت ھۆكۈم سۈرىدۇ. مانا بۇ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە ئىپادىلىنىش شەكلى. بۇ جىمجىتلىقنىڭ ئارقىسىدا كىممۇ يەنە جىمجىتلىق بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىسۇن؟! مىڭ يىل سۈكۈتتە ياتقان يىپەك يولى سۈكۈت قىلىشقا كۆنۈپ قالغان، ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى شىكايەت قىلماقتا، ئۇ نەزەرىنى جىمجىت ھالدا بوگۇنگە تىكمەكتە، ئۇ جىمجىت ھالدا كېلەچەككە تەلپۈنمەكتە... سەزگۈر كىشىلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلماي قالمايدۇكى، ئۇ ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدە شىكايەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاۋازىنىڭ بارىچە بىر ھۆكرەپ يىغلىۋېلىشنى ئويلايدۇ! لېكىن، ئۇ يىغلىيالمايدۇ. چۈنكى ھازىر ئۇنىڭ كۆز يېشى قۇرۇپ كەتكەن.

1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

(خەنزۇچە ئەسلى ئەسەر «غەربىي شىمال ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىل 6-سانىدا ئېلان قىلىنغان. تەرجىمىسى «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 10-سانىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى. مېجىت تۇرسۇن، ئابدۇسالام ئابلىز تەرجىمىسى)



ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ ھاجى

# ئانا تىلىم

(«ۋەتەن مېنىڭ قەلبىمدە» تېمىسىدىكى شېئىر — دېكلاماتسىيە يىغىنىدا ياشلارغا ئاتاپ ئوقۇلغان نەزمە)

ئەي تىلىم — ئۇيغۇر تىلى، سەن ئانا تىل — ئەلنىڭ تىلى،
سەن بۈيۈك تىل، سەن يېتۈك تىل، بارچە تىللار سەرخىلى.
سەن گۈزەل تىل، سەن سۈزۈك تىل، سەن ھۆزۈرۈم، تاتلىقىم،
سەن ياۋاش تىل ھەم ئاسان تىل سەندە نۇسرەت شاتلىقىم.
ئەۋۋەلى«ئىڭگە» دە سىڭدىڭ جانغا، دىلنى لال قىلىپ،
كەينىدىن بۇلبۇلغا ئوخشاتتىڭ زۇۋاننى بال قىلىپ.
سەندە چىقتى پۈشتى ئۇيغۇرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچىلاپ،
سەن بىلەن تارقالدى ئۇيغۇر لەۋزىدىن خۇش بۇي گۈلاب.
سەندە ھازىرلاندى «مىللەت» شەرتىنىڭ بىر ماددىسى،
سەن بىلەن بىخ سۈردى «مىللەت» شاخلىرىنىڭ قالدىسى.
مىللىيەت مەۋجۇت، ياران، مىللىي تىلىڭ يوق بولمىسا،
نەدە ئۇ مىللىي شەرەپ، ئىززەت تىلىڭ «توق» بولمىسا.
تىل دېگەن ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى باغلار، رىشتە بىل،
رىشتە چىگىلىقتا توقۇلغاي نى ئېسىل، ئۆز كەشتە بىل.
ئانا تىل — مىللىي تىلىڭ بولغاچقا ئۇيغۇرلۇق سېنىڭ،
ئانا تىل بىرلە جاھان ئىچرە يۈزۈڭ نۇرلۇق سېنىڭ.
ئانا تىل — تىل خەزىنىسىدە قىپتۇ باي بىلسەم مېنى،
ئەربى، پارس ھەم ئۆگەندىم ئوردۇچە، خەنزۇچىنى.
ئەي ياران، مەن «ھاجى» لىقتا قايسى يۇرتنى كەزمىدىم؟
ئانا تىل — ئۇيغۇر تىلىمدەك تەمدە بالنى سەزمىدىم!
جان ياشاردى ئۆز زۇۋانىم بىرلە بىر سۆز ئاڭلىسام،

قالدى ھەيران خەق شۇ تىلدا ئۆز ئىلىمنى داڭلىسام.
چۈنكى بۇ تىل قانغا سىڭگەن ئەتىۋا تىل ـ يۇرت تىلى،
ئۇشبۇ تىلدا پۈتتى داستان شائىرىم ــ يۇرت بۇلبۇلى.
ئۇشبۇ تىلدا يازدى ئەللامۇ ـ ئەدىبلەر كۆپ زامان،
ئۇشبۇ تىلدا قالدى مەۋجۇت شۇ يۇسۇپ، مەھمۇد ھامان...
ئۇشبۇ تىلنى سەپكە تىزساق نەچچە پەرسەڭلار قاتار،
بىرى ئۇيغۇر، بىرى ئۆزبېك ھەم قازاق، قىرغىز، تاتار...
تىلغا ئەل ھەغدا، ئۇنىڭ ۋابى قەلەمكەش ـ تىلچىدىن،
ئۆچمىسۇن بۇ تىل ئىلى، تۇرپانۇ، قەشقەر، ئىلچىدىن.
دەۋرىمىزبەردى ھوقۇق تىل ساپلىقىنى ساقلا دەپ،
تىل ـ يېزىق ئەركى سېنىڭ ئىلكىڭدە بۇرچنى ئاقلا دەپ.
ئەي زامانەم ياشلىرى ئەجرىڭدە پەرۋىش تاپسا تىل.
مىر نەۋائىدەك چۇشۇپ بەيگىگە يەڭسە، چاپسا تىل؛
كىم خۇشال بولمايدۇ روھلار شاد، بۈگۈن ھەم ئەتە شاد،
ئانا تىل ــ بايلىق! ئۇنى قوغدا، بۇ يولدا تۆھپە قات.

1994 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، خوتەن

(«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىل 2 ـ سانىدىن ئېلىندى)



ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# قاشتېشىغا مەدھىيە

ئەي گۈزەل قاشتېشى! نېمىشقىدۇر سەندىن كۆزۈمنى ئالالمايمەن، قاراپ - قاراپ ھۆسنۈڭگە تويمايمەن، بېقىپ - بېقىپ مېھرىڭگە قانمايمەن، گوياكى سېنىڭ ئىشقىڭ قەلبىمنى چۇلغىۋالغاندەك ... ئەلنىڭ ئېيتقىنى بىلەن ئېيتسام: «ھەر بارە كۆزۈم سەندە!»

قىزىق ئىش، سەن بىلەن بىر ئۇرۇغدىن بولغان ياقۇت بىلەن پىروزە، زۇمرەت بىلەن كەھرىۋا ھۆسن - جامالدا سېنىڭدىن گۈزەلرەك، جىلۋە كامالدا سېنىڭدىن ئەۋزەلرەك ئىدى - يۇ، نېمىشقىدۇر بىلمەيمەن، «ھەر بارە كۆزۈم سەندە، ياندۇرۇپ يانا سەندە!»

كۆزۈم سەندە، ئويۇم سەندە. كۈندۈزىغۇ شۇنداق، تاڭ - تاڭلار ئېتىپ كەتكۈچە، يەنىلا پىكرىم سەندە. سېنى ئويلىسام ھەر چاغ، خىيالىم قانات قېقىپ، قاپىيىلەر گۈلزارىغا قونىدۇ؛ سۆزلەر جىلۋىگە كىرىپ، قاتار - قاتار قوشاقلار توقۇلۇپ چىقىدۇ.

قاشتېشى - يۇ قاشتېشى،
ماڭا بولدى سۆز بېشى.
تەرىپلىمەي قويارمۇ،
ئۇنى كۆرگەن ھەر كىشى.

قاشتېشى - يۇ، قاشتېشى،
ئوخشاش ئىكەن ئىچ - تېشى.
سۈزۈكلۈكى دۇر سەدەپ،
غۇۋالاشماس ياز - قىشى.

ياق، ياق! سېنى تەرىپلەشكە مۇنداق قوشاقلار قانداقمۇ لايىق

بولالىسۇن! قوشاق قاتىمەن دەپ، ۋەزىن ۋە قاپىيىلەر بىلەن بوغۇلۇپ قېلىشنىڭ ھاجىتى نىمە؟ ئەڭ ياخشىسى، سەبى بالا كۆڭلىگە نىمە كەلسە شۇنى ئېيتقاندەك، مەنمۇ سۆزۈمنى ئازادە ئېيتاي، خىيالىم قۇشلىرى كەڭ سامادا پەرۋاز قىلغان لاچىندەك ئەركىن قانات قاقسۇن!

دۇنيادا تاشنىڭ خىللىرى كۆپ. قۇم تاش، شېغىل تاش، بىلەي تاش، قورام تاش ... ساناۋەرسەڭ جىقلا بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا شاھلارنىڭ تاجلىرى بىلەن نازىنىنلارنىڭ ئۈزۈك - ھالقىلىرىغا كۆز بولىدىغان ياقۇتمۇ تاش، پىروزىمۇ تاش؛ تەختلەرگە پايە، قەسىر - ئايۋانلارغا تۈۋرۈك، مەسچىت - چېركاۋلارغا مېھراپ بولىدىغان مەرمەرمۇ تاش. بىراق، نېمىشقىكىن، ئەي گۈزەل قاشتېشى، سېنىلا ئويلايمەن، ساڭىلا قارايمەن، «ھەر بارە كۆزۈم سەندە، ياندۇرۇپ يانا سەندە!»

خىسلىتىڭ قانچە، ھۆسنۇڭ شۇنچە؛ ھۆسنۇڭگە بېقىپ، مېھرىڭمۇ شۇنچە. مەيلى ئاق ياكى قارا، مەيلى كۆك ياكى يېشىل، مەيلى سېرىق ياكى قىزىل... قايسىلا رەڭدە بولساڭ، خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەندەك مەپتۇن قىلىسەن مېنى، قاراپ - قاراپ تويمايمەن، مېھرىڭگە زادى قانمايمەن.

ئاقلىقىڭنى كۆرگەندە، سۈزۈلۈپ ئاتقان تاڭنىڭ پارلاق يۈزى بىلەن باھاردا كېلىدىغان ئاققۇلارنىڭ قانىتى، بوغدا چوققىسىدىكى قار- مۇزلار بىلەن مومام رەھمەتلىنىڭ بېشىدىكى ئاپپاق لېچەكى، ئانامنىڭ ماڭا بەرگەن سۈتى بىلەن دادامنىڭ ئۈمىدا كىيىدىغان ماتا كۆڭلىكى، ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ بادام دوپپىسىدىكى گۈلى بىلەن خوتەن شايىسىنىڭ ئاقلىقى ياكى ئايدىڭ كېچىلىرىدە يەرگە چېچىلغان ئاي شولىسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ.

ئاقلىقىڭدۇر پاكلىقىڭ ھەم ساپلىقىڭ،
ھەر ئۇلۇغۋار، ئەزگۈلۈككە بابلىقىڭ.
كىمكى بولسا ئەھلى ۋىجدان، تۈز نىيەت،
ئاڭا ھەم لايىق بولۇر بۇ ئاقلىقىڭ.

قارىلىقىڭنى كۆرگەندە، ئادىمىزاتقا مەدەنىيەت تېگى ئاتقان، يەنى يېزىق تېپىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخى يېزىلىشقا باشلىغان چاغلارنى ئەسلەيمەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەيلى يۇڭ، مەيلى قومۇش، مەيلى

قاناتنى قەلەم قىلسۇن، ئىنسان ئۆز تارىخىنى قارا سىياھ بىلەن پۈتكەن ئەمەسمىدى؟ سېنىڭ قارىلىقىڭنى تارىخنىڭ خېتىگە ئوخشىتالىغىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن. ئۇنى دېسەڭ، خوتەن كېيىكىنىڭ كىندىكىدىن چىقىدىغان ئىپارمۇ قارا؛ شەرق گۈزىلىنىڭ كۆزىمۇ قارا، قېشىمۇ قارا، يەلپۈنۈپ تۇرغان چېچىمۇ قارا؛ رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، لوقمان ھېكىممۇ قارا ئىمىش، مەجنۇننىڭ لەيلىسىمۇ قارا؛ كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان بۈركۈت بىلەن سۇدا ئوينايدىغان قۇندۇزمۇ قارا؛ ئالتۇننىڭ بىر خىلى بولغان كۆمۈرمۇ قارا؛ ۋەتەننىڭ شۆھرىتى — قارامايىنىڭ نېفىتىمۇ قارا؛ باھار كۈنلىرى ھاۋانى گۈلدۈرلىتىپ، يامغۇر ياغدۇرۇش بىلەن تەشنا جانلارغا ھايات بەخش ئەتكۈچى بۇلۇتمۇ قارا.

كۆكلۈكۈڭ — كەڭلىك، بۈيۈكلۈك، چەكسىز ساماغا باقسام، گۈمبەزسىمان ئاسمانمۇ كۆك؛ يىراقتىن كۆرۈنگەن مەغرۇر تىيانشانمۇ كۆك؛ ئىلىمۇ كۆك؛ چاڭجياڭمۇ كۆك؛ دېڭىزمۇ كۆك؛ دۇنيامۇ كۆك؛ كىچىككىنە سايراممۇ كۆك؛ چەكسىز دېڭىزمۇ-ئوكيانمۇ كۆك.

مانا گۈزەل ئالتاي يايلىقى، خۇددى يېشىل گىلەمنىڭ ئۆزى. ئۇنى ھەر كۆرسەم، ئۇنى ئەسلەيمەن؛ تىيانشان باغرىدا قاتار قارىغايلار، چەكسىز قىرلاردا يۇمران مايسىلار، تاغلاردا چىمەن يېشىل بوستانلار، گۈلشەندە كۈلەر گۈلى رەيھانلار — بۇلارنىڭ ھەممىسى يېشىللىق دېمەك — ھايات دېمەك.

ئەي گۈزەل قاشتېشى! ھۆسنۈڭ قانچە، پەزلىڭ شۇنچە؛ پەزلىڭ بىلەن قەدرىڭمۇ شۇنچە. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، تېشىڭ بىلەن ئىچىڭ بىر، ھۆسنۈڭ بىلەن خۇلقۇڭ بىر. ئىسسىقنى كۆرۈپ ئېرىپ كەتمەيسەن، سوغۇقنى كۆرۈپ توڭلاپ قالمايسەن، بوران-چاپقۇندىمۇ ئوخشاش، يامغۇر-كەلكۈندىمۇ ئوخشاش. قەسىر-ئەيۋانلارغا قەندەل بولساڭمۇ بىر خىل، پايە بولۇپ يەردە ياتساڭمۇ بىر خىل، ھەيكەل ياساپ، تەكچىدە قويسىمۇ بىر خىل، كۈرسى ياساپ يەردە قويسىمۇ بىر خىل. كۆتۈرگەنگە ئۇچمايسەن، تاشلىغانغا سۇنمايسەن. گۈزەللەرنىڭ قۇلىقىدا ھالقا، بىلىكىدە بىلەزۈك، بارمىقىدا ئۈزۈك بولغانغا پەخىرلەنمەيسەن، تالىپقا قەلەمدان، زاھىتتا تاۋاق بولغانغا پەخىرلەنمەيسەن. قىسقىسى، ئىنساننىڭ ھاجىتى نېمە بولسا، سەن شۇنىڭغا تەييارسەن. بۇ نېمىدېگەن ئالىيجانابلىق!

ئەي گۈزەل قاشتېشى! قانداقمۇ تەرىپلەپ بولاي، ئەڭ

ياخشىسى، سۆزۈمنى ئەمدى قىسقا قىلاي. ئوغۇلنىڭ مەردلىكى ئاتىغا تالىق؛ قىزنىڭ ئۈزلۈكى ئانىغا تالىق. داننىڭ توقلۇقى تۇپراققا باغلىق؛ گۈلنىڭ جامالى ياپراققا باغلىق. سېنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن قاراقاش دەرياسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسىغا بارىكاللا! شۆھرىتىڭنى جاھانغا يايغان ھۈنەرۋەن خوتەن خەلقىگە ھەشقاللا!

1981 - يىل مارت، ئۈرۈمچى



تېيىپجان ئېلىيوپ

# ئىككى شېئىر

## خوتەن قىزىنىڭ ئارزۇسى

ھەممە خەق جاڭنەننى تەرىپلەيدىكەن،
«كۆكتە جەننەت، يەردە سۇجۇ» دەيدىكەن.
يەنە بىر نامى يىپەك يۇرتى ئۇنىڭ،
رەختلىرى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىكەن.

ئوقۇدۇم سۇجۇدا مەنمۇ نەچچە يىل،
كۆرگىنىم بولدى شۇ تەرەپكە دەلىل.
شۇندا ئۆز يۇرتۇم ئېسىمگە كەلسىلا،
بولىمەن بەكمۇ خىجىل، بەكمۇ خىجىل.

زور ئىدى بالدۇر خوتەننىڭ شۆھرىتى،
ئۇ ئىدى «يىپەك يولى» نىڭ زىننىتى.
چۆرگىلىگەچ تەتۈر پەلەكنىڭ گەردىشى،
شۆھرىتى سۇندى، «گاداي» بولدى ئېتى.

ئۇجمىلىكنى كۆز يېشىمدا سۇغىرىپ،
غوزىدىن جان رىشتىسىنى سۇغىرىپ؛
ئوزىگە بولماي نېسىپ ئەتلەس - تاۋار،
ئۆتتى ئۇستام ماز چاپانغا ئورىنىپ...

تاڭ ئېتىپ، كەتتى تالاي دىشۋارچىلىق،
كۆپ تېخى ئەتلەس ئۇچۇن تەشناچىلىق.
كۆرىلى بۇ يۇرتتا سۇجۇ رەڭگىنى،

خاس، ئەمەس خوتەنگە خام ئەشياچىلىق.

ئەمدى كەلدى ياخشى چاغ ئىشلەيدىغان،
ئەجرىمىزدىن يۇرتىمىز گۈللەيدىغان.
ئارمىنىم شۇ: كەلسە تېز شۇنداق زامان،
كۆكتە جەننەت، يەردە خوتەن دەيدىغان.

## بۇ قەيەر؟ بۇ كىم؟

ئىككى ياندا ئەگىم - ئەگىم ئىككى قاش،
مۇشكۇ - ئەنبەر سۇمبۇلى مول ئۇستىدە،
ئاستىدا ئويناپ تۇرار ئاھۇ كۆزى.
تېخىمۇ مەپتۇن قىلار ئادەمنى ئۇ،
بولسا ئۇز ئەتلەسلىرى ئۇز بەستىدە.
نەگە ئوخشايدۇ بۇ يەر ھەم كىم ئۆزى؟
ئېيتىڭا، خوتەنمۇ يا خوتەن قىزى؟

1981 - يىل 2 -، 3- ئاي خوتەن - ئۇرۇمچى



لىيۇ جىڭخۇا

# كوئېنلۇندا ئالتۇن قېزىش

(ئەدەبىي خاتىرە)

1970 - يىللارنىڭ ئاخىرى ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بىر كۈنى، بىز ماش رەڭ «بېيجىڭ — 212» پىكاپقا ئولتۇرۇپ، چۆل - جەزىرىنى كېسىپ كوئېنلۇن تېغىغا قاراپ ماڭدۇق. زېمىن بارغانسېرى ئېگىزلەپ، ئەتراپنى چاڭ - توزان، قاپلاشقا باشلىدى. پىكاپتا ئولتۇرغانلار خۇددى تونۇر ئىچىدە ئولتۇرغاندەك دىمىق ئىسسىقنىڭ دەستىدىن نەپەس ئالالماي قالدۇق. بەختىمىزگە پىكاپنىڭ ئۈستى يېپىق بولغاچقا، ئاپتاپتا قالمىدۇق. مۇبادا بۇ چۆل - جەزىرىدە پىيادە ماڭغان بولساق ئېھتىمال ئىسسىقتىن ئېرىپ كېتەمدۇقكىن - تاڭ؟

كوئېنلۇننىڭ ئېسىل قاشتېشى جاھانغا مەشھۇردۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەيۋەتلىك، كۆركەم ھەم ئاجايىپ تۈسكە ئىگە ئاتاقلىق تاغدا مول كېپەك ئالتۇن يوشۇرۇنۇپ ياتقان. «شىنجاڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» توپلىمىنىڭ 29 - قىسمىدا «ئەڭ مەشھۇر ئالتۇن كانلارمۇ خوتەننىڭكىگە يەتمەيدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ سۆزگە قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەۋرىدە خوتەننىڭ ئالتۇنچىلىقىنىڭ ھازىرقى ئالتاي تېغىغا قارىغاندا تېخىمۇ نامى چىققان، «شىنجاڭ تارىخى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە خوتەننىڭ ئالتۇنچىلىقى ئىنتايىن تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن. بۇ تارىخىي تەزكىرىدە ياقۇپ بەگ توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى لىيۇ جىڭتاڭ يەن جىچىڭنى خوتەنگە ئالتۇن قېزىشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى — ئالتۇنچىلىق ئىدارىسى قۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇ يېزىلاردىكى ھوقۇقى ياكى پۇلى بار ئادەمنى تاللاپ «ئاقساقال» تىكلىگەن. ھەر بىر «ئاقساقال» 50 نەپەر «ئالتۇنچى» نى باشقۇرغان. بۇ «ئاقساقال» نىڭ مۇئەييەن ئالتۇن قېزىش تەجرىبىسى بار ئىدى. ئۇلار يۇرت -

ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، «ئاقساقال» نىڭ نازارەتچىلىكىدە ئالتۇن قازاتتى. ھەر بىر «ئالتۇنچى» غا ئىككىدىن «ھەمدەمچى» يەنى كان قازىدىغان مەدىكار قوشۇپ بېرىلەتتى. «ئالتۇنچى» غا ئىككى «ھەمدەمچى» قوشۇلۇپ بىر گۇرۇپپا بولاتتى. ھەر بىر گۇرۇپپا ئايدا ئالتۇن ئىدارىسىغا ئۈچ فۇڭ كېپەك ئالتۇن تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. ئالتۇنچىلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقان بولۇپ، ئايالى، بالا - چاقىسى ۋە ئاتا - ئانىسىنى تاشلاپ قويۇپ، تاغقا باراتتى. بەزىلىرى زۇلۇمغا چىدىيالماي قېچىپ يۇرەتتى ياكى يوشۇرۇنۇۋالاتتى. يامۇل ئالتۇن يىغىۋالالمىسا، ئالۋان سالاتتى. دەسلەپتە «ئالتۇنچى» نىلا ئالتۇن تاپشۇرغۇزغان بولسا، كېيىنچە «ھەمدەمچى» گىمۇ ۋەزىپە ئارتقان. «شۇنىڭ بىلەن ھەممە يېزىدا كانچى بولمىغان بىرمۇ ئائىلە، ئالتۇن تاپشۇرمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغان» . بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى زاماندا يېزىلاردىكى جىمى كىشىنىڭ ئالتۇن قېزىش ۋەزىپىسى بولغان. تاغقا كىرىپ ئالتۇن قېزىشنى خالىمىغانلار ئالتۇن تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى.

خوتەننىڭ ئايماق چوپاندارى پەن جىژسۇ گۇاڭشۇنىڭ 12 - يىلى (1886 - يىلى) ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە «ئالتۇن كانىنىڭ شەھەر، يېزىلارغا يېقىنلىرى بىر قانچە يۈز چاقىرىم، يىراقلىرى مىڭ چاقىرىم بولۇپ، چەت - ياقا تاغلىققا جايلاشقان. دېھقانلار دېھقانچىلىقنىڭ سىلىككەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تاغقا بېرىپ ئالتۇن قازاتتى، ئالتۇن تاپالايدىغانلار ئارانلا يىگىرمە - ئوتتۇز پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. %70 — 80 ئادەم دائىم قۇرۇق قول قايتىپ كېلەتتى. مەيلى ئالتۇن تاپالىسۇن ياكى تاپالمىسۇن، ھامان ئالتۇن تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئالتۇن تاپشۇرۇش ئالۋىنىنى ئالتۇن سېتىۋېلىپ ئۆزۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ھېلىقى «ئاقساقال» بولۇۋالغان پومېشچىك، بايلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھە دەپ ھارام مال - دۇنياغا ئېرىشەتتى. دېھقانلارغا ۋاكالىتەن ئۈچ فۇڭ ئالتۇن تاپشۇرۇپ قويۇپ، بۇنىڭ ئورنىغا دېھقانلاردىن ئاق تەڭگە يىغىۋالاتتى. بۇ بازار باھاسىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك يۇقىرى بولاتتى» دەپ بايان قىلغان. پەن جىژسۇ خەلقنىڭ باج - سېلىقى بەك ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ياندۇرقى يىلى ئالتۇن ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئالتۇننى دېھقانلار ئۆزلىرى قېزىشقا، ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ئامبىلى باھا بويىچە سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتكەن.

1890 - يىلى روسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى

بوگدانوۋچنى ئالتۇن كېنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن خوتەنگە ئەۋەتىپ كېرىيىگىچە ئۈچ جايدا، كېرىيىدىن نىيىگىچە بەش جايدا، جەنۇبىي تاغلىق رايوندا يەنە بىر جايدا ئالتۇن كان بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان.

1903 ـ يىلى خوتەندە ئالتۇن كان شىركىتى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تارمىقىدا تۆت ئىدارە تەسىس قىلىنغان. يەنى، سوغراق باش ئىدارىسى، زەيلىك شۆبە ئىدارىسى، چات شۆبە ئىدارىسى، ئارقا تاغ شۆبە ئىدارىسىدىن ئىبارەت. تاكى ئازادلىق هارپىسىغىچە كېرىيىدىن نىيىگىچە بولغان تاغدا ئالتۇن قېزىش ناهايىتى ئەۋج ئالغان. ئازادلىق ئارمىيە خوتەنگە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن ۋىلايەتنىڭ مالىيىسىدىكى قىيىنچىلىقنى هەل قىلىش ئۈچۈن 15 ـ تۇەندىكى ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەر ئالتۇن قېزىشقا تەشكىللەنگەن.

ستاتىستىكا ماتېرىيالدىن قارىغاندا، مىنگو يىللىرى ئارىلىقىدا نىيىنىڭ سوغراق ۋە كېرىيىنىڭ زەيلىكتە ئىككى كان نۇقتىسى بولۇپ، يىلىغا جەمئىي 2800 سەر ئالتۇن ئېلىنغان. خوتەن ناهىيىسىنىڭ قاراڭغۇ تاغ ۋە پوجىدا ئىككى كان نۇقتىسى بولۇپ، يىلىغا 1000 سەردىن ئارتۇق ئالتۇن ئېلىنغان. گۇمىدىن نىيىگىچە بولغان كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدا ئالتۇن كان تارقالغان بولۇپ، ئالتۇن كانلارنىڭ كۆپىنچىسى دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى قاساڭلارغا ياكى دەريا ئىچىدىكى سايلارغا جايلاشقان دېيىشكە بولىدۇ. بىز كۇئېنلۇن تېغى ئېتىكىدىكى توزاقچىغا كەلدۇق، قاراقاش ئالتۇن كېنى مۇشۇ يەردە ئىكەن. بۇ يەردە ئەسلا مەن ئالدىنئالا ئويلىغاندەك زور كۆلەملىك جەڭ قىلىدىغان قاينام ـ تاشقىنلىق ئالتۇن قېزىش مەنزىرىسى يوق ئىكەن. هەتتا ئالتۇن كانىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالغان بولساقمۇ، بىز دەسسەپ تۇرغان جايدا كان قۇدۇقى بار ئىكەنلىكىنى زادى بىلمەي قاپتۇق. يىراقتىن قارىغاندا هەممە يەر قىزغۇچ تاقىرلىق بولۇپ، بىر تال گىياهمۇ يوق ئىكەن. كۇئېنلۇندا ئالتۇن قېزىشتا قۇملۇقتىن ئالتۇن كولانمايدىكەن. ئۇ يەردە سۇ بولمىغاچقا، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئالتۇننى تاسقاپ ئالىدىكەن. ئالتۇن قاتلىمى تېپىلغاندىن كېيىن، بىر ـ بىرلەپ تاسقاپ «قۇم توپا سورۇۋېتىلىپ ئالتۇن يىغىۋېلىنىدىكەن». ئالتۇنچىلار ئۈچ كىشى بىر گۇرۇپپا بولۇپ، كەتمەن، جوتۇ بىلەن چوڭقۇرلۇقى 15 مېتىردىن ئالتۇن كان قۇدۇقى قازىدىكەن، كان قۇدۇقىدىن چىقىرىلغان شېغىل بىر مودەك يەرگە دۆۋىلىنىپ كېتىدىكەن، قۇدۇق ئېغىزى ئۇزۇنچاق تۆت چاسا بولۇپ يېزىق ئۈستىلىدىن سەل كىچىكرەك كېلىدىكەن، قۇدۇق

ئۈستىگە بىر چىغرىق ئورنىتىپ، ئالتۇن قاتلىمىغا يەتكەندىن كېيىن، بىر ئادەم قۇدۇق تېگىدە شېغىل كولايدىكەن، بىر ئادەم قاپقا شېغىل ئۇسۇشقا مەسئۇل بولىدىكەن. بىر ئادەم چىغىرىقنى ئايلاندۇرۇپ شېغىلنى قۇدۇق ئۈستىگە چىقىرىدىكەن. ئاۋۋال چوڭ تاشلارنى تېرىپ ئېلىۋېتىپ، قۇمنى خامان سورىغاندەك سورۇپ، ئۇششاق شېغىل ئىچىدىن قول بىلەن ئالتۇن تاپىدىكەن، ئەمما كۆزى ئۆتكۈر بولمىسا بولمايدىكەن. ئادەتتە ئالتۇن دانچىلىرى لازىنىڭ ئۇرۇقچىلىك بولۇپ، تەخمىنەن 250 دانىسى بىر سەر كېلىدىكەن، كىممۇ بۇ ئۇسۇلنى ئىپتىدائىي ئەمەس دېيەلىسۇن؟ كىممۇ بۇ ئەمگەكنى جاپالىق ئەمەس دېيەلىسۇن؟ لېكىن مۇشۇ ئىپتىدائىي ئۇسۇل، بۇ جاپالىق ئەمگەك بىلەن 1977 - يىلى قاراقاش ئالتۇن كېنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ يىللىق ئالتۇن قېزىش مىقدارى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇردى. ئۇلار يىراق تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمگىكى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. يولداش ۋاڭ جىن خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن خوتەنگە كەلگەندە، ئالتۇنچىلىقتا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، دۆلەت ئالتۇنچىلىق ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلىنى تۇزاقچىغا بېرىپ كانچىلارنى يوقلاپ كېلىشكە ھەمدە ئۇلاردىن سەممىمي ھال سوراشقا ئەۋەتتى. پېشقەدەم گېنېرال كان باشلىقى مەمەتجاننى مەخسۇس قوبۇل قىلدى. مەمەتجان ئەينى يىللاردا تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە يۈرۈش قىلغان پېشقەدەم جەڭچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پېشقەدەم باشلىقىنى كۆرۈپ، ھاياجانلىنىپ گېپىنى تېخى دېمەستىنلا كۆز ياشلىرى تاراملاپ چۈشتى. بىر ھازادىن كېيىن ئارانلا «... پېشقەدەم گېنېرال، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ» دېگەن گەپنىلا قىلالىدى. يولداش ۋاڭ جىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى ئارقا - ئارقىدىن لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ ئالتۇن كانىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. مەمەتجان ئەھۋال تونۇشتۇرغاندا، يولداش ۋاڭ جىن ناھايىتى دىققەت بىلەن ئەستايىدىل، تەپسىلىي ئاڭلىدى ۋە پات - پات رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاڭلاپ بولۇپ يولداش ۋاڭ جىن ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى سۆزلىدى ھەمدە چوڭقۇر، مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەينى چاغدا سىز بىر يىگىت ئىدىڭىز، ئەمدى سىزمۇ قېرىپسىز. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئوبدان ئىشلەڭ، دۆلەتكە ئالتۇن كېرەك!» ئاخىردا ئىشچى -

خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تاپىلىدى.

پېشقەدەم گېنېراللىنىڭ قوبۇل قىلىشى، دۆلەت ئالتۇنچىلىق ئىدارىسى مەسئۇللىنىڭ ھال سورىشىغا ئېرىشكەن كان ئىشچىلىرى ھاياجىنىنى باسالمىدى. بولۇپمۇ پېشقەدەم كانچىلار ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى سېلىشتۇرۇپ، تېخىمۇ تەسىرلىنىپ، كونا جەمئىيەتتىكى ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى ياشلارغا قايتا - قايتا سۆزلەپ بەردى. ئالتۇننىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ئەمما كىيىملىرى جۇلجۇل، چىرايلىرى سامانەك جۇدەڭگۈ كانچىلارنى كىممۇ ئادەم قاتارىدا كۆردى؟ ئۇلارنى كوتۇۋالىدىغىنى پەقەت مىلتىق، كالتەك ۋە قامچا ئىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تاغدا قوراللىق كۆزەت قىلاتتى. كانچىلارنىڭ ئالتۇننى تىقىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەتتا ئۇلارنىڭ چېچىنى چۇشۇرۇۋېتىپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ، تاغدا قىپيالىڭاچ ئىشقا سالاتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئالتۇننىلا دەپ بىخەتەرلىك بىلەن كارى بولمىغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن كانچىلار كان ئىچىدە جېنىدىن جۇدا بولۇشتى. پېشقەدەم ئالتۇنچى بەكرى ئاخۇن ياش ۋاقتىدا ھەۋزىخان ئىسىملىك بىر قىزغا ئۆيلەنگەن، كىشىلەر، بۇ بەختسىز ئادەمنىڭ بەختى ئېچىلدى دېيىشكەن. ئۇ كۈن بويى خۇشال يۈرەتتى. خوتۇنىنىڭ بويىدا قالغاندىن كېيىن ھەسسىلەپ ناھايىتى ئوبدان خەۋەر ئالدى. بىراق گومىنداڭ ھەۋزىخاننى تاغقا چىقىشقا زورلىدى. بەكرى ئاخۇن كانىنىڭ تېگىدە ئالتۇن قازاتتى. ھەۋزىخان كان ئۈستىدە چىغىرىق ئايلاندۇراتتى. ئاپتاپ زېمىننى خۇددى ئوتقا ئوخشاش كۆيدۈرەتتى. ھەۋزىخاننىڭ بېشى قېيىپ كۆزلىرى تورلىشىپ كان تېگىگە چۈشۈپ كەتتى ... بۇ ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە بەكرى ئاخۇننىڭ كۆزلىرىگە تارام- تارام ياش كېلىدۇ. زېمىستان قىشنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەم، باھارنىڭ ئىللىقلىقىنى بىلىدۇ، پارتىيە كانچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، نۇرغۇن قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. ئالتۇن كاندا ئەزەلدىن ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ھادىسىسى يۈز بەرمىدى. دۆلەت يەنە ئۇن، ياغ ۋە گۆش بىلەن تەمىنلەشكە ئۇلارغا ئېتىبار بەردى. كانچىلار تاغدا جاپالىق ئىشلەيدۇ. مەمەتجان بۇنى نەزەردە تۇتۇپ، بوش ۋاقىت چىقىرىپ تاغ ئېتىكىدە بىر مو بوز يەر ئېچىپ، قوغۇن تېرىدى. 8 - ئايدا قوغۇن پىشتى، مەمەتجان قوغۇننى ھەر بىر كانغىچە ئاپىرىپ بەردى، قوغۇن كۆپ بولمىسىمۇ

كىشىلەرگە ئادەتتىن تاشقىرى تاتلىق تېتىدى، چۈنكى بۇنىڭدا رەھبەرلىكنىڭ كۆڭلى بار ئىدى. «دۆلەتكە ئالتۇن كېرەك». يولداش ۋاڭ جىننىڭ بۇ سۆزى كانچىلارنىڭ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزىگە ئايلاندى. پېشقەدەم كانچى ئىمىن ئاخۇننىڭ قولى ئەمگەك ئۈستىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن زەخىملەنگەن بولسىمۇ ئۇ ئىرەن قىلمىدى. كېيىن قولى يىرىڭداپ قالدى. مەمەتجان ئۇنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ ئۇ: «دۆلەتكە ئالتۇن كېرەك، مەن ئارام ئالمايمەن» دېدى. مەمەتجان ئۇنىڭغا: «خىزمەت ھەر قانچە جىددىي بولسىمۇ تەن سالامەتلىككە دىققەت قىلىش كېرەك» دېگەندە، ئىمىن ئاخۇن ئۇنىڭغا «سىزنى ئوپېراتسىيە قىلغاندىن كېيىن دوختۇر سىزنى دەم ئېلىڭ دېسە، سىز نېمىشقا ئۆيىڭىزدە ياتمىدىڭىز؟» دەپ قايتۇرۇپ سوئال سورىغاندا مەمەتجان گەپ قىلالماي قالدى. ئىمىن ئاخۇن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئالتۇن كان ئېچىشنى تېزلىتىش، كانچىلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن دۆلەتتىن ئالتۇن قېزىش ماشىنىسى بەرگەن بولسىمۇ، بىراق كانلار تارقاق، ئالتۇن سورتى يۇقىرى بولغانلىقتىن كان ۋاقتىنچە ئىش توختاتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىقنىڭ سىلىككەن مەزگىلىدە تاغقا چىقىپ ئالتۇن كولىشىغا رۇخسەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن كوئېنلۇن تېغى يەنە جانلىنىشقا باشلىدى. تەجرىبىسى، كۈچى بار ئادەم كان ئېچىپ ئالتۇن قازدى. ئادەتتە تېيىز ئورەك كولاپ ئالتۇن تاپتى. يەنە بىر كۈنى مەن ئۇلۇغئاتا كەنتىگە كېلىپ، بىر موسىپىتنىڭ قىيا ئۈستىدە جوتۇ بىلەن ئالتۇن قېزىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭدىن ئالتۇن تاپتىڭىزمۇ دەپ سورىدىم. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بەلۋېغىدىن بىر كىچىك تۈگۈنچىنى ئېلىپ، ئۇنى بىر - بىرلەپ ئېچىۋىدى، ئىچىدىن ئون تالچە ئالتۇن چىقتى، مەن ئۇنىڭغا بەخت تىلىدىم. ئۇ: «بۇ كومپارتىيىنىڭ ھىممىتى» دېدى.

1980 - يىل 8 - ئىيول، خوتەن

جاڭ ۋېنتىڭ

# بوستانلىقتىكى گۆھەر

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئۇنىڭ يېشى 30 دىن ئاشقان، ئوتتۇرا بوي، تېنى قاۋۇل، بېشىغا تەلپەك كىيگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، چىرايىدىن جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. چوڭ كۆزلىرىدىن پاراسەتكە تولغان ئىچكى دۇنياسى بىلىنىپ تۇرىدۇ. كۆز نۇرى ئۆتكۈر ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئۇ ھەمىشە بىر قوڭۇررەڭ سومكىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ قىياپىتى ۋە سالاپىتى خۇددى دانىل دېفو تەسۋىرلىگەن رۇبىنزۇن كىرۇزوغا ئوخشايدۇ.

ئۇ خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا يۇقاقۇن كەنتىدىكى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئائىلە، ئالدىن بېيىغان دېھقان كېرەم ئىمىندۇر.

ئۇ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم دېھقانلارنىڭ مەكتەپ سېلىشىدىن ئىبارەت ئالىيجاناب ھەرىكەتنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۆز كەنتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن 54 مىڭ 460 يۈەن پۇل سەرپ قىلىپ، 1986 - يىلى پۈتۈنلەي خىش بىلەن ئىشلەنگەن «يۇقاقۇن كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى» نى سېلىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا زور زىلزىلە قوزغىدى.

1

دۇنيادا يول تۈز بولمايدۇ، كىشىلىك ھاياتتا دولقۇن بولۇپ تۇرىدۇ.

كېرەم ئىمىن كىچىكىدىن تارتىپ ئىنتايىن زېرەك بولۇپ، ھەر كۈنى بەش كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى پىيادە بېسىپ، باشقا كەنتكە بېرىپ ئوقۇيتتى. ئۇ ئۆگىنىشتە جاپاغا چىدايتتى، تىجەشلىك ئىش

قىلىپ، قەغەز ۋە قېرىنداش، قەلەمنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى. ئادەتتە ھەرپلەرنى مەشىق قىلىشتا قوملۇقنى «قەغەز»، يۇلغۇن تايىقىنى «قەلەم» قىلىپ، يەرگە توختىماي جىجىلايتتى ۋە سىزاتتى ... ئۇ قەيسەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئەلا نەتىجە ياراتقانلىقتىن، مەكتەپنىڭ كۆپ قېتىم تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا مۇيەسسەر بولغانىدى.

ھالبۇكى، ۋەزىيەت تۇيۇقسىز ئۆزگەردى. 10 يىللىق بالايىئاپەتتە مەكتەپلەر تۈنجى ھۇجۇم نىشانى قىلىنىپ، دەرس توختىتىپ، «ئىنقىلاب» قىلىندى. ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن كېرەم ئىمىن باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا، بوغچىسىنى قولتۇقلاپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئەينى يىللاردا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسىگە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار» دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، نۆۋەت بىلەن كۈرەش، پىپەن قىلىنغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. ئاشلىقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى ئارانلا نەچچە ئون جىڭ، نومۇرنىڭ قىممىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، بىر كۈن جان تىكىپ ئىشلىسە ئارانلا ئىككى زاغرىغا چۈشلۈق ھەق ئالاتتى ...

كەڭ زېمىنن باھار نۇرىغا چۆمگەندىن كېيىن، كېرەم ئىمىن خۇددى ئۇسساپ قاغجىراپ كەتكەن مايسا سۇغا قانغاندەك، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان دەرەخ قايتا ياشارغاندەك بولدى. زېمىستاننى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ تۇلپار ئىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا چېپىشقا باشلىدى.

1981 ـ يىلىنىڭ بېشىدا يۇقاقۇن كەنتىدە ئائىلە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ شۇ يىلى كەنت بويىچە بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەسئۇلىيەت ئېتىزىنى ھۆددىگە ئالدى. ئۇ زامانىۋى تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا يەر تېرىغانلىقتىن، بىر يىلدىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. شۇڭا كۆرگەنلا كىشىگە خۇشاللىق بىلەن:

— پارتىيىنىڭ سىياسىتى ھەقىقەتەن ياخشىكەن، بىر يىلدىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇم، — دەيدۇ.

ئۇ بازار ئۇچۇرىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇپ، توغرا تىجارەت

ئۇسۇلىنى تاللىغاچقا، 1982 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە بولغان ئالتە يىل ئىچىدە مېۋىلىك دەرەخ كۆچىتى، تىرەك قەلەمچىسى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، چارۋىچىلىق ۋە باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كۆپ تېرىپ، ترانسپورت ئاپتوموبىل ئەترىتى تەشكىللەپ، قىسقا يوللۇق ترانسپورت ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ 300 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مۇقىم مۈلۈككە، 60 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مۇقىم ئايلانما مەبلەغكە ئىگە كۆپ خىل ئىگىلىك كەسپىي ئائىلىسى بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن يۇقاقۇن كەنتىدىكى دېھقانلار: «ئۇنى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. «يېشىل بانكا» بېيىتتى. كۆپ خىل ئىگىلىك بىراقلا باي قىلدى» دېيىشتى، ئۇنى سەمىمىيلىك بىلەن «پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياستىگە ئاۋاز قوشقان باشلامچى، يېزا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېتەكچىسى» دەپ ئاتىدى.

ئۇ 1985 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە ئۇدا ئۈچ يىل ئاپتونوم رايون بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالاندى. بۇ دېھقان ئوغلى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىدا ھاياجانلانغان ھالدا:

— مەن 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرىمۇ دېھقانىدىم، بولدى دېگىچە ئىشلىگەن، شۇنچە تەر ئاققۇزغان بولساممۇ، نېمە ئۈچۈن بېيىيالمىدىم؟ ئاساسلىقى شۇ چاغدىكى «ئىنتايىن سول» سىياسەت بېيىغىلى قويمىدى. بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق ئامەتكە ئىگە بولالىشىمىز پۈتۈنلەي پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياستىگە تايانغانلىقىمىزدىن بولدى، — دېدى.

2

كىرەم ئىمىن پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياستىنىڭ ئاپتىپى ۋە مېھىر ـ شەپقىتىگە چۆمۈلدى. يېڭى سېلىنغان ئون ئىككى ئېغىزلىق خىش ئۆي كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى. ئۆيدە رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، گىلەم، كىرىسلو قاتارلىقلار بولۇپ، توققۇزى تەل بولدى. ئۆيىنىڭ كەينىگە تۇتاشقان باغدا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، قۇشلار خۇشخۇي ناۋا قىلاتتى، ئۆيىدىن چىقسىلا ئولتۇرغىلى جىپ ماشىنىسى ۋە موتسىكلىتى بار، ھەقىقەتەنمۇ تۇرمۇشى باياشات، مۇھىتى گۈزەل، كۆركەم يېزا مەنزىرىسى ئىچىدە ياشايتتى. يولدىشى ئەخلاقلىق ۋە ئىشچان، ئائىلىسى كۆڭۈللۈك ۋە

ئىناق، بالىلىرى ساغلام ئۆسمەكتە. ئۇ كىشىلىك ھاياتتىكى ئائىلە لەززىتىنى قانغىچە سۈرمەكتىدى.

بۇلار كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى، ئەمما كېرەم ئىمىن بۇ باياشات تۇرمۇشتىن مەستخۇش بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى دائىم نامەلۇم بىر خىجىللىق ئىچىدە ئازابلىنىپ، ھەمىشە يىگىنى ئاغزىغا تېتىمايدىغان، كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ نېمىدىن شۇنچە خىجىل بولىدۇ؟ ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر سىز ئېسىل مەي - شاراب ۋە ئالىي زاكوسكىلاردىن لەززەت ئېلىۋاتقىنىڭىزدا، داستىخىنىڭىزنىڭ ئەتراپىدا بىر قانچە كىشى قول سوزۇپ تۇرسا، سىز ئېسىل مەي - شاراب ۋە زاكوسكىلارنىڭ تەمى ئۆزگىرىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، بەلكى بارغانسېرى قېرىقلىشىپ، ئاغزىڭىزغا ئالغۇسىز بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمامسىز؟ مۇشۇ كۈنلەردە كېرەم ئىمىن مانا شۇنداق ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدى.

بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر چارىسىنى تېپىش كېرەك. شۈبھىسىزكى بۇ چارە پۈتۈن كەنتتىكى يۇرتداشلارنى ئورتاق بېيىتىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەكىدى. بۇ باش قېتىمچىلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ پەيتى ئاخىر يېتىپ كەلدى.

1985 - يىلى فېۋرالنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېرەم ئىمىن تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئالدىراشلىق بىلەن سىرتقا ماڭدى. يولدىشى ئۇنى توسۇۋېلىپ:

— نېمىگە شۇنچە ئالدىرايلا؟ — دەپ سورىدى.

— ئوبدان بىر ئىشقا! بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا يېزىدىكى بىر قانچە تونۇشلىرىم مەن بىلەن بىرلىكتە بىر ياغ زاۋۇتى قۇرماقچى بولغان، بۈگۈن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ياغ زاۋۇتى سالىدىغان يەرنى كۆرمەكچى بولغاندۇق. مەن ئۇلار بىلەن كېلىشكەن ۋاقىت ئۆتۈپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەپ ...، — كېرەم ئىمىن سۆزلىگەچ سائىتىگە قارىدى.

— سىلى - زە، سىلى، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئالدىراپلا يۈرىلا. بىلەملا، بالىمىز ئالىمجاننىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى! بۈگۈن بۇ ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن بالىمىز ئوقۇيدىغانغا يېقىنراق بىر مەكتەپنى ئۇقۇشقاچ كەلسىلە، ئۇنى شۇ مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرەيلى. ئۇنتۇپ قالمىسىلا - ھە ...

— ئۇنتۇمدىغان، — دەپلا ئىشىكتىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى ئۇ.

ئۇ كېلىشىپ قويغان بىر قانچە ھەمراھلىرى بىلەن يولدا دەل ۋاقتىدا ئۇچراشتى ۋە تاشلىنىۋېتىلگەن بىر كونا جوۋازخانىغا قاراپ بىللە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئەسلىدە بۇ كونا جوۋازخانىنى چېقىۋېتىپ، ئورنىغا ماشىنىلاشقان بىر يېڭى ياغ زاۋۇتى قۇرماقچى بولغانىدى.

كېرەم ئىمىن بۇ بىر قانچەيلەننى باشلاپ قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا ۋەيرانە جوۋازخانىغا كىرگەندە، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە ئۇنى ھەيران قالدۇردى، بۇ يەردە ئوقۇش يېشىدىكى بىر قانچە بالا سوقۇشۇپ، دومىلىنىپ، مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇستۇۋېشىنى توپا، يۈز - كۆزلىرىنى قاسماق بېسىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى سەرگەردان باللارغا ئوخشاپ قالغانىدى.

بۇ چاغدا كېرەم ئىمىننىڭ قەلب دولقۇنى ئۆركەشلەپ، خىيال ئىلكىگە چۆمدى. «ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، يۇقاقۇن كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ھالبۇكى مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى بولغان مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ئارقىدا قېلىپ، بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپمۇ بەرپا قىلىنمىدى. مەن مۇشۇ گۆدەك، تېتىك، ئوماق باللار ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرىشىم كېرەك؟».

ئۇ شائىر نىم شېھىتنىڭ «بىلىم ئىشقىدا» دېگەن شېئىرىنى كۆپ قېتىم ئوقۇغان. شېئىرنىڭ بېشىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار - يوق.
بىلىم روھىي ئوزۇق ئىنسان ھاياتىغا ئەگەر بىلسەڭ،
بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلگۈچى ئۆلمەس، بۇڭا ئىنكار يوق. ...»

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ ئالدىراق كېلىپ، بىر قانچە چوڭراق بالىدىن سورىدى:

— سىلەر مەكتەپتە ئوقۇغانمۇ؟

— ئوقۇمىغان.

— نېمىشقا مەكتەپتە ئوقۇمايسىلەر؟ ئوقۇغۇڭلار يوقمۇ - يا؟

ئوقۇغۇمىز بار. ئەمما، نەگە بېرىپ ئوقۇيمىز؟ كەنتىمىزدە بىرەر مەكتەپمۇ بولمىسا!

بىر قانچە شەيتان كەبى بالا ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىز سورىدى:

— كەنتىمىزدە نېمىشقا مەكتەپ يوق؟ ئاڭلىشىمىزچە باشقا كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە مەكتەپ بار ئىكەن. ئوقۇشنى بەك قىزىقارلىق دېيىشىدۇ، راستمۇ؟ كەنتىمىزدە قاچانمۇ بىر مەكتەپ بولار؟

بۇ بىر قاتار سوئاللار خۇددى بىر قارماقتەك كېرەم ئىمىننىڭ يۈرىكىگە قادىلىپ، يۈرىكىنى مۇجۇشقا باشلىدى. بۇ گۆدەك، ساددا باللارنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر يورۇقلۇق پەيدا بولدى، كەنتىمىزدە مەكتەپ بولۇشى، بولغاندىمۇ ناھايىتى تېز بولۇشى كېرەك! شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىدا تۇرغان باللارغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئېنىق قىلىپ:

— كەنتىمىزدە تېزلا مەكتەپ بولىدۇ، شۇ چاغدا ھەممىڭلار مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇڭلار، بولامدۇ؟ — دېدى.

— ھەممىمىز مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيدىغان بولدۇق! كەنتىمىزدە مەكتەپ بار بولىدىغان بولدى! — باللار يۇگۇرگەچ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاشتى.

كېرەم ئىمىن يىراقلاپ كەتكەن باللارغا كۆزىنى ئۈزمەي قارىغاچ، شادلىق ئىلكىگە چۆمدى، ئاندىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ياغ زاۋۇتى قورماقچى بولغان ھەمراھلىرىغا قاراپ:

— زاۋۇت سالىدىغان ئىشنى كېيىنچە بىر نېمە دېيىشەيلى! — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — بىر قانچە ھەمراھلىرى خۇددى بېشىغا مۆلدۈر ياغقاندەك شۈركۈنۈپ كەتتى.

— ھەممىڭلار كۆردۈڭلار ئەمەسمۇ؟ ئوقۇيدىغان مەكتەپ بولمىغاچقا، بۇ يەردىكى باللار مۇشۇ كونا جوۋازخانىدا ئويناۋېتىپتۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، يۇقاقۇن كەنتىدىكى كېيىنكى ئەۋلادلار يەنىلا ساۋاتسىز قالىدۇ. بۇنىڭغا قانداقمۇ يول قويغىلى بولىدۇ؟! مەن كەنتىمىزدە بىر مەكتەپ سېلىپ، پۈتۈن كەنتىمىزدىكى باللارنى مەكتەپتە ئوقۇپ، بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن ... ياغ زاۋۇتىنىمۇ قۇرىمىز، بۇنى كېيىنگە قالدۇرايلى، بولامدۇ يۇرتداشلار؟

ھەمراھلىرىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، غەزەپ بىلەن سوراشتى:

— سىلىمزە ... مەكتەپ سېلىش ماڭارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىشى تۇرسا، سىلىنىڭ نېمە كارىڭلا؟

— مېنىڭچە، ئۆيۈڭلىدە ئازراق پۇل پەيدا بولىۋېدى، ئەمدى بۇ

پۇل سىلىنى ھەر كويلارغا سالغىلى تۇرۇپتۇ - دە.

— ... ...

ئوتتۇرا يولدا گېپىدىن يېنىۋېلىپ، ھەمكارلىشىشتىن يالتايغان بۇ كىشىنى ھەمراھلىرى راسا مەسخىرە قىلىشتى. كېرەم ئىمىن ئۇلارغا:

— مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، سىلەر نېمە دېگۈڭلەر كەلسە دەۋېرىڭلار، — دېدى.

ھەمراھلىرى ئۇنىڭ قەتئىي ھالدا مەكتەپ سالماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقلانغان ھالدا ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

كېرەم ئىمىن چۈشتىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ئايالى ئامىنىخان ئالدى بىلەن سورىدى:...

— بالىمىزنىڭ مەكتەپكە بارىدىغان ئىشىنى ئۇقۇشقاچ كەلدىلىمۇ؟

— ئۇقۇشمىساقمۇ بولىدىغان بولدى، ئۇ كېنتىمىزدە ئوقۇسۇن!

— نەدىكى چاقچاقنى قىلىپ يۈرىلا! كەنتىمىزدە نەدىمۇ مەكتەپ بولسۇن؟

— بىز ئۆزىمىز مەكتەپ سالساق، ئالىمجان كەنتىمىزدىكى باللار بىلەن بىللە ئوقۇسا بولامدۇ - يوق؟

— نېمە؟ نېمە دەۋاتىلا؟ بىز ئۆزىمىز مەكتەپ سالىمىز؟

— توغرا، ئۆزىمىز سالىمىز!

كېرەم ئىمىن چۈشتىن بۇرۇن كونا جۇۋازخانىدا كۆرگەنلىرىنى ۋە مەكتەپ سالماقچى بولغانلىقىنى ئامىنىخانغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى، كىم بىلسۇن بۇ ئىش ئامىنىخاننىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىدى.

— مەن قوشۇلمايمەن! ئالىمجاننى يېزىلىق مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرسەك، بولدى ئەمەسمۇ! ئۆزىمىز مەكتەپ سالمىساق بولمامدىكەن؟

— ئەجەبا، ئۆزىمىزنىڭ بالىسى ئوقۇيدىغان مەكتەپ بولسىلا كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولامدۇ؟!

— سىلى باياتىن ئېيتتىلىغۇ، بىر مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن كەم دېگەندە نەچچە 10 مىڭ يۈەن كېتىدۇ، نەچچە 10 مىڭ يۈەن! قېنى دەپ باقسىلا، ئۆيىمىزدىكى پۇلنى چۆل - جەزىرىدىن تېپىۋالغانمۇ ياكى بىرەرى بىكاردىن - بىكار بەرگەنمۇ؟ سىلىنىڭ ئىچلىرى سېرىلمىسا، مېنىڭ ئىچىم سېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپ سېلىش دۆلەتنىڭ ئىشىغۇ! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ، بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ئىنچىكىرەك ئويلىغاندا ئۇنى چۈشىنىشكە بولاتتى. 1981 - يىلى يەرنى ھۆددىگە ئالغاندىن تارتىپ، ھازىر كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغانغا قەدەر ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بىرلىكتە پىلانلاپ، ئويلاپ - بۇياقتا چېپىپ يۈرۈپ، بىرلىكتە تەر ئاققۇزدى ۋە جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلىدى ... بۇ نەچچە 100 مىڭ يۈەنلىك تەئەللۇقات ئاسان قولغا كەلمىدى - دە! بۈگۈنگە كەلگەندە مەكتەپ سېلىشقا نەچچە تۈمەن يۈەن كەتسە، يولدىشىنىڭ ئىچى سىيرىلماي قالمايدۇ - دە ...

كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كەچتە ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن تېلېۋىزور كۆرمەكچى بولدى. تېلېۋىزورنى ئېچىش ھامان «مەملىكەت خەۋەرلىرى، خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگراممىسى باشلىنىپ، ئويلىمىغان يەردىن مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ بېيجىڭدا داغدۇغىلىق باشلانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاتتى. بۇ خەۋەر ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننى بەكمۇ قىزىقتۇردى.

يىغىن ئۇدا بەش كۈن ئېچىلدى، ئۇلارمۇ بۇ يىغىن توغرىسىدىكى «مەخسۇس خەۋەر»نى ئۈزۈلدۈرمەي بەش كۈن كۆردى ھەمدە مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ يىغىندا قىلغان سۆزلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى خاتىرىلەپ تۇردى.

بۇ بىر قانچە كۈن ئىچىدە ئامىنىخان تولا خىيال قىلىپ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دىكتورى ئاڭلاتقان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»، «ئورۇنلار، كوللېكتىپ ۋە شەخسىيلەرنىڭ ئىختىيار قىلىش ئاساسىدا، پۇل ئىئانە قىلىپ، مەكتەپ ئېچىشقا ئىلھام بېرىش كېرەك» دېگەن بىر ئېغىز سۆز كۆڭلىدىن نېرى كەتمەيدىغان بولدى. ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆزكۆڭۈلۈش ھېس قىلدى.

— قېنى، دەپ باقسىلا، مەكتەپنى قاچان سالىمىز؟ — سورىدى ئامىنىخان ئېرىدىن.

— نېمە؟ سىز مەكتەپ سېلىشىمىزغا قوشۇلدىڭىزمۇ؟

بۇ چاغدا ئامىنىخان گويا مۇشۇنداق قىلىسلا، ئېرىنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشىدىغاندەك نازلىق كۈلۈمسىرىدى.

3

«غىچ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك، بىر ماشىرەك جىپ ماشىنا كېرەم ئىمىننىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى.

— ئوھوي، مەتنۇرى كېرەم ھاكىم كەپتۇ!

مەتنۇرى كېرىم ھاكىم جىگەر رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا، بېشىغا ئانچە كونىرىمىغان دوپپا كىيگەن، قارىماققا 47 — 48 ياشلارغا كىرگەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئۆتكۈر نۇر چاقنىتىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئېزىز قۇربان ۋە ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلەت قاتارلىق ئۈچەيلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىللە كىردى.

مېھمانخانىدا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن مەتنۇرى كېرەم ھاكىم كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كېرەم ئىمىنگە قاراپ:

— بىر قانچە كۈندىن بېرى يېزىلارغا بېرىپ تۈنۈگۈن كەچتە قايتىپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن ئەتىگەن ئىشخانىغا كىرسەم، سىز قالدۇرۇپ كەتكەن خەتنى كاتىپ ماڭا بەردى. خېتىڭىزنى كۆرۈپ بەكمۇ خوش بولدۇم. سىزنىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ، مائارىپنى قوللاش پىلانىڭىز بەكمۇ قالتىس پىلان بوپتۇ. بىز سىزنىڭ مەكتەپنى ياخشى ئېچىشىڭىز ئۈچۈن ئىش بېجىرگىلى ئۆيىڭىزگە كەلدۇق، — دېدى.

ئارقىدىنلا يەنە كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا:

— يولدىشىڭىز سىزنىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ، مەكتەپ ئېچىشىڭىزنى قوللامدۇ - قوللىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

كېرەم ئىمىن ھاكىمغا ئەمدىلا جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، چەينەكنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئامىنىخان تالىشىپ جاۋاب بەردى:

— ھاكىم، بۇ نېمە دېگەنلىرى، مەن ئەلۋەتتە قوللايمەن. يۈزدە - يۈز قوللايمەن. خاتىرجەم بولسىلا! — ئۇ سۆزلىگەچ ھاكىمغا ۋە باشقا مېھمانلارغا بىر پىيالىدىن چاي تۇتتى. ئارقىدىن، — بۈگۈن چۈشلۈك تاماقنى مۇشۇ يەردە يەپ، مەن ئەتكەن لەڭمەنگە ئېغىز تېگىپ بېقىشسىلا، — دېدى.

— بۇ بەك ياخشى گەپ بولدى، سىز لەڭمەنگە بەك ئۇستا، خوتەن ئاشخانىسىدىكى ئاشپەزلەردىنمۇ ئۇستىغۇ دەيمەن! ھاكىمنىڭ يۇمۇرلۇق گەپلىرى كۆپچىلىكنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

كېرەم ئىمىن ھاكىمنىڭ بۇ ئىشقا شۇنچىۋىلا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزىلاردىن قايتىپ كېلىپلا بۇ يەرگە ئىش بېجىرگىلى كېلىشىنى

خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

— قېنى، غىزاغا باقىلى!

ئامىنىخان كۆلۈمسىرىگەن ھالدا يوغان گۈللۈك پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. كېرەم ئىمىن پەتنۇسنى قولىغا ئېلىپ، ئۈستىگە قوي گۆشى قورۇمىسى ئۇسۇلغان تۆت قاچا لەگمەننى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بىردىن قويۇپ چىقتى.

مەتنۇرى كېرەم ھاكىم قاچىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆي ىىساتلىرىغا سەپسالدى ۋە 10 يىلدىن بۇرۇن جىگدە سالغان ئۇماچ ئىچىپ، ياماق سېلىنغان ئىگىن كىيىپ، يالاڭ ئاياغ يۈرۈپ، گەمىدە كۈن كەچۈرگەن كېرەم ئىمىن ئاستا - ئاستا كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق ئۇنى بەك ھاياجانلاندۇردى. «سىياسەت، سەن نېمە دېگەن ئۇلۇغ - ھە! ئارانلا يەتتە - سەككىز يىل ۋاقىت ئىچىدە كېرەم ئىمىن يۇقاقۇن كەنتى بويىچە ئەڭ بۇرۇن بېيىغان دېھقان بولۇپ قالدى. ئەڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ بېيىغاندىن كېيىن يەنىلا نامرات يۇرتداش - قوشنىلىرىنى ئۇنتۇماي، ھەر يىلى بىر نەچچە 1000 يۈەن پۇل چىقىرىپ، نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ ساخاۋەتلىك ئىش قىلىپ، پۇل ئىئانە قىلىپ، مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئەۋلاد يېڭى دېھقانلارنىڭ تىپى! ...»

داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن «نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش» باشلاندى.

كېرەم ئىمىن بېيىغاندىن كېيىن يۇقاقۇن كەنتىنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ھازىر ئۇ كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆز كەنتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىپ، مەكتەپ ئاچماقچى بولۇۋاتىدۇ. يېقىندا مەركەز ئېلان قىلغان «مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارار» دىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئالىيجاناب ھەرىكىتىگە ئىلھام بېرىلگەن. بىزنىڭ بۇ قېتىم «نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش» ىمىز ئۇنىڭ بۇ مەكتەپنى ياخشى ئېچىشىنى ھەر جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش ۋە قوللاشنى مەقسەت قىلىدۇ، — مەتنۇرى كېرەم ھاكىم سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ۋە كەنت مۇدىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىپادە بىلدۈردى ھەمدە كېرەم ئىمىننىڭ دۆلەتنى، يۇرتنى

ۋە خەلقنى سۆيۈشتەك ئالىيجاناب پەزىلەتنى ماختىدى.

ئاخىردا مەتنۇرى كېرەم هاكىم كېرەم ئىمىن ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ۋە تەلەپلەرنى بىر - بىرلەپ مۇهاكىمە قىلدى ھەمدە نەق مەيداندا يوقاقۇن كەنتىدىكى كونا جوۋازخانا ئەتراپىدىكى 20 مو يەر كەلگۈسى مەكتەپنى سېلىشقا ئايرىپ بېرىلىدۇ. بۇ يەرنى ھەل قىلىپ بېرىشكە يېزا، كەنت كادىرلىرى مەسئۇل بولىدۇ؛ ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى سېتىۋېلىش ۋە مەكتەپنىڭ قېلىپلاشقان لايىھىسىنى تۈزۈش ئىشلىرىنى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ياردەملىشىپ بېجىرىدۇ؛ مەكتەپنىڭ ئاساسي قۇرۇلۇشىغا كېرەم ئىمىن مەسئۇل بولىدۇ، دەپ قارار چىقىرىلدى.

— ھەشقاللا! — دېدى كېرەم ئىمىن شادلانغان ھالدا، — كېرەم ئىمىننىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ، مەكتەپ ئېچىش ئارزۇسى رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى ۋە غەمخورلۇقى بىلەن ئىشقا ئېشىش ئالدىدا تۇراتتى، ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغانىدى.

— سىز بىزگە ئەمەس، بەلكى بىز سىزگە ھەشقاللا دېيىشىمىز كېرەك! سىزگە ئوخشاش ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىدىغان، ساخاۋەتلىك ئىش قىلىدىغان پەزىلەتلىك دېھقان بولغانىكەن، يوقاقۇن كەنتىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، جۇڭگونىڭ ئىستىقبالىمۇ پارلاق، بۇ ناھىيىمىزنىڭمۇ شەرىپى! — مەتنۇرى كېرەم ھاكىم سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ كەتتى.

مېھمانلار ئالدىدا مەتنۇرى كېرەم، ھاكىم كېرەم ئىمىننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، ئىشەنچ نەزەرى بىلەن:

— مەن سىزنىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ، مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بەرمەكچى بولغان ئالىيجاناب ھەرىكىتىڭىزنى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرىگە دەرھال بىر - بىرلەپ دوكلات قىلىمەن. ئاخىردا مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سېلىشىڭىزغا تىلەكداشمەن! — دېدى.

4

خۇش خەۋەر تېز تارقىلىدۇ، دېگەن تەمسىل بار. كېرەم ئىمىننىڭ مەكتەپ سالماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا يوقاقۇن كەنتىگە پۇر كەتتى.

— خۇش خەۋەر!!! خۇش خەۋەر! بۇنىڭدىن كېيىن باللىرىمىز مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان بولدى!

— كېرەم ئىمىن ھەقىقەتەن قالتىسكەن. بىر دېھقانىنىڭ مەكتەپ سېلىشى ئەلمىساقتىن تارتىپ كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش!

— كېرەم ئىمىن كەنتىمىز يۇقاقۇنىنىڭ قەھرىمانى! ...

كېرەم ئىمىنچۇ؟ ئۇ ئۆزى يالغۇز ھېلىقى كونا جۇۋازخانىغا بېرىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ قەلب دولقۇنى ئۆركەش ياسايتتى.

1985 - يىلى 11 - ئايدىن تارتىپ كېرەم ئىمىن كۈندۈزى قۇرۇلۇش ئىش ئورنىدا ئالدىراشلىق بىلەن قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلسا، ئاخشىمى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە كەلگۈسى مەكتەپنىڭ لايىھىسىنى تۈزدى. ئۇ نەچچىلىگەن كېچە ۋە كۈندۈزنى مۇشۇنداق ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.

قىش كېتىپ، باھار كېلىپ، ھاۋا ئىللىشقا باشلىدى. جىددىي ئىشلەش نەتىجىسىدە 310 كۋادرات مېتىر كۆلەمگە ئىگە، يورۇق، ئازادە سىنىپ، قىرائەتخانا، تىكتاكتوپخانا ۋە كىچىك مەيدانى بولغان، مۇنتىزىملاشقان باشلانغۇچ مەكتەپ بارلىققا كەلدى!

بۇ خوتەن ۋىلايىتى بويىچە، ياق، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىر دېھقان ئۆزى پۇل چىقىرىپ سالغان تۇنجى مەكتەپ. ئۇ شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخىدا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر سەھىپە ئاچتى.

5

كېرەم ئىمىننىڭ خوتەن ۋە شىنجاڭدا نامى چىقتى.

1986 - يىلى 6 - يانۋار كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، قۇياش بارغانسېرى ئېگىزلەپ، خۇشاللىققا چۆمگەن يۇقاقۇن كەنتىگە سېخى نۇرلىرىنى ئايىماي سەپمەكتىدى.

ئامما، كادىرلار، گېزىتخانا مۇخبىرلىرى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سۈرەتكە ئالغۇچىلىرى ... كېرەم ئىمىن سالغان مەكتەپ تەرىپىدىن ئېچىلغان ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشماقتىدى.

يۇقاقۇن كەنتى بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى. دېھقانلار چەكسىز شادلىق ئىلكىدە كۆلكە - پاراڭ قىلىشاتتى. مەكتەپتە رەڭگارەڭ بايراقلار لەپىلدەپ، ناغرا - دۇمباق سادالىرى پەلەككە ياڭراپ، پوجاڭزا ئاۋازى بىر ئۇلغىيىپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى. «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئارتىسلارمۇ يىغىنغا كېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناماقتىدى. مەكتەپكە يېڭىدىن كىرگەن 120 ئوقۇغۇچى رەتلىك كىيىنگەن ھالدا مەيداندا بىردىن تىزىلىپ تۇراتتى.

سائەت 10 دا ھاكىم مەتنۇرى كېرەم ۋىلايەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە ھەمراھ بولغان ھالدا ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا يېتىپ كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يولداش ئاقۇپ مۇراسىمنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن يېتىپ كەلدى. خوتەن ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلەرنىڭ ۋە خوتەن شەھىرىنىڭ مائارىپنى باشقۇرىدىغان رەھبەرلىرى، شۇنداقلا ۋىلايەتكە قاراشلىق قىسمەن ئورگانلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ كېلىپ قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش مۇھەممەت توختى ۋىلايەتلىك پارتكومغا ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن، كېرەم ئىمىننىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى پۈتۈن ۋىلايەتكە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ھاكىم مەتنۇرى كېرەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى ۋە بايىنغولىن، قىزىلسۇ قاتارلىق قېرىنداش ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەرنىڭ تەبرىك تېلېگراممىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلەت يېڭى سېلىنغان بۇ مەكتەپكە «كېرەم ئىمىن مەكتىپى» دەپ نام بېرىلگەنلىكى ۋە كېرەم ئىمىننى بۇ مەكتەپنىڭ پەخرى مۇدىرلىقىغا تەيىنلىگەنلىكى توغرىسىدىكى قارارنى ئوقۇپ ئۆتتى. قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن كېرەم ئىمىنگە قىزىلگۈل ۋە قىزىل گالىستۇك تاقىدى.

خانئېرىق يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئېزىز قۇربان پۈتۈن يېزا خەلقىگە ۋاكالىتەن ئۇنىڭغا بىر دىراپ پەلتو ۋە 1000 يۈەن مۇكاپات پۇلى تەقدىم قىلدى. كېرەم ئىمىن نەق مەيداندىلا بۇ 1000 يۈەننى مەكتەپنىڭ پائالىيەت فوندى قىلىشقا تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى پۈتۈن مەيداندا بىردىنلا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسىنى ياڭرىتىۋەتتى.

بىر دېھقاننىڭ پۇل چىقىرىپ مەكتەپ سالغانلىقى ۋە مەكتەپ باشقۇرغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر خوتەن شەھەر - يېزىلىرىغا، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا تېزدىن تارقىلىپ كەتتى.

مەكتەپ سېلىنغان ئۈچ يىلدىن بۇيان مەكتەپنىڭ پەخرى مۇدىرى كېرەم ئىمىن ئۆز كۆچىنى ئايىماي، ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلدى.

ھازىر كەنت بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى % 100 كە يېتىپ، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئىگە بولدى.

1987 ـ يىلى 15 ـ ئىيول، كېرەم ئىمىن «ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل» سۈپىتى بىلەن ئۆرۈمچىدە چاقىرىلغان «ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى» غا قاتناشتى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئۇنى يىغىن قاتناشچىلىرىغا تونۇشتۇردى. دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خې دۇڭچاڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي كۆرۈشۈپ، ئۇنى خەلق ئۈچۈن چوڭ ياخشى ئىش قىلىپ بەردى دەپ ماختىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كېرەم ئىمىنگە «مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى» دەپ رەسمىي شەرەپلىك نام بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا گۇۋاھنامە ۋە ئوردېن تەقدىم قىلدى.

1987 ـ يىلى 27 ـ ئىيول كېرەم ئىمىن يەنە «مۇنەۋۋەر خەلق ئەسكىرى ۋەكىلى» سۈپىتى بىلەن تەكلىپ بويىچە بېيجىڭغا بېرىپ، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە قەھرىمان ـ نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە مەركەزدىكى دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنى بەختلىك ھالدا كۆردى.

* * *

بۇ دوكلات ئەدەبىياتى قولدىن چىقىش ئالدىدا، ئاپتور كېرەم ئىمىن بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتى. ئۇ ئىنتايىن شادلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغانلىقى، بىر قانچە كۈندىن كېيىنلا بېيجىڭغا قۇرۇلتايغا ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن يەنە قانداق ئارزۇسى بارلىقىنى سورىدىم. ئۇ شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە يۇقاقۇن كەنتى ئۈچۈن بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

كېرەم ئىمىن غايىلىك. مەن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بوستانلىقتا بارلىققا كەلگەن بۇ گۆھەر بارغانسېرى پارلاق نۇر چاچقۇسى.

«يىپەك يولى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىل 3 ـ سانىدىن ئېلىندى، تۇرسۇننىياز راخمان تەرجىمىسى

مىجىت باقى

# خىلۋەت ماكان — دەريا بويى كەنتى

(ئەدەبىي خاتىرە)

## تەكلىماكاننىڭ كىندىكى — دەريا بويىغا سەپەر

تەقدىرنى چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى گىگانت باتۇرلاردەك قەد كېرىپ تۇرغان ئىپتىدائىي توغراقلىقتا، رىۋايەتلەردىكى تىلسىماتتەك سىرلىق قۇملۇقنىڭ باغرىدىن سىرغىپ ئۆتۈپ، ناگان - ناگاندا «شۇر» قىلىپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئېشىندى كەلكۈن سۇلىرىغا ۋە بەش — ئون مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇقتىن تارتىۋېلىنىدىغان شورلۇق «ئابىھايات» قا باغلاپ، ئەسىرلەر بويى گاھى مۇگدەپ، گاھى تەكلىماكاننىڭ ئەللىيىگە كۆنۈپ ئۇيقۇسىراۋاتقان بۇ زېمىن ماتور ساداسىدىن چۆچۈپ ئويغاندى!

تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ياتقان مەرۋايىت مەنزىلگە قاراپ، توقايلىقلارنى تىترىتىپ، سۆرەمدىكى بوقىدەك پۇشۇلداپ كېتىۋاتقان جىپ ماشىنىلارنىڭ ئالدى - ئارقىسىدا بولسا زىلچا يوپۇقلۇق ئىگەر ئۈستىگە لاچىندەك قونۇپ، شاش چۆل ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇتقان چەۋەندازلار — دەريا بويى مەھەللىسىنىڭ پەرزەنتلىرى چېپىپ يۈرۈشمەكتە.

ئەنە، ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان ئوغۇل - قىزلار، بوۋاي - مومايلار خۇشاللىقتا، ھەيرانلىقتا ۋە تەئەججۇپتە كۈتۈلمىگەن مېھمانلارنى قارشى ئېلىشتى.

ھەر خىل ياش قورامدىكىلەرنىڭ تەسادىپىيلىقتا بولغان ئىنكاسى ھەر خىل، شۇ تاپتا، ياشلار توپى كۆز ئالدىدا ئاجايىپ مەنزىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت نامايەن بولغانلىقىغا خۇشاللانسا، كۆپنى كۆرگەن، تالاي

ئىسسىق - سوغۇق، باھار - جۇدۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، مەھەللىنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق مويسىپىتلار 39 يىلدىن بۇيان ۋىلايەت، ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ ئۇچار قاناتلارمۇ ئاندا - ساندا يوقلاپ قويىدىغان بۇ مەھەللىگە تونجى قېتىم كەلگەنلىكىگە، جۇغراپىيىۋىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ′39°29 — ′37°27 شىمالىي پاراللېل ′81°20 — ′82°30 غا جايلاشقان بۇ كەنتكە جىپ ماشىنىلارنىڭ ئىز سېلىپ، ھەر قايسى سىستېمىلارنىڭ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشىنى باشلىغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

كېرىيە ناھىيە بوستانلىقىنىڭ شىمالىغا، چوڭ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان دەريا بويى كەنتى توغرىسىدا سۆز ئېچىلسا، ھازىرقى زامان مەدەنىي كىشىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا يادىكارلىق تەرىقىسىدە مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان ئىپتىدائىي تۇرمۇش شەكىللىرىنىڭ سۈرەتلىرى، كىيىم - كېچەك ئورنىغا تېرە يوپۇقلا ئورىنىۋالىدىغان قەدىمكى زامان قەبىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن قىزىقارلىق تارىخىي كىنولاردىكى غەلىتە كۆرۈنۈشلەر گەۋدىلەنسە كېرەك. شۇڭلاشقىمۇ بۇ جاي توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان ئايرىم كىشىلەر تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپلا «ئىپتىدائىي قەبىلىلەر»، «تاشقى دۇنيادىن تامامەن خەۋەرسىز يېرىم ياۋايى ئادەملەر»، «ھېچقانداق ھۆكۈمەت، سىياسىي پارتىيە دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان مەدەنىيەتسىز كىشىلەر جايلاشقان جاي» دېيىشكەندى. ۋاھالەنكى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى غوپۇر ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى، ئاشلىق باشقارمىسى، ئورمانچىلىق باشقارمىسى، سۇ ئىشلىرى باشقارمىسى، خەلق ئىشلىرى باشقارمىسى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان «دەريا بويىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» نىڭ 1988 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېرىيە ناھىيىسىدىن يولغا چىقىپ، نەچچە يۈز كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ، سەككىز كۈن داۋاملاشقان جاپا - مۇشەققەتلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى داۋامىدا كۆز ئالدىدا نامايان بولغىنى — ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە ئوخشاش مەدەنىي كىيىنگەن، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى، نىكاھ، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىملاردىكى بىر يۈرۈش قائىدە - يوسۇنلىرى، ئەخلاق ئۆلچىمى زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەنگەن ئاۋات كەنتلەردىكى كىشىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، رادىئو تىڭشاشنى، ئۈنئالغۇ قويۇشنى ئۆزلىرىنىڭ بىر

خىل رىتىمدىكى كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ مەدەنىي مەشغۇلاتىغا ئايلاندۇرغان، كۈتۈرەڭگۈ روھلۇق چارۋىچىلار ئاھالىسى بولدى. روشەنكى، بەش مەھەللە گورۇپپىسىغا ئۇيۇشۇپ بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلغان 172 ئائىلە، 441 نەپەر ئەر، 391 نەپەر ئايالدىن تەركىب تاپقان 832 نەپەر نوپۇس، جۇغراپىيىۋى مۇھىتىنىڭ چەكلىمىسىنى قىسمەن بۇزۇش، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش داۋامىدا 15 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىن دائىرىسىدە، 1 مىليون 161 مىڭ 500 مو بوستانلىق، توغراق بىلەن يۇلغۇننى ئاساس قىلغان 624 مىڭ 600 مو ئورمان ھالقىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، 212 مىڭ 300 مو ئوتلاقتا تايىنىپ، «تەبىئەت، چارۋا، ئادەم» دىن ئىبارەت تۇرمۇش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

دەريا بويى كىشىلىرى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرىنى ھېچبىر ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ مېھماندوستلۇق، ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچانلىق خۇسۇسىيىتىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۇرۇپ كەلگەن.

## تارىخي ئىزلار

«تەكلىماكان» دېيىلسە، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن مەرىپەتشۇناس، ئەدىب، پەيلاسوپ، ئارخېئولوگ، سىياسىئون ...لارنىڭ كۆز ئالدىدا مىسىر پىرامىدىلىرىدەك ھەيۋەتلىك قوم بارخانلىرى، تەبىئەتنىڭ شەپقەتسىز جازاسىغا ئۇچرىغان قەدىمىي شەھەر، قەلئەلەر خارابىسىنىڭ مىسكىن ھالىتى كۆرۈنۈپ، بۇ سىرلىق دۇنياغا بولغان ھەر خىل نىيەتتىكى ئىنتىلىشلىرى پەيدا بولىدۇ ۋە بولغان. دۇنيا مەدەنىيىتىدە ئىز قالدۇرۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئارخېئولوگلار، گېئولوگلار، تارىخشۇناسلار ۋە ساياھەتچىلەر تەكلىماكاننىڭ سىرلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تۈرلۈك مەقسەتتە كېلىشكەن ۋە نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى قېزىپ، قوم ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارنى چېقىپ، ساق قالغانلىرىنى مەملىكىتىگە ئەۋەتىپ، مورگان تەسۋىرلىگەن «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ

ئاچقۇچى» نى تېپىش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنۇشقان.

1896 ـ يىلى شۋېتسىيىلىك دوكتور سۋېن ھېدىن دەريا بويى مەھەللىسىگە كېلىپ، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى ئىزدىگەن. ۋېنگىرىيىلىك ستەيىنمۇ كالىكوتتىن يولغا چىقىپ، 1901 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دەريا بويى كەنتىگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ، ئابدۇكېرىم ئاخۇن، مۇھەممەتشا مەرگەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن «قارا دۆڭ» قەدىمىي شەھىرىنى تەكشۈرگەن.

بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ھازىرقى ئورنى، دەريا بويى ئاھالە كومىتېتىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قىرىق ـ ئەللىك كىلومېتىرلىق مۇساپىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 3000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قەدىمىي شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب ۋە شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەر خارابىسى، ساپال كوزا خۇمدىنىنىڭ قالدۇقى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. تەپسىلىي كۆزەتكەندە بۇ قەدىمىي شەھەر تۆت چاسا قەلئەگە ئوخشايدۇ. قەلئە تېمى تۇۋرۇك، سىنجا، قاشادىن تەركىب تاپقان، قەلئە ئىچىدە ئىپتىدائىي دەرەخلەر، ساپال كوزا، ئەينەك ۋە قەدىمكى مىس پۇللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

«قارا دۆڭ» قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە، تۈز سىزىق بويىچە ئارىلىقى تەخمىنەن سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا «مارجان بۆك» شەھەر خارابىسى بار. بۇ جايدىن ئۈنچە ـ مارجان، ئەينەك پارچىلىرى، ساپال قاچا ـ قۇچىلارنىڭ سۇنۇقلىرى، سېغىز لايدىن پىشۇرۇلغان چوت (سەنپەن) ئۇرۇقى، كوزا ۋە تارشا پۇتۇكلەر تېپىلغان، يەرلىك كىشىلەر «مارجانلىق» دەپ ئاتايدىغان بۇ جايدا يەنە ئەينى زاماندىكى مېتال تاۋلاش ئوچاقلىرىنىڭ مۇكەممەل ئىزلىرىمۇ كۆزگە تاشلىنىدۇ.

ستەيىن بىرىنچى قېتىملىق سەپىرىدىن ئوتتۇز كۈن كېيىن يەنى 1901 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شۇ يەرلىك پېشقەدەم ئىزچى تۇردى ئاخۇن (بۇ كىشى ئەينى چاغدا دوكتور سۋېن ھېدىنگە يول باشلىغۇچى بولغان) نىڭ باشلامچىلىقىدا «قارا دۆڭ» خارابىسىنى ئىككىنچى قېتىم قېزىپ، قۇم ئاستىدىن ھەر خىل پۇل، قورۇق ئۈزۈم، بۇغداي، گۈرۈچ، ئارپا دانلىرىنى تاپقان. لېكىن، ستەيىن «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى» نى تاپماق تۈگۈل، بۇ سىرلىق ماكاندا جىنىدىن ئايرىلىشقا قىل قېلىپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە يول تېپىپ، ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ، كېرىيە ناھىيە بازىرىغا

بىرنۇالغان.
1929 - يىلى خۇاڭ ۋىنبىي ئەپەندى سۋېن ھېدىن، ستەين قازغان شەھەر خارابىلىرىنى قايتا تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان. 1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيخانىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى يۇقىرىقى شەھەر خارابىلىرىغا يېقىن قەدىمكى دەۋرگە ئائىت قەبرىستانلىقتىن پاختا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى، كۆپرەك گۈللۈك ماتا رەخت، بۆز گىلەم قاتارلىقلارنى تېپىپ، شىمالىي «سۇلۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمىي شەھەر» دەپ بېكىتكەن.
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمىي شەھەر ئىزلىرى دەريا بويى مەھەللىسىنىڭ قەدىمىي تارىخىغا شاھىد بولۇپ، ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ ئېچىشى ۋە تەكشۈرۈپ يەكۈن چىقىرىشىنى كۈتمەكتە.

## ئەندىشە ۋە تاقەتسىزلىك تۇيغۇسى

شۇنداق، بۇلار — بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىلىشىشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئەقىللىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئەمگەكچان ئادەملەردىن بولغانلىقىدا شەك يوق. بىزنىڭ بۇ قىياسىمىزنى بىر تالاي ماددىي پاكىتلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.
ئەينى زاماندا مىتال تاۋلىغان، چوت ئىشلىتىپ ھېساب كىتاب قىلىشنى بىلگەن، چىرايلىق ماتا رەخت توقۇپ، تېرىقچىلىق قىلىپ خېلىلا مەدەنىي ھايات كەچۈرگەن، جۇملىدىن تۇركۈم - تۇركۈم قېدىرىپ تاپقۇچىلار، ئارخېئولوگلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىغۇدەك دەرىجىدە پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەرلىرىنى تاشلاپ كېتىشىگە زادى نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟
— ئاغرىق - سىلاق، ھەر خىل كېسەللىكلەرمىدۇ؟
— چوڭ - كىچىك يېغىلىق، ئۇرۇش ئاپەتلىرىمىدۇ؟
بىزنىڭچە يۇقىرىقىلاردىن باشقىمۇ سەۋەبلەر بار، ئەلۋەتتە. ئەگەر تەبىئىي مۇھىت پەۋقۇلئاددە چوڭ ئۆزگىرىش ياسىمىغان بولسا، يەنە كېلىپ تەبىئەتنىڭ شەپقەتسىز ئۆچ ئېلىشى بولمىغان بولسا، بۇ ماكاننىڭ قۇرغۇچىلىرى، خوجايىنلىرى ھەشەمەتلىك قەسىر - قورغانلىرىنى، باغۇ بوستانلىق دىيارىنى تاشلاپ كەتمىگەن بولاتتى.
بىپايان قۇمغا باغرىنى يېقىپ، غايەت زور ئىسكىلىتتەك

قاغجىراپ ياتقان قەدىمىي قەلئە ــــ شەھەر خارابىسىنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە، ئىختىيارسىز ھالدا تەبىئىي ئېكېئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشتا قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىشنىڭ نۇۋەتتىكى رېئال ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھېس قىلدۇق.

بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلغان، يەن ئالىملىرىنىڭ كۆپلىگەن ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى بىزدە تېخى يېتەرلىك تونۇشنىڭ ھاسىل بولمىغانلىقىدا دەپ قارىساق، ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

دەريا بويى كەنتىدە قومۇلۇقنىڭ يۆتكىلىپ بوستانلىقلارنى بىر ياقىدىن يۇتۇپ كېتىشى داۋاملىشىپلا قالماستىن، سۇ ئىستىسى تېزلىشىۋېتىپتۇ. كوئېنلۇن تاغ تىزمىلىرىنىڭ تۇتەكلىك دېگەن يېرىدىن باشلانغان كېرىيە دەرياسى ئېقىمىنى ئاساس قىلغان تەبىئىي توغراقلىق، سۇ مەنبەيىنىڭ يىلدىن - يىلغا ئازلاپ كېتىشى تۈپەيلى قۇرۇپ كېتىۋېتىپتۇ. دەريا بويى مەھەللىسىنىڭ «كۆك جىگدە» دېگەن يېرىدىن باشلاپ، كېرىيە ناھىيە بازىرىغا 229 كىلومېتىر كېلىدىغان كەنت ئاھالە كومىتېتى جايلاشقان «تېرىم» دېگەن جايغىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن ئېپتىدائىي توغراقلىق گويا مازار - ماشايىقلاردىكى چوقچىيىپ تۇرغان سانسىز توغ - شەددىلەرگە ئوخشاش كىشىنى ئەيمەندۈرىدىكەن، ھەر خىل شەكىلدە قۇرۇپ ياتقان توغراقلارغا قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا لوپنۇر كۆلى، ماناس كۆلى، ئايدىڭكۆل، ئالانۇر كۆلى ۋە تەتىما كۆللىرىنىڭ خەرىتىدىن ئۆچۈپ كەتكىنىگە ئوخشاش تەقدىرنىڭ دەريا بويى كەنتىنى قىسماقتەك سىقىپ كېلىۋاتقىنىغا تاقەتسىزلىنىش، ئامال قىلىپ قۇملىشىشنىڭ سۈرئىتىنى تىزگىنلەشكە ئىزدىنىشتە تەخىرسىزلىك ھېس قىلىش تۇيغۇسىنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئويلاشتۇق.

روشەنكى، كىشىلەرگە ھوزۇر بېغىشلىغۇچى بوستانلىقلار شۇ رايوندا ياشاپ كەلگەن خەلقنىڭ بىر خىل ئۇلۇغ ئىجادىيىتى بولۇپ، تەبىئەتنى تەبىئەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزگەرتىشنىڭ بۈيۈك غەلىبىسى ھېسابلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، ھەر قانداق غەلىبە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. بۇ قانۇنىيەت ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ ئويدۇرۇپ چىققان قانۇنىيەت بولماستىن، بەلكى شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان قانۇنىيەت بولۇشى، بىز ئاشۇ

قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىشىمىز ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇنى داۋاملىق سىنىشىمىز زۆرۈر. تارىخىي پاكىتلار ئىنسانىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ئاساسىدا تەبىئەتتىن پايدىلانماي ۋە تەبىئەتنى ئۆزگەرتمەي، سۇبيېكتىپ خاھىشنى چىقىش قىلىپ «تاغ - دەريالارنى يېڭىۋاشتىن ئورۇنلاشتۇرۇش» قا تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزىدىغان بولسا، تەبىئەتنىڭ ئىنسانىيەتتىن ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. تەكلىماكان ئىچىدىكى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى بۇنىڭ گۇۋاھچىسى.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1000 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 400 كىلومېتىر كېلىدۇ. مۇشۇ دائىرىدىكى كۆپلىگەن قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ ئەينى زاماندا تازا گۈللەنگەن دەۋرى بولغان. ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كاتتا شەھەرلەر قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا غايىب بولدى. بۇ قۇم ئىلگىرىلىسە ئادەملەرنىڭ چېكىنىپ، تەدرىجىي كۆچكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

دەريا بويى ئاھالە كومىتېتىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان «قارادۆڭ» قەدىمىي شەھىرى كېرىيە ناھىيە بوستانلىقىغا 270 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. نىيە دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى نىيە قەدىمكى شەھىرى، ھازىرقى نىيە ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 150 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئاشۇ شەھەر ئادەملىرى تەبىئىي ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن دەريالارنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى بوستانلىقلار يوقالغاندا، دەريالارنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى يېڭى بوستانلىقلارغا كۆچۈپ ماكانلاشقان. ئەگەر ئۇنۇملۇك ھالدا قۇملىشىشنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، توغراقلىقلار، تەبىئىي يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر قوغدالمىسا، چۆل قۇملۇقنىڭ باغرىدىكى بوستانلىقلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش بازىلىرىنى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرىنىڭ ۋادىلىرى بىلەنلا چەكلەپ قويالارمۇ؟... بۇ مەسىلە ھەممىمىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇردى ۋە چارە - تەدبىر ئىزدەشكە ئىلھاملاندۇردى.

ئۇقۇشۇپ كۆرۈشىمىزچە، ئۆتكەن ئەسىردىكى 60 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە كېرىيە دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيى دەريا بويى مەھەللىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى يايلاقلارغىچە يېتىپ بارالايدىكەن. ھازىرغا كەلگەندە تۆتىنچى، بەشىنچى مەھەللە گورۇپپىلىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن كەلكۈن سۈيى يېتىپ بارالمايدىكەن. ئۇ جايدىكى

چارۋىچىلارنىڭ سەككىز ـ ئون مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى، شور تەركىبى كۆپ بولغان، ئۆزلىرى قېزىۋالغان قۇدۇق سۈيىگە تايانماقتىن ئۆزگە ئامالى يوقكەن.

بۇ جايدىكى كىشىلەردە ئۆزى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ باشقا ماددا ھەرىكىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماددا ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئادەم تەبىئەت دۇنياسىدا ياشاشتا، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەندىلا، ئاندىن ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق ئىلمىي چۈشەنچە يوق. چۈنكى، ئايرىم ھاللاردا ئۇنتۇلۇش، بىپەرۋا قاراش مۇھىتىدا ياشاۋاتقان بۇ كىشىلەر شۇكۇر ـ قانائەت تۇيغۇسىدا، تەبىئەت ئۆزلىرىگە قانچىلىك شاپائەت قىلسا، شۇنچىلىكتىن بەھرىمەن بولغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، چارۋا تەبىئەتكە تايانغان، ئادەم، چارۋىنىڭ «شاپائىتى» گە تايىنىپ شۇكۇر قىلغان. ئۇلاردا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىزدىنىپ، ئۆزلىرى ئۇچۇن مول بولغان ئىككىنچى تەبىئەت يارىتىش تىرىشچانلىقى بەكمۇ سۇس. بۇنىڭدا جۇغراپىيىۋى مۇھىت، تەبىئىي شارائىتنىڭ سەۋەبىدىن تاشقىرى، يەنە بىر قانچە كونكرېت سەۋەبلەرمۇ بار.

دەريا بويى مەھەللىسى «ھۆكۈمەتسىز جاي» ئەمەس، ئازادلىقتىن بۇرۇن ئەينى زاماندىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى دەريا بويى كەنتىنى باشقۇرۇش ئۇچۇن، ئىككى «ئاقساقال» نى ئەۋەتىپ، مەلۇم ساندا تۇياق بېجى ۋە يىلىغا ئىككى قېتىم ئۆشرە ـ زاكات يىغىۋالغان.

1950 ـ يىلى بۇ جايدا كەنت دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى قۇرۇلۇپ، سايلام ئارقىلىق كەنت باشلىقى ۋۇجۇدقا كەلگەن (شۇ چاغدىكى كېرىيە ناھىيە 2 ـ رايوننىڭ رايون باشلىقى تۇنجى نۆۋەتلىك سايلامغا رىياسەتچىلىك قىلغان).

1959 ـ يىلى بۇ كەنت كېرىيە ناھىيە قاچۇن گوڭشېسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئەترەت باشلىقلىرى سايلانغان.

1961 ـ يىلدىن باشلاپ بۇ جايدا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغان. ماتارىپنىڭ نۇرى 1960 ـ يىلى بۇ كەنتتە يالتىراپ، كىشىلەر قەلبىگە ئىللىقلىق يەتكۈزگەن. چارۋىچىلار ھە ـ ھۇ دېيىشىپ، دۆلەت بەرگەن

بىر قانچە يۈز يۈەن بىلەن ئىش باشلاپ، ئاددىيغىنا ياتاقلىق مەكتەپ سېلىپ، 35 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. 1965 - يىلىغا كەلگەندە بۇلاردىن 28 نەپىرى لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، پۈتكۈل كەنت بويىچە تۇنجى ئەۋلاد ساۋاتلىق كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. 1965 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە بۇ مەكتەپكە گەرچە ھەر يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، مۇقىم ئوقۇغانلار ئاز بولۇپ، بىر قىسىملىرى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇش دەرىجىسىگە ئاران يېتەلىگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆيى يېقىن ئوقۇغۇچىلار ئۈچ - تۆت كىلومېتىر، ئۆيى يىراق ئوقۇغۇچىلار نەچچە ئون كىلومېتىر يول يۈرۈپ مەكتەپكە كېلىپ - كېتىدىغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەن. 1985 - يىلى مەكتەپ ئۆيلىرى ۋەيران بولۇپ تۈگىگەن ... ئوقۇتقۇچىلار ئامالسىزلىقتىن، بىپايان توغراقلىق، ئېگىز - پەس قۇم دۆۋىلىرىنى ئارىلاپ، كۈنىگە نەچچە ئون كىلومېتىر يول مېڭىپ، ئائىلىمۇ ئائىلە بېرىپ سەييارە دەرس ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان. ئائىلىلەرنىڭ تارقاق جايلاشقانلىقى، ھەتتا بىر قىسىم چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن كەنت ئاھالە كومىتېتى جايلاشقان ئورۇندىن شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭىدىغان مۇساپە 100 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار داۋاملىق دەرس ئۆتۈشكە ئامال قىلالمىغان. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئىككى نەپەر ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكى ئوقۇتقۇچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى ئارانلا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 - سىنىپ سەۋىيىسىدە، مۇتلەق كۆپ قىسمى ساۋاتسىز ھالەتتە قېپقالغان.

دەريا بويى كەنتىدىكى چارۋىچى ئاممىا مەدەنىيەتكە بەكمۇ ھېرىسمەن بولسىمۇ، بۇ خىل ھېرىسمەنلىكنى ئۇلار يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو، ئۇنئالغۇلارنى ياقتۇرۇپ ئاڭلاش، ئىپتىدائىي ئويۇن تۈرلىرىدىن «پوتا ئويۇنى»، «ئۆتكە مىتىكام غىتالڭ غوت» قاتارلىقلارنى ئويناش بىلەنلا ئىپادىلىگەن. باشقا ھېچقانداق مەدەنىي مەشغۇلات ئۇسكۈنە، ئەسلىھەلىرى يوق.

كەنت بويىچە پەقەت بىر سان «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلى ۋە بىر سان «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىدىن باشقا كىتاب، گېزىت - ژۇرناللار يوق. دېمەك، ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى بۇ جايغا يېتىپ كېلەلمىگەن.

چارۋىچى ئاممىا ئازادلىقتىن بۇيانقى 39 يىل ئىچىدە پەقەت ئۈچ

قىتىم (1966 -، 1984 -، 1985 - يىللىرى) كىنو كۆرەلىگەن. 1966 - يىلى تۇنجى قېتىم «يايلاقتىكى بۈركۈت» ناملىق فىلىم قويۇلۇپ، ئېكراندا ئارغىماق مىنگەن چەۋەنداز كۆرۈنگەندە، يەرلىك ئامما قورقۇپ، پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتكەن. ئۇلار ئېكراندا چېپىشىپ يۈرگەن بىر توپ ئاتنىڭ ئۆزلىرىنى دەسسىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقان. كېيىنكى ئىككى قېتىملىق كىنو قويۇشتا، كىنو قويغۇچىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن ناھايىتى تەسلىكتە تەرتىپ ساقلاپ كىنو كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، قايتا كىنو كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان.

سەنئەت نومۇرلىرى دەريا بويى مەھەللىسىدىكى كىشىلەرگە گوياكى شېرىن چۈشتەك تۇيۇلىدىكەن. مۇشۇ شېرىن چۈش تۇيغۇسىمۇ 1967 - يىلى 4 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ 12 نەپەر ئارتىسى ئېشەككە مىنىپ، توغراقلىق، قۇم بارخانلىرى، قۇمۇشلۇقلارنى ئارىلاپ 14 كۈن جاپالىق سەپەر قىلىپ، دەريا بويى ئاھالە كومىتېتى جايلاشقان ئورۇنغا كېلىپ ئويۇن قويغاندا ۋە يەنە شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ نەچچە ئون كۈن يول يۈرۈپ ئائىلىمۇئائىلە نومۇر كۆرسەتكەندە پەيدا بولغانچە، ھازىرغا قەدەر تەكرارلانمىغان. چۈنكى، شۇ يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان 21 يىل ئىچىدە سەنئەت خادىملىرى دەريا بويىغا ئاياغ باسمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كەنتتە ھازىرغا قەدەر پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى يولغا قويۇلمىغان ۋە ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىمۇ ئورنىتىلمىغان.

## ياقا يۇرتتا شەكىللەنگەن ئېسىل خىسلەت

ئادەم مۇھىتنى ئۆزگەرتىدۇ. مۇھىت ئادەمنى بېقىندۇرىدۇ. دەريا بويى كەنتىدىكى كىشىلەر گەرچە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا مۇھىتقا بېقىنىپ، ئاز ساندىكىلىرى يېقىنقى يىللاردا ئادەتلەنگەن لاي سۇۋاق ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، مورا ئوچاققا ئوت قالاپ، كۆپ ساندىكىلىرى ئاددىيغىنا قۇراشتۇرۇلغان ياغاچ، يۇلغۇن قۇرۇلمىلىق ساتما ئۆيلەردە ماكان تۇتۇپ، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوت قالاپ كۈن كەچۈرسىمۇ، ئۇيغۇرلارغا خاس ئېسىل مېھماندوستلۇق خىسلىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

بۇ كەنتتە ئەزەلدىن قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق،

ئوغرىلىق قاتارلىق جىنايەتلەر يۈز بەرمىگەن. ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي تەرتىپ شۇنداق ياخشى بولغاچقا، بۇ جايدا جىنايى جازاغا تارتىلغانلار يوقكەن. ئائىلىلەر ئۆز ئۆيلىرىنى قۇم بارخانلىرى باغرىغا قۇرسۇن، ياكى قويۇق توغراقلىق ئىچىگە قۇرسۇن، ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنمايدۇ. ئۆي بىساتلىرى مۇكەممەل، يېمەك - ئىچمەك زاپىسى تولۇق بولغان ئائىلىلەردىمۇ ھېچقانداق قوغدىنىش ۋاستىلىرى يوق. بۇ كەنتتە ئاشلىق، كۆكتات تېرىلمىغاچقا، ئۇن بىلەن كۆكتات ئەزىز نەرسىلەر قاتارىدا كۆرۈلىدۇ. لېكىن، ئۆيگە مېھمان كەلسە، ئۇلار قوي سويۇپ، چاي قاينىتىپ، كۆمەچ نان پىشۇرۇپ مېھماننى قىزغىن كۈتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆمەچ نانلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ دىئامېتىرى 80 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى يەتتە - سەككىز سانتىمېتىر بولۇپ، قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاشلىقنى كېرىيە ناھىيە بازىرىدىن ئېشەك - تۆگە بىلەن يۆتكەپ كىرىشكە 12 كۈندىن 15 كۈنگىچە ۋاقىت كېتىدۇ. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان شەخسىي تىجارەتچىلەرنىڭ قۇملۇقتا يۈرىدىغان ماشىنىسى قاتنىغان بولسىمۇ، ھەر كىلوگرام ئۇنغا ئىككى مو بەش فوڭ توشۇش كىراسى ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنا ئاھالە جايلاشقان ئورۇننىڭ كۆپىنچىسىگە بارالمايدۇ. لېكىن، بۇ جايدا بىرەر ئائىلىدە يېمەكلىك ئۆكسۈپ قالسا، باشقىلار دەرھال ياردەم قىلىشىدۇ. ھەر بىر ئائىلىدە بىر قانچە ئون دانە چىنە - قاچا، تاۋار تاشلىق يوتقان - كۆرپىلەر ئارتۇق ساقلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەت مېھماننى ئەزىز كۆرۈش قارىشىدىن شەكىللەنگەن. ئۇلار كەنتكە قەدەم باسقان كىشىنى مەيلى تونۇش، ناتونۇش بولسۇن، ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ قالسىلا، خۇشاللىق، ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئەزىز كۆرگەن نەرسىلىرى بىلەن مېھمان قىلماي قويۇۋەتمەيدۇ. ناۋادا يولۇچى بىر كېچە قونۇپ قالسا، ئۆي ئىگىسى زىيادە خۇشاللىنىدۇ.

دەريا بويى كەنتىنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى كېرىيە بوستانلىقىدىكى يېزىلارغا تامامەن ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغىنى ئائىلىلەرنىڭ تارقاقلىقى نەزەرگە ئېلىنىپ، توي مۇراسىمىغا ئادەتتە سەككىز - ئون كۈن بۇرۇن باغاق تارقىتىلىدۇ. مېھمانلار كۆمەچ نان، قوي گۆشى، ئايرىم ھاللاردا پولو بىلەن كۈتۈلىدۇ.

«تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» قايسى ئائىلە بىلەن سۆھبەتلىشەيلى، ئۇلارنىڭ ساپ تىل بىلەن جانلىق، ئوبرازلىق ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشكە ماھىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق، بىز قايسىبىر قۇم

دۆۋىسى ياكى توغراقلىقتىكى ئائىلىلەر ئالدىدا توختاپ قونالغۇ قىلايلى، گۈلخان ئەتراپىدا سۆھبەتكە داخىل بولۇپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئىللىق چىرايى بىزگە دائىم ھەمراھ بولۇپ تۇردى.

كەنت ئاھالىسىنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى خېلى كەڭتاشا بولىدىكەن. بىراق، تاملىرىنى سۇۋىماي، ئۆگزىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆممەي ياشاۋېرىدىكەن. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان بىر قىسىم ئائىلىلەردە تاملارنى سېغىز لاي بىلەن سۇۋاش، ئۆگزىنى كۆمۈش ۋە مورا ئوچاق سېلىش يولغا قويۇلۇپتۇ. ئۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىدىن يېڭىلىققا ئىنتىلىش، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتكە تەلپۈنۈش قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ ھاياجانلاندۇق. دېمىسىمۇ بۇ خىلۋەت ماكان كىشىلىرى ئۆز ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئىلىم - پەننىڭ يېتەكلىشىگە، پەن سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىپ ئۆگىتىشكە، ئەقىل كۆرسىتىشكە موھتاج بولۇۋېتىپتۇ.

## تەتقىقاتتىكى بىر يېڭى تېما

دەريا بويى مەھەللىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا يۇقىرىدا قىسقىچە توختالدۇق. ئەمدى كىتابخانلارغا مۇنداق بىر يېڭى تېما توغرىسىدا ئويلىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈشنى تەۋسىيە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

دەريا بويى مەھەللىسىگە قاراشلىق ھەر بىر توقاي، يايلاق مەركەزلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئىسمى بولۇپ، «كۆك جىگدە»، «قۇمبىرنۇات»، «قىغلىق دۆڭ»، «قوچقار ئېغىل» «مىسالەي»، «جەز قۇيغان»، «يانتاق سولاغ»، «توڭغۇز باستى»، «تولداما»، « شالدىرالڭ»، «تاللىق»، «يۇلغۇن ساتما» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدىكەن. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ناملارنى كىمنىڭ، قاچان قويغانلىقىنى بىلىدىغان پېشقەدەملەر ھازىر قالمىغان. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جايغا يۈز نەچچە يىل بۇرۇن كېرىيە ناھىيە بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسمى كۆچۈپ كىرىپ ئورۇنلاشقان دېگەن قاراشمۇ بار ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەزەلدىن تارتىپ بۇ جايدا چارۋىچىلار ياشىغان، ھازىرقى ئاھالىلەر ئاشۇ چارۋىچىلارنىڭ ئەۋلادلىرى دېگەن قاراشمۇ بار ئىكەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، دەريا بويى مەھەللىسىدە ئىككى

ئۇرۇق كىشىلىرى ياشىغان بولۇپ، بىرى «باراق»؛ يەنە بىرى «تەكە» دەپ ئاتىلىدىكەن. يەرلىك كىشىلەر «باراق تام»، «تەكە تام» دېيىشىدىكەن. ھازىرقى ئاھالىلەرنىڭ ئۇرۇق - نەسەبىمۇ «باراق»، «تەكە» دىن ئىبارەت ئىككى ئۇرۇققا چېتىلىدىكەن.

بۇلار، «تەكە» لەر ئەزەلدىن مۇشۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان، «باراق» لار بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل بۇرۇن كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جاي يېزىسىدىن كۆچۈپ كىرگەن دېيىشىدىكەن.

يېڭىدىن سىزىۋېلىنغان بۇ بىر يېڭىلىق بىزنى «تەكلىماكان» دېگەن ئاتالغۇ ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى.

بىز «تەكە»، «تەكە تام» دېگەن نەسەپ لەقەملىرىنى «تەكىلەر ماكانى»، «تەكلىماكان» دېگەن ناملار بىلەن باغلاپ كۆردۇق. «تەكلىماكان» دېگەن سۆزنىڭ «تەكىلەر ماكانى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشىنىمۇ مۇلاھىزە قىلىشتۇق. بىراق، يەكۈن چىقىرىشقا ئاجىزلىق قىلىپ، ئۈمىدىمىزنى تارىخشۇناس، ئارخېئولوگ ۋە پەن ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىغا ھاۋالە قىلدۇق.

## دەريا بويى كۆلكىسى

ھەممە قەلبتە ھاياجان، 800 جۈپ ئۇماق كۆزلەردە شادلىق جىلۋىسى چاقنايدۇ. ئەتىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى كۆڭلىنى يايراتقان دەريا بويى كىشىلىرى بەختلىك ھېسلارغا چۆمگەن. دېمىسىمۇ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان تۇرلۇك باھانە - سەۋەبلەر تۈپەيلى ھەل بولمىغان ئىشلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئەمەلىي تەكشۈرۈشنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولۇپ كېتىشى، يەنە كېلىپ، زامانىۋى ئىمارەتلەردىكى ياسىداق ئۈستەللەر ئالدىدا ھەل قىلىنىشى كۈتۈلمەي، نەق مەيداندا — گۈلخان يورۇقىدا ھەل بولۇشى چارۋىچىلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈردى ...

... ئۇچكە نەسلىنى ياخشىلاش، مەبلەغ سېلىپ بىر مال دوختۇرلۇق پونكىتى ۋە چارۋا نەسىللەندۈرۈش پونكىتى قۇرۇش، كەنت ئاھالە كومىتېتى تۇرۇشلۇق جايغا ھەقسىز قۇدۇق كولاپ دىزىل ماتورى، سۇ ناسوسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەر بىر ئائىلىگە بىردىن باسما قۇدۇق قېزىش، ئاشلىق پونكىتى قۇرۇپ، 1989 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ تەمىنلەش، بىر ياتاقلىق

مەكتەپ، بىر قىرائەتخانا، بىر مەدەنىيەت پونكىتى سېلىش، بىر تېببىي داۋالاش ئورنى قۇرۇش ... قاتارلىق دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولغان 30 تۈرلۈك مەسىلىنىڭ خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە دەريا بويى كەنتىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تارىدى. بۇ تۈنجى قېتىملىق غەمخورلۇقتىن شادلانغان دەريا بويى كەنتىنى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بايرام، ھېيت - ئايەم تەنتەنىسى قاپلىدى، ھەر بىر چارۋىچىنىڭ قەلب دەرياسىدا ئىسلاھاتقا بولغان ئىشەنچ، مىننەتدارلىق تۇيغۇسى ئۆركەشلىدى. ئۇلار ھاياجانلاندى، شادلاندى.

«بېشگى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى

---



*يازغۇچى مىجىت باقى 1950 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى ۋە مەدەنىيەت باشقارمىسىدا رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلىگەن. ھازىر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ۋە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە.*

*ئۇ 1981 - يىلى «ئېھتىياج ئۈچۈن» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى، 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرى ۋە ئىلمىي لېكسىيىلىرى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. بىر قىسىم ئەسەرلىرى توپلاملارغا ۋە ئۇنىۋېرسال ئوقۇشلۇقلارغا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.*

*يازغۇچى مىجىت باقى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ۋىلايەتلىك ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، «بېشگى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى.*

ئابدۇللا سۇلايمان

# تەكلىماكان ئوغلى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## مۇقەددىمە

1988 - يىل 3 - نويابىر.

يىگىرمە تۆگىلىك كارۋان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۈزلۈكسىز كۆچىيىۋاتقان شىۋىرغانلىق بوران 1901 - يىلى ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى، مەشھۇر ئارخېئولوگ ئاۋرېل. ستەين تەرىپىدىن سىزىلغان يۇزەكى خەرىتە ۋە كومپاسقىلا تايىنىپ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن سىلجىۋاتقان بۇ كارۋان توپىنى نىشاندىن ئوڭۇشلۇق ئاداشتۇرۇۋېتەتتى. ئۇلار خەۋەرلىشىش ئاپپاراتى ئارقىلىق پات - پاتلا: «ھازىرقى ئورنىمىز ئېنىق ئەمەس، بارلىق ئەزالار ئامان - ئېسەن» دەپ سىگنال بېرەتتى. 30 كىلومېتىرلىق كۆچمە قۇم يولىنى ئۈچ كۈندە تىركىشىپ بېسىپ تۈگەتكەن سەككىز نەپەر ئەزا ۋە ئالتە نەپەر ياردەمچى ئەزا ئىچىدە سىز تولىمۇ ئۈمىدۋار ۋە غەيرەتلىك ئىدىڭىز. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆتۈرۈلگەن «تەكلىماكان قىزغىنلىقى» داۋامىدا، 1901 - يىلى 20 - يانۋاردا ستەين 1500 يىلدىن ئارتۇق غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان نىيە قەدىمكى شەھىرىنى تۇنجى بولۇپ ئويقۇدىن ئويغاتقان بولسا، سىز ئۇزۇن يىللىق ئارزۇيىڭىز ۋە زور تىرىشچانلىقىڭىز ئارقىلىق، ئارىدىن 87 يىل ئۆتكەن ئاشۇ قەھرىتان نويابىر ئېيىدا بۇ خارابىلىكتە پەيدا بولدىڭىز.

سىز «جۇڭگو ياپونىيە نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش - قېزىش ئەترىتى» نىڭ ياپونىيە تەرەپ ئەترەت باشلىقى بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى

دوستلۇقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكمۋاتقان بۇ جەڭگىۋار كولىكتىپ بىلەن نىيە خارابىسى كونا ئىزىدا ئىككى كۈن توختاپ، ئومۇمىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ، كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈشكە پۇختا ئاساس سالدىڭىز. سىز توغرۇلۇق كېچىكىپ ئاڭلىغان كونا ـ يېڭى ئىشلارنى مانا مۇشۇ ئىزدىن باشلايمىز.

## رېئاللىققا ئايلانغان چاقچاق

سىزنىڭ ئىسمىڭىز شياۋداۋ كاڭيۇ (ياسۇتاكا كوجىما). سىز ياپونىيە ئۇنچە ـ مەرۋايىت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەرباب. سىز، جۇڭگو ـ ياپونىيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا ناھايىتى قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدىڭىز. سىزنىڭ 1972 ـ يىلى جۇڭگوغا تۇنجى قېتىم كەلگىنىڭىزدىن تارتىپ ھېسابلىساق، سىز دۆلىتىمىزدە 40 قېتىمدىن كۆپرەك زىيارەتتە بولدىڭىز. شىنجاڭدىكى تۇنجى زىيارىتىڭىزمۇ چەت ئەللىكلەر شىنجاڭغا ئانچە كەلمەيدىغان چاغلار يەنى 1982 ـ يىلى مايدا باشلانغانىدى.

سىز قانداقلارچە شىنجاڭغا، جۈملىدىن نىيە قەدىمكى خارابىسىگە قىزىقىپ قالدىڭىز؟ بۇنى بىر قېتىملىق تاسادىپىي ئىش، بىر قېتىملىق تاسادىپىي ئۇچرىتىش دېيىشكە بولىدۇ. 1982 ـ يىلىدىكى شىنجاڭ زىيارىتىڭىز سىزنىڭ بىر قېتىملىق ئۇنچە ـ مەرۋايىت سودا ئىشىڭىز بولۇپ، سىزنى شىنجاڭ ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى شىركىتى تەكلىپ قىلغانىدى. يۇقىرى سۈپەتلىك ياقۇت ئىزدەش ئىستىكىدىكى بۇ زىيارىتىڭىز كۆڭۈلىڭىزدىكىدەك بولمىدى. بۇنىڭدىن تەڭلىكتە قالغان ساھىبخان سىزنى قىزىل مىڭئۆيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باشلاپ باردى.

ـ ئەسىردىن XⅢ ئەسىرگىچە بىنا قىلىنغان، مەملىكەت Ⅱ دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقى رايونىدا سىز كۆپلىگەن تام رەسىملىرىنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدىڭىز. تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا خارابىلىككە ئايلانغان تاشكېمىرلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، چەت ئەللىكلەر قومۇرۇپ ئەپكەتكەن تام سۈرەتلىرى ئورنىنى ۋە بۇ مىڭئۆيلەرنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان خىزمەتچىلەرنىڭ

جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خورسەندىمىز. سىزنى باشلاپ بارغان ھۇنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى شىركىتىدىكى ۋاڭ شىتيەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ماشىنىدا كېلىۋېتىپ سىزگە: «ئەگەر شىياۋداۋ ئەپەندى 100 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىشنى خالىسا، مۇشۇ تاشكېمىرلەرگە سىزنىڭ نامىڭىزنى قويالايتتۇق» دەپ چاقچاق قىلدى. سىز ئويلىمىغان يەردىن: «بولىدۇ، چۈشەندىم، تاشكېمىرلەرگە يەتكەن زىيان بەك ئېغىر ئىكەن. بولىدۇ، 100 مىڭ يۈەن چىقىراي، رېمونت ۋە ئاسراشقا ئىشلەتسۇن» دېدىڭىز. ۋاڭ شىتيەن ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك: «راستمۇ؟» دەپ سورىغاندا، سىز: «مەن ئەزەلدىن يالغان گەپ قىلىپ باقمىغان» دېدىڭىز تولىمۇ سەممىيلىك بىلەن.

ساھىبخان سىزنى بۇ ئىش خۇسۇسىدا ئۇرۇمچى چەت ئەل مېھمانخانىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرىغا تونۇشتۇرغاندا، سىز تاماق ئارىلىقىدا ئۇلار بىلەن ئاددىيلا ھۆججەتلەشتىڭىز. راستتىنى ئېيتقاندا مەدەنىيەت نازارىتىدىكىلەر سىزنىڭ مۇشۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى بېرىشىڭىزگە تازا ئىشەنچ قىلالمىغانتى. ئۇلار، ئۆزلىرى بىلەن تونۇجى قېتىم ئۇچراشقان بىر ياپونىيىلىكنىڭ ھېچ قانداق شەرت قويماي پۇل بېرىشىنى ئاز ئۇچرايدىغان تەسادىپىي ئىش دەپ قارىغانتى. سىز ۋەتىنىڭىزگە قايتقاندىن كېيىن دەرھال 100 مىڭ يۈەن (ئەينى ۋاقىتتىكى پۇل قىممىتى بويىچە بۇ پۇل 4 مىليون 800 مىڭ ياپونىيە يېنىغا توغرا كېلىدۇ) پۇلنى پېرېۋوت قىلىپ ئەۋەتتىڭىز. بۇ خەۋەر بىزنى ھەيران قالدۇردى.

سىز يەنە دۆلىتىمىزنىڭ قىزىل مىڭئۆيىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن 20 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، رېمونت قىلىش - ئاسراش خىزمىتىنى باشلىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ياپونىيىدە 100 مىليون ياپونىيە يېنى ئىئانە توپلاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، قىزىل مىڭئۆيى رېمونتىغا ياردەم بېرىش بويىچە پائالىيەت ئېلىپ باردىڭىز. بۇ خەۋەر بىزنى يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇردى.

سىز 1987 - يىلى نويابىردا ياپونىيىدە «جۇڭگو - ياپونىيە قىزىل مىڭئۆيىنى رېمونت قىلىش - ئاسراش جەمئىيىتى» نى قۇرۇپ، تاشقى ئىشلار ۋەزىرى جۇڭشەن تەيلاڭنى پەخرىي مەسلىھەتچىلىككە، شائىسۇن

گۇاڭشى ئەپەندىنى خۇيجاڭلىققا، كۆپلىگەن ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنى تاياانچ مەسئۇللۇققا تەكلىپ قىلدىڭىز. سىز تونۇشلىرىڭىزدىن ئىئانە توپلىغاندا ئۇلار سىزدىن: «قىزىل دېگىنىڭىز نېمە؟ ئۇ قانداق نەرسە؟» دەپ سوراشتى. نۇرغۇنلىغان ياپونىيىلىكلەرنىڭ دۇنخۇاڭنىلا بىلىدىغانلىقى، ئەمما قىزىل مىڭئۆيى توغرىسىدا چۈشەنچىسى يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، سىز قىزىل مىڭئۆيىنى چۈشەندۈرىدىغان قوللانما تۈزدىڭىز، خۇەندىڭ فىلىمى ئىشلىدىڭىز. جەمئىيەت تاياانچلىرىنىڭ قوللىشى، 3000 كىشىنىڭ ئىككى يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئاخىرى 105 مىليون 440 مىڭ ياپونىيە يېنى ئىئانە توپلاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە تاپشۇرۇپ بەردىڭىز.

شياۋداۋ ئەپەندى، مۇشۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خەن شياڭ سىزگە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قەدىمكى تارىخىي ئىزلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي قىممىتى، كۆلىمىنىڭ زورلۇقى، ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە نىيە قەدىمكى ئىزلىرىنىڭ ھەممىسىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. خەن شياڭ سىزنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىڭىز ۋە تەسىراتىڭىز توغرىسىدا: «مەن نىيە قەدىمكى خارابىسىنىڭ ئۈنچە - مەرۋايىت سودىگىرى شياۋداۋنى بۇنچىۋالا قىزىقتۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئېچىش ئۈچۈن غايەت زور مەبلەغ سالىدىغانلىقىنى، جاپا چېكىشنى خالايدىغانلىقىنى، بىر قانچە قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئويلىماپتىكەنمەن» دېدى. شۇنداق، سىز ئاخىرى ئەڭ ئېسىل مەرۋايىتنى تاپتىڭىز.

سىز: «بىر جۈملە چاقچاق مېنى شىنجاڭ بىلەن ھەمكارلاشتۇردى» دېگەنتىڭىز. سىزنىڭ ئىشنى ئۈنچە - مەرۋايىت سودىسىدىن باشلاپ، قۇملۇق يۇتۇپ كەتكەن بىر قانچە ئون قەدىمىي شەھەرلەر ئىچىدىن نىيە خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىپ تاللاپ بېكىتىشىڭىز ھەرگىزمۇ سودىنى، نام - شۆھرەت قازىنىشنى مەقسەت قىلمىغاندى. سىز، دۆلىتىمىز

جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتىنى، ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيۈپ كەلدىڭىز. قەدىمكى يىپەك يولىدىكى رومانتىك تۈيغۇلارغا باي مەنزىرىلەرنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىڭىز. بولۇپمۇ نىيىدىن ئىبارەت يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي تارمىقى سىزگە چوڭقۇر ئويلىنىش ئاتا قىلدى. سىز نىيە، كىرورەن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ قۇم تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغان ئازابلىق ساۋىقى ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا سەل قارىماسلىقىنى، قەدىمىي پارلاق مەدەنىيەتنىڭ يەنە يوقاپ كەتمەسلىكىنى دۇنياغا بىلدۈرمەكچى بولدىڭىز.

سىزنىڭ قانداقلارچە شىنجاڭغا، جۇملىدىن نىيە قەدىمكى خارابىسىگە نېمە مەقسەتتە قىزىقىپ قالغانلىقىڭىزنى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن تېخىمۇ روشەنلەشتۇردۇق:

1993 - يىلى كۈزدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇھىت - بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش كومىتېتى «جۇڭخۇا مۇھىت ئاسراش زىيارەت گۇرۇپپىسى» تەشكىللەپ، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى لى شىنگۇاڭ، جاۋ پېيرۇڭ، «جۇڭگو نېفت گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى لىڭ يۇڭجەن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى يې خۇيمىنلارنى نىيە قۇملۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تەكشۈرۈپ - زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار بۇ «ھالاكەت دېڭىزى» دا سىز بىلەن ئۇچراشتى. ئاپتور مۇخبىرلارنىڭ ئەينى چاغدىكى زىيارەت خاتىرىسىنىڭ سىزگە مۇناسىۋەتلىك دىئالوگلىرىدىن بۇ ئۆزۈندىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشنى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك دەپ قارايدۇ:

ۋاقتى — 1993 - يىل 30 - ئۆكتەبر. ئورنى — نىيە قەدىمكى خارابىسى رايونى 8 - خارابە قۇملۇقى ۋە بۇددا مۇنارى يېنىدىكى لاگېر.

مۇخبىرنىڭ سوئالى: «نېمە ئۈچۈن سىز شۇنچە يىراق يەردىن كېلىپ، ھەم ناھايىتى كۆپ خىراجەت چىقىرىپ بۇ قۇملۇقتا جاپا چېكىسىز؟»

سىزنىڭ جاۋابىڭىز: «تارىخىي كىتابلاردا نىيە قەدىمكى ئىزلىرى ناھايىتى كەم خاتىرىلەنگەن. غەربىي يۇرت ھەققىدىكى خاتىرىلەرمۇ ناھايىتى يۇزە. مۇشۇ باسقۇچتىكى تارىخنى بىلىش، بۇ دىياردىكى قەدىمكى دۆلەت - خانلىقلارنىڭ جارابلىنىش سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاش،

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم.»

سوئال: «سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي تەكشۈرۈش - قېزىش پىلانىڭىز قانداق؟»

جاۋاب: «نىيە مەدەنىيىتى ئۇلۇغ جۇڭگوغا تەۋە، شۇنداقلا دۇنياغا تەۋە. بۇ ئىلمىي خىزمەتتە مەن دۆلىتىڭىزلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت ھەمكارلىششقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن.»

## تەكلىماكاننىڭ دوكلاتى

مىلادىيە 79 - يىلى 24 - ئاۋغۇستتا رىمنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى پومپېي شەھىرى ۋېزوۋىي يانار تېغىنىڭ تۇيۇقسىز پارتلىشى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا 20 نەچچە مىڭ ئادەمنى يۇتۇپ، ئۇن - تىنسىز غايىب بولدى. «پومپېي شەھىرى پاجىئەسى» يەنە تارىم ئويمانلىقىدا تەكرارلىنىپ، مىلادىيە II ئەسىردىن IV ئەسىرگىچە مىرەن قەلئەسىنى مەركەز قىلغان، كىرورەن پادىشاھلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بۇ شەھەرمۇ بىر كېچىدىلا قۇم ئاستىدا قالدى. باج، قانۇن، پوچتا بېكەتتى تۈزۈمى قاتارلىقلار مۇكەممەللەشكەن، ھوقۇق مەركەزلەشكەن «خىيالىي چۆشتىكى شەھەر» قۇم ئاستىغا غايىب بولدى. سىز، شەرقتىن غەربكە 10 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن 100 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ شەھەرنىڭ بىر كېچىدىلا قۇم ئاستىدا قالغانلىقىنى، بۇ نىيە قەدىمكى خارابىسىگە قىزىققاندىن كېيىن بىلگەنتىڭىز.

ئاشۇ 1901 - يىلىدىكى ستەيىننىڭ قېزىپ تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە بىرىنچى كۈنىلا 100 پارچىغا يېقىن قارۇشتى يېزىقىدىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈشى، 1906 - ۋە 1913 - يىلىدىكى ئىككى قېتىملىق قېزىپ تەكشۈرۈشتىمۇ 700 پارچىدىن ئارتۇق قارۇشتى يېزىقى ئويۇلغان تارشا پۈتۈكلەرنىڭ تېپىلىشى ستەيىن ئۈچۈن دۇنياۋى كاتتا شۆھرەت ئېلىپ كەلگەنلىكى سىزگە ئايان ئىدى.

شياۋداۋ ئەپەندى، سىز ياپونىيە داگو ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئەترىتىنىڭ ئەينى يىللاردىكى نىيە ئىزلىرىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى

ئوقۇغان ۋە 1959 - يىلى لى يوچۈن باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش - تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ نىيە قەدىمكى خارابىسىدىن قازغان «نەچچە ئەسىر ئۆز پېتىچە تۇرغان» ئەر- ئايالنىڭ جەسىتى ۋە جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن كىيىم - كېچەكلەر توغرىسىدىكى تەپسىلىي خەۋەردىن، نەق مەيدان سۈرەتلىرىدىن نىيە قەدىمكى خارابىسى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇپ، قىزىقىشىمىز يەنىمۇ ئاشقانىدى.

1980 - يىلى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ياپونىيە NHK مۇئەسسەسى بىرلىكتە نىيە قەدىمكى خارابىسىنى تەكشۈرۈشتىن ئالغان ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسىتىلگەندە، شۇنداقلا ياپونىيە شەرقىي دېڭىز تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1991-، 1992-، 1993- يىللىرى ئارقىمۇئارقا قىلغان قوملۇق زىيارىتى ۋە تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى خەۋەرلىرى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەندە سىز ھاياجاندىن قەلبىمىزگە يېڭى ئارمانلارنى يۈكلىمىز.

1988 - يىلىدىكى تۇنجى قېتىملىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن 1990 -، 1991 - يىللىرى تەييارلىق تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ خىزمىتىنى قىزغىن قوللاپ، يېقىندىن ياردەمدە بولدى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ پەخرىي باشلىقلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىمۇ «جۇڭگو - ياپونىيە نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش - قېزىش ئەترىتى» نىڭ كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللاپ، 1994 - يىلى يانۋاردا ئېلىمىز چېگرىسى ئىچىدە چەت ئەل ئارخىئولوگىيە ئەترەتلىرىنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈشكە ئىجازەت بەرگەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتىنى تارقاتتى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇھىت - بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇڭگېفىگنىڭ رىياسەتچىلىكىدە شۇ يىلى مايدا بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا «نىيە — قۇملۇق يوتۇپ كەتكەن قەدىمكى دۆلەت» رەسىملەر كۆرگەزمىسى ئويۇشتۇرۇلدى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى جوگۇاڭجاۋ، نوبېل مۇكاپاتىنىڭ لائۇرىياتى لى جىڭداۋ دوكتور،

دۇنيادىكى داڭلىق ئالىملار، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن - مائارىپ كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى ھەممە مىڭلىغان تاماشىبىنلار بۇ كۆرگەزمىنى كۆردى. شۇ يىلى ئۆكتەبىردە نىيە قەدىمكى خارابىلىكىدە قېزىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي تەكشۈرۈش رەسمىي باشلاندى. ئەترەت ئەزالىرى تۇنجى قېتىمقى 14 كىشىدىن تەرەققىي قىلىپ 50 كىشىگە، تۇنجى قېتىملىق تەكشۈرۈشتىكى ئىككى كۈن دالىدا قونۇشتىن ئۈچ ھەپتە قۇملۇقتا تۇنەپ، ئىلمىي تەكشۈرۈشكە تەرەققىي قىلدى.

1988 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئۈدا سەككىز قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش - قېزىشقا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي مەركەز قىلىنىپ، دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار؛ ياپونىيە تەرەپتىن ياپونىيە بۇددا دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتى مەركەز قىلىنىپ لۇڭگۇ ئۇنىۋېرسىتېتى، جىڭدۇ گۈزەل سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتى، پەن - تېخنىكا ۋازارىتى، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى مىللىي ئۆرپ - ئادەت مۇزېي، گۇەنشى ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە قاتنىشىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ نەتىجىلەردە ئەڭ يېڭى تېخنىكا بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە، سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىز، ئىزدىنىشلىرىڭىز ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى 40℃ قا يېتىدىغان، سۇ ئىنتايىن كەمچىل — قۇم بىلەن قاچا يۇيىدىغان، شارائىتى ئىنتايىن ناچار، يېپەك يولىدىكى بۇ «پومپېي شەھىرى» سىزنىڭ ئىرادىڭىزنى تاۋلىدى. سىز ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان سەككىز قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈشنىڭ بارلىق خىراجەتلىرىنى ئۆز ئۇستىڭىزگە ئېلىپ ئۆز يېنىڭىزدىن 100 مىليون ياپونىيە يېنى چىقاردىڭىز.

شياۋداۋ ئەپەندى، سىزنىڭ تەشەببۇسىڭىز بىلەن 1994 - يىلى ياپونىيە بۇددا دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا «جۇڭگو شىنجاڭ نىيە قەدىمكى ئىزلىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇلۇپ، نىيە قەدىمكى،

خارابىسىنى مۇنتىزىم، ئۇزاق مۇددەت تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا ياپونىيە تەرەپتىنمۇ ئاساس سېلىندى. ياپونىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى خەيبۇجۇنشۇ بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى جاڭ دېچىن پەخرىي باشلىقلىقنى، ياپونىيىنىڭ سابىق مەدەنىيەت ۋەزىرى يەنچۇەنجىڭشىلاڭ مەسلىھەتچىلىكىنى، ياپونىيە بۇددا دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بىلەن سىز ھەيئەتلىكىنى ئۈستىڭىزگە ئالغان بۇ ئىلمىي جەمئىيەت، قەدىمكى نىيە خارابىسى (شەھىرى) توغرىسىدا دەسلەپكى ئومۇمىي مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇڭلار. بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى سۇن ياۋشىن دوكتور: «نىيە خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. يىپەك يولىدىكى قەدىمكى ئىزلار ئىچىدە نىيە ئارىلىقىنىڭ يىراق، كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئاز بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئىلمىي جەھەتتىكى قىممىتى باشقا جايلارغا قارىغاندا ناھايىتى يۇقىرى. نىيە قەدىمكى ئىزىنى پۈتۈن دۇنيا ئارخېئولوگلىرى بىرلىشىپ قازسا، 50 يىلدىمۇ قېزىپ تۈگىتەلمەيدىكەن» دېدى.

شىياۋداۋ ئەپەندى، سىز بىۋاسىتە قاتناشقان ئاشۇ سەككىز قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە قېزىش داۋامىدا بۇ قەدىمكى نىران دۆلىتىدە مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سودا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى؛ قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ نەپىس ۋە ئاددىيلىقىنى؛ شەھەر قۇرۇلۇشىدا، رەت - رەت يوللار، ئېرىق - ئۆستەڭلەر، سۇۋادان تېرەكلىك مەھەللە - ئۆيلەرنىڭ تەرتىپلىك گىرەلەشتۈرۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى؛ ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ھويلىلىرى ئۈزۈمزارلىق، كەينىنىڭ مېۋىزارلىق باغلار ئىكەنلىكىنى، ئولتۇراق ئۆيلەر بىلەن ئېغىل - قوتانلارنىڭ ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ سېلىنغانلىقىنى، ئۆيلەرنىڭ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ھالدا سامانلىق لايدا سۇۋۇلۇپ، ھاك بىلەن ئاقارتىلغانلىقىنى، تىكىپ ئۆستۈرۈلگەن دەل-دەرەخلەر بىلەن تەبىئىي ئورمانلارنىڭ ئۆز ئارا كىرىشتۈرۈلۈپ بوستانلىق ھاسىل قىلىنغانلىقىنى جەزم قىلدىڭىز. سىز ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر يەنە بۇ خارابىدىن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرنى، ئاددىي پۈتۈك ۋە تېرىگە يېزىلغان پۈتۈكلەرنى، يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھلار ئوبرازى سىزىلغان سۈرەتلەرنى، يۇڭ، يىپەك، پاختا توقۇلمىلارنى، توقۇمىچىلىق سايمانلىرىنى،

ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرىنى، زىرائەت ئۇرۇقلىرى ۋە پىلە غوزىسىنى، مىس، ئەينەك بۇيۇم پارچىلىرىنى تاپقىنىمىزلاردا، بۇ تېپىلمىلاردىن سۆيۈنۈپ هاردۇقىمىزلار چىققاندەك بولدى. بولۇپمۇ 1995 - يىلى ئۆكتەبىردىكى بىر قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە قېزىش داۋامىدا ئۇچراتقان قەدىمكى جەسەتلەر ۋە جەسەت بىللە دەپنە قىلىنغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ھەمدە بۇتخانا خارابىسى قاتارلىقلار سىزنى بۇ يەردىن مېھرىڭىزنى ئۈزەلمەس قىلىپ قويدى.

# كۆمۈلمەس ئىزلار

1995 - يىلى سىنتەبىردە ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي كۆزنىكى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ قوماندانى جىن يۈنخۇي، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن غوپۇر ئابدۇللا، لى دېڭخۇي قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە بىڭتۈەن رەھبەرلىرى «يېڭى تېڭجۈڭ ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنى» نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ لېنتا كەستى. بۇ ياپونىيە يېڭى تېڭجۈڭ سودا جەمئىيىتىنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى 18 - ئىش بېجىرىش ئورنى ئىدى. سىزنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىلا شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشىنىڭ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىنكى تىرىشچانلىقىڭىزنىڭ بېرى بولغان بۇ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغانلىقى، چەت ئەل كارخانىچىلىرىنى شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىشتا زور ئىجابىي رول ئوينىدى. شياۋداۋ ئەپەندى، سىز يېڭى تېڭجۈڭ سودا جەمئىيىتىنى شىنجاڭغا باشلاپ كىرىشنى خېلى بۇرۇنلا كۆڭلىڭىزگە پۈككەنىدىڭىز. 1992 - يىلى 2 - ئايدا ياپونىيە بويىچە تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان بۇ شىركەتنىڭ سىز بىلەن قويۇق باردى - كەلدىسى بار نائىب ئاقساقىلى جوڭخزى (ياپونىيە ھۆكۈمىتى ھەممىباب مەھسۇلاتلار ۋازارىتى ئوتتۇرا - كىچىك

كارخانىلار نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى) ئەپەندى بىلەن لىبىدىر سۇڭبىنگە شىنجاڭنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغانىتىمىز. شۇنىڭدىن بۇيان چەت ئەللىكلەر ۋە شياڭگاڭلىقلارنىڭ شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىي تورىدا شىنجاڭنىڭ تۇتقان ئورنى قاتارلىق تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئۇچۇرلار بىلەن ئۇلارنى پائال تەمىنلەپ، يې تىجۇڭ سودا جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭنى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئىزچىل خىزمەت قىلدىڭىز. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن يې تىجۇڭ سودا جەمئىيىتىنىڭ ھەر خىل توختاملارنى تۈزۈشىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدىڭىز. شۇ قېتىمقى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا رەھبەرلەر سىزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان غايەت زور تۆھپىڭىزگە يۇكسەك باھا بەرگىنىدە، سىز قەدەھ سۆزى قىلىپ پەقەت: «مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم شىنجاڭنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى» دېدىڭىز.

شۇنداق، خۇددى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى باھا بەرگىنىدەك، سىزنىڭ قىزىل مىڭئۆيىنىڭ رېمونت - ئاسراش ئىشلىرى، نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش خىزمەتلىرىدىلا ئەمەس، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشى، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى، ئوقۇشسىز قالغان باللار ۋە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش جەھەتلەردىمۇ ئالاھىدە خالىس تۆھپىڭىز بار:

1994 - يىلى تەسىس قىلىنغان «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش فوندى جەمئىيىتى شياۋداۋكاڭيۇ ئوقۇتۇش مۇكاپاتى» بويىچە دۆلىتىمىزدىن ھەر يىلى ئىككى نەپەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش مەخسۇس خادىمىنىڭ ياپونىيىدە بىلىم تەھسىل قىلىشى، ئۇلارنىڭ پۇتكۇل خىراجىتىنىڭ سىز تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلىقى ھەمدە ھەر يىلى ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىن 25 نەپىرىنى ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقانلىقىڭىز بۇ تۆھپىڭىز ئىسپاتى.

سىزنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى بولۇپ، 1986 - يىلدىن بۇيان بۇ مەكتەپتىكى 250 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ھەر يىلى ئىككى مىليون ياپونىيە يېنى ئوقۇش مۇكاپاتى

بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقانلىقىمىزمۇ بۇ تۆھپىنىڭ ئىسپاتى، ئەلۋەتتە.

1995 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى ۋە نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن قىلغان بىر مىليون يۈەن ئىئانىمىز ھەمدە خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزىيې قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان بىر مىليون يۈەن ئىئانىمىزمۇ ئوخشاشلا بۇ تۆھپىمىزنىڭ ئىسپاتى.

سىزنىڭ 1989 - يىلى، ھازىر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىۈەنجاڭى، شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئىككى پارچە شېئىرلار توپلىمىنى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ياپونىيىدە نەشر قىلدۇرغانلىقىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە ئالاھىدە كاتتا ئىش بولۇپلا قالماي، دۆلىتىمىز بويىچە زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى.

يېقىندا، مەلۇم بىر جەمئىيەتشۇناسنىڭ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىز ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ ئېيتقان «ئۈچ ئېتىش» ى — يەنى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ياشانغان - مويسىپىتلىرى تاپقان مال - دۇنياسى بىلەن ھەج تاۋاپ قىلىپ شەيتانغا تاش ئېتىۋاتىدۇ؛ ئوتتۇرا ياشلىقلىرى رومكا ئەتراپىدا ھەسەت، پىتنە - پاسات تېرىشىپ، ھە دەپ پو ئېتىشىۋاتىدۇ؛ ياشلىرى خىروئىن چېكىپ جان تالىشىپ پۇت ئېتىۋاتىدۇ» دېگەن مەسخىرىلىك سۆزى ئارىمىزدا ئېقىپ يۈرمەكتە. بىز ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك بۇ مەسخىرىدە دېيىلگەن ئىللەتلەرگە چىرمالغان روھىيىتىمىز ۋە مەشغۇلىمىز ئالدىدا بۇ ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىڭىز تولىمۇ روشەن سېلىشتۇرما ئەمەسمۇ؟

## ئاددىي ۋە ئۇلۇغ تەرجىمىھال

ياپونىيىدىكى راھىبلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «ئاتىسى راھىب بولۇپ، بۇتخانىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىنلا راھىب بولغان» لار. شۇڭا، ئۇلار كەسپىي راھىبلار ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، سىزنىڭ ئاتىڭىز راھىب بولمىغان. ئۇ نەچچە يىل ئىلگىرى سىز ھىندىستانغا بېرىپ تاۋاپ قىلىپ، بۇددا دىنىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىن كېيىن دۆلىتىڭىزدىكى چېڭدۇ بۇددا دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، 1988

- يىلى 45 يېشىڭىزدا ئوقۇش پۈتتۈردىڭىز. سىز ئارىلىقتا ئىككى يىلچە مەخسۇس دۇئا - تىلاۋەت بىلەن مەشغۇل بولدىڭىز. سىز ئۇلۇغ بۇددا دىنىي ئالىمى كومراجىۋانىڭ 109 - ئەۋلاد شاگىرتى بولغاچقا، ياپونىيىدىكى كۆپلىگەن بۇتخانىلار سىزنى باش راھىبلىققا تەكلىپ قىلدى. گەرچە سىز ئىخلاسمەن بۇددا مۇخلىسى بولسىڭىزمۇ، ئۆمۈر بويى دۇئا - تىلاۋەت قىلىش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ، بۇ تەكلىپلەرنى چىرايلىقچە رەت قىلدىڭىز.

شياۋداۋ ئەپەندى، سىز مەخسۇس دۇئا تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان ئاشۇ ئىككى يىلدا يۈز كۈن پەرھىز تۇتۇپ، ئۇزۇقلۇقنىڭ قىممىتىنى، مېھنەتكەشلەرنىڭ يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئېغىر جىسمانىي ئەمگىكى ۋە ئەجرىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپلا قالماي، بىر ئاي ئىچىدە ئىككى قېتىم توكيو بىلەن چېڭدۇ ئارىلىقىدا مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق پىيادە يول يۈرۈپ، ئىرادىڭىزنى تاۋلاپ، ئۆزىڭىزنى چېنىقتۇردىڭىز.

سىز تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ئانىڭىز ۋە ئۆگەي ئانىڭىز ئارقا- ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق چاغلىرىڭىزدا يېتىملىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانتىڭىز. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، سىز يېتىم بالىلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئۇلارغا شاپائەت قىلىشنى ۋىجدانىي بۇرچىڭىز قىلىپ كەلدىڭىز. ئۈرۈمچى، خوتەن، نىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېتىم بالىلار پاراۋانلىق ئورۇنلىرىغا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن ماددىي بۇيۇملارنى تەقدىم قىلغانلىقىڭىز بۇ خىل ئالىيجاناب ھېسسىياتىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

سىزنىڭ ياپونىيىدە ھازىرغىچە خۇسۇسىي ھويلا ۋە پىكاپىڭىز يوق. ھەر كۈنى يەر ئاستى پويىزىغا چۈشۈپ ئىشقا بارىسىز. ئەتىگەندە بولكا بىلەن ناشتا قىلىپ، چۈشلۈكى باغچىلاردىكى سەرگەردانلار بىلەن مۇڭدىشىسىز. غورىگىل تاماق يەپ، تۇرمۇشىڭىزنى تولىمۇ ئاددىي - ئىقتىسادچىل ئۆتكۈزىسىز. سىز پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەچكە، سان - ساناقسىز سەبىيلەرنى ئۆز بالىلىرىڭىز ھېسابلاپ، ئۇلارغا ئاتىلىق مېھرىڭىزنى بەردىڭىز.

سىز كاتتا بايلاردىنمۇ ئەمەس. شۇنداقتىمۇ نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش - قېزىش خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ھەتتا بانكىدىن قەرز ئالدىڭىز. ئۆي ئىجارىسى، تاماق راسخوتى

ئۇچۇن ئايالىڭىزغا بىر تىيىنمۇ ئاجراتماي، ئائىلىنىڭ كۈندىلىك خەج- خىراجىتىدە سىزنى قىزغىن قوللىغان، سىزگە ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەن ئايالىڭىزنىڭ ماڭاشىغىلا تاياندىڭىز.

سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز ۋە پەزىلىتىڭىزنى بىلدۈرىدىغان بىر قانچە «لەقىمىڭىز» بار. بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە «ئەخلەت تېرىيدىغان ئەترەت باشلىقى» ۋە «كىچىك تۆمۈر» دېگەن ئىككى لەقىمىڭىزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سۆزلەپ بېرەيلى:

1993 - يىلى جۇڭگو - ياپونىيە نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش ئەترىتى ئالدىنقى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئاساسىدا يەنە بىر نۆۋەتلىك تەكشۈرۈش - قېزىش تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ يولغا چىققاندى. ياپونىيە تەرەپ ئەترەت باشلىقىنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئالغان سىز كىبىر - تەمەنناداا بولۇش تۈگۈل ئەخلەت تېرىيدىغان سايمان، ئەخلەت خالتىلىرى ۋە بىر قىسىم بۇيۇملارنى ياپونىيىدىن ئۆزىڭىز ئالغاچ كېلىپ، بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى بەزى ئەزالار قوملۇقتا تاشلاپ ماڭغان تۈرلۈك يېمەك - ئىچمەك كۆرۈپكىلىرى، ئىچىملىك بوتۇلكىلىرى ۋە كەمپۈت قەغەزلىرىگىچە تېرىپ ماڭدىڭىز. دەرەخلەرنى كېسىپ ئوت قالىماسلىقنى، ئەخلەتلەرنى قالايمىقان تاشلىماسلىقنى داۋاملىق جېكىلىدىڭىز. سىز ئەترەت ئەزالىرىغا: «بۇ ئۇلۇغ جۇڭگونىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئۇنى چوقۇم ياخشى ئاسرىشىمىز كېرەك» دېدىڭىز. سىزنىڭ بۇ ئالىيجاناب كەسپىي ئەخلاقىڭىزدىن تەسىرلەنگەن، شۇنداقلا ياپونىيىدە ھەر ئايدا يېقىن ئەتراپتىكى باغچىلارغا بېرىپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم مەخسۇس ئەخلەت تېرىپ خالىس تازىلىق قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغان جۇڭگو تەرەپ ئەترەت ئەزالىرى يېقىنچىلىق بىلەن سىزنى: «ئەخلەت تېرىيدىغان ئەترەت باشلىقى» دەپ چاقچاق قىلغاندا، سىز كۈلۈپ كەتتىڭىز.

سىزنىڭ ئىسىم كارتوچكىڭىزغا «كىچىك تۆمۈر» دېگەن ئۇيغۇرچە ئىسمىڭىز بېسىلغان. بىر قېتىملىق زىياپەتتە مەملىكەتلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەييۈەنجاڭى، چاغدىكى رەئىسى تۆمۈر داۋامەت: «شياۋداۋ ئەپەندى ئىبسىل ئادەم، ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ئاسان ئەمەس، يەنە كېلىپ شىنجاڭ ئۈچۈن

ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ناھايىتى توغرا ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىدۇ. ئۇ گويا مېنىڭ ئىنىمغا ئوخشايدۇ» دېگەندە، سىز ئۇنىڭغا جاۋابەن: «تۆمۈر داۋامەت ئەپەندى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يىلانلىق يېزىسىدا كەمبەغەل ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ناھايىتى كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتقان. ئۇ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ ئىنتايىن ئاددىي - ساددا، كەمتەر رەھبەر، خۇددى ئۆزىنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش تۆمۈردەك ئىرادىلىك ئادەم، ئۇ مېنىڭ شىنجاڭلىق ئاكام» دېدىڭىز تولىمۇ تۇز كۆڭۈللۈك ۋە سەمىمىلىك بىلەن.

شياۋداۋ ئەپەندى، سىز ئۆزىڭىزنى زىيارەت قىلغان مۇخبىرلار ۋە ھەر ساھە ئەربابلىرىغا: «مەن قانداقتۇر بىر ئۇلۇغ ئەربابمۇ ئەمەس، ئۆزۈمگە چۈشلۇق يېتەرسىزلىكىم كۆپ. مېنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ياردىمىم جۇڭگو ۋە ياپونىيىدىكى نۇرغۇن دوستلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن ئورۇنلانغان» دېگەن ئاددىي، ئەمما چىن سۆزىڭىز ساپ ۋە سەمىمىي قەلبىڭىزنىڭ، پايدا - مەنپەئەت كۆزلىمەيدىغان ئېسىل خىسلىتىڭىزنىڭ، تەلەپ ۋە شەرت قويمايدىغان مەرد - سېخىيلىقىڭىزنىڭ يەكۈنى بولدى.

سىز 1995 - يىلى 22 - مايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇھىت - بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش كومىتېتى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم بىر چەت ئەللىككە بېرىلگەن ئالاھىدە شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ۋاڭ بىڭچيەن مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭ بىلەن مەخسۇس سۆھبەتلەشكەن چاغدىمۇ، «خەلق گېزىتى» نىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدىغان نەشرىنىڭ 27 - ماي سانىدىكى مەخسۇس ساندا تونۇشتۇرۇلغاندىمۇ، «خەلق گېزىتى» نىڭ 1994 - يىلى 23- ئاۋغۇستتىكى سانىنىڭ «مەدەنىيەت ستونى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1994 - يىل 12 - ئوكتەبىردىكى سانى بىلەن، «شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلىرى» گېزىتىنىڭ 1994 - يىلى سېنتەبىر ساندا ئىش - ئىزلىرىڭىزنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان چاغلاردىمۇ، سىز مۇخبىرلارغا ئوخشاشلا: «ياپونىيە - جۇڭگو دوستلۇقى يېڭى بىر دەۋرگە — يەنى ياپونىيە بىلەن جۇڭگو بىر - بىرىنى چۈشىنىش دەۋرىگە كىردى، بۇ ياپونىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئورتاق دەۋرى. مەن پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ياخشى كۆرىمەن، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيىمەن،

ھەتتا جەسىتىمۇ شىنجاڭغا قويۇلىدۇ» دېگەن قەلب سۆزلىرىڭىزنى ئېيتتىڭىز.

## خاتىمە

مۆھتەرەم ئوقۇرمەن، مەن بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى يېزىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، شىياۋداۋ ئەپەندىنىڭ خوتەنگە كېلىپ 8 - ئۆكتەبىردىن 18 - ئۆكتەبىرگىچە «جۇڭگو - ياپونىيە قەدىمكى نىيە خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش ئەترىتى» ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە نىيە قەدىمكى خارابىسىدە 8 - قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش-قېزىش پائالىيىتىدە بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بارغان بىر دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېي قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، يەنە پۇل ئىئانە قىلىدىغانلىقىنى ۋە مۇزېينىڭ قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمىغا ئالايىتەن كېلىپ قاتنىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھېلىقى دوستۇم بىرەيلەننىڭ ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ئەسەر يېزىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ شىنخۇا ئاگېنتلىقى ۋە «خەلق گېزىتى» مۇخبىرلىرىنىڭمۇ يېقىندا يەنە ئۆزىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

شۇنداق، شىياۋداۋ ئەپەندىنىڭ بىر قاتار خالىس تۆھپىلىرى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن قىلىۋاتقان سەمەرىلىك ئەمگەكلىرى جۇڭگو - ياپونىيە ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئايان. مەنمۇ ئۆز ئىختىيارلىقىم، چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە قايىللىق تۇيغۇم بىلەن تىل - يېزىق چەكلىمىسى سەۋەبلىك خېلى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى تېخى بىلىشكە ئۈلگۈرمىگەن بۇ سۆيۈملۈك كىشىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئىشەنچلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا، يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ جەرياتى بىلەن قوشۇپ سىلەرگە دوكلات قىلدىم.

مەن بۇ ئەدەبىي ئاخباراتىمنىڭ خاتىمىسىنى يېزىۋېتىپ، شىياۋداۋ ئەپەندىنىڭ ئۇيلىنىشى، تاللىشى، ئىزدىنىشى ۋە تۆھپىسى بىلەن كىشىلىك قارىشى، تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، پەزىلىتى ۋە پۇل تېپىش مەقسىتى ئوخشاش بولغان ھەم

ئوخشاش بولمىغان يۇرتىمىز كىشىلىرىنى سېلىشتۇردۇم. مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تاپقان پۇلىنى تېجەشلىك ئىشلىتىپ، ئۆز ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم پۇلىنى مائارىپ، مەدەنىيەت ھەم پارۋانلىق ئىشلىرىمىزغا سەرپ قىلغان مەرىپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بايلار كۆڭۈل ئېكرانىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدىكى دېھقان كېرەم ئىمىن، ئىلىدىكى ياش كارخانىچى، يېتىملارنىڭ غەمگۇزارى نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر، غۇلجا مىللىي مائارىپ «خالىس» جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسچىسى ئابلىمىت خالىس ھاجىم، ئۈرۈمچىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچىلاردىن: تۇرسۇن ئىمىن، «قىران بۇركۇت» ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ باش لېدىرى قۇدرەت ھاجى، ئاتۇش شەھىرىدىن ساۋۇت ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ساخاۋەتچى ئوغۇللىرى، پىچان ناھىيە لەمجىن بازىرى خاندوشاھ كەنتىدىكى دېھقان ئىسمائىل قۇربان، خوتەن شەھىرىدىن مەتنىياز ھاجىم، ئەسقەر ئابدۇللا قەشقەرى، توقسۇ ناھىيە بازىرىدىن ياش كارخانىچى ئابلىمىز روزىھاجى، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ئاكا - ئۇكا قۇربان ھاجىم ۋە ھىدايەت ھاجىملار، مارالبېشى ناھىيە چاھارباغ يېزىسىدىكى دىنىي زات نۇر ئەخمەت كېرىم، ئۈرۈمچى «ئابلىمىز سودا سارىيى» نىڭ دىرېكتورى، تىجارەتچى توختىھاجى ئابلىمىز ... قاتارلىقلارمۇ خۇددى شىياۋداۋ ئەپەندىگە ئوخشاش ئالىيجاناب روھ ۋە ئۇلۇغۋار نىيەت - ئىقبال بىلەن ئۆز يۇرتى ئۈچۈن مەكتەپ سېلىپ ياكى «ئۈمىد قۇرۇلۇشى»، «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» پائالىيىتىگە ئايانماي ياردەم قىلىپ ۋە ياكى فوند جەمئىيىتى قۇرۇپ، مۇكاپات تەسىس قىلىپ، خۇددى نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر ئېيتقاندەك: «خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشتىن ئارتۇق بەخت ۋە خۇشاللىق بولمايدۇ» غانلىقىنى ھېس قىلماقتا.

بىراق، ئۇلۇغ، ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈل ۋە مېھرىبان ئادەملەر توپى ئارىسىدا رەھىمسىز، ۋەھشىي، ئەقىلسىز ۋە رەزىل ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ھەقتە يەككە مىساللاردىن كۆرە تۆۋەندىكىلەرگە نەزەر ئاغدۇرايلى: «K ۋە Y ناھىيىلىرى بازارلىرىنىڭ ئىككى ئاھالە كومىتېتىدىن 1994 - يىلى ناھىيە رەھبەرلىكىگە يوللانغان جەمئىيەت كۆزىتىش دوكلاتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ئاھالىلەر كومىتېتلىرى

تەۋەسىدىكى 1300 نەچچە ئۆيلۈك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 1985 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، سودىگەرچىلىك قىلىدىغان 221 ئائىلىنىڭ ئىقتىسادتا قەد كۆتۈرگەن 41 دە «خوتۇننى قىزلاشتۇرۇش»، «خوتۇننى خىللاشتۇرۇش» ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. يەنى 41 خوجايىن قەدىناس خوتۇنلىرىنى قويۇۋېتىپ قىز ـ چوكانلارغا ئۆيلىنىۋالغان؛ 21 ئائىلىدە ئاجرىشىش ئارقىلىق نىكاھ يۆتكەش، قاتناپ تىجارەت قىلىدىغانلاردىن 24 دە قوش نىكاھلىق بولۇش ھادىسىسى يۈز بەرگەن؛ يۇرت ـ مەھەللىلەردە «كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن»، دەردمەن چوكان ـ قىزلاردىن 11ى يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن؛ تۇل ئەر ـ ئاياللار ئائىلىلىرى 19 غا يەتكەن؛ 48 كىشى پاھىشىۋازلىق قىلمىشى بىلەن تەنقىد ـ تەربىيىگە چۈشكەن؛ قاتناپ تىجارەت قىلىدىغانلاردىن 19 كىشى پاھىشىۋازلىق جىنايىتى بىلەن تۇتۇلۇپ جازالانغان ياكى ئەدىبىنى يېگەن؛ ئۈچ سودىگەر پاھىشىۋازلىق سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن. توققۇز سودىگەر پاھىشىۋازلىق جېدىلىدە پۇت ـ قولىدىن ئايرىلغان، زەخىملەنگەن ...» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996 ـ يىلللىق 3 ـ سانىدىكى «بىزدىكى ئىللەتلەر» ناملىق ماقالىنىڭ «بىزدىكى شەھۋانىيەتچىلىك» دېگەن قىسمىغا قاراڭ). ئائىلە، جەمئىيەت ۋە مىللەتكە خانىۋەيرانچىلىق، بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن بۇ خىل قىلمىشلار ۋە كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىسراپچىلىق، ھەشەمەتچىلىك ھەمدە ئەيش ـ ئىشرەتلىك «رېستوران قىزغىنلىقى» يۇقىرىقىلارغا سېلىشتۇرۇلغاندا ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىك، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، تۆھپە بىلەن شۇملۇق تولىمۇ روشەنلىشىدۇ، گەۋدىلىنىدۇ.

مۆھتەرەم ئوقۇرمەن، بۇ مۇھاكىمىلىك سېلىشتۇرۇشلاردىن كېيىنلا سىزمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ئەسلى ۋەقەنىڭ داۋامىنى بىلىشنى، داڭلىق ئاخبارات پېرسوناژى شياۋداۋ ئەپەندىنىڭ بىر قانچە ئايلاردىن بۇيانقى ئەڭ يېڭى ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇشنى خالايسىز ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىسىز. بۇ قىزىقىشنى، شۇنداقلا، ئەدەبىي ئاخباراتىمنىڭ تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، ئۇنىڭ يېقىندا خوتەن ۋىلايەتلىك ئاسارىئەتىقىلەرنى يىغىپ ساقلاش ئورنىنىڭ باشلىقى ئابدۇقادىر تۇرسۇن ئاكىغا يازغان بىر پارچە خېتىنى ئەينەن ئېلان قىلىشنى لازىم تاپتىم:

«ياخشىمۇسىلەر!

مەن 1966 - يىلى 24 يېشىمدا خېگوي شىركىتىنى قۇرغانىدىم. ھازىر بۇ شىركەت تەرەققىي قىلىپ مەخسۇس ئۈنچە - مەرۋايىت تىجارىتى قىلىدىغان 158 ماگىزىنغا ئىگە بولغان چوڭ كارخانىغا ئايلاندى.

دەۋر توختىماي تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. شىركەتنىڭ رىقابەت داۋامىدا تېخىمۇ راۋاجلىنىشى، جەمئىيەتكە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى ئۈچۈن، مۇقەررەر كونىنىڭ ئىزىنى يېڭى بېسىشى لازىم. شىركەت يېڭى باشقۇرغۇچىغا موھتاج، شۇڭا مەن باش دىرېكتورلۇق ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بېرىپ، پەخرىي خۇيجاڭلىقنىلا ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشنى قارار قىلدىم. سۈڭبىن شياۋزۇ (خېگوي شىركىتىنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى، جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىساد مەسلىھەتچىسى، يى تىڭجۇڭ تىجارەت ئورنىنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى، مېنىڭ ياخشى دوستۇم) باش دىرېكتورلۇقىدىكى يېڭى خېگوي شىركىتى بۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۆپ تەرەپلىمە غەمخورلۇققا موھتاج. ئادەتتە، ياپونىيىدە كارخانىنىڭ باش دىرېكتورى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلسا، مۇدىرىيەت باشلىقى بولىدۇ. ئەمما، مەن بۇ قېتىم ئىشلارنى يېڭى باش دىرېكتورغا ئوڭچە قويۇپ بېرىپ، مۇدىرىيەت باشلىقى بولماي، بىرىنچى سەپتىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقماقچىمەن.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا، راھىب بولۇش سۈپىتىم بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى، ياپونىيە - جۇڭگو نىيە قەدىمكى ئىزلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش ئەترىتىنىڭ ياپونىيە تەرەپ ئەترەت باشلىقى قاتارلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلماقچىمەن. مەن «خەلق گېزىتى» تەرىپىدىن ئابىخۇڭ مالۇ (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياپونىيىدىن چاڭئەنگە كېلىپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە چاڭئەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ياپونىيىلىك مەشھۇر زات. ئۇ چاڭئەندە ۋاپات بولغان - ئاپتوردىن)غا ئوخشىتىلدىم. شۇڭا، مەن كېيىنكى ھاياتىمنى، شۇنداقلا بارلىق زېھنىي - قۇۋۋىتىمنى جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئاسراش ئىشلىرىغا بېغىشلايمەن. سىزنىڭ زور كۈچ بىلەن

قوللىشىڭىز ۋە ياردىمىڭىزگە موھتاجمەن.

ئامان بولۇڭ.

شياۋداۋ كاڭيو

1996 - يىل 16 - ئىيۇن، ياپونىيە - ناگويا»

سەھىپە ئېھتىياجى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقتىنى ھېسابقا ئېلىپ، بايانلىرىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرىمەن ھەمدە ئىنسانلار مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىۋاتقان بۇ دۇنيادا پۇقراسىغا — تەكلىماكان ئوغلىغا يېڭىدىن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن!

1996 - يىل ئىيۇن - ئۆكتەبىر، خوتەن



ياڭ بەيجۇن[1]

لاڭتاۋشا

# قاشتېشى دەرياسى توغرىسىدا سەككىز نەزم

## يىلان باغرى قاشتېشى دەرياسى

ئوقچىسا پەسكە بۇلۇتلۇق چوققىدىن ئەگىز سۇلار،
سۇ، بۇلۇت مېھرى كۆڭۈللۈك دوستلارغا دەل تەققاسلىنەر.
بەگ - ئەمەلدار ئوتتۇغاتلىق تاجىسىدا خۇش چىراي،
يولدا كارۋان، كەلگ ئۇيۇق زەپمۇ سوزۇك، ئۈز كۆرۈنەر.
توپ بولۇپ ئەل بىرىشەر دوستلۇق سالىمى، بۇ يوسۇن،
دوست - يارانلىق ئەل - جامائەت، شاۋقۇن - سۈرەنلىك يۈرۈشەر.
قۇملىرى ھۇشقۇتسا دەريا قىرغىقىنىڭ گاھىدا،
پەسلىگەن دولقۇنغا تەڭكەش، مۇڭسىمان ناخشا كېلەر.

## تۆمۈر چوققا مەنزىرىسى

تاغ ئارا پەسكە نەزەر سالساڭ يېشىللىق مەنزىرە،
كارىدور ھاسىل قىلىپ سىڭگەن شەپەق ئىچرە بۇلۇت.
ئۆتسە لەرزان يەلپۈتۈپ نوتا - ياپراقنى شامال،
سايىسىدا كۈن نۇرى كۆرۈنەر روشەن، تۇتۇق.
خۇددى ئالتۇن رەڭگە كىرگەن كەلگ ئىتىزلار - كەلگ دالا،
ئۇندىكى بارچە زىرائەت ئاينىغان بەكمۇ بولۇق.

---

[1] ياڭ بەيجۇن — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە لوپ ناھىيىسىدە پۇتۇكچى — كاتىپ بولغان.

ئۇچۇشۇپ ئوينايدۇ قارلىغاچ، پەنجىرە ئالدىدا گاھ،
كۇنگە باققان كەپە ئۆيلەر تاملىرىدا ئىس قويۇق.

## قاتمۇقات ئۇجمىزارلىق

سۇردى بىخ ئۇجمە، پىلە باقماققا ھەممە ئالدىراش،
ئاتىغان چوكان - جۇۋانغا ھەر شاخ - غازاڭلار ئۆزىنى.
نۇرىغا كۇنىنىڭ چۆمۇلگەن كەڭ ئېتىزلار تاڭ سەھەر،
دېگۇلۇك زىبا بەدەن، چوكان - جۇۋانىنىڭ ئۇزىنى.
كۆتۇرۇپ سىۋەت ئۇلار كېلىشىپ ھەم كېتىشەر،
يەلپۇتۇپ ئۆتسە شامال بۇ يۇرت دالاسى - تۇزىنى.
چىلاڭ گىرە سالغان گويا مىۋىلىك نوتا - دەرەخ.
تون كىيىپ ئورمان بىلەن سۆزلەشكە شېرىن سۆزىنى.

## ئېسىل قاشتېشى

بەك غۇۋا قۇملۇق، مارايدۇ ئاي بۇلۇتلار كەينىدىن،
ئوي - تەپەككۇر ئالدىدا تۇرماقتا زەنگەر قاشتېشى.
قانۇ - تەر سىڭگەن ئۇنىڭ ھەر سەپەر - ھەر يولىغا،
قارغىلار ئاخىر قاقىلداپ، ئۆرتەندى بەكمۇ ئىچ - ئىچى.
ئىلكىگە ئۆتكەندە تۇنىنىڭ ئەتراپ، چىراغلار نۇرلىنىپ،
چەشمە ئاقتى، سۇس شىۋىرلاپ سۆزلىگەندەك بىر كىشى.
شۇندا بىز يۇردۇق ئېلىپ يۇك، ئىنتىلىپ مەنزىل تامان،
ئارقىمىزدا بۇقسىغان چاڭلار قېلىشتى شۇ پېتى.

## ئالتۇنرەڭ قۇملۇق

چۆل سوزۇلغان ئالدىمىزدا، قاتمۇقات قۇم ئۆركىشى،
تەستە يۆتكەلدى قەدەملەر، يول ئۇزۇن قالدۇق ھېرىپ.
چىڭقى چۇش — تەشنائى لەب، يەتكەندە كۆلنىڭ بويىغا،
ئوي - خىيال سۇرگەنچە بىز، يىدۇق غىزا - ناننى ئېلىپ.
نېرىدا ئالۋۇن جىمىرلار ئاجىزغىنە دولقۇن كەبى،

كىشىگە گوياكى شايى ئەگمىدەك بىر روي بېرىپ.
ئەجدىھانىڭ ئارقىنىغا ئوخشىغاي قۇملۇق يولى،
قالدى شائىرمۇ ئۇنىڭ تەسۋىرىگە ناقىس كېلىپ.

## قايىللىق

تولدۇرۇپ دەرياني، ئاقتى ئەگىز سۇيى پەسكە قاراپ،
ئەگمىدە هاسىل قىلىپ قاينام، بەئەينى هۆركىرەپ.
قىلغىنىدا ھەممىنى قايىل ئۇنىڭ جاسارىتى،
كۆك بىلەن بوي تالىشار بۇژغۇن ناگاندا ئەركىلەپ.
ئاقىدۇ ئايلاپ ئەشۇنداق، سۆيۈشۈپ قىرغاق بىلەن،
يول بويى ئېيتقان كۈيۈمگە تەڭكەش بولۇپ، هارماي ئەجەب.
بىر تاساددىپتا يىقىلغان قىرغىقىدا مەن شۇ كۈن،
دەستىسىنى قەلىمىمنىڭ دەپتىمەن، قاشتاش - سەدەپ.

## ئاي شولىسى بۇلاق سۇيىدە

بۇلاق سۇيى كۆك قۇملارنى كۆرسىتىدۇ ئەكسىدە،
بولغىنىدەك ئايان شېرىن - تاتلىق چاغلار يېگىدىن.
مەشۇت تالاش ئاۋازلىرى تۇشمۇتۇشتىن ئاڭلىنار،
دەستۇرخاندا ساھىبخانىمۇ كەتمەس مېھمان يېنىدىن.
چىن سۆيگۈنىڭ بۇ كۈيىنى سۇ شاۋقۇنى باسالماس،
يالتىرايدۇ جۇلالىنىپ قاشتاش نۇرىنىڭ تېگىدىن.
ئولتۇرۇشتۇق قاپاق تېرەك تۇۋىدە بىز جۈپ بولۇپ،
ئېلىپ هوزۇر سۇ يۈزىگە چىققان تاشنىڭ رېگىدىن.

## ئۈپۈققا تۇتۇشىدۇ چىلان تۇپراق

يېتىپ كەلسە مەمۇرچىلىق پەسلى چېگرا يۇرتىغا،
كەڭ ئېتىزلار باغرىنى كەزدى هوسۇلنىڭ شاتلىقى.

ئىس - تۇتەك تالۇ - سۆگەتلەر ئۇچىغا بولغان پۇتا،
ئۇچۇشار كۆكتە، يىراقتا تورنىلارنىڭ بارلىقى.
يېپىلىپ ئوتلايدۇ قوي ھەم كالىلار توپ - توپ بولۇپ،
ئەكسىدە، نۇرنىڭ ئېكىنزار، ھەر ئۆيدە دىللار شاتلىقى.
بۇنچە نېمەت ئالدىدىن كەتكۇسى كەلمەيدۇ، بەس،
كەينىدە قالغاي كۆزى، كەلگەندە مېھمان ئاتلىقى.

(ئابدۇللا سۇلايمان تەرجىمىسى)



يەن جىك

# گىلەم توقۇغۇچىلار

دەستىگاھ تىنىمسىز توقۇيدۇ گىلەم،
سانسىز يىپ ئەسلىتەر تىكەنلىك سىمنى.
رەڭدارى گوياكى ئاققان قىزىل قان،
مىلىڭ ئازاب توقۇماق بۇندا ھەر سۇڭنى،
شۇ دەردتە ئاتىلار چىچى ئاقارغان.

دەستىگاھ تىنىمسىز توقۇيدۇ گىلەم،
ۋە لېكىن ئاشمايدۇ بايلار ئۆيىدىن.
ئاتىلار داق يەردە دۈگدەرەپ ياتقان،
گىلەم توقۇلسىمۇ شۇلار كۆچىدىن،
قارايسەن، ئاخىرى قۇرۇق قول قالغان.

دەستىگاھ تىنىمسىز توقۇيدۇ گىلەم،
ئاتىلار چارچىغان، باشلىرى قايغان.
دۇمچىيىپ ئېگىلگەن يادەك بەللىرى،
ئەلەمدىن زەرداپ سۇ قانغا ئايلانغان،
دىلىدا تۈگىمەس ھەسرەت - غەملىرى.

دەستىگاھ تىنىمسىز توقۇيدۇ گىلەم،
ئاتىلار قايچىسى قولىغا كەلدى.
شۇ قايچا بايلارنىڭ قىرقىپ پەيىدىن،
ئۆتمۇشنىڭ چىرىگەن تورىنى كەستى،
ئاتىلار چىن ھايات تاپتى يېڭىدىن.

دەستىگاھ تىنىمسىز توقۇيدۇ گىلەم،
ئۇنىڭدا سۇمۇرغلار قاقىدۇ قانات.

ئۇنىڭدا بالقىغان قۇياش نۇرى بار،
ۋە ئىقبال ئارزۇسى، بەختىيار ھايات،
ئۇنىڭدا پارتىيە سۆيگۈ - مېھرى بار.

دەستىگاھ تىنىمسىز توقۇيدۇ گىلەم،
سىخ ئارا ياڭرايدۇ بەخت قوشىقى.
تاشىدۇ مېھنەتنىڭ دولقۇنى قايناپ،
خوتەن ئىشچىسىنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى —
ھەر گىلەم ھۆسنىدە تۇرىدۇ چاقناپ.

1961 - يىل 10 - ئاي، خوتەن

(رەخىم قاسىم تەرجىمىسى)



جياڭ جىمىن

# ئىككى شېئىر

## خوتەن مەنزىرىسى

خوتەن يىپەك، قاشتېشى، گىلەم، گۈل - مېۋە، ناخشا - ئۇسسۇل يۇرتىدۇر.
— خاتىرە دەپتىرىمدىن

روجەك ئالدى ئالمىلىق، كەينى شاپتۇللۇق،
قولۇڭ سالساڭ دەرياغا چىقار قاشتېشى.
سۇمبۇل چاچتەك يەلپۈنەر ئۈجمىلەر شېخى،
ئىتتىز ئارا داپ چالسا، يولنى شاۋقۇنلۇق—
ئۇسسۇل قاپلار، ئۈچىدۇ رەڭگارەڭ كۆڭلەك،
چايقىلىدۇ دەريادا گۈزەل گۈل - چېچەك ...

مەرھابا دەر ناخشىلار ئاتقان ھەر تاڭغا،
نەي كۈيىدە ئۈزايدۇ ھەر كۈن ئاخشىمى.
شاخلار ئۈچى قىزىرار تۈندە چىراغدا،
ئۆتۈپ كەتكەن روجەكتىن كىمنىڭ سايىسى؟
دېدى، قىزلار ماڭغاندۇ توقۇشقا گىلەم؟
توقۇلماقتا ئۇلاردىن خوتەن ۋادىسى ...

## گىلەم

ئاسمان ...
قانچە بولۇتنى باسسا كۆكسىگە،
خوتەن ...
شۇنچە گىلەمنى يايغان ئۈستىگە.

يەردە ...
بولسا قانچە قۇشلار، گۈل - چېچەك،
گىلەمدە—
ئاشۇلاردىن بار گۈزەل ئۆرنەك.

گىلەمدە توقۇلغان ئاتلارنىڭ يايلى،
كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدۇ تال - تال.
گىلەمگە توقۇلغان ئۈزۈمنى كۆرسەڭ،
ئاغزىڭغا سىرىق سۇ كېلىدۇ دەرھال.

خوتەننىڭ گىلىمى پايتەخت بېيجىڭغا،
بارىدۇ چېگرىنىڭ مېھرىنى ئېلىپ.
خوتەننىڭ گىلىمى ئۇچار دۇنياغا،
ۋەتەن باھارىنى تەنتەنە قىلىپ.

مۇبادا سورىغۇڭ كەلسە بىراۋدىن،
خوتەندە قانچە دەپ گىلەم ئىشچىسى؟
ياخشىسى شۇ سوئال ئۆزۈڭدە قالسۇن،
ئاڭلىسا ھەركىمنىڭ كېلەر كۈلكىسى.

گىلەم توقۇشنى بىلمىگەن ئادەم،
سانالماس بۇ يەردە ئەسلا خوتەنلىك.
قارىساڭ ئۈچ ياشلىق سەبىي بالىمۇ،
دەستىگاھ ئالدىدا ئىشلەيدۇ ئەپلىك.

1961 - يىلى ئۆكتەبىر، خوتەن

(رەخىم قاسىم تەرجىمىسى)

ۋاڭ جىڭچيەن

# كەتكۈڭ كەلمەس كەلسەڭ خوتەنگە

## توغراقـقا مەدھىيە

توغراق — قارا قۇرۇم ئوغلى،
تەكلىماكاندىكى پەھلىۋان،
جىسمىڭنى سوقۇپ ئۆتىدۇ،
كېچە - كۈندۈز تەلۋە قۇم - بوران،
يازدا ئاپتاپ، قىشتا شىۋىرغان.

سەن ياشايسەن سولماستىن مىڭ يىل،
يىقىلماستىن سولساڭمۇ مىڭ يىل،
ھېچ ئۆلمەستىن يىقىلساڭ مىڭ يىل،
ھاياتنى توسالماس چۆل - باياۋان،
ياپالماس قۇياشنى بۇلۇت ھېچقاچان.
مەغرۇرسەن،
سەن - سەن قەھرىمان،
قوغدايسەن خوتەننى شۇنداق ھەر زامان.

## قاشتېشى كۆيى

قاشتېشى شاھىدۇر خوتەن قاشتېشى،
ماختىشار ئەل سېنى شۇنداق ئېزىزلاپ.

بەھەيۋەت كۈئنلۈن يۈرتۇڭدۇر سېنىڭ،
ئاقار قاش سۇيىدە سۆيگۈڭ دولقۇنلاپ.

دۆلەتنىڭ گۆھىرى خوتەن قاشتېشى،
ئەل سېنى ئۇلۇغلاپ شۇنداق ماختىشار.
قاشتېشى ئۈستىدە سۇس ئاينىڭ نۇرى،
تاشچىنىڭ قولىدا تالڭ يۇلتۇزى يانار.

ئېھ، خوتەن قاشتېشى، خوتەن قاشتېشى،
تاش سۆيگەن كۆڭۈلدە ساقلىنار تەھقىق.
تەلپۈنەر تىنچ - ئارام تۇرمۇشقا ئىنسان،
سەن تىنچلىق تىمسالى، سەن ئاڭا تەستىق.

## بۇ قەيەر؟

بۇ قەيەر،
نىيە شەھىرى،
كۆمگەن ئەسىرلىك قۇم - باياۋان.
ئۇزۇن يىللار،
ئۇدۇن شاھى قالدۇرغان قورغان.
بۇ خوتەن،
تۇتاش بوغدايزار،
سالا - سالا پاختىزار،
كەشتىلەندى بىر گۈزەل سۈرەت.
تاناپسىمان يول،
رەت - رەت يېشىل ئورمانلار،
سەھرادا يېزىلدى لىرىك بىر داستان.
ئېھ،

بۇ قاشتېشى يۇرتى،
گىلەم تۇپرىقى،
يىپەككە پۈركەنگەن شەھەر،
مېنىڭ يۇرتۇم خوتەن،
سۆيۈملۈك ماكان.

## قۇملۇق تاشيولى

ئۆلۈم دېڭىزى باغرىنى تىلغاپ،
رەنج - ئۆكۈنۈشنى كەينىگە تاشلاپ،
روي - ۋىسال ئاچتى قۇملۇق تاشيولى.
كۈمۈش تاناپ يول، ئۇزاق مەنزىرە،
ھالى - تالى يەر - جاھان، ئەجەب مۆجىزە،
يازار سۇرەتلەپ ئۇنى باياۋان.
ئۇزۇلمەس بۇندا مېھمان ئايىغى،
سۆھبەتتە ھارغىن ئۆتمۈش ساۋىقى،
بۈگۈن ھەققىدە بار ئېزگۇ بايان.

ئېھ ...
بىپايان قۇملۇق، چۆل - تەكلىماكان،
ئەمەس ئەمدى ئۇ، تىلسىملىق ماكان،
يېشىمسىز سىرلىق كىتاب ھېچقاچان.

ئۆلۈم دېڭىزى باغرىنى تىلغاپ،
رەنج - ئۆكۈنۈشنى كەينىگە تاشلاپ،
روي - ۋىسال ئاچتى قۇملۇق تاشيولى.
پۈتمەس بايلىق بۇ، گۆھەر مەنزىرە،
چۆلگە كۆمۈلگەن تۆھپە - مۆجىزە،

بۇ قۇملۇق يولى ئاچقان روي - ۋسال،
پاراغەت مۇشۇ يولدىن باشلىنار.

ئىھ ...
بىپايان قۇملۇق، چۆل - تەكلىماكان،
ئەمەس ئەمدى ئۇ تىلسىملىق ماكان.
يېشىمسىز سىرلىق كىتاب ھېچقاچان.

## ياڭاق دەرىخى

رىۋايەت قىلىنار،
مىڭ ياشقا كىرگەن ياڭاق دەرىخى.
قامىتى كۆركەم، ساددا تەبىئەت،
ئايلانغان دۇگىلەك ئىزغا ھەر يېشى،
ئۇ ئۇزاق يىللارنىڭ ئاياغ - قەدىمى.
ساناقسىز كەچمىشنىڭ گۇۋاھ - شاھىدى،
ياڭاقنىڭ قوۋزىقى سالنامە - كىتاب.
ياڭاق ئۇ يارالمىش خىسلەتلىك دەرەخ،
مېۋىسى خىسلەتلىك، مول، بىھېساب.
كۆز تىكسەڭ دەرەخكە، يېسەڭ ياڭاقتىن،
ۋۇجۇدۇڭ ئەكسىدە سىبزەرسەن ھۇزۇر.
بىر ئۇزاق كەچمىشتىن ئاقار قەلبىڭدە،
يەر، ئاسمان ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك غۇرۇر.

## كەتكۈلۈك كەلمەس كەلسەڭ خوتەنگە

1

كەتكۈلۈك كەلمەس كەلسەڭ خوتەنگە،

كۆرۈپ، ئاڭا تويۇپ قانمايسەن.
يۈز ئەسىرنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇ،
ياڭاق شاھى ئەسلى خوتەندە.
نىيە شەھىرى مۇقەددەم ماكان،
تارىخ چاقنار ھەر چام - ئۆتەڭدە.
چىرا يامۇن يايلىقى مۇنبەت،
ئوتلار توپ - توپ تېمەن پادىلار.
ئايلاندى ھەم يېشىل بوستانغا،
قاراقاشتا كەلگەچ چۆل ۋادىلار.
كەتكۈلۈك كەلمەس كەلسەڭ خوتەنگە،
گويا بولۇپ ئاشىق بىقارار.

2

كەتكۈلۈك كەلمەس كەلسەڭ خوتەنگە،
مېۋىلەرنى تېتىپ قانمايسەن.
لوپ ئۆرۈكى خۇددى بال - ھەسەل،
ھېس ئويغىتار خوتەن ياڭىقى.
رەڭدار ھەقىق - مەرۋايىت ئۈزى،
كېرىيىنىڭ ئەلۋەك ئۈزۈمى.
ئەجەب شېرىن ئوخشىدى شۇ تاپ،
پىيالىمىدا ئوتقاشتەك ئانار.
كەتكۈلۈك كەلمەس كەلسەڭ خوتەنگە،
گويا بولۇپ ئاشىق بىقارار.

3

كەتكۈلۈك كەلمەس كەلسەڭ خوتەنگە،
زەپ مېھماندوست بۇندا ساھىبخان.
خۇشبۇيى مېۋە لىزىز كاۋاپلار،
داستىخىنىدا تەييار ھەر قاچان.
قىزغۇچ شاراب، ئىچىملىكلەردە،
يالتىرايدۇ قىزغىن مۇھەببەت.

سۆھبەتلەردە كۈلكە - چاقچاقلار،
مەشرەپلىرى تۆكىدۇ شەربەت.
كەتكۈلۈڭ كەلمەس كەلسەڭ خوتەنگە،
گويا بولۇپ ئاشىق بىقارار.

(مۇھەممەت چاۋار تەرجىمىسى)

---



*شائىر، فوتوگراف، خەتتات ۋاڭ جىڭچيەن 1944 - يىلى ئىيولدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1964 - يىلى سېنتەبىردىن 1968 - يىلى نويابىرغىچە غەربىي شىمال سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا شىنجاڭ ئىلى شۆبە ھەربىي رايونى كۈنەس دېھقانچىلىق مەيدانىدا «قايتا تەربىيە» ئالغان ۋە بۇ مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. چۆچەك ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرىدە خادىم، كاتىپ، بۆلۈم باشلىقى بولغان. 80 - يىللاردا ئۇ چۆچەك شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، كۈيتۇن شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان. 90 - يىللاردا ئىلى ئوبلاستلىق تاشقى ئىقتىساد - سودا ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مارالۋېشى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن.*

*ئۇ ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 6- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 16 - قۇرۇلتايىنىڭ ۋەكىلى.*

*ۋاڭ جىڭچيەن ئۇزۇن يىللىق رەھبەرلىك خىزمىتى داۋامىدا شېئىر ئىجادىيىتى، فوتوگرافىيە ۋە خەتتاتلىققا زور ئىشتىياق باغلاپ، سۈپەت ۋە سان جەھەتتە يۇقىرى بولغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. ئاپتورنىڭ 2000 - يىلدىن بۇيان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئانا مۇھەببىتى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئىنچى شۇنداق ئېيتىدۇ» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن «توغراق سۆيگۈسى» ناملىق فوتوگرافىيە ئەسەرلىرى توپلىمى نەشر قىلىنىپ، ھەر مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ «ياڭگىردى ھەر ياندا ساز» ناملىق ئون ئىككى ناخشىدىن تەركىب تاپقان VCD پىلاستىنكىسى خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە تەڭلا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.*

ئوبۇلقاسىم مەتنىياز

# تۆھپىكار ئالىم قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ

(ئەسلىمە)

ۋاقىت ئۆتىدۇ، ئۆمۈر كېتىدۇ، ئىنسان مەيلى ئالىيجاناب بولسۇن ياكى رەزىل بولسۇن، ئاخىر بىر كۈن قارا تۇپراققا كۆمۈلىدۇ. بىراق، ئىنساننىڭ ھايات ۋاقتىدا قالدۇرغان تەسىرى ۋە ياراتقان تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ. ياخشى پەزىلەت ئىگىلىرىنى ئەسلىگەندە كىشى ئۇنى شۇنچە چوڭقۇر سېغىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا بولغان ئىززەت - ھۆرمىتى بارغانسېرى ئاشىدۇ.

1

ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ھەمدە خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئىلمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ھازىرقى زامان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى، تىلشۇناس، پەيلاسوپ، ئىجتىھالىق شائىر ھەم جامائەت ئەربابى ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللاھاجىممۇ ئارىمىزدىن كەتتى. مەرىپەت ئاسمىنىدىن بىر نۇرلۇق چولپان ئۆچتى. يۇرۇڭقاش ئېغىر سۈكۈتتە، كوئېنلۇن پىغاندا بۇقۇلداپ ياش تۆكمەكتە. كۆزۈمدە ياش، يۈرىكىمنى ئاچچىق بىر ھەسرەت كەزمەكتە ...

تۇرمۇشنىڭ مەئىشەت ھەم غۇربەت ئۇچقىدا تاۋلىنىپ، ۋۇجۇدى سۇبات ۋە ئۈمىدنىڭ بۇلىقىدا سۇغۇرۇلغان، قەلبىدە ئىنسانىي غۇرۇر ۋە ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان تەشنالىق خۇددى ئاتەشتەك يېلىنجاپ تۇرغان بۇ پېشۋانىڭ ھايات ۋاقتىدا كىشىلەرگە ئېيتقان «ئىلىم ئۆگىنىڭلار، بىلىم ئىگىلەڭلار، بىلىم ئۆچمەس چىراغ، بىلىم ئىنساننى جاھاندىكى بارچە مەخلۇقتىن ئۈستۈن قىلىدۇ، خەلقىمىزنىڭ نىجادلىق يولى — نۇرلۇق پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئوبدان

ئىگىلەپ، ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقىشتا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرى قايتىدىن قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرىغاندەك بولدى. ئۇ ماڭا يەنە ئارمىنىزغا قايتىپ كېلىدىغاندەك بىز بىلەن بىللە بولىدىغاندەك بىلىنىدۇ.

2

1989 - يىلى ئالتۇن كۈز پەسلىدە داۋالىنىش ئۈچۈن خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىغا بارغىنىمدا زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، بىر توپ بىمارلار ئەتىگەندە دوختۇرخانا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئاپتاپقا قاقلانغىنىمىزچە ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، بىر چاغدا «ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجىم كەلدى!» دەپ ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. قارىسام كۆز ئەينەك تاقىغان، ئۆزگىچە سالاپەتلىك، ئوتتۇرا بويلۇق، چىرايىدىن مېھرىبانلىق نۇرلىرى، ئوچۇق - يورۇقلۇق چىقىپ تۇرىدىغان بىر كىشى قېشىمىزغا يېتىپ كەلدى. ھەممىمىز دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. بۇ مېنىڭ ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللاھاجىمنى ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ئۇ ئىنتايىن تېتىك ھەم روھلۇق كۆرۈنەتتى. مەن خېلى بۇرۇنلا كىشىلەردىن ئۇنىڭ نامى شەرىپىنى ئاڭلىغان ھەم ئۇنى كۆرۈش ئارزۇسىدا بولغانىدىم.

— قانداق، ھەممىلىرىنىڭ كېسىلى خېلى شىپاھ تاپقاندەكمۇ؟ كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىشىسىلا، چوقۇم ساقىيىپ كېتىمەن دېگەن ھېس - تۇيغۇ بىلەن داۋالىنىپ، ھاياتتىن ئۈمىدۋار بولۇشسىلا، ھەممىلىرى چوقۇم دەردلىرىگە داۋا، رەنجىلىرىگە شىپالىق تاپىدىلا، — دېدى ئۇ بىزگە كۆيۈنگەن ھالدا مۇلايىملىق بىلەن.

— دېگەنلىرىدەك بولغاي ھاجىم، — دېدى ئارىمىزدىن بىرەيلەن سۆيۈنۈش ئاھاڭىدا ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەشەككۇر ئىزھار قىلىپ.

ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللاھاجىم تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشتىلا ماڭا ئاجايىپ ياخشى تەسىرات بەخش ئەتتى. كىشىلەرنىڭ ئۇنى ھۆرمەتلىشى ھەم تەرىپلىشى ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىكەن. ئۇ ھەقىقەتەن تەرىپلىگەندىنمۇ زىيادىراق ئېسىل پەزىلەت ئىگىسى ئىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كەلدىم. ئۇ كېسىلىمنى كۆرۈپ دورا بۇيرىدى ۋە داۋالىنىش جەريانىدىكى پەرھىزلەرنى كۆرسىتىپ ھالىمدىن ياخشى خەۋەر ئالدى، ئۇزاققا قالماي كېسىلىم ياخشىلاندى. ئۇ يەنە ماڭا ئوخشاش ھاياتىدا ھەر خىل كېسەللىككە

مۇپتىلا بولغان ۋە هايات شامى ئۆچەي دەپ قالغان قانچىلىغان بىمارلارغا ئىلمىي هۆكۈمى، خىسلەتلىك قولى ئارقىلىق شىپالىق بەخش ئەتكەندۇ - هە! ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمىغاندەك، بەلكى ئۇنىڭ هېسابىنىمۇ ئېلىپ بولغىلى بولماس.

ئابدۇلهەمىت يۇسۇپ داموللا هاجىم ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا يېرىم ئەسىر تەر تۆككەن تۆهپىكار ئۇستازدۇر.

ئۇ 1924 - يىلى خوتەن شەهىرىنىڭ «خەلىپىلىك هويلا» مەهەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ 1950 - يىلغىچە خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمى، ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرى بويىچە ئىلىم تەهسىل قىلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى يۇسۇپ ئاخۇنۇم ئەينى زاماندا خوتەندە داڭ چىقارغان مەشهۇر تېۋىپ ئىدى. يۇسۇپ ئاخۇنۇم ئوغلىنى ئارقىسىغا سېلىپ يۈرۈپ، دورا تەييارلاش مەشغۇلاتىغا بىۋاسىتە قاتناشتۇرۇپ، ئوغلىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئەتراپلىق يېتىلدۇرۇشكە ئەهمىيەت بەرگەنىدى.

ئابدۇلهەمىت يۇسۇپ داموللا هاجىم ئازادلىقتىن كېيىن خوتەن شەهىرىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىدا ئىشلىدى، كېيىنچە شىپاخانىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆتىدى. ئۇ بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن كۈندىلىك خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياشلارنى تەربىيىلىدى، تېببىي خادىملارنىڭ ئوقۇشلۇق ماتېرىيالى كەم بولۇش مەسىلىسىنى هەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا توپلىغان تەجرىبە ۋە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ، جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يەككە دورىلار لۇغىتى» ناملىق تۇنجى كىتابىنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنى خەنزۇچە، ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە، ئىنگلىزچە ئاتالغۇلار بىلەن ئىزاهلىدى. 1955 - يىلى ئۇنىڭ بۇ كىتابى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سەهىيە نازارىتى ئۇنى ئالاهىدە مۇكاپاتلاپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە يېڭى تۆهپىلەرنى يارىتىشىغا زور مەدەت - ئىلهام بەرگەنىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېلىپ كەلگەن ئىلىم - پەننىڭ يېڭى باهارى، ئابدۇلهەمىت يۇسۇپ داموللا هاجىمنىڭ غەيرىتىنى ئۇرغۇتتى. ئۇ قولىدىن كەتكەن ۋاقىت ۋە پۇرسەتنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ قادىلىپ ئىشلەپ، ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئەتراپلىق ئىزدەندى. 1978 - يىلى ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك سەهىيە

باشقارمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن قەشقەرگە بېرىپ، ۋىلايەتتە ئېچىلغان ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي بويىچە تېۋىپلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدا دەرس ئۆتتى. ئۇ مۇشۇ كۇرسقا دەرس ئۆتۈش جەريانىدا «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابىنى يېزىپ پۈتتۈردى. 1980 ـ يىلى ئۇ يەنە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى.

1981 ـ يىلى ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجىم خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا بېرىپ، بۇ يەردە ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، باش تېۋىپ بولۇپ ئىشلەپ، 28 مىڭ ئادەم ـ قېتىمغا يېقىن كېسەل كۆردى ۋە داۋالىدى. بۇ جەرياندا «ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى» نىڭ بىرىنچى تومى ۋە «ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيە ئاساسلىرى» ناملىق كىتابىنى يېزىپ نەشىرگە سۇندى. «كاسىنە» قاتارلىق ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى بىلەن، «غەيرىي A ۋە غەيرىي B تىپلىق جىگەر ياللۇغى كېسىلىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەققىدە» ناملىق يېڭى رېتسېپنى ئىجاد قىلدى. «مىزاج دېگەن نېمە؟» ، «يۈرەك قان تومۇر قېتىش كېسىلى ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر تېبابىتى ساھەسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان توققۇزىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، «ئىسلاھات داۋامىدا ئۇيغۇر تېبابىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئىككى خىل تاۋار توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئوقۇپ، كەسىپداشلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى.

ئۇ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنلىرىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغاندا، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىگە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكوم مەكتىپىنى قۇرۇش ئارزۇسى ۋە تەكلىپىنى يەتكۈزدى. پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى 1987 ـ يىلى سىنتەبىردە قۇرۇلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ۋە پەخرىي مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلىندى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ تاكى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلىدى، ئۇ تۈزگەن «ئۇيغۇر تېبابەت نەزەرىيە ئاساسلىرى» ،

«ئوردو تىلى گرامماتىكىسى»، «پارس تىلى ۋە ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى» قاتارلىق كىتابلار ھېلىھەم بۇ مەكتەپنىڭ دەرسلىك قوللانمىسى قىلىنىپ كەلمەكتە.
ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ داموللا ھاجى يېقىنقى يىللار ئىچىدە ئادەم مېڭىسىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئادەملەردە كۆرۈلىدىغان روھىي كېسەللىك ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «ئادەملەردىكى روھىي ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر توغرىسىدا» ناملىق كىتابىنى يېزىپ، نەشر قىلدۇرغانىدى. 1992 - يىلى نويابىردا بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك مىللىي تىل - يېزىقتا نەشر قىلىنغان كىتابلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا ئۇ تۈزگەن «ئۇيغۇر تېبابىتى دىئاگنوستىكىسى» ناملىق كىتاب ئىمجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشلىگەن كۆپلىگەن شاگىرتلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقىنىڭ قاراۋۇلى بولۇشتەك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقىنىڭ تەن - ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش يولىدا كۆرەش قىلماقتا.
ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ دامولللا ھاجىم ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنى دۇنياۋى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك مىراسلىرىنى قېزىش يولىدا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىزدىنىپ، تىنىمسىزلىق بىلەن ئىشلەپ، ئاجايىپ ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.
ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ دامولللا ھاجىم يەنە يىتۇك شائىر ۋە تىل ئۇستىسى ئىدى. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئۇنىڭ بىلىمى ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر ئىدى. ئۇ شائىر جاپپار ئەمەت بىلەن بىرلىشىپ ئىشلەپ، كىلاسسىك شائىر فۇزۇلىنىڭ غەزەللىرىنى قېزىپ رەتلەپ، نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ «پەخىرىمدۇر ئانا تىلىم»، «ۋەتەندىن چەتكە چىققاندا» قاتارلىق ھەر بىر قۇر — مىسراسىدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرغان قايناق ھېسسىيات، جۇشقۇن ئىلھاملار بىلەن تولغان ئۆزى ئاز، ئەمما مەزمۇنى چوڭقۇر بىر قىسىم لىرىك شېئىر-غەزەللەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتەنگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ بۇ شېئىر - غەزەللىرى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانىدى. ئۇ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىگە ئاساسەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ «پەن تەتقىقات

خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن ھەمدە مەملىكەتلىك يەتتىنچى، سەككىزىنچى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغانىدى.

شۇم ئەجەل ئۇلۇغ ئالىمنى ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى. گەرچە ئۇ بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شانلىق ھاياتىنىڭ نامايەندىسى، ئەجداد دۇردانىلىرىنىڭ سەمەرىسى بولغان يالقۇنلۇق ئەسەرلىرى بىزگە مەڭگۈ يادنامە بولۇپ قالىدۇ.

ئەلۋىدا، ئەي قەدىردان ئۇستاز!

1994 ـ يىل 15 ـ نويابىر، خوتەن

---



ئوبۇلقاسىم مەتنىياز 1961 ـ يىلى 15 ـ يانۋار خوتەن لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاڭگىيا يېزىسىدىكى بىگىبېرتوق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1981 ـ يىلى لوپ دارىلمۇئەللىمىنىنى، 1987 ـ يىلى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1981 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ، ھازىرغىچە «خوتەن گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر بولۇپ ئىشلەپ، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىقى»، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك يېڭىلىقلىرى»، «شىنجاڭ يىلنامىسى»، «شىنجاڭ ئۇسمۇرلىرى»، «شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ۋە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپلىك مۇخبىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئوبۇلقاسىم مەتنىيازنىڭ ھازىرغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئىككى يۈز ئەللىك پارچىگە يېقىن شېئىر، نەسر؛ ئون پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «باھارنىڭ خاسىيەتلىك ئىشلار»، «يۇرۇڭقاش ۋادىسىدىكى ئۈچمەس ئىزلار» قاتارلىق ئاخبارات ئوچېرىكى ۋە ئەدەبىي ئاخباراتلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. «گۈل كۆرۈنەر» قاتارلىق بەش پارچە ناخشا تېكىستى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ خوتەن ۋىلايىتى بويىچە «كۆزگە كۆرۈنگەن ئون تۆھپىكار ياش» نىڭ بىرى. ئاپتونوم رايون بويىچە «ئائىلىسى قاتلام ئاخبارات ـ تەشۋىقات خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن. ئۇ 1984 ـ يىلدىن ئېتىبارەن خوتەن ۋىلايەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ كەلمەكتە.

مەنسىلىم مەتقاسىم

# ھايات، قىسمەت، ئىستىقبال

## توپ ماجىراسى قىلىدىغان بالا

— دادا، توپۇم كۆلگە چۈشۈپ كەتتى، ئەپبىرىڭ!
— بولدى قوي ئوغلۇم، مەن ساڭا ئەتە دۇكاندىن يېڭى توپ ئېپبېرىمەن. كۆلنىڭ بويىغا بارما، ھە!
— ياق.
— جاھىللىق قىلما، بۇگۈنچە ماۋۇ ماشىناڭنى ئويناپ تۇر، مەن ساڭا چوقۇم يېڭى توپ ئەپبېرىمەن.
— ياق دېدىم، ياق!
— ماڭ، بېشىمنى ئايلاندۇرماي تالاغا چىق!

* * *

— ۋاي، ئەيسائاخۇن، چاپسان بولسىلا، ئابدۇغېنى كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ!

ئەيسا ئاكا ئالاقزادىلىك ئىچىدە كۆلنىڭ بويىغا كەلگەندە ئەمدىلا تۆت ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئابدۇغېنى ئالمىچىلىك چوڭلۇقتىكى توپىنى ئالىمەن دەپ ئۆزىنى كۆلگە تاشلىغانىدى.

ئارزۇلۇق تۇنجى ئوغلىنىڭ توپقا بولغان كۈچلۈك ھەۋىسى ياش ئەر - خوتۇننى ھەيران قالدۇردى. يىللار ئۆتتۈپ ئۇلار 1960 - يىل 9 - ئاينى كۇتۇۋالغاندا ئابدۇغېنى دەل ئالتە ياشقا توشتى. ئەمدىلىكتە ئەيسا ئاكا ئۇنىڭغا ماگىزىندىن توپ ئەپبېرىشتەك ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلدى. چۈنكى ئابدۇغېنى باشلانغۇچ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ، مەكتەپنىڭ چوڭ توپى ئۇنى ئاللىقاچان ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. توپنى كۆرسىلا جىنى ياشىرىدىغان ئابدۇغېنى ئاتا - ئانىسىنىلا ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۈچىنچى يىللىقتا كۆچكەندىن كېيىن ئابدۇغېنى ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە ئەيسا ئاكا ئابدۇغېنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئوقۇتقۇچى ئابدۇغېنىنىڭ مەكتەپتىن قويۇۋېتىلگەندىن

كېيىن تەنتەربىيە مەيدانىدا كەچ كىرگۈچە توپ ئوينايدىغانلىقىنى، ئۇنى بۇ ئىشتىن ۋاقتىدا قول ئۈزدۈرمىگەندە باشقا پەنلەردىكى نەتىجىسىگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. گەرچە بۇ پىكىر ئەيسا ئاكىغا تازا يېقىپ، ئابدۇغېنىنى توپ ئويناشتىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەنبىھ بەرگەن بولسىمۇ، ئازراقمۇ نەتىجىسى بولمىدى. ئابدۇغېنى بەشىنچى يىللىققا كۆچكەندە توپقا ئاڭلىق قىزىقىشقا ئۆتۈپ، كەلگۈسىدە ياراملىق تەنھەرىكەتچى بولۇش ئۈمىدى ئۇنىڭ يۇمران قەلبىدە بىخ سۈرۈشكە باشلىغان. بۇ ئارزۇ ئۇنى خاس ۋالىبول، ۋاسكېتبول ئويناشتىن باشقا، يۈگۈرۈش، سەكرەش قاتارلىق تەنتەربىيىنىڭ باشقا تۈرلىرى بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللىنىشقا ئېلىپ بارغانىدى. ئابدۇغېنى مەكتەپتە قەرەللىك ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈرلۈك مۇسابىقىلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىپلا قالماستىن، ناھىيە كۆلەملىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلگەن مەيدانلارغا بېرىپ تەجرىبە ئۆگىنىشنىمۇ قولدىن بەرمىدى. يولدا يۈگۈرۈپ، سەكرەپ ماڭىدىغان بۇ بالا ئەيسا ئاكىنىڭ جۇدۇنىنى قوزغايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئابدۇغېنى مەكتەپتىكى ۋە كوچا - كويلاردىكى «ھايتاق» لىقىنى ئەمدى ئائىلىدىمۇ قىلىشقا باشلىدى. ئەيسا ئاكا ئابدۇغېنىنىڭ باغدىكى شاپتۇل دەرىخىنىڭ شېخىغا ئېسىلىپ تۇرغانلىقىنى، كۆچەتلەرگە تانا تارتىپ سەكرەۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە جۇدۇنى ئۆرلەپ بىر ھازا قايناپ كېتەتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بوش ۋاقتىنى ئاشۇنداق «ھايتاق» ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئارزۇلۇق تۇنجى ئوغلىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولامدۇ؟

ئەيسا ئاكا ئەتراپلىق ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

توغرا، ئاتا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە باش قاتۇرۇش كېرەك. پەرزەنتكە ھەددىدىن ئارتۇق ئامراقلىق قىلىپ، ئۇنى تەييارغا ھەييار، قولىدىن ئىش كەلمەس قىلىپ قويۇشقىمۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ توغرا يولنى تاللىۋېلىشىغا ياردەم بەرمەي ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. ئەيسا ئاكا بۇ ھەقتە بىر قارارغا كېلىپ بولغۇچە ۋاقىت ئۇنى كۈتۈپ تۇرمىدى. ئابدۇغېنى باشلانغۇچ مەكتەپنى تاماملاپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەم باستى. 1964- يىلىدىن 1968 - يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىلدا ئەيسا ئاكا تەقدىرنىڭ ئۆز بېشىغا نېسىپ قىلغان قىسمەتلىرىنىڭ كاساپىتىدە ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى ھەققىدە ئويلىنىشقا ئازراقمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدى. ئاپەتلىك يىللاردىكى جاھالەت تۇمانلىرى ئۇنىڭ

ئابدۇغېنىدىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا كۈتكەن ئۈمىدلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. بىراق «بوران چىقىۋېرەر، كارۋان يولىغا مېڭىۋېرەر» دېگەندەك «ئوڭچىل» ۋە «سولچىل» تەلۋىلىشىشنىڭ ئاسارىتىدە مەكتەپلەرنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرەققىياتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىنى كۆرگىلى بولماي قالغان بولسىمۇ، ھاياتنىڭ يەنە بىر قانۇنىيىتى بولغان يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش شىجائىتى ئاق بىلەن قارىنى پەرقلەندۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ يولىنى توسۇپ قالالمىدى. جۈملىدىن «سىپىتىق توققۇزىنچى» دېگەن بەتنامىغا قالغان ئوقۇتقۇچىلار كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولغان ياش ئەۋلادلارغا بولغان ئۈمىدىنى قانداقمۇ ئۈزۈپ قويسۇن؟ دەرۋەقە، ئابدۇغېنىنىڭ «تەنتەربىيە مەستانىسى» ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان سەزگەن ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى پەرۋىش قىلىپ، بوران - چاپقۇندا نابۇت بولمايدىغان ئىرادە بىلەنلا ئەمەس، ۋالىبول، ۋاسكېتبول، چويۈن توپ، نەيزە، دىسكا ئېتىش قاتارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرىدىكى ئالاھىدە نەتىجىسى بىلەن 1968 - يىلىغا غەلىبىلىك ئېلىپ كەلدى. كۈرەش، پىغان دەستىدىن قەلبى زەخمىناك بولغان ئەيسا ئاكا بۇ چاغدا بۇرۇن قىلچىمۇ ئويلىمىغان بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتى. بۇ ھەقىقەت ئابدۇغېنىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىدىكى ئىمتىھان نەتىجىسىدە نامايان بولغانىدى. سەككىز يىللىق ئوقۇش تارىخىدا بوش ۋاقىتلىرىنى پۈتۈنلەي تەنتەربىيە پائالىيىتىگە بېغىشلىغان ئابدۇغېنى ئۇنىڭ نەزەرىدە پەننىي بىلىملەردە ئۇ كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيتتى، بىراق رېئاللىق ئۇنداق بولمىدى. ئابدۇغېنى ھەممە پەنلەردە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەنىدى. ئەيسا ئاكا ئابدۇغېنىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك گۇۋاھنامىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلىدى: «توغرا، ساغلام تەندە ساغلام ئەقىل بولىدۇ. ئەقىللىق بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ساغلام تەن بولۇشى كېرەك. ساغلام تەننى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك» ئۇنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتتى.

## پارتلاشتا ئۈزۈلگەن بارماق

ھاياتلىق ئىنسانغا نۇرغۇنلىغان مەجبۇرىيەتلەرنى ئارتىدۇ. ئۇنىڭ

قايىسىنى تاللاش ئىنساننىڭ ياشاش مەقسىتىگە، كەلگۈسى غايىسىگە باغلىق. هالبۇكى كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش، كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتۈش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىنىڭ باشلىنىشى بولغان بۈگۈننى ياخشى قۇرۇپ چىقىش زۆرۈر. هاياتلىق تەشنالىقى، هاياتلىق كۈرەشلىرىدە ئادەمنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى نەقەدەر كۆپ - هە؟ ئەيسا ئاكا ئابدۇغېنىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرگەندەك بولدى. قاۋۇل، بەردەم چوڭ بولۇۋاتقان ئابدۇغېنى ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كۆزىگە كەلگۈسى غايىسى ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتقان سۆيۈملۈك ئوغلان بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— رەھمەت ئوغلۇم. سېنى سەكرەپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈشنىلا بىلىدىغان ئادەم بولۇپ قالارمۇ دەپ غەم قىلغانىدىم. مانا ئەمدى ئويلىمىغان يەردىن چىقتىڭ. قېنى ئېيتقىنا، تەنھەرىكەتچى بولامسەن ياكى ئوقۇتقۇچى بولامسەن؟ — سورىدى ئەيسا ئاكا شۇ كۈنى ئابدۇغېنىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك گۇۋاھنامىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ.

— تەنھەرىكەتچى بولىمەن دادا.

نەدىمۇ شۇنداق ئاسان ئىش بار - هە، ئەيسا ئاكا شۇ تاپتا ئابدۇغېنىغا تاللاش پۇرسىتى بېرىپ، ئۇنى كۆڭلىدە «ئوقۇتقۇچى»، «تەنھەرىكەتچى» قىلىپ ئولتۇرغىنى بىلەن ئۇ بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئوغلىغا ئاشۇنداق شارائىتنى يارىتالايدىغان ئالاھىدە قۇدرەتلىك ئادەم ئەمەس، بەلكى ناھىيىلىك تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ مال ساتقۇچىسى ئىدى. سۆيۈنۈش، هاياجان ئادەمنى ئەنە شۇنداق خام خىيالغا ئەسىر قىلىدىغان چېغى. چۈنكى، ئەيسا ئاكا مۇشۇ مىنۇتلاردا ئابدۇغېنىنى ئاشۇ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى مۇھىم كۆۋرۈك — تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ياكى بىرەر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىگە ئەمەس، يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىشقا ئۇزىتىش ئالدىدا ئولتۇراتتى. يېزىدىكى جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇش ئابدۇغېنىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بەربات قىلىۋېتەرمۇ؟ بۇ سوئال سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرغان ئەيسا ئاكىنىڭ خىيالىدىن يالت قىلىپ ئۆتكەندە ئۇنىڭ ياداڭغۇ كۆزلىرى بىردىنلا ياشلاندى.

ئابدۇغېنى كەتتى. ئۇ ماۋجۇشىنىڭ «زىيالىي ياشلار يېزىلارغا بېرىپ قايتا تەربىيە ئېلىش كېرەك» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بىپايان يېزىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ گەرچە ئائىلىسىدىن كونا يوتقان - كۆرپىسىنى، سومكىسىنى ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، قەلبىدە گويا ئەلەڭ ئامراق توپىنى، چۆيۈن توپ، نەيزە، دىسكا، تورنىكلارنى بىللە

ئېلىپ كەتتى. يېزىدىكى كەڭ دالا ئۇنىڭ يۈگۈرۈش، سەكرەش مەيدانى بولدى. سۇ قورۇلۇش جېكى ئېلىپ بېرىلغان «توغراق»، «نۇرمۇھەممەد زاكو» بويلىرىدىكى تاشلىق، ئۇ يەردىكى جاپالىق ئەمگەك ئۇنىڭ مەكتەپتە چېلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ مەشىق قىلغىنىغا ئوخشاشلا بەدىنىنى چېنىقتۇرىدىغان مەيدان بولدى. كۈندە يۆتكەپ كېلىنىدىغان قورام تاشلار ئۇنىڭ توپى بولغان بولسا، ئۆستەڭ بويىدا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئۆلچەش خادىسى ئۇنىڭ نەيزىسى بولدى. ئۇ ئىشلىدى، چېنىقتى. گەرچە قارىماققا «قايتا تەربىيە ئېلىش جەريانىدا ئاكتىپ ئىشلەپ، ياخشى چېنىققانلارنى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا باھالاپ ئەۋەتىپ بېرىش» تىن ئىبارەت پرىنسىپقا ئۇيغۇنلىشىش يولىدا چېلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ قەلبىنى كىچىكىدىن تارتىپ ئەسىر قىلغان تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى. قىسقىسى، جاپالىق ئەمگەك تەنتەربىيە پائالىيىتى بىلەن ماسلاشتۇرۇلغانىدى. ھايات جىددىي سىناقلار ئارىسىدا داۋام قىلىپ، تەبىئەت 1971 - يىلىنى كۈتۈۋالدى. ئابدۇغېنى ئۈچۈن تاۋلىنىش جېكى بولغان «توغراق» زاكو بويىدىكى جاپالىق ئەمگەك جىددىي داۋام قىلىۋاتاتتى.

13 - مارت تەبىئەت باش باھار مېھرىگە چۆمۈلۈشكە باشلاپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى قار - مۇزلار ئەگىز بولۇپ ئېقىۋاتاتتى. ئابدۇغېنى «زەربىدار» لار ئەترىتىدىكى دوستلىرى بىلەن ئىشلەۋاتاتتى. ئارىدا بىرى ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى پارتلاشتا ئىشلىتىپ ئېشىپ قالغان كاپسۇلنى «سىناپ» باقماقچى بولۇپ، كاپسۇلنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى كوچىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئىشلەۋاتقان ئابدۇغېنىنى جەلپ قىلىۋالدى. ھەممە ئىشقا دادىل جۈرئەت قىلىپ كۆنۈپ قالغان ئابدۇغېنى ئاخىر دوستىنىڭ قولىدىن كاپسۇلنى ئېلىپ سىناپ كۆردى. ئەپسۇس، ئۇ بۇ قىتىمقى جۈرئەت بىلەن «سىناق» نىڭ ئۆزىگە كۆتمىگەن قىسمەت ئېلىپ كېلىشىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن؟ گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەتراپتىكى قورام تاش، بېتونلار قىپقىزىل قانغا بويالدى. بۇ ئاۋاز ئابدۇغېنىنىڭ قەلبىدە جوش ئۇرۇپ تۇرغان تالاي ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئەڭ كېرەكلىك بولىدىغان سول قولىنىڭ بارماقلىرىدىن ئايرىپ قويغانىدى. ئېچىنارلىقى ئۇنىڭ كەلگۈسىدە يارامىلىق تەنھەرىكەتچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئارزۇسىمۇ ئاشۇ گۈم قىلغان دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ بوشلۇقتا توزۇپ كەتكەندەك بولدى...

## خوتەندىن خېفىيغىچە

ئىنسان هاياتىنى دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە ئوخشىتىدىغانلار كۆپ. بەلكىم ئۇلار ئىنسان هاياتىنىڭ بەئەينى دەريا سۈيىگە ئوخشاش ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ بارغۇچە نۇرغۇنلىغان ئاچاللارغا، خادا تاشلارغا، هەيۋەتلىك شارقىراتمىلارغا دۇچ كەلگىنىگە ئوخشاشلا، ئىنسانمۇ ئۆز هاياتىدا بۇنداق قىسمەتلەردىن مۇستەسنا ئەمەس، دەپ قارىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. دەرهەقىقەت، دەريا سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ. ئىنسانلارمۇ ئۆز مۇساپىسىدە دۇچ كەلگەن خادا تاشلارغا خۇددى دەريا سۈيىدەك ئۇرۇلۇپ ئۆتۈپ، قىسمەتلەرنى بولسا يىراقلاردا تاشلاپ قويۇپ، مەنزىلگە قاراپ كېتىۋېرىدۇ. ئابدۇغېنى بۇ قېتىم روهىي جەهەتتىنلا ئەمەس، جىسمانىي جەهەتتىنمۇ ئۆزى دۇچ كەلگەن خادا تاش ئالدىدا هەسرەتلىك نىدا قىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ هالدا سول قولىغا نەزەر سالدى - دە، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. چۈنكى ۋالىبول، ۋاسكېتبول، چويۇن توپ قاتارلىقلارنى نىشانغا ئۇدۇللاپ ئاتىدىغان بارماقلار بىغىشىدىنلا ئۈزۈلۈپ، ئاشۇ ئەمگەك قايىنىغان «توغراق» زاكۇ بويىدا قالغانىدى. ئەڭ ئېغىرى «مېيىپ» دېگەن نامنىڭ ئۆز ئىسمىغا بۇدۇشقاقتەك چاپلاشقانلىقى ئىدى. بۇ روهىي ئازاب ئابدۇغېنىنىلا هەسرەت ئازگىلىدا دۇملاتسا كۇپايە بولاتتىغۇ! ياق، ئۇنداق بولمىدى. ئابدۇغېنىنىڭ تەنتەربىيىدىكى كەلگۈسى ئىستىقبالىغا زور ئۈمىد بىلەن قاراۋاتقان كىشىلەرنىڭمۇ قەلبىنى ئۆرتەپ قويىدى. ئۇلار خېلى بىر مەزگىل ئۆتكۈچە ناهىيە تەۋەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە ئابدۇغېنىنىڭ كارامىتىنى كۆرۈشتىن مەهرۇم بولدى. ئۇلارنىڭ سۆهبەتلىرىدە دائىم «ئابدۇغېنى ئاتقان توپ، ئابدۇغېنى ئۇرغان توپ» دەپ باشلىنىدىغان بايانلارمۇ شىپپىدە ئۈزۈلۈپ قالدى. بىراق ئابدۇغېنى خادا تاش ئالدىدا ئۇنچىمۇ ئۇزۇن تۇرمىدى. چىگىش خىياللارغا ئاخىر خاتىمە بېرىپ، بىر قارارغا كەلدى. ئۆز ئەهۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى هاياتىنى خەنزۇ تىلىنى پۇختا ئۆگىنىپ، تەرجىمان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشقا بەخش ئەتمەكچى بولدى. بۇ قارار ئۇنىڭ قەلبىدە تەقدىرگە تەن بېرىش ئەمەس، خادا تاشلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ يول ئېچىش هېسابلىناتتى. ئۇ شۇنداق قىلدى. ئىرادىسى مۇستەهكەم بولغاچقا، خەنزۇ تىلىدىن ئاساس سىلىش ئۇنىڭغا ئۇنچىمۇ تەسكە توختىمىدى. ئۇ ئۆگەندى، ئىزدەندى. مېيىپلىق شەپقەتسىزلىكى ئازابلىغان يۈرەك شىجائەت

قۇدرىتىدە ئۆز رىتىمىغا چۈشۈپ، ھاياتلىق تەشنالىقىدا بۇرۇنقىدەك راۋان سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ بارا - بارا تۇمان ئارىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، مىيىپلىكنىڭ روھىي ئاجىزلىق ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتى. قايسىدۇر بىر كىتابتىن «گۈل گۈزەل باغلاردىلا ئەمەس، جۇت بوران تەھدىت سىلىپ تۇرىدىغان داللاردىمۇ خۇش پۇراق چاچالايدۇ» دېگەن جۈملىلەرنى كۆندىلىك خاتىرىسىگە كۆچۈرۈۋالدى.

1975 - يىلى سېنتەبىردە داللىدا خۇش پۇراق چېچىشقا باشلىغان ئابدۇغېنىغا گۈزەل باغنىڭ پەرۋىشكارلىرىنىڭ نەزەرى چۈشۈپ قالدى. جۈملىدىن ئابدۇغېنى خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. ئۆزىنىڭ ھالال ئەجرىنىڭ خۇشاللىقىغا چۆمگەن ئابدۇغېنى ھاياجان ئىچىدە مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەندە ئۇشۇمتۇت ھەسرەت ئازگىلىغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى... قەلبى ئۆرتەندى، كۆزى ياشلاندى.

ئەسلىدە مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا ۋالىبول مۇسابىقىسى تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. تونجى سۆيگۈ شۇنداق بولامدۇ؟ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش نەقەدەر تەس - ھە! ئابدۇغېنى ئۆزىنى كۆز ئالدىدىكى مەيداندا بۇرۇنقى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، قىزغىن ئالقىشقا مۇيەسسەر بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. كېيىن كاج تەقدىرنىڭ كاساپىتىدىن قەلبىگە دەپنە قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئارزۇ قايتا بىخ سۈرۈپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئارامىدا قويمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ قەلبىدە ئوتقاشتەك يېنىپ تۇرغان ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن چېلىشىش كېرەك. ۋاقىت نۇر تېزلىكىدە ئۆتمەكتە. ئابدۇغېنىنىڭ قەلبىدىكى ئىنتىلىش ئۇنى توختاۋسىز ئويغا سالماقتا ئىدى. ئاخىر ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ مەشىق قىلدى. شۇنچە ئۇرۇنۇپ باقتىيۇ، سول قول كارغا كەلمىگەچكە كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىدى. ئىرادىسىنى قايتا مۇستەھكەملەش بىلەن بىللە مەشىقنى بىر ھەسسە كۈچەيتتى، يۇلتۇزلار جىمىرلىغان كېچىلەر، كۆكۈللۇك بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۇنىڭ جاپالىق مەشىقى بىلەن مەنىلىك ئۆتۈپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار، ساۋاقداشلار ئۆز جىسمىغا شۇنچە «شەپقەتسىز» لىك قىلىۋاتقان بۇ يىگىتكە ھەيران بولۇشتى. شۇنداق بىر ھەقىقەت ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلمەكتە. دۇنيادا گۈزەل ئارزۇ ئۈچۈن جۈرئەت بىلەن ئۈمىد تۇلپارىغا مىنگەن ئادەم ھامان غالىب كېلىدۇ. دەرۋەقە، ئابدۇغېنى غالىب كەلدى. كارغا كەلمىگەن قول ئاخىر ئۇنىڭ جاپالىق مەشىقى، ئەقىل - پاراستى بىلەن كارغا

كەلدى. ئۇ ئۆزىنى شادلىق ئىچىدە تەنتەربىيە مەيدانىغا ئاتتى. ئۈزۈلۈپ قالغىلى ئۇزاق بولغان سادا قايتا جاراڭلاشقا باشلىدى. بارماقسىز قول بىلەن تۇتۇپ نىشانغا ئۇرۇلغان، ئېتىلغان توپ تەنتەربىيە ئىشتىراكچىلىرىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭغا تىكىلگەن جۈپ - جۈپ كۆزلەر بىر مېيىپنى ئەمەس، كەلگۈسىدىكى بەردەم تەنھەرىكەتچىنى كۆرۈۋاتاتتى.

ئابدۇغېنى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تەشكىل ئۇنىڭ تالانتىنى نەزەرگە ئېلىپ، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى سۈپىتىدە شەنبە بازار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىگە تەقسىم قىلدى. 1981 - يىلى كېرىيە ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىن ئۇنى تەكلىپ بىلەن يۆتكەپ كېلىپ، تەنتەربىيىدىكى ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇ مەزگىل ئابدۇغېنىنىڭ كەسپىي جەھەتتە تېز ئالغا باسقان مەزگىلى بولدى. ئۇ ناھىيە تەۋەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە ئۈستۈنلۈكنى قولدىن بەرمەي، ئىقتىدارلىق تەنھەرىكەتچى ھەم كەسپىي يېتەكچىگە ئايلاندى. 1983- يىل خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 50 كىلومېتىرلىق ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسى ئابدۇغېنىنىڭ ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى. ئۇ بۇ مۇسابىقىدە ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن دادىللىق بىلەن يېڭى پەللىگە قاراپ يول ئالدى. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق بىرىنچى قېتىملىق مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، تۆت تۈردە تۆت ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. بۇ نەتىجە ئابدۇغېنىنىڭ جاسارىتىگە جاسارەت قوشتى. ئۇنىڭ كۆكسىدە جۇلالىنىپ تۇرغان تۆت ئالتۇن مېدالغا قانچىلىك ئىشەنچ، قانچىلىك مۇشەققەت، قانچىلىك ئۈمىد مۇجەسسەملەنگەن - ھە! بىرىنچى قېتىملىق غەلىبە بەخش ئەتكەن ئىلھام، مەدەتنىڭ قۇدرىتى شۇ يىلى ئۇنى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك بىرىنچى قېتىملىق مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ شىجائىتى بىلەن قارا قۇرۇم تېغىنىڭ ئېتىكىدە ياڭرىغان سادا بۈيۈك بۇغدا چوققىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دابېشەن تېغىنىڭ قاپتاللىرىدىمۇ جازبىملىك ياڭرىدى. ئۇ بۇ مۇسابىقىدىمۇ تۆت تۈردە ئۈچ كۆمۈش مېدال، بىر مىس مېدالغا ئېرىشىپ، خېفېيدىن خوتەنگە غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى.

# كۆنمىڭدىكى جاسارەت

ئەپساندىن باشلىنىپ رېئاللىق چەكسىزلىكى ئىچىدە مەۋجۇت
بولۇۋاتقان دۇنيادا ئىنسان ھەققىدە ساناقسىز ناخشىلار ئېيتقان،
ئېيتىلىۋاتىدۇ. سۆيگۈ ۋە ئېتىقاد ئەنە شۇ ناخشىلارنى ئەۋلادتىن -
ئەۋلادقا داۋام قىلدۇرۇپ بېيىتىپ تولۇقلاپ كېلىۋاتىدۇ. دۇنيانى
قۇياشسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغاندەك، ئىنسانلارنىمۇ
سۆيگۈسىز، ئېتىقادسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ھايات
ھەققىدىكى ناخشىلارغا سۆيگۈ ۋە ئېتىقاد مەۋجۇتلۇق بەخش ئەتكەنلىكى
ئۈچۈنلا دۇنيا شۇنچە گۈزەل، ھاياتلىق شۇنچە قىممەتلىك.

ئابدۇغېنى ئۆزىگە بولغان ھاياتلىق ناخشىسىنى تەنتەربىيىدىكى
ئالاھىدە تالانتى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە
قىسمەن توسالغۇلارغىمۇ دۇچ كەلدى. بەزىلەر ئەمدى بولدى قىل،
ھەر قانچە قىلساڭمۇ دۇنيا مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشالمايسەن،
قاتناشساڭمۇ نەتىجە يارىتالمايسەن، دېسە، بەزىلەر مۇشۇنداق
سەكرەپ، يۈگۈرۈپ يۈرسەڭ ناھايىتى تېز قېرىپ تۈگىشىسەن،
دەيتتى. ئەمەلىيەتنىڭ ئادىل باھاسى قانداق؟ ئابدۇغېنى بۇنى ياخشى
بىلەتتى. كۆك قەھرىدە يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان كېچىلىرى ئۇ
تەنتەربىيە مەيدانىدا مەشىق قىلىۋېتىپ، ئارىلاپ خىيال دېڭىزىغا
غەرق بولاتتى. شۇنداق، — دەيتتى، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىر-
لاپ، — ئۇيغۇرلار ناخشا - ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن، ئۆچمەس مەدەنىيەت
تارىخىغا ئىگە مىللەت. بىراق بۇ مىللەتنىڭ ھازىرقى بەدەن
تەرەققىياتى، ساغلاملىقى قايسى ھالدا؟ ئۇنىڭ خىيالى مانا مۇشۇ يەرگە
كەلگەندە يۈرىكى قوقاسقا چۈشۈپ كەتكەندەك پۇچۇلىنىپ، شۇئان بىر
خىل غايىۋى كۈچ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، كۆز ئالدىدا ئاجايىپ
كۆركەم بىر مەنزىرە نامايان بولاتتى - دە، مەشىقنى قەتئىي نىيەت،
يۈكسەك ئىرادە بىلەن داۋاملاشتۇراتتى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە 1987 - يىلىنىڭ مەمۇرچىلىق 10 -
ئېيى كېلىپ قالدى. بۇ كۈنلەردە ئابدۇغېنى ئۈرۈمچىدە بولۇپ، بىر
نەچچە دوستلىرى ئۇنى خېبېينىڭ تاڭشەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىككىنچى
قېتىملىق مەملىكەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئۇزىتىپ
قويۇش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ قېتىم بوش كەلمە دوستۇم، ئالتۇن
مېدالنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭ ئال، دەيتتى يىگىتلەر ئارقا - ئارقىدىن
ئابدۇغېنىغا رىغبەت ۋە مەدەت بېرىپ، ئاخىردا بويىنىغا «مودەن»
ماركىلىق رەسىم ئاپپاراتى ئېسىۋالغان بۇدۇر چاچلىق يىگىت شۇنداق

دېدى.

— دوستۇم، بۇ قېتىم قايتىپ كېلىپ يەنىلا خوتەنگە قايتىمەن دېمە، سەندە ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار بار. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبالىڭنى نەزەرگە ئېلىپ ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قال، ساڭا ئۈرۈمچىدىن كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇن تېپىشقا مانا بىز كېپىل بولىمىز. ئۈرۈمچىنىڭ شارائىتىنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەن، قانداق؟

يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئابدۇغېنى خىيالچان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، يېشىل مەخمەل پەردىسى قايرىۋېتىلگەن دېرىزىدىن يىراقتا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇغدا چوققىسىغا تىكىلىپ، ھاياجان ۋە ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل تەلەپپۇزدا شۇنداق دېدى:

— دوستلار، بۇرۇنمۇ سىلەر ماڭا مۇشۇنداق مەسلىھەت بەرگەن. مەن كۆپ ئويلاندىم. ياخشى كۆڭلۈڭلارغا رەھمەت، بىراق سىلەر ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئاز - تولا نەتىجە يارىتىپ كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بولغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچىگە يىغىلىۋالساق بىز ئاشۇ تەكلىماكاننىڭ جۇت - بورانلىرىغا باش ئەگمەي چېلىشىۋاتقان يۇرتداشلىرىمىزغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟ بىز يۇرتىمىز ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىكقۇ! مەن ئوقۇتقۇچى، تەنتەربىيىدە قولغا كەلتۈرگەن كىچىككىنە ئۇتۇقۇمنى دەستەك قىلىپ، ماڭا تىكىلىپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان ئەۋلادلارنىڭ مېھرىدىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيمەن، مېنى كەچۈرۈڭلار! — يىگىتلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ ئۈندىمەي ئولتۇرۇشاتتى. شۇ تاپتا ئۇلار دوستلۇق مېھرىدىن ئۇلۇغراق يەنە بىر خىل مېھرىنىڭ ئابدۇغېنىنىڭ قەلبىنى ئاللىقاچان ئەسىر قىلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىشماقتا ئىدى. شۇنداق، ئابدۇغېنى بۇ خىل مېھرىنىڭ لەرزىگە چۆمۈلگىلى خېلى ئۇزاق بولغان، ئۇ شۇ يىلى تاشكەنتتىن بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدالغا ئېرىشىپ قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىدە بىر نەچچە كۈنلا تۇردى. گەرچە ئۇ بۇ قېتىم كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، مۇھىمى تەجرىبە-ساۋاققا ئىگە بولدى. بۇ تەجرىبە - ساۋاق 1990 - يىلى يۇننەننىڭ كۇنمىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مېيىپلار يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىگە قاتناشقاندا ئەسقاتتى. كونلار «باتۇرنىڭمۇ بىرەر قېتىم يىقىلىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ» دەپ توغرا ئېيتقانغۇ! كۇنمىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ناھايىتى كەسكىن، جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. مەملىكەتنىڭ ھەممە ئۆلكە - شەھەرلىرىدىن كەلگەن تەنھەرىكەتچىلەر چېمپىيونلۇقنى تالىشىپ، ئۆز تالانتىنى

نامايان قىلماقتا ئىدى. ئابدۇغېنى قەلبىدىكى ھاياجاننى بېسىۋېلىپ، سەزگۈرلۈك بىلەن مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۇ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئۈچ تۈر بويىچە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىگە ئېرىشتى. مەيدان ئەتراپىدىكى ساناقسىز كۆلدەستىلەر ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن بوشلۇقتا پولاڭلىدى.

## ھايات ناخشىسى

كۆپ ھاللاردا ھاياتلىق تەشنالىقى ئىنسانلارغا شۇنچە قىسقا ئۆمرىنى ئۇزۇن ھېس قىلدۇرۇپ قويىدۇ، ئۆمۈر ھەققىدە ئىنچىكە ھېساب قىلىشتىن يالتىيىشنىڭ سەۋەبىمۇ — ماماتلىقنىڭ ئىنسان ئۈچۈن شۇنچە دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىدا. بىراق ئۆمۈر ھەققىدە ئىنچىكە ھېسابات قىلماسلىق ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئۆمۈردىن خۇلاسە چىقىرالماسلىق دېگەنلىكتۇر. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە دۇنيادىن ئىز - دېرەكسىز يوقىلىش بولىدۇ، ئەلۋەتتە. سەن ئۆزۈڭنى بىر پارچە لوم تۆمۈر دەپ پەرەز قىلساڭ، ئۇ چاغدا تۇرمۇش — پىچ؛ ئارزۇ — سەندەل. جۈرئەت بىلەن ئۈمىد بازغان بولسۇن، سەممىيلىك بىلەن كۆكسۈڭنى سەندەلگە ياق. ئىشەنگىنكى، سەن نادانلىق قاراڭغۇلۇقىنى يوقىتالايدىغان زۇلپىقارغا ئايلىنىسەن.

يىللار شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتتى. تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ، دائىم بىرىنچىلىكنى تالىشىپ ھارمايدىغان بالا — ئابدۇغېنىمۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە 40 ياشتىن ھالقىدى. 40 ياش ئىنسانغا نىسبەتەن پىشىپ يېتىلىدىغان، ھاياتتىن ئالغان تەسىرات، چۈشەنچىلەرنى خۇلاسىلەپ، ئىلمىي يەكۈن ھاسىل قىلىدىغان دەۋر. بۇ دەۋر ئۈمىدۋار، ئاقىلانە ئادەملەر ئۈچۈن ئاشۇنداق قىممەتلىك دەۋر بولغىنى بىلەن جۈرئەتسىز كىشىلەر ئۈچۈن بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتقا ئېچىنىپ، ھەسرەت چېكىش باشلىنىدىغان دەۋردۇر. ھاياتتىن كىممۇ ئاسان ئۈمىد ئۈزەلىسۇن! دەرۋەقە، ئابدۇغېنىمۇ ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئۆز ئۆمرىدىن قانداق خۇلاسە چىقىرىش ھەققىدە باش قاتۇرىدۇ. قەلبى گاھ ئۆرتەنسە، گاھ ئۈمىدىنىڭ غايىۋى كۈچى ئۇنى سۆيۈنۈش، ئىپتىخار قوينىغا باشلاپ بارىدۇ. ئەل ئارىسىدا «چىرايلىق، خۇش پۇراق چېچەك ئېچىلغان گۈلنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن پۇرايدىغانلار، ئەتىۋارلاپ قولىقىغا قىسىدىغانلار ھامان چىقىدۇ» دېگەن سۆز بار. شۇنداق، ئاپىرىدە بولغىلى نەچچە مىليون يىللار بولغان بۇ ھاياتلىق ئالىمىدە قانچىلىغان

باھادىرلار، قانچىلىغان ئەدىب، ئالىملار ياشاپ ئۆتمىدى! يەنە قانچىلىغان باتۇر - پالۋانلار ئەل بەختى، ئەركى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلمىدى؟! بىز ئۇلارغا ئالدى بىلەن قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان پاك سۆيگۈمىز بىلەن ئاپىرىن ئېيتىمىز. مۇشۇنداق سۆيگۈمىز بىلەن شۇنداق بىر ئابىدە - ھەيكەلنى قەلبىمىزنىڭ تۆرىدە تىكلەشكە قادىر بىز. بۇنداق ھەيكەلگە مەڭگۈ چاڭ - توزان قونمايدۇ. مېيىپلىك ئاپىتىنى ئىرادە بىلەن جۇرئەتتە مەغلۇپ قىلىپ، مېيىپلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ خاسىيەتلىك راۋان يولىنى ئىزدەۋاتقانلارغا شەرەپ كەلتۈرگەن ئابدۇغېنىغا دۆلەت ۋە خەلق لايىقىدا جاۋاب قايتۇردى. 1984 -، 1987 - ۋە 1990 - يىلى ئۇنىڭ نەتىجىلىرى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئارقىلىق كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇلدى. «شىنجاڭ تەنتەربىيىسى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ رەڭدار سەھىپىسىدە كەڭ كىتابخانلارغا تونۇشتۇردى. جاپالىق مەشىق، مېھنەت ئارقىلىق كۆكسىگە تۆت ئالتۇن مېدال، تۆت كۈمۈش مېدال، ئۈچ مىس مېدال ئاسقان ئابدۇغېنى ھازىر كېرىيە ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ ئۆزىنىڭ ھالال ئەجرى بىلەن مائارىپىمىزغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇۋاتقان ئاددىي بىر ئوقۇتقۇچى، مەملىكىتىمىزدە ھازىر بار بولغان 51 مىليون مېيىپنىڭ بىرى. شۇنداق، ئابدۇغېنى تەنتەربىيە تۈرلىرى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن تەنھەرىكەتچى بولماستىن، جاپالىق شارائىت ئىچىدە يېتىشىپ چىققان ئىشتىن سىرتقى تەنھەرىكەتچى. ئۇ يەنە مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك مېيىپلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، كېرىيە ناھىيىلىك مېيىپلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىمى.

ھايات ھەقىقىدىكى لىرىكىلىق ناخشا تېخى تۈگىمىدى. ھايات ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋام قىلىپ شۇنداق بىر تۈگىمەس ناخشىنى ياراتقانكى، بۇ ناخشا ئىنسان ئىلكىدە پەقەت ئۆز ئېلىگە ۋە خەلقىگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر ئارقىلىق جۇلالىنىپ، مەڭگۈ جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

مۇھەممەتئىبراھىم ئىسمايىل

# كېپەن ئوغرىلىرى خوتەندە

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## 1. مۇقەددىمە ئورنىدا

كۆچەت تىكىپ باغ بىنا قىلىپ، دەل-دەرەخلەر مېۋىگە كىرەي
دىگەندە، توساتتىن چىققان بوران ياكى باشقا ئاپەتلەر تۇپەيلىدىن تەر-
ئەجرى كۆپۈككە ئايلانغان باغۋەننىڭ دەردلىك كۆز يېشى تۆكۈلمەي
قالامدۇ؟ يىل بويى جاپا چېكىپ تىجارەت قىلىپ، ئاخىردا زىيان
تارتىپ دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان سودىگەرنىڭ يۈرىكى زەرداپقا
تولماي قالامدۇ؟...
ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ خىل ئەھۋاللار كىشىلىك ھاياتتىكى
ئاسادىي ھادىسىلەر بولۇپ، ھايات - ماماتلىق تۇرمۇش رىتىمىغا
كۆنۈپ كەتكەن ئىنسانلار ئۆز ئۆمرىنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا بۇ خىل
بوشلۇقنى ھامان تولدۇرۇۋېلىشقا قادىر بولالايدۇ.
لېكىن، مەن يازماقچى بولغان بۇ ئەجەللىك يوقىتىشنىڭ
ورنىنى تولدۇرۇش — نەچچە مىڭ ئەۋلاد تىرىشىش نەتىجىسىدىمۇ
ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. مۇشۇ يوقىتىش كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋى
ازابلار ۋە پۇشايمان - خورسىنىشلار ئەبەدىل - ئەبەد داۋاملىشىدۇ.
ەۋلادلار ئەجدادلارنى قارغاش ۋە ئۇلاردىن مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىش
دەۋالىرى مەڭگۈ بېسىقمايدۇ. ئەجەبا، سىز مۇشۇبىر ئەۋلاد ئىنسانلار
وپى جۇملىدىن ئۆزىمىزنى «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى»
ەپ ئاتىغان ھەر بىر جۇڭگولۇق XX ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاي،
كۈنلىرىدە قانداق كەچۈرگۈسىز جىنايەت سادىر قىلدۇق؟! ... بىز
ەۋردىن، زاماندىن زارلىنامدۇق ياكى پۇل - مالنى دەپ ئاندا - ساندا
ۇرمىگە تاشلانغان كېپەن ئوغرىلىرىدىن زارلىنامدۇق؟! بەربىرغۇ!

يوقالغان، ئېقىپ كەتكەن نەرسە مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ. بۇزۇلغان قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرى، قەدىمىي مىراسلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ھازىر بىزنىڭ ئەمەس! ئۇ ئاللىقاچان ئۆز تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتتى، ئۇ مەڭگۈ بىزگە مەنسۇپ بولمايدۇ. ۋەتىنىنىڭ، مىللىتىنىڭ شان - شۆھرىتىنى ساتىدىغان بۇ خىل ساتقىنلىقتا بۇ پانىي ئالەمدە مۇۋاپىق جازا تېپىلماسمۇ؟ !...

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنخۇاڭ، تۇرپان، كۇچار شۇنىڭدەك تەكلىماكان بويلىرىدىكى نۇرغۇن قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرى چەت ئەل جاھانگىرلىرى تەرىپىدىن ئوغرىلاپ كېتىلگەن. بۇ تارىختا ئەمدىلا يۈز يىل بولدى. بىز مۇشۇ بىر ئەسىر ئىچىدە جاھانگىر ئارخېئولوگلارنى يۈز مىڭ قېتىم تىللىدۇق. شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتمۇ «كارى بولمىغان، ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىلغان» دەپ ئەيىبلەندى.

ئەمما، دەۋر نۆۋىتى بىزگە كەلگەندە بولسا بىزنىڭ قانچىلىك كارىمىز بولدى؟ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» ئېلان قىلىنغىلى 16 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، تەكلىماكان ۋادىسىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرى قانچىلىك قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولالىدى؟ بۇزۇلۇۋاتقان، ئوغرىلىنىۋاتقان قەدىمىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئالدىدا بىز ھازىرقى دەۋرىمىزنى بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە سېلىشتۇرساق زادى قانداق پەرق، قانداق ماھىيەت كېلىپ چىقىدۇ؟

بەش مىڭ يىللىق پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئالدى بىلەن جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مەنسۇپ. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي زامان مەدەنىيىتىمۇ دەل ئاشۇ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. لى رۈيخۇەن، لى تېيىڭ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «بىزنىڭ دەۋرىمىزدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلار زىيانغا ئۇچرىسا، ئۇ ئالدى بىلەن بىز بىر ئەۋلاد پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ...»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇزۇلسا ئۇنى قايتا ياسىغىلى، يوقالسا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىز ھوقۇق تۇتۇۋاتقان مۇشۇ دەۋردە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، بىز تارىخ ئالدىدا، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئالدىدا مەڭگۈلۈك جىنايەتچىلەرگە ئايلىنىپ قالىمىز...»

بىزنىڭ ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا-بازارلاردىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىمىزدىكى رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «قەدىمىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەننى مۇشۇنداق يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ چۈشىنىدىغانلار بەكمۇ ئاز. يۇقىرىقىدەك گەپنى قىلىدىغانلار تېخىمۇ يوق دېيەرلىك. شۇڭا يۈز يىل ئالدىدىكى شەرمەندە تارىخ كۆز ئالدىدا قايتا-قايتا تەكرارلانسۇنمۇ؟ بىر قىسىم باشلىقلىرىمىز «پاختا - قوناق...» تىن باشقىنى ئويلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھوقۇق-مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۇقىرىدىن كۆپ تەكشۈرىدىغان، سان بىلەن پۇل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولىدىغان خىزمەتنىلا ئىشلەيدۇ. ئۇنۇم ۋە پايدىسىنى دەرھال كۆرگىلى بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا «ۋاقتى» يەتمەيدۇ. بۇ توغرىدىكى جىددىي دوكلاتلارمۇ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتمىدۇ ياكى ئۈستەل ئۈستىدە مەڭگۈلۈك بېسىلىپ قالىدۇ... ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش پەقەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خادىملىرىنىڭلا ۋەزىپىسى. ئەگەر سىز مېنى ئارتۇق گەپ قىلدى، خىزمەتلىرىمىزنى يوققا چىقاردى دەپ قارىمىسىڭىز، مېنى ئەيىبلىمىسىڭىزلا سىزگە ئاجايىپ «ھېكايە» لەرنى سۆزلەپ بېرىمەن.

## 2. خوتەن گىلىمىنىڭ پاجىئەسى

خوتەن تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ گىلەم، قاشتېشى، يىپەك-ئەتلىسى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ كەلگەن. تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن قارىغاندا، خوتەندە بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرىلا گىلەم توقۇلۇشقا باشلىغان. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن ۋە نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمىي گىلەم نۇسخىلىرى بۇنىڭ ماددىي دەلىلىدۇر. كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە «يىپەك يولى» سودىسىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن گىلەمچىلىك تېخنىكىسى ۋە سودىسى قوشنا رايونلار ئارقىلىق پېرسىيە ۋە يۇنانلارغىچە يېتىپ بارغان. خوتەن گىلىمى ئۆزىنىڭ گۈزەل-رەڭدارلىقى، پۇختىلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ، خوتەننىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، XX ئەسىردىكى 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا ۋەتەننىڭ شۆھرىتىنى نامايان

قىلىدىغان بۇ خوتەن گىلىمى ئاجايىپ ئېغىر تەقدىرگە دۇچ كەلدى.

ئىسلاھات — ئېچىۋېتىش دولقۇنى دەرھەقىقەت جۇڭگو جەمئىيىتىگە ئالەمشۇمۇل يېڭى تەرەققىياتلارنى بەخش ئەتتى. لېكىن، شۇ قاتاردا ھازىرقى زامان نېمەتلىرىدىن ئاللىقاچان كۆڭلى-قارنى تويغان بەزى چەت ئەللىكلەر شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت مىراسلىرىغا كۆز تىكىشكە باشلىدى. جۇڭگولۇقلار بۇ زور ئېچىۋېتىشتىن روھلىنىپ، ئىشخانا - ياتاق ئۆيلىرىنىڭ يان - ئارقا تاملىرىدىن تۈشۈك ئېچىپ تاماكا - سەرەڭگە سېتىۋاتقان شۇ پۇرسەتتە، ئىران سودىگەرلىرى پاكىستانلىق غالچا سودىگەرلەر ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل يېزا - قىشلاقلىرىغىچە بېرىپ قەدىمكى زامان گىلەم نۇسخىلىرى، فارفور ساپال بۇيۇملار ۋە ئەتىۋارلىق قۇشلارنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، چېگرا سىرتىغا يۆتكەشكە باشلىدى. بۇ خىل غەيرىي سودىنىڭ ماھىيىتىنى ئەينى ۋاقىتتا كىممۇ بىلىپ يەتكەن دەيسىز. تېخى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارماقلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بۇ سودىغا ئارىلىشىپ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ماگىزىنى» قۇرۇپ، بۇ ئاشكارا بۇلاڭچىلىققا ماسلاشتى. قىزىق يېرى شۇكى، ئايرىم رايونلاردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلار تارماقلىرى چەت ئەللىكلەر سېتىۋالغان ھەر بىر گىلەمدىن ئون يۈەن باھالاش ھەققى ئېلىپ، چېگرىدىن چىقىشقا ئىجازەتنامە يېزىپ بەردى. بىر نەچچە يىل داۋاملاشقان بۇ «جانلىنىش» ھەرىكىتىدە، كىشىلەر قولىدا ساقلانغان نۇرغۇنلىغان قەدىمىي گىلەم نۇسخىلىرى ھەش - پەش دېگۈچىلا ئاللىكىملەرگىدۇر مەنسۇپ بولۇپ كەتتى. بۇنىڭلىق بىلەن پاكىستانلىق ياللانما سودىگەرلەرنى «بۇلاڭچى» دېگىلى بولمايدۇ - دە، چۈنكى ئۇلار قانداقلا بولسۇن گىلەم ئىگىلىرىگە، باشقۇرغۇچى تارماقلارغا پۇل بەردى، دۆلەتكە باج - رەسمىيەت تۆلىدى. ماللارنى ئىجازەتنامە ئارقىلىق قانۇنلۇق رەۋىشتە چېگرىدىن چىقاردى.

مەسىلىنىڭ ماھىيىتى شۇ يەردىكى، گىلەملەر گەرچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارماقلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ باھالانغان بولسىمۇ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ «قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىشى»غا قارىتا تەدبىر قوللىنىش يېتەرلىك بولمىغاچقا، تۈرلۈك نورمالسىز يوللار بىلەن دەۋرى بىر قەدەر قەدىمىي يېگانە نۇسخىلىق گىلەملەرمۇ سىرتقا چىقىپ كەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەينى ۋاقىتتا بۇ گىلەملەرنىڭ تېخنىكا پاتېنت ھوقۇق تەۋەلىكى مەسىلىسىنى ھېچكىم

ئويلاشمىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە شۇ ۋاقىتتا چېگرىدىن چىقىپ كەتكەن نەچچە مىڭلىغان گىلەمنىڭ بىرەرىمۇ يېڭى ئەمەس. گۈل - نەقىشلىرى، دەۋر ئالاھىدىلىكلىرى ۋە توقۇش ئۇسلۇبى، بوياش تېخنىكىسى جەھەتلەردىن قارىغاندىمۇ ھەممىسى دېگۈدەك قانۇندا بەلگىلەنگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىل چېكى — مىنگو دەۋرىدىن بۇرۇنقى گىلەملەر ئىدى.

چەت ئەللەرگە گىلەم لازىم بولسا ئەجەبا نېمە ئۈچۈن ھازىرقى زامانىۋى چېرتيوژلار بىلەن توقۇلغان تاشقى سودىغا لايىق گىلەملەرنى سېتىۋالمايدۇ؟ ياق، ئۇلارغا گىلەم ئەمەس، ئىگىسىز قالغان ھۈنەر تېخنىكا، پاتېنت ھوقۇقى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تىپىغا كىرىدىغان قەدىمىي گىلەم لازىم. ئۇلار مۇشۇ قەدىمىي گىلەملەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ «گىلەمچىلىك تېخنىكىسى» ۋە «گىلەمچىلىك تارىخى»نى بىزدىنمۇ ئالدىغا سۈرۈپ ماختانسا، پۈتۈن ئالەمگە جاكارلىسا كىممۇ ھۆت - پۆت دېيەلەيدۇ؟

دەرۋەقە ئىش بىز ئەينى ۋاقىتتا ئويلاپ يەتمىگەن يەردىن چىقتى.

1993-يىلى مەن خىزمەت بىلەن ئۈرۈمچىگە باردىم. نەشرىياتتىكى ساۋاقدىشىم مۇھەممەد تۇردى سۆھبىتىمىزنىڭ بېشىدىلا مەندىن سورىدى:

— سىلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ئىشلەيسىلەر، سىلەرنىڭ كۆرگەزمىخانىڭلاردا خوتەننىڭ قەدىمىي گىلەم نۇسخىلىرىدىن نەچچىسى بار؟

مەن ساۋاقدىشىمنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى پەملىدىم ۋە قايتۇرۇپ سورىدىم:

— قانداق، ئەجەبا، بۇ سوئالنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— مەن بۇنى سەۋەبسىز سورىمىدىم. ئۆتكەندە مەن يۇرتقا بارغاندىمۇ ئاڭلىغانىدىم. چەت ئەللىكلەر خوتەننىڭ قەدىمىي نۇسخىلىق گىلەملىرىنى شۇنچە كۆپ يۆتكەپ كېتىپتۇ. ھۆكۈمەتنىڭمۇ كارى بولماپتۇ. سىلەر بۇنىڭغا بىرەر تەدبىر قوللانمىدىڭلارمۇ؟

— توغرا ئېيتىسىز، بىزنىڭ ئىدارە ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان فۇنكسىيىلىك ئورگىنى، لېكىن بۇنداق زور سودا قىزغىنلىقى ئالدىدا بىزمۇ ئامالسىز قالدۇق. بىرىنچىدىن، بۇ ھەقتە يۇقىرىنىڭ كونكرېت چەكلەش، كونترول قىلىش ئۇقتۇرۇشى يوق؛ ئىككىنچىدىن، بىز ئۇنى چەكلەيلى دېسەك، بىزدە چەت ئەللىكلەردىنمۇ يۇقىرى باھادا

سېتىۋالىدىغان مەبلەغ بولۇشى كېرەك. ئەپسۇسكى، يەرلىك مالىيە كەسىپىي راسخوتقىمۇ كاپالەتلىك قىلالمايۋاتقاندا، بۇنىڭغا نەدىن راسخوت چىقىرالايدۇ؟ ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى چەت ئەللىكلەرنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى چەكلىگەن بولسا ياكى دۆلەت مەخسۇس راسخوت ئاجرىتىپ، بۇ قەدىمىي مىراسلارنى قوغداپ قالغان بولسا توغرا بولاتتى. لېكىننزە ... ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭغا ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمىدى.

ساۋاقدىشىم ئېغىر خورسىنغان ھالدا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

— ئىراندا نەشر قىلىنغان چاتما جىلىدلىق بىر كىتاب ئۇرۇمچىگە كەلدى. كىتابنىڭ نامى «ئىراننىڭ قەدىمىي گىلەم نۇسخىلىرى» ئىكەن. مەن بۇ كىتابتىكى سۈرەتلەرنى كۆرۈپ چىقتىم. ھۆددە قىلالايمەنكى، مۇشۇ كىتابلارغا بېسىلغان گىلەم نۇسخىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خوتەننىڭ ئىكەن. بۇ كىتابتا ھەتتا دىققەتسىزلىكتىن بەزى گىلەملەردىكى «پالانى يىلى پالانى ئاينىڭ پۈستانى كۆنى - خوتەن» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر ۋە چىڭ دەۋرىدە توقۇلغان كۆك تەگلىك گىلەمدىكى خەنزۇچە «خېتىيەن» (和阗) دېگەن خەتلەرمۇ ئەينەن بېسىلىپ قاپتۇ. بۇلار قانداقمۇ «ئىران گىلەم نۇسخىلىرى» بولسۇن؟! ...

## 3. «مېھمان» قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەتلەر

1997 - يىلى 11 - ئايلار بولسا كېرەك، ئۆزىنى «نېپاللىق» دەپ ئاتىۋالغان بىر كىشى خوتەندە پەيدا بولدى. چىرايى قارامتۇل، بويى پاكار ھەم سېمىز كەلگەن بۇ كىشى ھەقىقەتەن شەرقى جەنۇبى ئاسىيالىققا ئوخشايتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ كىشىنىڭ ھەقىقى سالاھىيىتىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇنىڭغا ئۈرۈمچىدىن بىللە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن باتۇر ئىسىملىك موڭغۇل يىگىت ئۆزىنى «تەرجىمان» دەپ تونۇشتۇردى. خوتەن ۋىلايەتلىك تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ساياھەت شىركىتىدىكىلەرنىڭ ۋاستىچىلىكى بىلەن بۇ كىشى ئەڭ ئاۋۋال خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىغا كېلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسىنى كۆردى ۋە بۇ ئىدارىنىڭ مەسئۇلىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن «خوتەننىڭ

قەدىمكى زامان توقۇلما بۇيۇملىرى» ناملىق كىتاب ئىشلەش تەكلىپىنى بەردى. بىر نەچچە قېتىملىق سۆھبەت ۋە زىياپەتلەردىن كېيىن خوتەننىڭ قەدىمكى زامان توقۇلما بۇيۇملىرىنى بولۇپمۇ سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بۇنىڭدىن 2500 يىل ئىلگىرىكى يىپەكلىك دەۋرگە مەنسۇپ بولغان سەنئەتلىك توقۇلمىلارنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرىدىغان بىر پارچە سۈرەتلىك كىتاب ئىشلەش، خوتەن تەرەپ بارلىق سۈرەت ماتېرىياللىرى ۋە يازما ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش؛ «مېھمان» تەرەپ نەشر قىلىشقا كېتىدىغان بارلىق راسخوتنى ۋە سۈرەت تارتىش راسخوتىنى ئۈستىگە ئېلىش؛ كىتاب بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن پايدىنى تەڭ نىسبەتتە بۆلۈشۈش ئاغزاكى توختامى تۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىش باشلىنىپ، ھەش - پەش دېگۈچە بارلىق توقۇلما بۇيۇملار سۈرەتكە ئېلىنىپ، يازما ماتېرىياللىرى تەييارلىنىپ «مېھمان» غا تاپشۇرۇلدى.

كېيىن ئۇقۇشۇمچە، «مېھمان» كەتكەندىن كېيىن بىزنىڭ ئىدارە مەسئۇللىغا تېلېفون بەرگەنمىش. سۈرەت ماتېرىياللىرى تولىمۇ كەم بولغاچقا، بىر كىتاب چىقىرىشقا بەكمۇ ئازلىق قىلغانمىش، شۇڭا كېيىنچە ماتېرىياللارنى يەنىمۇ تولۇقلاپ، ئاندىن تۈتۈش قىلماقچى بولغانمىش.

«مېھمان» نىڭ خوتەندە تۇرغان ۋاقتى بىر نەچچە ھەپتىگە يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن جاي-جايلاردىن كەلگەن قەدىمىي قەبرىلەرنىڭ ئوغرىلىقچە كولانغانلىق خەۋەرلىرى كۆپىيىپ كەتتى. كېيىن بىلىشىمچە، ھېلىقى «مېھمان» نىڭ ئىسمى زاشى بولۇپ، شىياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق نېپاللىق سودىگەر ئىكەن. ئۇ خوتەندە تۇرغان مەزگىللەردە خوتەندىكى قاشتېشى سودىگەرلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساتقۇچىلارغا: «قەدىمكى زاماننىڭ سۈرەتلىك، ئالاھىدە نەقىشلىك توقۇلمىلىرى بولسا ئەكېلىڭلار، يۇقىرى باھادا سېتىۋالىمەن ...» دەپ قىزىقىش پەيدا قىلغان. مەقسەتلىك، پىلانلىق ھالدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خادىملىرىغا يېقىنلاشماقچى بولغان. «كىتاب نەشر قىلىش» ھېيلىسى ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا نىسبەتەن ئويىنىغان ناھايىتى ئۇنۇملۇك ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

1998 - يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا بىز لوپ ناھىيىسىدە قەدىمىي قەبرىلەرنى ئوغرىلىقچە قازغان كېيەن ئوغرىلىرىنى تەكشۈرۈپ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان قەبرىلەرنى سۈرەتكە ئېلىپ

ئۆلچەۋاتقاندا، زاشى خوتەندە يەنە پەيدا بولدى. ئۇ ھېلىقى «كىتاب»قا كېتەرلىك ماتېرىياللارنى تولۇقلىغىلى كەلگەنمىدۇ ياكى «ھوسۇل» يىغىشقا كەلگەنمىدۇ؟ ...

مەن خىزمەتداشلىرىمنى ۋە تونۇش - بىلىشلىرىمنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ تۇرار جايىنى، نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلىدىم. بۇزغۇنچىلىق كۆلىمىنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بىر پارچە جىددىي دوكلات يېزىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىغا ئاچىقىپ بەردىم. ئۇلار بۇ ئىشقا جىددىي كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلاردىن «بىز سىز تەمىنلىگەن ئۇچۇر بويىچە تەكشۈردۇق، ئەمما ئۇ ئادەمنى تاپالمىدۇق ...» دېگەن جاۋابنى ئالدىم.

بىزنىڭ قولىمىزدا دۆلەتنىڭ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» بار بولسىمۇ، باشقا مەمۇرىي قانۇن يۈرگۈزۈلەيدىغان ئورۇنلارغا ئوخشاش، بىزدە «قانۇن يۈرگۈزۈش كىنىشكىسى» بولمىغاچقا، بىز ئامالسىز ئىدۇق. ئەمما، خوتەندە ج خ ئورگانلىرى، خەۋپسىزلىك تارماقلىرى بار ئىدىغۇ؟ ئەجەبا، بىر چەت ئەللىك خوتەنگە ئۇدا ئۈچ قېتىم كېلىپ، دۆلەت ۋە مىللەتكە شۇنچە كۆپ زىيان سالسا، بەھۇزۇر ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، قەدىمىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ئۈزلۈكسىز دەرىجىدە چېگرا سىرتىغا يۆتكەۋاتسا، ھېچكىم دىققەت قىلماپتىغۇ؟ ...

قەلبىمدە جۇش ئۇرۇۋاتقان ئېچىنىشلىق ھېسسىيات مېنى شۇنداق ئويلاشقا مەجبۇر قىلدى. راست ئەمەسمۇ؟ دۇشمەن دېگەن بۇ كۈچ ھەمىشە بىزنىڭ قېشىمىزغا قورال كۆتۈرۈپ كەلمەيدۇ. ھەر قانداق تاجاۋۇزچىلىقمۇ ئەلگە ئاۋۋال پسىخىئولوگىيە، مەدەنىيەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىۋى تاجاۋۇزچىلىقتىن باشلىنىدۇ.

مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىمۇ ئوخشاشلا دۇشمەننىڭ ئەشەددىي تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدىمۇ ھەربىي جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىقنىڭ ھەممە سۈپەتلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، ئەجىرسىز ئىگە بولۇش، زورلۇق بىلەن ئىگىلەش، بويسۇندۇرۇش، مەھرۇم ۋە مەھكۇم قىلىش... قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زىيان-يوقىتىشلار ھاكىمىيەتكە دەرھاللىقچە بىۋاستە تەسىر قىلمايدۇ. شۇڭا تارىختىن بۇيان بۇ خىل مەنىۋى تاجاۋۇزچىلىق — مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلدى. «كەلكۈندىن كېيىن توسما ياساش»، «يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن نارازىلىق بايانلاتى ئېلان

قىلىش» لار ھەم بىزگە ئۇدۇم بولۇپ قالدى. لېكىن، يوقالغىنى يوقالغان بولىۋەردى. بۇ خىل يوقىتىشلارغا ئىچ ئاغرىتمىدىغانلار، ئامالسىز كۆز يېشى قىلمىدىغانلار پەقەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى چۈشىنىدىغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋېرەرمۇ؟ !...

## 4. قۇرۇقدالغان قەدىمىي قەبرىلەر

رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىنسانلار رەزىللىشىپ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى سېتىشقىمۇ تەۋەككۇل قىلىدىغان زامان «ئاخىر زامان» دېيىلىدىكەن. «ئاخىر زامان» دا يەنە دۆلەت، مىللەت، ئېتىقاد ئۇقۇمى يوقىلىپ، ئادەملەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت يوقاپ كېتەرمىش. ھەممە كىشى ئۆزىنىلا ئويلاپ، ئۆز ھالى بىلەنلا قالارمىش.

مەن بۇنى پەقەت رىۋايەت دەپلا چۈشىنەتتىم. ئەمما، خوتەندە خۇددى ئەتىلا قىيامەت - قايىم بولىدىغاندەك، ھەممە كىشى گۆر كولاشقا قىزىقىپ، مىسلىسىز زور كۆلەمدىكى «ئارخېئولوگ» لار قوشۇنى شەكىللەندى. خەلق ئىچىدىكى بۇ پىدائى «ئارخېئولوگ» لار ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خوتەندىكى جىمىكى قەبرىلەرنى قۇرۇقداپ قويدى:

1997 - يىلى 11 - ئايدا لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ قاراقىر بۆلىكىدە ئون نەچچە قەدىمىي قەبرە ئوغرىلىقچە قېزىلىپ، كېپەنلىك ۋە ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئوغرىلاندى ...

شۇ يىلى يەنە شۇ ئايدا، سامپۇل يېزىسىنىڭ قاراقىر كەنتى، بېزلى كەنتى دائىرىسىدىكى قەبرىستانلىق بۆلىكىدە ئارقا-ئارقىدىن ئوغرىلىقچە قېزىش نەتىجىسىدە 200 دىن ئارتۇق قەدىمىي قەبرە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بېزلى، قاراقىر كەنتلىرى يۇرۇڭقاش دەريا بويىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردىن خوتەن - بۇيا تاش يولى ۋە نېفىتلىك يولى كېسىپ ئۆتىدۇ. پۈتكۈل لوپ ناھىيىسىنىڭ غول سۇ قۇيۇلۇش ئۆستەڭلىرىمۇ دەل مۇشۇ يەردىن باشلانغان. بۇ يەر يەنە دەريا قىنىغا ئەڭ يېقىن ھەم ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە بولغاچقا، خوتەن شەھىرى ۋە لوپ

ناھىيىلىرىدىكى بارلىق تاشچىلار، مۇشۇ يەرگە مەركەزلەشكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر ئۆزلۈكىدىنلا ئاۋات بىر بازارغا ئايلانغان. كۆنلۈكى مۇقىم سودا بىلەن، قاشتېشى ئىزدەش بىلەن بۇ يەردە تۇرىدىغانلارنىڭ سانى نەچچە يۈزدىن ئاشىدۇ.

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن قەدىمىي قەبرىستانلىق بولسا مۇشۇ بازارنىڭ شەرقى جەنۇبىغا بىر، ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان سايغا جايلاشقان.

زاشىنىڭ خوتەنگە كەلگەن ۋاقتى قاشتېشى سودىسىنىڭ بىر ئاز پەسىيىشكە باشلىغان ۋاقىتقا توغرا كەلگەچكە، بۇ يەردىكى قاشتېشىچىلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆز كەسپىنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇپ، قەدىمىي رەخت - توقۇلمىلارنى ئىزدەشكە ئاتلانغان. لوپ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ بىر پارچە دېلو ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، «قەدىمىي رەختلەرنى قىممەت باھادا ئالىدىكەن» دېگەن خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن پۇتكۈل قاشتېشىچىلار ۋە شۇ ئەتراپتىكى دېھقانلار مەھەللە بويىچە، جەمەت بويىچە توپلىشىپ، ئۆزئارا قىزغىنىشىپ بەس - بەستە قەبرە قازغان. كۆچلۈكلەر ئاجىزلارنى قورقۇتۇپ، بىرى قازغان قەبرىنى بىرى ئىگىلىشىپ دېگەندەك ئاجايىپ جىددىي مەنزىرىنى پەيدا قىلغان. ھەتتا بەزىلىرى چوڭ - چوڭ دائىرىلەرنى مونوپول قىلىۋالغان. تېخى نورغۇن كىشىلەرگە قەبرە چىقىشماي قالغاچقا، مونوپولچىلار ئۇچۇن بىر قەبرە قېزىپ بېرىپ، ئۇن يۇەن ئىش ھەققى ئېلىپ خەجلىگەن. «خوجايىن» لار ماشىنا - پىكاپلىرى بىلەن ئۆيمۇئۆي قاتناپ، تېخىمۇ جىددىي ۋە خۇپىيانە سودىنى باشلىۋەتكەن.

1997 - يىلى 11 - ئايلاردا سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ سايباغ بۆلىكىدىكى بەش يەردىكى ياپما قەبرە ئوغرىلىقچە كولاندى. ئوغرىلارنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ يوغىناپ، كۈندىن - كۈنگە غالجىرلاشتى. تاكى 1999 - يىلى 5 - ئايغىچە بۇ يەردە بۇزغۇنچىلىق ۋەقەلىرى ئىزچىل داۋاملاشتى. يېغىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ 100 گە يېقىن قەدىمىي قەبرە ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىندى.

1998 - يىلى 3 - ئايدا چىرا ناھىيىسىنىڭ چاقار يېزىسىدا 190 نەچچە ئادەم قاتناشقان زور كۆلەمدىكى قەبرە كولاش ۋەقەسى يۈز بەردى. 100 دىن ئارتۇق قەدىمىي قەبرە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى (كېيىنكى دېلو تەكشۈرۈشتە 28 دانە ساپال كوزىلىرى - كومزەك، بىر دانە تۆمۈر قىلىچ، بىر تاغار كېپەنلىك، قەدىمىي كىيىم قاتارلىق

ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ۋە دەپنە بۇيۇملىرى قايتۇرۇپ كېلىندى).

1998 - يىلى 4 - ئايدا خوتەن ناھىيە لاڭرۇ يېزا تەۋەسىدىكى يېغىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ پەيزىئابات قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى توپلىشىپ قەبرە كولاش ۋەقەلىرى يۈز بەردى. ئون نەچچە قەدىمىي قەبرە ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىندى (جىنايەتچىلەر قانۇن بويىچە جازالاندى، بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يىغىۋېلىنىپ، قايتۇرۇپ كېلىندى).

1998 - يىلى 5 - ئايدا قاراقاش ناھىيە سايباغ يېزىسى تەۋەسىدىكى يېغىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ «تۆمۈرچوق قەدىمىي قەبرىستانلىقى» ئۇدا بىر نەچچە قېتىم ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىندى. ئوغرىلىقچە كولانغان چوڭ - كىچىك قەدىمىي قەبرە 200 گە يەتتى.

1998 - يىلى ئىچىدە خوتەن، قاراقاش، گۇما، لوپ، كېرىيە ناھىيىلىرىدىكى بىر قىسىم قەدىمىي قەبرىستانلىقلاردا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق ھادىسىسى كۆرۈلدى.

ئەڭ ئەشەددىي بولغىنى شۇكى، 1998 - يىلى 10 - ئايدىن ھازىرغىچە نىيا ناھىيىسىدىكى مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان دۇنياغا مەشھۇر نىيا خارابىسىمۇ ئۇدا بىر نەچچە قېتىم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى ...

ئىككى يىل ئىچىدە خوتەندە شۇنچىلىغان كۆپ بۇزغۇنچىلىق، ئوغرىلىق دېلولىرى يۈز بەردى ھەم يۈز بېرىۋاتىدۇ. بىز پەقەت بۇزۇلغان - ئوغرىلانغاندىن كېيىنكى نەق مەيداننىلا كۆرەلىدۇق. لېكىن، كېپەن ئوغرىلىرى قېزىۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قەيەرگە كەتتى؟ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سودىگەرلىرى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار بۇ ئىشقا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ؟ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ۋە زەربە بېرىش ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟! بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ ...

## 5. دەۋاگەرلىكنىڭ ئاقىۋىتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە جۇڭگودا يۈز بەرگەن «ياڭنەيۇ-شىياۋبەيسەي دېلوسى» ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە بار. بۇنى پەقەت ئەينى ۋاقىتتىكى يەرلىك چىرىك ھاكىمىيەتلەر، چىرىك

ئەمەلدارلارنىڭ قانۇننى ئاياغ ئاستى قىلىش قىلمىشلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ۋە كونسېپرى مۇكەممەللىشىۋاتقان بۈگۈنكى جۇڭگودا «ياڭنەيۋۇ دېلوسى» نىڭ قايتا تەكرارلىنىشىغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ دەپ قارىغىلى بولارمۇ؟ مېنىڭ قارىشىمچە قانۇن ئەسلىدە مۇقەددەس. «مۇقەددەس» دېگەن گەپ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھېچ نەرسە توسالغۇ بولالمايدۇ دېگەنلىك بولاتتى. لېكىن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر دېلولاردا خوتەننىڭ ئايرىم جايلىرىدا قانۇن ئۆزىنىڭ ئاشۇ «مۇقەددەس» لىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەبنى مەن ھازىرچە نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەپ بېرەلمەيمەن. مەن پەقەت ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن، ۋەتەن-خەلققە ۋاكالىتەن دەۋاگەرلىك قىلغۇچى بولغىنىم ئۈچۈن، دۆلەت مەنپەئە- تىگە ـ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇخالىپ كەلگەن ئىشلارنى خاتا دەپ ھۆكۈم قىلىۋېرىمەن. شۇڭا «ياڭنەيۋۇ» بولۇپ قېلىشتىن ئانچە قورقۇپ قالمايمەن! ...

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 328-ماددىسىدا: دۆلەت دەرىجىلىك، ئۆلكە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قەدىمي مەدەنىيەت ،ئىزلىرى ۋە قەدىمي قەبرىلەرنى ئوغرىلىقچە قازغانلارغا مۇددەتلىك 10 يىللىق قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. مەن پەقەت مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن دەۋا قىلىۋاتىمەن! خوتەندە مۇشۇ قانۇندىكى مۇشۇ بەلگىلىمە ياخشى ئىجرا بولمىدى دەپ غوۋغا قىلىۋاتىمەن! !

1. مىسال:

دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان سامپۇل قەدىمي قەبرىستانلىقى لوپ ناھىيىسىگە جايلاشقان. 1997 - يىلى 11 - ئايدىن ھازىرغىچە بۇ يەردىن 1000 غا يېقىن چوڭ - كىچىك قەدىمي قەبرە ئوغرىلىقچە كولىنىپ ۋەيران قىلىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ج خ ئىدارىسىغا ياكى ج خ ساقچىلىرىغا ئىلگىرى - كېيىن مەلۇم قىلىندى. %70 - %80 گىچە كېپەن ئوغرىسى نەق مەيداندىن تۇتۇلدى، ياكى كېيىنكى تەكشۈرۈشتە ئەنگە ئېلىنىپ تۇتۇلدى. لېكىن، دېلو تۇرغۇزۇلۇپ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى %5 كىمۇ يەتمەيدۇ. يېڭى «جىنايى ئىشلار قانۇنى» ئەمەلي يولغا قويۇلغىلى بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ بۇ دېلولارنىڭ

بىرىمۇ مۇشۇ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنماي، بەلكى «ئامانلىق ساقلاش نىزامى» بويىچە جەرىمانە بىلەن ھەل قىلىندى. كېيەن ئوغرىلىرى بۇگۈنى جەرىمانە تۆلەپ، ئەتىسىلا يەنە قەبرە قازدى. مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز دەۋرىي قىلىش نەتىجىسىدە ج خ ئىدارىسى ۋە ساقچىخانىلارغا يىغىلغان جەرىمانە كىرىمى كۈنمۇكۈن ئاشتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توختاۋسىز يوق بولدى، بۇزۇلدى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تارماقلىرى «دېلو تەكشۈرۈش»، «جىنايەتچى تۇتۇش» ئىشلىرى بىلەن ياكى قوغداشقا سالغان بىھۇدە مەبلەغ بىلەن ناھايىتى كۆپ چىقىم تارتتى. چىقىمنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىشى، بۇزغۇنچىلىق ۋە يوق قىلىشلارنىڭ تېخىمۇ ئەۋج ئېلىشى دۆلەت ۋە مىللەتكە ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى.

چۈشەنگىلى بولمايدىغان يېرى شۇكى، جىنايەت سالمىقى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى جازا ئۆلچىمىگە چۈشىدىغان بىر قىسىم كېيەن ئوغرىلىرى نېمە بىلەندۇر جازادىن قۇتۇلدى، بەزىلىرىنىڭ جىنايىتى «يېنىك» ئىتىلىپ، سولاقتىن ھېچبىر جازاسىزلا قويۇۋېتىلدى ...

2 ـ مىسال:

لوپ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ سىياسىي قانۇنغا مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىسى رېن شياۋنەن لوپ ناھىيىسىدە «ناھايىتى ئۆتكۈر رەھبەر» دەپ تەرىپلىنىدۇ. دەۋاگەرلىك جەريانىدا بىز ئۇنىڭ بىلەن بەش قېتىم كۆرۈشتۇق. ئۇ تۇنجى بولۇپ ج خ ئىدارىسىغا غەزەپلەندى. تېلېفون بىلەن ياكى ئۆز ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، ئەكىرىپ، ج خ ئىدارە مەسئۇللىرىغا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر دېلولارنى ئۈزۈل - كېسىل بىر تەرەپ قىلىش، يىپ ئۇچىلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش، غوللۇق جىنايەتچىلەرنى دەرھال تۇتۇشنى قايتا-قايتا ئورۇنلاشتۇردى.

1998 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىغا چىقىپ، ساقچى كىيىمى ۋە توك كالتىكى بىلەن قوراللىنىپ قەبرە قېزىش زور دېلوسىدا رېن شياۋنەن ئۆزى بىۋاستە نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ، بەش نەپەر جىنايەتچىنى قاتتىق جازالاشنى، نەق مەيداندىن يىغىۋېلىنغان ئۈچ دانە موتسىكلىت، تۆت دانە گۈرجەك، بىر دانە توك كالتىكى، بىر قۇر ساقچى كىيىمى، بىر تاغار قاتارلىق جىنايەت قوراللىرىنى قەتئىي مۇسادىرە قىلىش، قىلچە يۈزخاتىر قىلماسلىقنى ئورۇنلاشتۇردى. لېكىن، بۇ پارتكوم شۇجىسى

خىزمەت بىلەن ئۇرۇمچىگە كەتكەندە، ج خ ئىدارىسى جىنايەتچىلەرنى «غىپپىدە» قويىۋەتتى.

1999 - يىلى 1 - ئايدا رېن شىياۋنەن شۇجى ج خ ئىدارىسىگە كېيىنى ئاققۇزالمىغاندىن كېيىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر دېلولارنى ج خ ئىدارىسىدىن بىۋاستە تەپتىش مەھكىمىسىگە ئېلىپ بەرمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. ئاخىر ئۇ يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ دەۋا ئىشلىرىمىزنىڭ قويرۇقىنى قۇم باستى.

3 - مىسال:

سامپۇل يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى مۇختار يېزا باشلىقى بولۇشتىن ئىلگىرى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ (يېڭىدىن قۇرۇلغان) باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭ سامپۇلغا يېزا باشلىقى بولۇپ چىققان ۋاقتى، دەل قەبرە كولاش دولقۇنىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا يەتكەن ۋاقتىغا توغرا كەلدى. ئۇ يېزىلىق ساقچىخانىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ خېلى كۆپ خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ، قەبرە كولاش شامىلىنى توختىتالمىدى. بىز ئۇنى مەخسۇس «زىيارەت» قىلغاندا، ئۇ راست گېپىنى دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

— مەن ئالدىنقى يىلدىن باشلاپ بۇ خىزمەتكە ناھايىتى كۆپ كۈچەپ كۆردۈم. سامپۇل قەبرىستانلىقىنى (شەرقتىن - غەربكە 37 كىلومېتىر) پىيادە كېزىپ تەكشۈرۈپ، دېلونى ۋاقتىدا مەلۇم قىلدىم. بۇ يەرگە باشلىق بولۇپ چىققاندىن كېيىنمۇ قەبرىستانلىقتا بولغان قوغداشنى كۈچەيتتىم، ئەسلىدىكى بىر نەپەر مۇھاپىزەتچىنى تۆتكە كۆپەيتتىم. ناھىيىدىن ئون مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تارقاتتىم. پەقەت ئامال بولمىدى، بۇزغۇنچىلىق ھادىسىلىرى ئازراقمۇ توختىمىدى، بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب يەنىلا قانۇن بويىچە زەربە بېرىش ياخشى بولمايۋاتىدۇ. قانۇننىڭ مۇقەددەس كۈچىگە تايانمىغاندا، بۇ بۇزغۇنچىلىقنى توختاتقىلى بولمايدۇ ...

4 - مىسال:

سامپۇل يېزىلىق پارتكومنىڭ سىياسىي قانۇن شۇجىسى، يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ××× بىز دېلو سۈيلەپ ئىشخانىسىغا كىرگەن چېغىمىزدا، بىزنى ناھايىتى سۇس قارشى

ئالدى. ئۆز ۋە گەپدانلىق قىلىپ، خاتا سۆزلىگىنىنى تۈيمايلا قالدى.

ئۇ شۇنداق دەپ غۇدۇرىدى:

— بىز تىرىك ئادەملەرنىڭ دەۋاسىنى سوراپ بولالمايۋاتقاندا، مازاردىكى ئۆلۈكلەرنىڭ دەۋاسىنى سوراشقا نەدىمۇ ۋاقتىمىز يەتسۇن؟ ...

بۇ باشلىق «سەۋىيىلىك» بولغىنى ئۈچۈنمىكىن - تاڭ، تولىمۇ ئالىجوقا سۆزلەيتتى. تۆۋەندىكى سۆزمۇ شۇنىڭ ئاغزىدىن چىقتى:

— سىلەر بۇ قەبرىستانلىقنى قوغدىغاندىكىن، ئەتراپىغا تام ئېتىپ قاشالىساڭلار ياكى ھە - ھۇ دەپ ئىچىدىكى بايلىقلارنى قېزىپ ئىدارەڭلەرگە ئەپكەتسەڭلار بولمامدۇ؟ ...

تەكشۈرۈشىمىزچە قەبرە ئوغرىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن تۇتۇپ كېلىپ، بۇ باشلىققا «ئاۋارىچىلىك» تېپىپ بەرگەچكە، بىزنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىمىزمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە جىن كۆرۈنىدىكەن. بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر، ھەتتا ئاشكارا يېزىش قورقۇنچلۇق بولغان مەسىلىلەرمۇ خېلى بار ئىدى. يېزىشتىن ئېھتىيات قىلدىم. مېنىڭ ئالغا سۈرمەكچى بولغان ئىدىيەمگە يۇقىرىقى مەسىلىلەرمۇ يېتەرلىك دەپ ئويلىدىم.

شۇنداق، لوپ ناھىيىسىدىكى بۇ ئەھۋاللار خوتەندىكى پۈتكۈل قەبرە قېزىش، ئەتكەسچىلىك ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش دېلو ئەھۋاللىرىنىڭ تىپىك كۆرۈنۈشىدۇر. مۇشۇنداق ئەھۋالدا كېيىن ئوغرىلىرى ھەددىدىن ئاشماي قالامدۇ؟ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى زىيانغا ئۇچرىماي قالامدۇ؟

دەرۋەقە، دەۋا ئاقمىغانلىقى، دېلو بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرى ھەدەپ كەينىگە سۈرۈلۈۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، دەۋا قىلغۇچى تەرەپ قايتۇرما ھۇجۇمغا، بېسىم - تەھدىتكە دۇچ كەلدى. شۇڭا خوتەندە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلىقچە قېزىش - ئەتكەسچىلىك ھادىسىلىرى تا ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ.

دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن، جۈملىدىن بىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خادىملىرى ئۈچۈن پاجىئە - تراگېدىيە ھېسابلانغان بۇ زور يوقىتىشلار نېمە ئۈچۈن قىسمەن قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدۇ؟! بىز بۇ دەۋاگەرلىكتىن ۋاز كەچسەك، بېسىم ۋە تەھدىت ئالدىدا تىز پۈكسەك، كىملەر خۇشال بولار ۋە كىملەر ئازابلىنار؟ كەسپىي ۋە مىللىي غۇرۇرىمىز دەپسەندە بولۇۋېرەرمۇ؟ بىز ئاشۇ تەر - ئەجرى بىكارغا كەتكەن باغۋەن ياكى دەسمايىسىدىن

ئايرىلغان ھېلىقى سودىگەرگە ئوخشاش دەرد ـ ئەلەم يۇتۇپ ئولتۇۋېرىمىزمۇ؟! ...

## 6. «ئۆزىنى ساتقۇچى» لارغا تەنبىھ

جۇڭگودا «ئۆزىنى سېتىش» دېگەن ئاتالغۇ قەدىمدىنلا مەۋجۇت. بۇ ئاتالغۇ كۆپىنچە ھاللاردا «ئۆزىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى سېتىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ، پاھىشە ئاياللارغا قارىتىلغانلىقىدا گەپ يوق. لېكىن، يېقىندا خوتەندىكى بىر خەنزۇ يولداش:

— ئۇيغۇرلار ئۆزىنى سېتىۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنى، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى سېتىۋاتىدۇ ... دېدى.

بۇ گەپ مۇقەررەركى، خوتەندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەتكەسچىلىكىگە قارىتىپ ئېيتىلغان، يەنە كېلىپ «ئۆزىنى سېتىش» تىن ئىبارەت كونا ئىبارىگە قوشۇلغان يېڭىچە مەزمۇن ئىدى! بۇ گەپ ماڭا بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش ئەپسۇسلىنىشتەك ۋە يەنە قانداقتۇر بىر خىل ئۆتكۈر مەسخىرىدەك تۇيۇلدى. دەرۋەقە، بۇنى ئىچ ئاغرىتىش دېگەندىن كۆرە، مەسخىرە دەپ چۈشەنگەن تۈزۈكرەك ئىدى. دېمىسىمۇ، بىزنىڭ ھازىرقى ئادەملىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرىكى ستەيىن، لېكوك قاتارلىقلارغا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساتقان ۋالڭ راھىب، ئىسلام ئاخۇنلاردىن نېمە پەرقى بولسۇن؟! بۇ دېگەن تېخى زامانىۋى دەۋر، ئۇچۇر ـ ئېلېكترون دەۋرى. زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ساپاسى ۋالڭ راھىب، ئىسلام ئاخۇن ياشىغان دەۋرلەردىكىدىن ھەر ھالدا خېلىلا ئۈستۈن دەپ ئويلايمەن. ئەجەبا، ئۇلار نامراتلىقتىن شۇنداق قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ياق، خوتەندە قەبرە قېزىۋاتقان، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پۇللۇق بايلار، تېخى بۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ مائاشلىق كادىر ـ خادىملىرىمۇ بار.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ خىل «ئۆزىنى سېتىش» كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ سانى كۆنسېرى كۆپەيمەكتە. بۇلار ناھايىتى چىرايلىق تىل بىلەن «يىغىپ ساقلىغۇچىلار» دېيىلىدۇ.

«يىغىپ ساقلىغۇچىلار» ئىلگىرى چەت ئەللەردىلا بار ئىدى. كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە پەيدا بولدى. ھازىر بولسا «مەدەنىيەت

ساپاسى» نىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ «يىغىپ ساقلاش» دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. «يىغىپ ساقلاش» كەسپى مىللەتلەر ئارا، دۆلەتلەر ئارا ھەم ئالماشتۇرۇشنى باشلىدى. مۇشۇ خىل يېڭى «مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش» ھەرىكىتىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ نۇرغۇن تەقلىدى بۇيۇملىرى شىنجاڭغا كىردى. ئەكسىچە شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي يادىكارلىقلىرى ئىچكىرىگە، چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. شىنجاڭدىكى جۇملىدىن خوتەندىكى «يىغىپ ساقلىغۇچىلار» نىڭ قولىدا بولسا ئازراق سېپىق پۇل بىلەن بىر تېيىنغىمۇ يارىمايدىغان تەقلىدىي بۇيۇملارلا قالدى.

«ئۆزىنى سېتىۋاتىدۇ...» دېگەن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى يەرلىك «يىغىپ ساقلىغۇچىلار» چۈشەنمەيتتى، «يىغىپ ساقلىغۇچىلار» ئۈچۈن ئالدىنقى سەپتە جان پىدا قىلغۇچى «ئارخېئولوگلار» تېخىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل «يىغىپ ساقلاش» نىڭ نىشانى مۇرەككەپ بىر خىل سودىدىن ئىبارەت بولۇپ، ماھىيەتتە ئۇ مەدەنىيەت زومىگەرلىكىنىڭ، مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ «تاۋار ئالماشتۇرۇش» سۈپىتىدە ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ سودىدا مۇقەررەركى، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان مەدەنىي مىللەتلەرلا پايدىغا ئېرىشىدۇ. بىزگە ئوخشاش كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا ئويلايدىغان، ئەتە بىلەن كارى بولمايدىغان ئادەملەرنىڭ زىيان تارتقىنى تارتقان. بىز بۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى خەتىرىنىغۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز، ھەتتا «ئۆزىنى سېتىش» تىن ئىبارەت ۋىجدان - غۇرۇرغا تاقىشىدىغان ئەخلاقىي تەسىردىنمۇ قىلچە ئويلىمايمىز!...

ھەي، ئۆزىنى ۋەتەنپەرۋەر ھېسابلىغۇچى، «ۋەتەنپەرۋەرلىك» تىن گەپ ئېچىلسا كەچكىچە سۆزلەپ، كىشىگە گەپ بەرمەيدىغان جاناپلار! ھەي، ئۆزىنى «مۆمىن مۇسۇلمان» دەپ ئاتىشىۋالغان، «ھالال تىجارەت قىلدىم» دەپ خۇدىنى يوقاتقان سودىگەر بايۋەتچىلەر! ھەي، ئۆزىنىڭ ھالال كەسپىنى تاشلاپ، «ئۆزىنى سېتىش» يولىغا تەۋەككۈل قىلغۇچىلار! سىلەرنىڭ روھىي دۇنيارىڭلاردا زادى «ۋەتەن»، «مىللەت» ئۇقۇمى بارمۇ؟! سىلەر بۇ مىللەتنىڭ يىلتىزىنى يەنە قاچانغىچە كەسمەكچى بولۇۋاتىسىلەر؟ سىلەر يەنە ئاشۇ ئۇلۇغ كەسپىڭلار بىلەن قايسى «ئالىي ئۇنۋان» غا ئېرىشمەكچى؟ ئىسىت! سىلەر تېخى ئاشۇ نادانلىقىڭلار ۋە ھەددىدىن ئاشقان مۇناپىقلىقىڭلار بىلەن يەنە «ۋەتەنپەرۋەر» ياكى «كامىل مۇسۇلمان»

ئاتالماقچىمۇ؟!
بىلىپ قىلىنغىلار، تارىخ سىلەرنى كەچۈرمەيدۇ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ لەنەت - نەپرەتلىرى سىلەرنى ئۇ دۇنيا - بۇدۇنيا ئامان قويمايدۇ. ئاتا-بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنى قېزىپ كېيىن ئوغرىلىغۇچى، ئاتا - بوۋىسىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن مىراسلىرىنى ساتقۇچىلارنىڭ يۈزسىز پاھىشىلەردىن قىلچە پەرقى يوق. ئۇلارنى ئانا يەرمۇ ئۆز قوينىغا ئالمايدۇ! مەيلى قايسى خىل قانۇن بولسۇن سىلەرنى هامان جازالايدۇ! ...

## 7. ئاخىرقى سۆز

مەن تولىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، يازماقچى بولغانلىرىمنىڭ پەقەت مىڭدىن بىرىنىلا يازدىم. ئەقىللىق ئادەملەر هەرىكەت - شەكىلدىن ماهىيەتنى چۈشىنەلەيدۇ. ماهىيەتتىن هەقىقەتنى بىلىۋالالايدۇ.
لېكىن، بىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خادىملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاساسلىق ماهىيەت — يەنىلا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش. چۈنكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەۋجۇت بولمىسا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورگىنىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خادىملىرىنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرى، غايە - ئىنتىلىشلىرى، هاياتى، پائالىيەتلىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈچۈن جان پىدا قىلىشى، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشى، پۈتۈن جەمئىيەتكە ئۇنى «قوغدايلى، بۇزۇۋەتمەيلى، سىتمۇۋەتمەيلى...» دەپ مۇراجەت قىلىشى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈچۈن هەققانىي دەۋا قىلىشى تامامەن يوللۇق! شۇ نۇقتىدىن، مېنىڭ بەزى قاراتمىلىقى بولغان كايىشلىرىمنى، تاپا - تەنىلىرىمنى توغرا چۈشىنىشىڭلارنى، مېنى ئەپۇ قىلىشىڭلارنى سورايمەن!
هازىر پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش تەكىتلىنىۋاتىدۇ. رەهبىري كادىرلار، ئىدارە - ئورگانلار ئىچىدە «ئۇچكە ئەهمىيەت بېرىش» جىددىي تەلەپ

قىلىنىۋاتىدۇ. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، ئورگان ئىستىلىنى پاكلاشتۇرۇش، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش جەھەتلەردىمۇ ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئىشىنىمەنكى، ئىلگىرىكى «مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ماددىي مەدەنىيەتكە ئېرىشىش» تەتۈر مۇقامى ئەمدى ئاقمايدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەت ۋەتەننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇنى قوغداشنى بۇرچ دەپ بىلىدۇ. قانۇن چوقۇم ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كۈچىنى نامايان قىلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مەڭگۈ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. قەدىمىي قەبرىلەرنى ئوغرىلىقچە قازغان، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئالغانلار قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. بۇ مۇقەررەرلىككە سىزمۇ ئىشىنەمسىز؟...

1999-يىلى، ماي - قەشقەر

---



*مۇھەممەتتكىبىرىم ئىسمايىل 1961-يىلى 2-فېۋرالدا كېرىيە ناھىيە بازىرىدا ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1980-يىلىدىن 1984-يىلىغىچە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1984-يىلى سېنتەبىردىن ھازىرغا قەدەر خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ئىشلەۋاتىدۇ.*

*مۇھەممەتتكىبىرىم ئىسمائىل 80-يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان. ئۇنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «تەكلىماكاندىكى يوللار»، «قەدىمىي ماكاندىكى ئىز» ناملىق ئىككى پارچە ئەدەبىي ئاخباراتى «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتى ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرى «قامچا»، «خوتەن يولىدا پايانداز»، «جازىبىدار گۈلدەستىلەر» قاتارلىق ئەدەبىي توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن.*

*مۇھەممەتتكىبىرىم ئىسمايىل 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە خەتتاتلىق كەسپىگىمۇ ھەۋەس باغلاپ، بۇ ساھەدىمۇ ئۈزلۈكسىز مەشىق قىلىش، ئىجاد قىلىش ئارقىلىق مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. 1987-يىلى بىر پارچە خەتتاتلىق ئەسىرى «يىپەك يولى»*

خەلقئارا خەتتاتلىق كۆرگەزمىسىدە «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەتتاتلىق كۆرگەزمىسىدە ئالتە پارچە ئەسىرى بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

مۇھەممەتتېكىن ئىسمائىل 80 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «كۆھمارىم توغرىسىدا»، «راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى»، «قۇتادغۇ بىلىكتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئالەم ۋە تەبىئەت قاراشلىرىغا بىر نەزەر» ۋە «خوتەندىكى قەدىمىي ئىزلار» (چاتما ماقالىلەر) قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «بۇلاق»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «مىراس» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. 1998 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك «قۇتادغۇ بىلىگ» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئۇ «‹قۇتادغۇ بىلىگ›تىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئالەم ۋە تەبىئەت قاراشلىرىغا بىر نەزەر» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرى «چىرا تارىخىي ماتېرىياللىرى»، «كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى»، «قاراقاشنى چۈشىنەيلى»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە — قۇتادغۇ بىلىگ»، «ئۈزۈلمەس ئېقىن» قاتارلىق كىتابلارغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو تارىخ مەدەنىيەت تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.



داۋۇت مەتنىياز

# ئەدىبلەر بايرىمى

(ئەدەبىي خاتىرە)

ئېلىمىزدە ھەر يىلى دۆلەت بايرىمى، باھار بايرىمى، يېڭى يىل بايرىمى، بالىلار بايرىمى دېگەندەك تۈرلۈك بايراملار خاتىرىلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. كالېنداردىمۇ ئاشۇ كۈنلەرنى بىلدۈرىدىغان رەقەملەر قىزىل سىياھ بىلەن ئالاھىدە ئەسكەرتىلىپ قويۇلغان. بىراق تالاي-تالاي كېچىلەرنى ئىجادىيەت ئۈستىلى ئالدىدا ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان شائىر - يازغۇچىلار ئۈچۈن بىرەر كۈن بايرام قىلىپ بەلگىلەپ بېرىلمىگەن. ئەمما، بىزنىڭ خوتەندە — ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى دېھقانلار ئىگىلەيدىغان مۇشۇ نامرات ماكاندا ئەدىبلەر بايرىمى بار. بۇ بايرام مەلۇم بىر كۈنگە مۇقىملىنىپ كالېنداردا قىزىل بويالمىغىنى بىلەن ھەر يىلى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئەۋجىگە چىققان، خوتەننىڭ بېھىشتەك گۈزەل باغلىرىدا خىلمۇ خىل مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى نامايان قىلىۋاتقان خاسىيەتلىك كۈنلەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ بايرامدا ئاسمانغا رەڭمۇ رەڭ ساليوت - پوجاڭزىلار ئېتىلمايدۇ. داقا - دۇمباق، ناغرا، سۇنايلار ئەتراپنى زىلزىلىگە سالمايدۇ. سىرتتىن قارىماققا خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىلىنىدۇ. بۇ كۈن تۇنۇگۈنكى، ئۆلۈشكۈنكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تىپتىنچ ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەردىن پەرقلەنمەيدۇ. ئەمما، بۇ كۈننىڭ باشقا كۈنلەرگە ئوخشىمايدىغان ئەھمىيىتىنى شۇ بايرامغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشەلىگەن يازغۇچى - شائىرلارلا بىلىشىدۇ. يۈرىكىدە قانچىلىك كۆپ ساليوت - پوجاڭزىلارنىڭ ئېتىلغانلىقىنى، قانچىلىك داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلارنىڭ چېلىنغانلىقىنى پەقەت ئۆزلىرىلا ھېس قىلالايدۇ. ئۇلار مۇشۇ كۈندە بايرام شادلىقىغا، ھېيت شادلىقىغا، توي شادلىقىغا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا شادلىققا چۆمىدۇ. كۆڭلىدە

بىر يىلدىن بىرى ساقلانغان شېرىن گەپ - سۆزلىرىنى تۆكۈشتى، چاقچاق قىلىشتى. ئىجادىيەت جەريانىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە مەسلىھەت ئېلىشتى.

بۇ بايرامغا ھايات مۇساپىسىنىڭ قىرانلىق مەزگىلىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تىگىشىپ تۈگەتكەن پېشقەدەم يازغۇچىلارمۇ، توختاۋسىز قەلەم تەۋرىتىپ ئىجادىيەت بەيگىسىدە ئۇزۇپ بىرىنچىلىككە چىقىپ ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ، پارلاپ چىقىش ئالدىدا تۇرغان تاڭ قۇياشىدەك ئۈمىدلىك ھەۋەسكارلارمۇ داخىل بولىدۇ. بۇ بايرامغا خوتەن تۇپرىقىدىكى ئەدىبلەر قاتناشقاندىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىم، ئەدىبلەردىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى، زوردۇن سابىر ئەپەندى، قاھار جېلىل ئەپەندى، جاپپار ئەمەت ئەپەندى، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ئەپەندى؛ شائىرە تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن خانىم، يازغۇچى ئەخەت تۇردى، جالالىدىن بەھرام، ماخمۇتجان ئىسلام، ياش ئالىم ئەسئەت سۇلايمان، شائىر ياسىن زىلال، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە قاتارلىقلارنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى يەتتى. ئۇلار ھەر قايسى نۆۋەتلىك يىغىلىشلاردا خوتەندىكى ئەدىبلەرگە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك دەرسلەرنى سۆزلەپ بەردى.

خوتەندىكى ئەدىبلەر 1992 - يىلى ئاۋغۇستتا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يىغىننى ھەرگىز يادىدىن چىقىرالمايدۇ. ياتاق شەھەرلىك ئىككىنچى مېھمانخانىغا، يىغىن ۋىلايەتلىك كىنو - تىياتىرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. تۇنجى كۈنى ئەتىگەندە ھەممەيلەن ھازىرلىنىپ بولغان بولساقمۇ، يىغىن باشلانمىدى. مۇنبەر خۇددى سۇلتانىسىز قالغان تەختتەك بوش ئىدى. ئەدىبلەر كىمدۇر بىرىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقاندەك زالنىڭ ئىشىكىگە پات - پات تەلمۈرۈپ قارىشاتتى. دەل شۇ چاغدا بىرى قولىقىمغا «ئۆتكۈر ئەپەندىم كېلىدىكەن» دەپ پىچىرلىدى.

— ئۆتكۈر ئەپەندىم؟! — كەسپدىشىمنىڭ ئېغىزىغا تىكىلىپلا قالدىم.

— ھەئە، — قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈردى كەسپدىشىم، — خوتەنگە تۈنۈگۈن چۈشۈپتۇ، ھازىر مۇشۇ يەرگە كەلگۈدەك.

كەسپدىشىمنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا زالنىڭ ئىشىكى تەرەپتىن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سادا كەلدى. يۈرەكلەر دۈپۈلدەپ، كۆزلەردىن ھاياجان ئۇچقۇنى چاقناپ كەتتى. بېشىدىكى چىمەن دوپپا ۋە ئۈستىگە كىيگەن كاستۇم، شىم كېلىشكەن قامىتىنى تېخىمۇ

سالاپەتلىك قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئالىم سالماق قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى. چاۋاك ئاۋازى زالنى گۈرۈۋېتىدىغاندەك گۈلدۈرلەيتتى. ئۆتكۈر ئەپەندىم باشلىق، پوقرا، يازغۇچى، ھەۋەسكار دەپ ئايرىپ ئولتۇرماستىن ھەممەيلەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. كىملەرنىڭدۇر كۆزلىرىدىن شادلىق ياشلىرى يامغۇردەك تامچىلىماقتا ئىدى. ئۇ بىزنىڭ قاتارىمىزدىن ئورۇن ئېلىۋىدى، يىغىن باشقۇرغۇچىلىرى ئىككى كەلىمە سۆز قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. كونىلارنىڭ «ئىبسىلدە خاتا يوق» دېگىنىدەك ئالىم تەكەللۇپسىزلا مۇنبەرگە چىقتى. ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ باشلانغان چاۋاك ساداسى تېخىچە توختىمىغانىدى. ئالىم بىزگە ئىجازەت بەردى. بىز خۇددى ئىززەتلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدىكى ئەدەپلىك ئوقۇغۇچىدەك بىر - بىرلەپ ئورنىمىزغا ئولتۇرۇشتۇق. كۆزىگە ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرۇشقان ئەدىبلەرگە قاراپ زوقلانغان ئالىمنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلدايتتى، نېمىشقا زوقلانمىسۇن! ئۆزىنىڭ ئىزىنى بويلاپ كېلىۋاتقان بىر توپ شاگىرتتىن ھەر قانداق ئۇستازنىڭ سۆيۈنمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟

ئالىم بۇرۇن خوتەنگە كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، كۆڭلىدە خوتەن دىيارىغا بولغان تەلپۈنۈش كۈچەيگەنسېرى «خوتەننى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ» دېگەن ئەندىشىنىڭمۇ باش كۆتۈرۈپ قالغانلىقىنى؛ بۇ قېتىم خوتەنگە كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئالىمنىڭ دېمەكچى بولغانلىرى شۇلا ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ ئىنساننىڭ ھاياتقا، تۇرمۇشقا سەمىمىي، كەمتەر بولۇشى كېرەكلىكىنى، ھەر قانداق كىشى ياش ۋاقتىدا باشقىلارغا كىبىر كۆرسەتسە ياشانغاندا تۈگىمەس روھىي ئازابقا قالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھايات ھەقىقەتلىرىنى ناھايىتى ئوبرازلىق تىللار بىلەن سۆزلەپ ئۆتتى ۋە «غەنىيمەت» دېگەن غەزىلىنى دېكلاماتسىيە قىلىش بىلەن سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

شۇ يىللاردا ھەر يىلى ياكى ئىككى يىلدا بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەدەبلەر بايرىمى ياشلارنىڭ ھەۋەس — ئىشتىياقىنى يېلىنجاتقاچقا، يېڭى - يېڭى ھەۋەسكارلار ئەدەبىيات سەھنىسىگە مەزمۇت قەدەملەر بىلەن چىقىشقا باشلىغانىدى. ئەپسۇسكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خوتەندىكى ئۇستاز يازغۇچىلارنىڭ، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىيات تەشكىلاتچىسى مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ كۆڭلىنى يېڭى بىر ئەندىشە پاراكەندە قىلىشقا باشلىغانىدى. چۆل - جەزىرىلەردە بولدۇقلاپ سۇ

چىقىدىغان بۇلاقنىڭ كۆزىنى بوران تىندۇرۇۋېتىدىغاندەك، كىشىلەر بىمالال ئۆتۈۋاتقان ئۇزاق يولنىڭ كۆۋرۈكىنى كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئۇلارنى ئەنسىرىتەتتى. بۇ ئەندىشە يېقىنقى يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەدىبلەر بايرىمىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى ئىدى. گەرچە بىرەر رەھبەر «بەس» دېمىگەن بولسىمۇ، نامراتلىق ئاشۇنداق ئاقىۋەتكە ئېلىپ باراتتى. پۇل بولمىسا چۈلدىكى مۆجىزىلىك بۇلاقنىڭ تىنىپ قالغىنى، يولدىكى كۆۋرۈكنىڭ بۇزۇلغىنى شۇ ئىدى. ئەدىبلەر بايرىمى توختاپ قالسىمۇ خوتەن زېمىنىدا تېرىلىدىغان ئاشلىق، پاختا مەھسۇلاتلىرى كەملەپ كەتمەيتتى. بىرەر ئايال ئەرگە ياكى بىرەر ئەر ئايالغا ئۆزگىرىپ قالمايتتى. ئەمما، خوتەن ئەدەبىياتى ئۈچۈن زور زىيان بولاتتى. ئاشۇ بايرام ئارقىلىق ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەتتىكى رىقابەت تۇيغۇسىنى، مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرغىلى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا سۇپەتلىك ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلغىلى بولاتتى.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇللىرى بۇرۇنقى يىغىنلارنى ياردەمگە تايىنىپ ئۆيۈشتۇرغانىدى. خوتەن ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى مەرھۇم مەتتوختى روزى، مالىيە باشقارمىسىنىڭ سابىق باشلىقى ئابدۇراخمان ئاكا، قاتناش باشقارمىسىنىڭ سابىق باشلىقى غەيرەت ئابدۇللا، ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش شىركىتىدىكى ئوبۇلھاشىم، مەرپەتپەرۋەر كارخانىچىلاردىن كېرەم ئىمىن، مەرھۇم مەتنىياز غازى ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر يىغىننىڭ راسخوتى ئۈچۈن پۇل بېرىشكەنىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەنە بېزىرىپ تۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى. يىغىننى ئۈزۈپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا بۇلاقنىڭ كۆزى تىنىپ كەتمەيدىغان، ئۇزاققا سوزۇلغان يولنىڭ كۆۋرۈكى بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان ئۇسۇلنى قانداق تاپقىلى بولىدۇ؟

نىيەت خالىس بولسا، مۇرات ھاسىل دېگەندەك نۇرغۇن كۆڭۈللەردە كېزىپ يۈرگەن بۇ ئورتاق ئارزۇنىڭ كېيىنكى غايە قىرغاقلىرىغا ئاسانلا يېقىنلاشتى. بۇ ئىشنى چىرا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يالقۇن قادىر بىلەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باش مۇھەررىرى مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ بىر قېتىملىق سۆھبىتى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

1993 - يىلى مايىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. چىرىدىكى ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كەلگەن مەتقاسىم ئابدۇراخمان ناھىيە بازىرىدا يالقۇن قادىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— سىلەرنىڭ ناھىيىدە بىر نۆۋەت يىغىن ئاچساق بولاتتى، ھاكىم، — دېدى مەتقاسىم ئابدۇراخمان ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن.

— قانداق يىغىن؟

— ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى، بۇ يىغىننى ۋىلايەتتە ئېچىپ كېلىۋاتقىنىمىزغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. ھەر يىلى ئۇيەر-بۇ يەرلەردىن پۇل ھەل قىلىپ ئېچىۋاتىمىز. بىزنى قوللاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا بېرىۋېرىشكىمۇ ئادەمنىڭ يۈزى چىدىمايدىكەن. شۇڭا بۇ يىل چىرىدا ئاچساقمىكىن دېۋىدىم. بۇنىڭ چىرا خەلقىنىڭ ھەر قايسى سەپلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تېما قىلغان ھالدا ئەسەر يېزىشىمىزغىمۇ پايدىسى بولاتتى.

— بولىدۇ. مەن چىرا خەلقىگە ۋاكالىتەن بۇ ئىشنى قوللايمەن.

— ئۇنداقتا گەپلىرى گەپ — ھە.

— خاتىرجەم بولسىلا، مەن قاچان گېپىمدە تۇرمىغان، — ھاكىم بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك قوشۇمچە قىلدى، — ۋاقتى قاچانلارغا توغرا كېلىدۇ؟

— يەتتىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولسا مۇۋاپىق بولارمىكىن. يازغۇچى، شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇتقۇچى، تەتىلگە توغرىلىمىساق بولماس.

— نەچچە ئادەم قاتنىشىدۇ؟

— تەخمىنەن يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىدۇ.

— ۋاقتى كەلگەندە «ھە» دېسىلە، يىغىننىڭ بارلىق چىقىمىنى بىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز.

# چىرىدا بايرام

1993 - يىلى ئاۋغۇستتا ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بارلىق يازغۇچى، شائىرلارنى ئۆزىنىڭ شېرىن - شەربەتلىك ئانارلىرى، ياڭاق، چىلانلىرى بىلەن تونۇلغان قەدىمىي يۇرت چىرا ئۆز باغرىغا بايرامغا چىللىدى. جاھان ئوت بولۇپ قايناۋاتقان چىڭقى چۈش مەزگىلىدە خوتەندىن چىرىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. تەر پۈتۈن بەدىنىمىزدىن شورقىراپ ئاقاتتى. قېرىشقاندەك لوپ ناھىيە بازىرىغا بارغاندا ئاپتوبۇس خېلى ئۇزاق توختاپ قالدى. لوپلۇق ھەۋەسكارلار يول ئۈستىدە ساقلىمىغاچقا، ئۇياق - بۇياققا ئادەم ئەۋەتىپ يىغىشقا توغرا

كەلگەنىدى. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى:
— ئەجەب ئۇسساپ كەتتىم، بىر پىيالە چاي بولسىچۇ، — دېدى.
— لوپتا چاي يوق، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر ياسىن زىلال كېسىپلا جاۋاب بەردى.
— نېمە دېدىڭىز؟ — دېدىم مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ.
— لوپتا چاي ئىچمەيدۇ، سوغۇق سۇ ئىچىدۇ، — ئۇ گېپىنى يەنە تەكرارلىدى.
شۇنداق قارىسام شوپۇرنىڭ يېنىدا يېپيېڭى چەينەك تۇرۇپتۇ. چەينەكنى ئېلىپلا يەرگە چۈشتۈم - دە، يېقىنلا يەردىكى ئاشخانىدىن لىق بىر چەينەك چاي ئېلىپ كەلدىم ۋە ياسىن زىلالغا قاراپ:
— ياسىن ئاخۇن، چاي ئىچەمسىز؟ مانا بۇ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئەركەك سۈيىدە قاينىتىلغان چاي، — دېدىم.
— سىز لوپلۇقمۇ؟ — سورىدى ياسىن زىلال كۈلۈپ.
— ھەئە، مەن لوپلۇق.
— شۇڭا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ، ۋۇجۇدۇڭىزدىكى يۇرتۋازلىق قوزغاپتۇ - دە.
— يۇرتۋازلىق دېمەي ۋەتەنپەرۋەرلىك دېسىڭىز بولىدۇ.
— كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، — دېدى ئۇ قىزىق چاينى چەينەكنىڭ ئېغىزىغا قويۇپ پۈۋلىگەچ، — مەن لوپنىڭ ھەممە يېزىلىرىغا باردىم. دېھقانلار ئاساسەن سوغۇق سۇ ئىچىشكە ئامراقكەن، چاي ئىچمەيدىكەن.
ئۇنىڭ دېگىنى توغرا ئىدى. دېھقانلار سوغۇق سۇ ئىچىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، چاي ئىچمەيتتى. ئەمما، مەن ھېلىقى بىر چەينەك چاينى پەش قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى رەت قىلمىغۇەردىم. شۇ چاغدا يەنە بىرى:
— لوپتا دوغاپ يوق، — دەپ توۋلىدى.
— ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ئازراق ماڭساڭلا دوغاپچىنىڭ ئالدىغا بارىسىلە، دېدىم مەن ئۇنىڭ ئۇچۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي، — بەك قىزىپ كەتكەن بولساڭلار دوغاپچىنىڭ كاسىڭىغا باشچىلاپ[1] شۇڭغۇساڭلارمۇ بولىدۇ.
ئاپتوبۇس ئىچىدە پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.
— ئۇكام داۋۇت، — دېدى شائىر ئابدۇللا سۇلايمان، —

---

[1] كىسالىڭ — ياغاچتىن ياسالغان يوغان داس

مەردلىك دېگەننى يېرىم يولدا توختاتماي ئاخىرغىچە قىلغۇلۇق. ئەمدى تايىنلىق دوغاپتىنمۇ بىر چەينەك ئەكەلمەمسىز.

مەن ئوقۇتقۇچىمنىڭ دېگىنى بويىچە مەردلىكنى ۋايىغا يەتكۈزدۈم. ئاپتورلار مۇزلىرى شاراقشىپ تۇرىدىغان ساراڭ دوغاپنى قولدىن - قولغا سۇنۇشۇپ بىرەر ئوتلامدىن ئىچىپ تۇرۇشىغا لوپلۇق ئاپتورلارمۇ ئاپتوبۇسقا چىقىشتى.

شۇ كۈنلەردە چىرا بازىرىنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىغا، ئىدارە - ئورگانلارنىڭ دەرۋازىلىرىغا، يول بويىدىكى ئىستولبىلارغا «يازغۇچىلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز... چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرىمىز... سەمىمىي ھال سورايمىز» دېگەندەك پلاكاتلار چاپلىنىپ، ھەقىقىي بايرام تۈسى شەكىللەندۈرۈلگەنىدى.

يىغىن تولىمۇ تەنتەنىلىك باشلاندى. چىرا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يالقۇن قادىر چىرا ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش تەدبىرلىرى، چىرا خەلقىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ساھەلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەتقاسىم ئابدۇراخمان خوتەندىكى ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ سانى، تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر ھەققىدە توختالدى.

چۈشتىن كېيىن نەسرىي ۋە نەزمىي تۈرى بويىچە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ كەسپىي مۇزاكىرىگە ئولتۇردۇق. شېئىرىيەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە شائىر ئابدۇللا سۇلايمان «تۇرمۇش شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى» دېگەن تېمىدا، نەسرىي گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ئۇستاز يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى ئىجادىيەتتە ئۇنۇم قازىنىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە دەرس سۆزلەپ بەردى. بۇ دەرس ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدە ئۆزىگە خاس قانات چىقىرىپ پەرۋاز قىلالماي، تەقلىدىي بىر نېمىلەرنى يېزىپ يۈرۈۋاتقان ھەۋەسكارلار ئۈچۈن راستتىنلا يەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مېۋە، ئىچىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بۇلاق سۈيى ئىدى. نۇرمۇھەممەت توختى سۆزىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىلچە شەخسىي غەرەز ئارىلاشتۇرماسلىق، پەقەت خەلقنى، مىللەتنىلا ئويلاپ ئىجادىيەت سېپىگە كىرىش، ئىجادىيەت ئارقىلىق پۇل، يۈز - ئابرۇي ۋە ئەمەل-مەنسەپ تېپىشنى ئويلىماسلىق، ناۋادا شۇنداق مەقسەتتە ئىجادىيەتكە ئارىلىشىپ قالغانلار بولسا دەرھال چىقىپ كېتىش لازىملىقىنى

ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئەتىسى سەھەردە تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن يۈرۈپ كەتتۇق. ئاپتوبۇسنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان نۇر دەستىسى يولنى غۇۋا يورۇتۇپ باراتتى. بىردەمدىن كېيىن ناھىيە بازىرىنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ تۇپتۇز ساي يولىغا ئۆلاشتۇق. دېرىزىدىن ئۇرۇلغان تاغ شامىلى كىشىگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. قاياقلاردىندۇر بوز تورغاينىڭ چۇ - چۇلاشلىرى ئاڭلىنىپ، تاڭ ئاستا - ئاستا يورۇشقا باشلىدى.

— ئەجەب ئالدىراپ ماڭدۇق، تاڭ ئاتقاندا ماڭساق بولماسمىدى.

— شۇ ئەمەسمۇ، مەنمۇ كۆزۈمنى ئاچالماي ۋاتىمەن.

— بۈگۈن بارىدىغان يەر شەھەردىن 87 كىلومېتىر كېلىدۇ، كېيىن قالساق بولمايدۇ.

— نەگە بارىمىز؟

— بوستان يېزىسىغا، شۇ يەردىكى كارىزنى كۆرگىلى بارىمىز.

توساتتىن ماشىنىنىڭ ئالدىدىراق ئولتۇرغان شائىر ئابدۇغېنى سېيىت يېقىملىق ئاۋازدا ناخشا باشلىۋەتتى.

تاغ ئاراسى، تاغ ئاراسى،
تاغدا كەكلىك بالاسى...

ھەممەيلەن ناخشىنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىغا جور بولدى. كەينى-كەينىدىن ئۇلىنىپ زوق - شوق بىلەن ياڭراۋاتقان ناخشا ساداسى شەپەق نۇرىدا جۇلالانغان ئېگىز تاغلارنىڭ باغرىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىشقا باشلىدى.

بىز يىراقلارغا سوزۇلغان تۇپتۇز سايىنى، كۆككە تاقاشقۇدەك ئېگىز تاغلارنى، تاغ ئارىسىدىكى زۇمرەتتەك سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېقىنلارنى، ئاشۇ ئېقىن بويلىرىغا جايلاشقان بۇك - باراقسان مەھەللىلەرنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ، كۈن چۈش بولغاندا كۆزلىگەن مەنزىلگە يېقىنلاشتۇق. كارىز كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا ئېگىز- پەس كۆتۈرۈلۈپ چىققان قورام تاشلار ئاپتوبۇسنىڭ يۈرۈشىگە توچكا ئۇرۇۋەتتى. بىر تەرىپى ئېگىز تاغقا ياندىشقان، يەنە بىر تەرىپىدە سۈپسۈزۈك سۇ ۋىل - ۋىل جۇلالىنىپ ئېقىۋاتقان جىلغىدا ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق - دە، پىيادە يۈرۈپ كەتتۇق. تەبىئەت ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ھەيۋەتلىك تاغنىڭ ئاستىدىكى 1107 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تەشمىدىن چىرا خەلقىنىڭ قان - تەرىنىڭ مەھسۇلى

بولغان مۇزدەك سۇ بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقاتتى. ئادەمنىڭ كېيىك بالىسىدەك تاغدىن - تاغقا سەكرەپ ئويىنغۇسى، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى. كىملەردۇر سۇغا تاش ئاتسا، كىملەردۇر جاھاننىڭ شۇنچە كەڭلىكىنى تونجى قېتىم ھېس قىلغاندەك يىراقلارغا ھەۋەس بىلەن سەپسالاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىرلا ئورتاق پىكىر كېزەتتى. ھەممەيلەن چىرا خەلقىنىڭ يۇرتىنى گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، ئۆزىگە بەخت يارىتىشتا، ئۆزىنى مۇستەھكەملەشتە ئاللىكىملەردىن ئۈمىد كۈتمەي ئۆز جاسارىتىدىن، ئۆز ئەقلىدىن ئۈمىد كۈتىدىغان ئالىيجاناب روھىغا ئاپىرىن ئوقۇشاتتى. كارىزدىن قايتىشۋاتقاندا كىمدۇر بىرى يىراقلاردا قارىيىپ كۆرۈنگەن بۇككىدە دەرەخلىكنى كۆرسىتىپ:

ئاۋۇ يەردىمۇ بىر كارىز بار، كىشىلەر ئۇنى «نىياز ھېكىمبەگنىڭ كارىزى» دەپ ئاتىشىدۇ، — دېدى.

— ئۇنى نىياز ھېكىمبەگ كولىغانمىكىن؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئەمگەكچان چىرا خەلقى ئۆز قولى بىلەن كولىغان گەپ. نىياز ھېكىمبەگ خوتەننى سوراۋاتقاندا كولانغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

— ئۇ كارىزدىن ھازىر سۇ ئۆتەمدۇ؟

— ئۆتمەيدۇ، تىنىپ كەتكىلى خېلى يىللار بولغان گەپ.

ئەتىسى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى «قۇم تىزگىنلەش پونكىتى»، «يېتىم باللار پاراۋانلىق مەركىزى» قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىپ بولۇپ، گۈلاخما، دامىكۇ يېزىلىرىغا باردۇق. «قۇم تىزگىنلەش پونكىتى» چىرا بوستانلىقى بىلەن قۇملۇقنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، بۇ يەردە يېقىندىن بېرى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىۋېتىپتۇ. كۆچمە قۇم قەرەلسىز ھالدا خالىغانچە باستۇرۇپ كېلىپ بوستانلىقنى يۇتۇپ كېتىشكە ئۇرۇنىدىكەن. چىرا خەلقىمۇ بوش كەلمەي لاي ئېقىتىپ ئېتىز بەرپا قىلىش، ئورمان بىنا قىلىپ، بوستانلىقنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ قۇمنى ئارقىسىغا چېكىندۇرىدىكەن. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، چىرا خەلقى يۇرتىنى قوغداش داۋامىدا ناھايىتى كۆپ جاپا چېكىپتۇ. ئۆز يۇرتى ئۈچۈن جاپا تارتىشقا، قان - تەر ئاققۇزۇشقا تامامەن ئەرزىيدۇ.

شۇ قېتىم چىرا خەلقى بىزنى شاھانە ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەڭ ئېسىل تائاملىرىنى، ئەڭ شېرىن ناز نېمەتلىرىنى داستىخانغا تۆكتى. بېھىشتەك باغلىرىدا ساياھەت قىلدۇردى. ئەدىبلەرمۇ

قولىدىن كېلىشىچە جاۋاب قايتۇردى. نۇرغۇن شائىرلار چىـــرا توغرىسىدا، چىرا خەلقىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى، ئەمگەك سۆيەر روھى توغرىسىدا سۆيەتلىك شېئىرلارنى يازدى. بولۇپمۇ يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى شۇ قېتىم ئېرىشكەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە»، «قۇملۇقتىكى يېشىل كېمە»، «يېتىم باللارنىڭ كەلگۈســـى گۈزەل بولسۇن» قاتارلىـــق ئەدەبىي ئاخباراتلارنى، شائىر ئابدۇللا سۇلايمان «شەپقەت قۇياشى» ناملىق داستاننى يېزىپ، چىرا خەلقىگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىـــنى ئىپادىلىدى. شۇ قېتىمقى يىغىن خوتەن ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك يىغىن بولدى. چۈنكى خوتەندىكى ئەدىبلەر بايرىمىنىڭ ناھىيىلەردە ئۆتكۈزۈلۈشى شۇ يىغىندىن باشلاندى. يازغۇچىلار ھەر قاچان يىغىنغا جەم بولغاندا چىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاشۇ بايرامنى، چىرا خەلقىنى، شۇنداقلا ئاشۇ باشلامنىنى روياپقا چىقىـــرىپ بەرگەن مەرىپەتپەرۋەر رەھبەرلەرنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىـــشىدۇ. چىرىدىكى گۈزەل سەيلىگاھلارنى ئەسلىشىدۇ.

# قاراقاشتا بايرام

1994 - يىلى ئىيولدا ئەدىبلەر بايرىمى قاراقاشتا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئەزىز مەتسەيدى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن تەپسىلىي دوكلات بەردى. يىغىننىڭ باشلىنىشى خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئەسلى كېرىيە ناھىيىسىنىـــڭ ۋەكىـــللىـــرىمۇ، گويا ناھىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ كېلەر يىللىق ئەدىبلەر بايرىمىغا تەكلىپ ئېلىـــپ كەلگەنىكەن. «بازار چاقىقانىنـــــڭ» دېگەندەك كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ۋەكىلى بۇرۇن سەھنىگە چىقىپ، 1995 - يىللىق ئەدىبلەر بايرىمىنى كېرىيىدە ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىۋېدى، زال چاۋاك ساداسىدىن تىترەپ كەتتى. ھەممە ئىـــش پۇل بىـــلەن ئوخشايدىغان بۇ كۈنلەردە خوتەندەك نامرات ۋىلايەتنىڭ ناھىـــيە، يېزىلىرى ئۈچۈن ئون نەچچە مېھماننى كۈتۈشمۇ خېلى قىيىـــنغا توختايتتى. ئەمما، ئۇلار ئون نەچچە ئەمەس، يۈز نەچچە يازغۇچىنى بىر ھەپتە كۈتۈش نۆۋىتىنى تالاشماقتا ئىدى. بۇ ئىش بىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. خەلقىنىڭ بىزنى شۇ قەدەر چۈشىنىدىغانلىقىنى، ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ يازغۇچىلىرىدىن ئاجايىپ چوڭ ئۈمىد

كۆتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتۇق.

قاراقاش ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىن خوتەن ئەدەبىيات تارىخىدا يەنە بىر يېڭى سەھىپە ئاچتى. بۇ يىغىندا خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى روياپقا چىققانىدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، يازغۇچى قەييۇم تۇردى بىلەن «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ تەبرىك خەتلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

قاراقاش ناھىيىسىدىكى سەيلى - ساياھەتمۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك باشلاندى. لىرىك ناخشىلىرى بىلەن تونۇلغان خەلق سەنئەتكارى ئابدۇخېلىل ئاكا نەقىشلىك دۇتارىنى مۇڭلۇق پەدىگە سايرىتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرى گاھى ئېگىز تاغ - جىرالارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسە، گاھى تىنچ ئۇخلاپ ياتقان دېڭىزنى ئەسلىتەتتى. گاھى شوخ، سەبىي بوۋاقلارنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىنى نامايان قىلسا، بەزىدە قىران بۈركۈتتەك ئەزىمەتلەرنىڭ چېلىش مەيدانلىرىدىكى جاسارىتىنى ئەسكە سالاتتى.

قاراقاش خەلقى چوڭ يوللارنى، كوچىلارنى چالا قويماي سۈپۈرۈپ، سۇ سېپىپ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغىغۇدەك پاكىز تازىلىۋەتكەنىدى. بىز بىر يېزىدىن ئىككىنچى يېزىغا، بىر كەنتتىن باشقا كەنتكە ئۆتكەندە، ھەتتا مەھەللىدىن مەھەللىگە ئۇلاشقاندىمۇ ئۇلار ئالدىمىزنى توسۇپ ناۋاتتەك تەملىك قوغۇن، تاۋۇز ۋە ھەر خىل شېرىن مېۋىلىرىنى قوش قوللاپ تۇتاتتى. كەنت ئىشخانىسىنىڭ ھويلىلىرىدا، يول ئۈستىدىكى ئازما - چۇشۇرگۈلەرنىڭ بېشىدا، ئىش قىلىپ ئادەم توختايدىغانلا دوقمۇشلارنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق ئەھۋال تەكرارلىنىپ تۇراتتى.

ئاق ساراي يېزىسىدىكى «چىنار پادىشاھى» نىڭ تۈۋىگە كەلگەندە قىزىقارلىق ئىشلار بىزنى تېخىمۇ جەلپ قىلىۋالدى. ئەدىبلەر چىنارنىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخىنى ئەسكە سالىدىغان يوغان غولىغا، بىر نەچچە مو يەرگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان شاخ - پۇتاقلىرىغا، كېرىلگەن ئالىقاندەك ئەتلىك يوپۇرماقلىرىغا ھەۋەسلىنىپ قارايتتى. چىنار تۈۋىدە تۇرۇپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشەتتى. شۇ ئەسنادا «ئاۋۇ يەرگە قارا» دەپ نوقۇدى بىرى. بۇرۇلۇپ قارىسام، خوددى يوغان چىنارنىڭ مۆئەككىلىدەك يوغان بىر ئادەم بىزگە يېقىنلاپ كەلدى. بۇ مۆجىزە، ھەيرانلىقىمىزنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتتى. ھەددىدىن زىيادە يوغان چىنار، ھەددىدىن زىيادە يوغان ئادەم، يەنە كېلىپ ئۇلار بىر يەردە. بۇ ئىككىسى گويا بىر - بىرى بىلەن تەقدىرداشتەك،

قاچانلاردىدۇر مۇشۇ ئېگىز چىنار بىلەن گىگانت ئادەم ئاكا - ئۇكا قېرىنداش بولۇپ، كېيىن تەبىئەتنىڭ سېھرىي كارامىتى تۈپەيلىدىن ئايرىم - ئايرىم ئىككى تۈرگە بۆلۈنۈپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. قىسقىسى بۇ يەردە ئىنسانىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، جاھاندىكى جىمى مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئۆزىلا بىلىدىغان سىر، ھېكمەت باردەك قىلاتتى.

باياتىدىن بېرى ئېگىز بويلۇق چىنار بىلەن رەسىمگە چۈشكەن ئەدىبلەر ئەمدى ئېگىز بويلۇق ئادەم بىلەن رەسىمگە چۈشۈشتى ۋە ئۇنىڭدىن خالىغان گەپلەرنى سورىغىلى تۇردى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ھىدايەت ئاخۇن.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

—يىگىرمە تۆت ياشقا.

— خوتۇن ئالدىڭىزمۇ؟

— ئالغان، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كەتتى.

چىرايىدىن بىر خىل ساددىلىق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم كىم نېمىنى سورىسا ئۇدۇللا جاۋاب بېرىپ پەرۋاسىز قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قىزىقىش ياكى بىزار بولۇش ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى.

ئاق ساراي يېزىسى بىلەن خوشلىشىپ سايۋاغ يېزىسىغا كەلدۇق. سايۋاغ خەلقىمۇ بىزنى كاتتا ئىھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى. يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۆرۈكلۈك بېغىدا خەلق سەنئەتكارلىرى داپ، دۇتار، تەمبۇر دېگەندەك خەلقىمىز ئارىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلىنىپ كەلگەن مىللىي سازلار بىلەن مەشرەپ باشلىۋەتتى. بۇ ناخشىلاردىن تېگىگە يېتىپ بولمايدىغان بىر خىل مۇڭ، ئارزۇ - تىلەك ئەكس ئېتەتتى.

ئەتىسى قوتچى، قاراساي يېزىلىرىنىڭ ئالما، نەشپۈتلۈك باغلىرىنى، ئۈزۈم باراڭلىق ھويلىلىرىنى، بولۇق ئۇخشىغان قوناق ۋە غوزەكلىرى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان كېۋەزلىكلىرىنى كۆرۈپ ياۋا يېزىسىغا كەلدۇق. قۇياش خۇددى پېشانىمىزدە يېلىنجاۋاتقاندەك قىزىقلىق دەستىدىن ئۆرە تۇرۇشمۇ قىيىن ئىدى. يېزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. قۇملۇققا يېقىنلاشقانسېرى بىر ئۇچى ئاسمانغا تۇتاشقان خادا قويۇندەك ئېگىز ۋە چوڭ دائىرىلىك چاڭ - توزان كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىزنىڭ ماشىنىلار ئاشۇ چاڭ - توزان

تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئازراق ئارىلىق قالغاندا ماشىنىدىن
چۈشتۇق. ئادەملەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى، كەتمەننىڭ ئاندا -
ساندا بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ كېتىشلىرى ئاڭلانغىلى تۇردى. ئەسلى
بۇ يەردە ياۋا يېزىسىنىڭ دېھقانلىرى قۇمنى يېرىپ بوز يەر
ئېچىۋاتقانىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، چىرايى قارىداپ،
لەۋلىرى چاك - چاك يېرىلغانىدى. باش - كۆزلىرىگە قونغان توپا
تەر دەستىدىن قاپقارا لاي بولۇپ ساقىماقتا ئىدى. ئادەملەر
كۆپۈلدىتىپ توختىماي كەتمەن چاپاتتى. قورسىقى چاپلىشىپ كەتكەن
سالپاڭ قۇلاق ئېشەكلەر قامچا، تاياقتىن قورقۇپ هارۋىنى هارغىن
سۆرەيتتى. ئادەملەرنىڭ سانى قانچىلىك، ئەمگەك مەيدانىنىڭ بېشى
نەدە، ئايىغى نەدە، بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

بىر دەمدىن كېيىن يېزىلىق هۆكۈمەت قورۇسىغا كەلدۇق. ياۋا
يېزىسىنىڭ شۇجىسى هاشىم ماخسۇر ياۋا يېزىنىڭ ئەھۋالىنى
تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ تولىراق بوز يەر ئېچىش توغرىسىدا
توختالدى. بوز يەرنى كۆپلەپ ئاچقاندا ئاندىن ياۋا خەلقىنى
نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگىلى
بولىدىغانلىقىنى تازا ئۇرغۇلۇق تەلەپپۇزدا ئوتتۇرىغا قويدى.

تاماقتىن كېيىن مەشرەپ باشلاندى. سازغا تەڭكەش قىلىنغىنى
ئەزەلدىن مەن ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان خەلق ناخشىلىرى، سەھنىدە
ئوينالغىنى مەن ياخشى كۆرىدىغان مىللىي ئۇسسۇل بولسىمۇ، بۇ
قېتىم مەيلىمنى تارتالمىدى. مەن ئاق سارايدىكى چىنار
سەيلىسىدىكىدەك هاياجانلىنالمىدىم. سايۋاغ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
بېغىدىكى مەشرەپتىكىدەك زوقلىنالمىدىم. كۆز ئالدىمدا توپىنىڭ
ئارىسىدىن ئۆمۈلەپ چىققاندەك ئۇستىۋېشىنى چاڭ - توزان باسقان
ياداڭغۇ دېھقانلار گەۋدىلىنەتتى.

خۇلاسە قىلىنغان كونى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ
باشلىقى، شائىر مۇھەممەت چاۋار يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەسمىي
قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، يازغۇچىلارنىڭ چىرايىدا شادلىق
كۈلكىسى جىلۋىلەندى. قىزغىن چاۋاك ساداسى ئۇزاققىچە
بېسىقمىدى. شۇ مەيداندا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق خوتەن ۋىلايەتلىك
يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە باش
كاتىپلىرى سايلاپ چىقىلدى. سايلامدىن كېيىن «يېڭى قاشتېشى»

ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى شۇ يىللاردا ئىجادىيەتتە بىر قەدەر نەتىجە قازانغان ئون نەچچە ئاپتورنى مۇكاپاتلىدى.

# كېرىيىدە بايرام

1995 ـ يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدىبلەر بايرىمى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان كەچ كۈز پەسلىگە توغرا كەلدى.

بىز يېتىپ بارغاندا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئوپۇل ـ توپۇل كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مېھمانخانىسىغا جايلىشىۋالدۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە قارىساق ياتاقنىڭ تام ـ تورۇسلىرى قارىداپ كەتكەن، كۆزنەكلەر چېقىلغان، بەزى ئۆيلەرنىڭ لاي لەمپىسى ئاجراپ تىزىق ـ تىزىق قومۇشلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىكەن. يازغۇچىلار ئاجايىپ ئادەملەر، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن، مال ـ دۇنياسىنىڭ ئازلىقىدىن، سورۇنلاردا تۆرگە داخىل بولالمىغانلىقىدىن قىلچە ئەپسۇسلانمايدۇ. ئەمما، بىرەر نادان تەرىپىدىن ئىنسانىي ئىززىتى ھاقارەتلەنگۈدەك بولسا، دەرھال قويىنىڭ قوزىسىدەك ھالىتىدىن يولۋاستەك، شىردەك ھالەتكە ئۆتىدۇ. شۇ قېتىممۇ ھېچقايسى يازغۇچى زارلانمىدى، ناچار ياتاقلارغا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەپسۇسلانمىدى. بەلكى مۇشۇ قۇتلۇق بايرامغا داخىل بولالىغانلىقى ئۈچۈن چەكسىز خۇشال بولدى. ئەتىگەن ئورنىمىزدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇۋاتقاندا بىرسى ياتاققا يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە:

— ۋالىي كەپتۇ، — دېدى.

— يالغان گەپ قىلماڭلا ئاداش، تاڭ ئەمدى سۈزۈلگەن تۇرسا.

— راست، ئىشەنمىسەڭلا قاراپ بېقىڭلا.

بىر ئىشنىپ، بىر ئىشەنمەي سىرتقا چىقتۇق. دېگەندەك ۋالىي جۇرئەت مەمتىمىن ماشىنىدىن چۈشتى. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى مەتنىياز رەجەپ، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مەتقاسىم ئابدۇراخمان ۋە يەنە بىر نەچچە كىشى ۋالىينىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ۋالىي ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ بىز ياتقان ياتاقلارغا كىردى. بىر نەچچە يازغۇچى بىلەن كۆرۈشۈپ ھال سورىدى. بىر قانچە ياتاقنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى ۋە ئارقىسىدىن تاپ

باستۇرۇپ كېلىۋاتقان مەتنىياز رەجەپتىن سورىدى.

— يېڭى ياتاقلار پۈتتى دەۋاتاتتىڭلارغۇ؟

— پۈتكەن، ئۇ ياتاقلارغا تېخى مېھمان قوبۇل قىلمىدۇق. لېنتا كېسىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن مېھمان قوبۇل قىلماقچى.

— سىلەر ئۇ ياتاقنىڭ لېنتا كېسىش مۇراسىمىنى مۇشۇ يازغۇچى — شائىرلار بىلەن ئۆتكۈزمەي، كىم بىلەن ئۆتكۈزمەكچى؟ ياتاققا تۇنجى قېتىم خوتەننىڭ مۇشۇنداق مۆتىۋەرلىرىنى قوبۇل قىلماي كىمنى قوبۇل قىلماقچى؟!

— ۋاي ئىسىت، ئەقلىم نەگىمۇ كەتكەن بولغىيدى، ھاكىم ئۆزىنى ئەيىبلىگىلى تۇردى، — دەرھال يۆتكەيلى ۋالىي.

— قېنى مەتقاسىم مۇئەللىم، — ۋالىي بىر ياندا قاراپ تۇرغان مەتقاسىم ئابدۇراخمانغا بۇرۇلدى، — يازغۇچىلار دەرھال يېڭى مېھمانخانىغا كۆچسۇن!

سومكىلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ كونا مېھمانخانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۈچ قەۋەتلىك بىناغا چىقتۇق. يېڭى مېھمانخانىنىڭ ياتاقلىرى ئازادە، يورۇق، ھەممە ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇپ، ئەتە - ئاخشاملىرى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ناھايىتى قولايلىق ئىدى.

مېھمانخانىدىن يىغىن مەيدانىغا كەلگۈچە ئۈچتىن سەپ بولۇپ تىزىلدۇق. ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى ئالدىمىزدا ئۇسسۇل ئويناپ ماڭدى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا قاتار تىزىلغان ئوقۇغۇچىلار رەڭگارەڭ گۈلدەستىنى پولاڭلىتىپ «يازغۇچىلارنى قارشى ئالىمىز» دەپ ھاياجان بىلەن توۋلىشاتتى. مىڭلىغان كېرىيە خەلقى بىزنىڭ ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ تاكى يىغىن ئېچىلىدىغان زالنىڭ ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ كېلىشتى.

يىغىندا ئالدى بىلەن كېرىيىنىڭ ھاكىمى مەتنىياز رەجەپ ناھىيىنىڭ يەر كۆلىمى، نوپۇسى، مائارىپ ۋە بالىلار پاراۋانلىقى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. گۇما ناھىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ ئالدىنقى يىلى قاراقاش يىغىنىدا ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن تەكلىپى ئوقۇلدى.

شۇ قېتىمقى مۇراسىمدا كېرىيە ناھىيىسىدىن شائىر مۇھەممەت ئەيسا قۇربان، خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپتىن شائىر ئابدۇغېنىي سىيىت، قاراقاش ناھىيىسىدىن شائىر، دراماتورگ مەمتىمىن قۇربان، گۇمىدىن ئابدۇقادىر سادىر قاتارلىق تۆت ئەدىبكە

تون كىيگۈزۈلدى. بۇ ۋىلايىتىمىز ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق تون كىيگۈزۈش بولۇپ، بىرىنچى قېتىمقىسى 1994 - يىلى 5 - ئايدا خوتەن مېھمانخانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان، ئۇ چاغدا يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، شائىر روزى سايىت، ئابدۇللا سۇلايمان قاتارلىق ئۇستازلارغا خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن تون كىيگۈزۈلگەنىدى.

بۇ قېتىم تۆت ئەدىبكە تون كىيگۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن گۇما ناھىيىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى يازغۇچى ئابدۇقادىر سادىرغا يەنە بىر تون كىيگۈزدى. مۇراسىمدا ۋالىي جۇرئەت مەمتىمىن نوتۇق سۆزلەپ تون كىيگۈزۈلگەن تۆت ئەدىبتىن سەمىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى ھەمدە بۇنداق تون كىيگۈزۈش پائالىيىتىنىڭ يەنە داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. كېرىيە دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇغان ئوت - چۆپلەر ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ ياتاتتى. بىر دەمدىن كېيىن يېڭى ئېچىلغان بوز يەرلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر تەرىپى كەنتكە، يەنە بىر تەرىپى نەگىدۇر سوزۇلغان قۇملۇققا كەلدۇق. شۇ چاغدا شائىر روزى سايىت ئۆزىنىڭ پۇل تېپىۋالغانلىقىنى جاكارلىدى.

— خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار! يانچۇقى تالاپەتكە ئۇچرىغانلار پېقىر بىلەن ئالاقىلىشىڭلار، يىتكەن پۇلنىڭ رەڭگىنى، سانىنى، قەددى - قامىتىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلىسەڭلار بېرىمەن.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، روزاخۇن، پۇل دېگەننىڭمۇ ئايرىم رەڭگى، قەددى - قامىتى بولامدۇ؟ — دېدى تارىخ تەتقىقاتچىسى، يازغۇچى ئابدۇقادىر تۇرسۇن.

— بىكارغا ئىش يوق، بەلگىسىنى تولۇق ئېيتىپ بەرمىسە بەرمەيمەن.

— مېنىڭ پۇلۇم يىتىپتۇ، — يازغۇچى مەتسېلىم مەتقاسىم يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

— قېنى دەڭا نەچچە پۇل ئىدى؟

— بەش يۈز كويدىن كۆپرەك.

— نەق سانىنى دەڭ ...

ئويتوغراق يېزىسىنى ئايلىنىپ چۈشكە يېقىن «بوغراقۇم» دېگەن جايغا كەلدۇق - دە، ئاسمانغا تىك كۆتۈرۈلگەن قۇم دۆۋىسىگە ياماشتۇق. ھەممىمىز خۇددى ئېغىر بىر نەرسە يۈدۈۋالغان دۈمچەك

بۇۋايدەك پۈكلىنىپ قەدەم ئالاتتۇق. ھەر قانچە كۈچىسەكمۇ ئايىغىمىزدىكى قۇم سىماپتەك ئېقىپ، سۇدەك ساقىپ قەدىمىمىز بۇرۇنقى ئىزغا كېلىپ توختايتتى. كىملەردۇر قاتتىق ھاسىرايتتى، توختاپ يەنە ماڭاتتى. قەددىنى رۇسلاپ تېلىپ كەتكەن بەللىرىگە پوك-پوك مۇشتلايتتى. بۇرۇن چىقىپ بولغانلار قاپىبەلدە تىرمىشىۋاتقانلارغا مەدەت بېرىپ ۋارقىرايتتى ...

ئاخىر ھەممىمىز چوققىغا چىقىپ بولدۇق. قۇم مۇنارىنىڭ يان باغرىدا چاتقاللار قاپلاپ ياتقان قەبرىستانلىق، ئۇنىڭ نېرىسىدا يالىڭاچلانغان ئېتىزلىق، ياپراقلىرى سارغايغان دەل - دەرەخ، پاكار-پاكار دېھقان ئۆيلىرى بار ئىدى. ھويلىلاردا، ئۆگزىلەردە، باغلاردا ئاقلانغان قىپقىزىل قوناق دۆۋىسى كۆزگە چېلىقاتتى. مەھەللىدىن قويلارنىڭ مەرەشلىرى، يەنە بىر تەرەپتىكى باش ئۇچى كۆرۈنمەيدىغان قۇملۇقتىن بوز تورغاينىڭ چۇ چۇلاشلىرى ئاڭلىناتتى. ئۆزۈڭنى ساماۋى چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن سىرلىق دۇنيادا تۇرۇۋاتقاندەك سېزەتتىڭ. خىيالىڭ يىراقلارغا ئۇچاتتى. ياق، يىراقلارغا ئەمەس مۇشۇ قۇم مۇنارىنى ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى. «بۇ يەردە نېمە خاسىيەت باردۇ؟ بۇ قۇم مۇنارى نېمىشقا كەنت بىلەن قۇملۇقنىڭ چېگرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇ نېمىشقا چېچىلمايدۇ. بوراندا توزۇپ كەتمەيدۇ...» شۇ چاغدا كاللاڭدا تۇساتتىن بىر چاقماق چاقاتتى - دە، سىر يېشىلگەندەك بولاتتى. بۇ ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ كارامەتلىرىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى. ئەسلى بۇ قۇم مۇنارى، قۇملۇق بىلەن كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توسۇق. كەنتنى قۇم يۇتۇپ كېتىشتىن ساقلايدىغان خالىس قاراۋۇل. ئۇ كۆچمە قۇمنى ئۆزىنىڭ مەزمۇت گەۋدىسى بىلەن توسايدۇ. ئۇلۇغ تەبىئەت ئۇنى مەشەددە ئەنە شۇنداق شەرەپلىك ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن. شۇڭا ئۇنى «مۆجىزە» دېمەي ئامالىڭ يوق.

ئەدىبلەر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپلا قۇمغا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىشتى. قۇمنى قوللىرىغا ئېلىپ سورۇشتى. باغرىنى قۇمغا يېقىشتى. پەسكە قاراپ خۇددى كەپسىز باللاردەك دۇملاشتى، قىسقىسى ئۇلار تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، قۇم يازغۇچىغا، يازغۇچى قۇمغا ئايلىنىپ كېتىشتى. مۇشۇ قۇم مۇنارىنى مەڭگۇ ئەستە ساقلىماقچى بولغاندەك خىلمۇ خىل كۆرۈنۈشتە رەسىمگە چۈشۈشتى.

شۇ كۈنى بىز يەنە ئويتوغراق يېزىلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە كەلدۇق. ساناتورىيە باشلىقىنىڭ دېيىشىچە، تېخى يېقىندىلا بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ توينى قىلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئاڭلىماققا بۇمۇ قىزىقارلىق بىر ھېكايە.

— ئۇلار ياش ۋاقتىدا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپتىكەن، — دەپ گېپىنى باشلىدى ساناتورىيە باشلىقى، — نىمە سەۋەبتىندۇر قوشۇلۇش نېسىپ بولمىغانىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىككىسى ئاللا ياراتقان بۇ كەڭرى زېمىننىڭ باشقا - باشقا بۇلۇڭىدە قېرىپتۇ. بۇ جەرياندا بىر - بىرىنى ئۇنتۇغانمۇ ياكى ئەستە ساقلىغانمۇ، بۇ تەرىپى نامەلۇم، ھەر ئىككىلىسى قېرىغاندا ئىگە - چاقىسىز قالغاچقا ساناتورىيىگە ئەكەلدۇق. ئەمەلىيەتتە ئەرنى بۇرۇنراق ئەكەلگەن. ئايالنى ئەكەلگەن كۈنى ئەر ئۇنى تونۇپ قاپتۇ. ئەر نېرۋىسىدىن سەل ئاداشقانىكەن. ئايالنى كۆرۈپلا خەقنىڭ كۆزىچە قۇچاقلىۋالدى. مۇھەببەت دېگەن تولىمۇ قۇدرەتلىك نەرسىكەن. شۇنچە ياشقا كەلگۈچە ئۇلارنىڭ بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتكەن، يىللار ئۇلارنى قېرىتىپ ھالىدىن كەتكۈزگەن بولسىمۇ مۇھەببىتىنى قېرىتالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسمىيىتىنى بېجىرىپ توينى قىلىپ قويدۇق.

كېرىيە ناھىيىسىدىن ئايرىلغۇچە ئەدىبلەر بۇ غەلىتە ھېكايىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمىدى.

بىز يەنە كېرىيە ناھىيىسىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان تاغنىڭ باغرىدىكى باش ئازمىنى، كېرىيىنىڭ ئۈزۈمچىلىك بازىسى بولغان لەڭگەر يېزىسىنى زىيارەت قىلدۇق. لەڭگەردە كېرىيىدە ئۆتكەن خەلق سەنئەتكارى مەڭلەشخاننىڭ شاگىرتلىرى بولمىش بىر توپ سازەندىلەر ئۆزگىچە ئاھاڭدىكى لەرزان مۇقاملارنى ئورۇنلاپ بەردى.

خۇلاسە يىغىندا ئەدىبلەر كېرىيە خەلقىگە لەۋھە تەقدىم قىلدى. بىر مۇنچىلىغان شائىرلار كېرىيە خەلقىنىڭ ئەمگەكچانلىقىدىن، مېھماندوسلۇقىدىن تەسىرلىنىپ يازغان شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. بولۇپمۇ شائىر روزى سايىتنىڭ «قەلەمكەشنىڭ بىساتى يوق رەھمىتى كۆپتۇر» دېگەن شېئىرى ئالاھىدە ئالقىشلاندى. قىسقىسى كېرىيىدىكى بايرام خوتەن دىيارىدىكى ئەدىبلەرگە تۈگىمەس ئىجادىي ئىلھام بەخش ئەتتى.

## گۇمىدا بايرام

1996 - يىللىق ئەدىبلەر بايرىمى گۇما ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا بېرىپ - كېلىش ئۈچۈنمۇ ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى ھەقسىز ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەنىدى. شەھەردىن سەل كەچرەك يولغا چىققانلىقىمىز ئۈچۈن كېچە خېلى بىر يەرگە

بارغاندا گۇمىغا كېلىپ ياتاقلارغا ئورۇنلىشىۋالدۇق.

يېغىنىنىڭ ئىچىلىش مۇراسىمىدا گۇما ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئۆمەر ئابدۇللا گۇما خەلقىگە ۋاكالىتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت يېغىنىنىڭ گۇمىدا چاقىرىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى، ئەدىبلەردىن سەممىي ھەل سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە گۇما خەلقىنىڭ دېھقانچىلىق، سۇ قۇرۇلۇشى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ... جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇردى.

ئارقىدىنلا لوپ ناھىيىسىنىڭ ۋەكىلى كېلەر يىللىق ئەدىبلەر بايرىمىنى لوپ ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىغىن ئەھلىنى قاتتىق خۇشاللاندۇرۇۋەتتى. ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى يېقىنقى يىللاردىن بېرى مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بىر قىسىم ئاپتورلارنى مۇكاپاتلىدى.

يىغىنىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە گۇما ناھىيە بازىرىنىڭ غەربى ـ جەنۇب تەرىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەن بۇلۇتلار كىشىنىڭ كۆڭلىگە يامغۇر ۋەھىمىسىنى سالاتتى. ئالاھەزەل بىرەر سائەتتىن ئوشۇقراق ماڭغاندىن كېيىن يول تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەتراپتىكى يېڭى ـ يېڭى مەنزىرىلەر كىشىنى زوقلاندۇراتتى. يولنىڭ سول تەرىپىدىكى تاغلارنىڭ چوققىسىدىن پەسكە قاراپ سوزۇلۇپ چۈشكەن دۇتارنىڭ تارلىرىدەك قاتار ـ قاتار ئېرىقچىلاردا يامغۇر سۈيى ئاقاتتى. ئوڭ تەرەپتە كىچىكرەك دەريا بار ئىدى. قىرغاقتىكى ياپپېشىل چۆپلۈكتە قوي، كالا پادىلىرى ئوتلىشىپ يۈرەتتى. بىر سېرىق موزاي قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا قىيغىتىپ چاپماقتا ئىدى.

قوشتاغ يېزىسىنىڭ ئىسمىسلا دېگەن يېرىگە يەتكەندە ماشىنىلار قاتار تىزىلىپ توختاشتى. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ تاش يول بويىدىكى بۇككىدە دەرەخلىك ئارىسىغا جايلاشقان قەبرىستانلىققا كەلدۇق. بۇ يەرگە 1867 — 1950 ـ يىللىرى ياشاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەرھۇم شائىر ئىسمايىل ھاجىم قويۇلغانىدى. يامغۇر شارقىراپ ياغماقتا. ئەتراپتا قەبرى تېرەك، جىگدە دەرەخلىرى بار ئىدى. زومچەك ـ زۇمچەك قەبرىلەردىن قومۇش، يانتاقلار ئۈنۈپ چىققانىدى. قايسىدۇر بىر قەبرىنىڭ بېقىنىنى سېرىق قۇيرۇقلۇق چاشقانلار كولاپ موللەك ـ موللەك توپا چىقىرىۋەتكەن. بۇ يەردىكى جىمى ئالامەتلەر ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئاداققى مەنزىلنىڭ قورقۇنچلۇق

كۆلەڭگىسىنى تاشلايتتى. ئېسىل يوپۇقلار بىلەن يېپىلغان مەقبەرىنى چۆرىدەپ تۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردۇق. چىرايلاردىن، كۆزلەردىن، ھەتتا تىنىقلاردىنمۇ بىر خىل مۇسىبەت، پىراق يېلىنجايتتى. مەن ئۇدۇلۇمدا بېشىنى ئېگىپ ئۈنسىز ئىندا قىلىۋاتقان شائىر روزى سايىتقا قارىدىم. ئۇنىڭ يامغۇر سۈيى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن كۆز ياشلىرى ياداڭغۇ مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى.

ھاكىم ئۆمەر ئابدۇللا بىلەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شائىر مۇھەممەت چاۋار مەرھۇمنىڭ مەقبەرىسىگە يېپىلغان يوپۇقنى ئاستا كۆتۈردى. ئاشۇ يوپۇقنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ مەرھۇم شائىر چاچراپ تۇرۇپ بىز بىلەن كۆرۈشىدىغاندەك قەبرىگە پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن تىكىلدۇق. يۈرەكلەر بوغۇزىمىزغا تىقىلدى. ئەپسۇسكى ھېچقانداق مۆجىزە يۈز بەرمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ تېنى مۇشۇ قارا تۇپراق ئاستىدا قالغىنى بىلەن روھى بىز بىلەن بىللە ئىدى.

يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىدىن كېيىن كېلىياڭ يېزىسىغا، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىغا كەلدۇق. گۇما ناھىيە بازىرىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتا، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن تۆت مىڭ مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بۇ تاغلىق رايوندا يامغۇر تېخىمۇ قاتتىق يېغىۋاتاتتى. ئالدى بىلەن يېزا باشلىقى بىزگە نەۋئابات تاجىكلىرىنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنى ناھايىتى تەسىرلىك ھېكايە قىلىپ بەردى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى ئۈستى ئوچۇق سەينادا مەشرەپ باشلاندى. بۇ تاجىك خەلقىنىڭ ساپ مىللىي ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەنئەنىۋى مەشرەپ ئىدى. خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن قايناپ چىققاندەك ئېزگۇ ئاۋازدا ئېيتىلغان ناخشا شۇ قەدەر يېقىملىق بولۇپ، ناخشىچى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت قىسسىسىنى ئوقۇۋاتامدۇ ياكى ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئانا يۇرتىدىن ئايرىلغان چاغدىكى كۈلپەتلىك ئۆتمۈشىنى ياد ئېتىۋاتامدۇ بۇنى بىر ئاڭلاشتىنلا بىلىپ كەتكىلى بولمايتتى. ناخشا تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە بىر نەچچە يىگىت بېلىگە تاجىكچە بەلۋاغ، بېشىغا تاجىكچە تەلپەك كىيىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناشلىرى نەۋقىران بۈركۈتنىڭ كۆكتىكى پەرۋازىنى ئەسلىتەتتى.

ئەتىسى قارا تاغمىز دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلدۇق. ئېتىزلاردىكى جۈپ - جۈپ باشاق ئالغان قوناقلار، باغلاردىكى شاخلىرىنى ئېگىپ تۇرغان چىنىدەك چوڭ، چوغدەك قىزىل، ھەسەلدەك تەملىك ئالمىلار جاپاكەش دېھقانلارنىڭ ئەجرىنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ.

بۇ يەردە يەنە «تۇردىھاجىم قورۇسى» دېگەن بىر ئاسارىئەتىقە ئورنى بار. زامانلاردىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن بۇ ھەشەمەتلىك بىنا دۆڭنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. ئۆينىڭ ئىچىگە كىرسەڭ تېنىڭ جۇغۇلدايدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تورۇسنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئادەمنىڭ قوچىقى يەتكۈسىز ئىككى دانە لىم ياغاچ ھېلىلا بېشىڭغا چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما چۈشمەيدۇ. لىمنىڭ ئالىقەيەرلىرىنى قۇرت يېگەن، تامنى چاشقان كولاپ ئۆتمۈشۈك قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، يېڭى زاماننىڭ مودا قوغلىشىپ سېلىنغان پارقىراق ئۆيلىرىدىن نەچچىنى قېرىتالايدۇ.

بىز يەنە ياپچان سۇ ئامبىرى، سانجۇ سۇ ئامبىرى قاتارلىق جايلارنىمۇ زىيارەت قىلدۇق. سانجۇ سۇ ئامبىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، قارشى قىرغىقى خۇددى ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. سۇ يۈزى بىر قاراشتا ئۈلۈكتەك تىمتاس، يەنە بىر قارىسا توختىماي تەۋرىنىۋاتقاندەك، يىراقلاردىن ئادەمگە قاراپ شاۋقۇنسىز باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئامبارنىڭ بىر تەرىپى يانتۇ سوزۇلغان يايلاق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىن خۇددى تولغىما ئۈچەيدەك قات - قات يوللار كېسىپ ئۆتكەن. بۇ يولدا ماڭغانسېرى ماڭغۇڭ، يۈگۈرگەنسېرى يۈگۈرگۈڭ كېلىدۇ. ياپپېشىل چۆپلۈكتە موللاق ئاتقۇڭ، بىر دەملىك بالىلىققا قايتىپ دومىلاپ ئوينىغۇڭ كېلىدۇ. قىسقىسى بۇ يەردىكى جىمى نەرسە ئەنە شۇنداق يېقىملىق.

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ گۇمىدىكى كۈنلەرمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. بىر - بىرىمىزگە قىيالمىغان ھالدا خوشلاشتۇق. ئەدىبلەر گۇمىدىن ئالغان تەسىراتى ئاساسىدا نۇرغۇن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ، گۇما خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقىغا، بەرگەن تۈزىغا، ھازىرلاپ بەرگەن بايراملىق سورۇنىغا تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرۇشتى.

# لوپتا بايرام

1997 - يىلى ئاۋغۇستتا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نەپىس ئەتلەسلىرى، ئوتقاشتەك جۇلالىق گىلەملىرى بىلەن جاھاننى ھەيران قالدۇرغان، ئاق سېپىل قەدىمىي خارابىسى ۋە ئىمامى ئاسىم سەيلىگاھىدەك مەشھۇر جايلىرى بىلەن داڭق چىقارغان لوپ دىيارىنىڭ ھۆرمەت پاياندازلىرى خوتەن ئەدىبلىرىنىڭ يوللىرىغا تارتىلدى. بۇ

قۇتلۇق مەرىكىگە ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاتاقلىق يازغۇچى ئەخەت تۇردىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى.

مۇراسىم باشلىنىدىغان كۇنى لوپ خەلقى مېھمانخانىدىن يىغىن زالىغىچە بولغان يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا قاتار تۇرۇشۇپ ئەدىبلەرنى قىزغىن چاۋاك بىلەن كۇتۇۋالدى. چېھرىدىن سەبىيلىك يېغىپ تۇرىدىغان مىڭلارچە ئوقۇغۇچى قىپقىزىل گۇلدەستىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت بىلدۇرەتتى. «يازغۇچىلارنى قارشى ئالىمىز» دەپ توۋلىشاتتى. يوللارغا، ئىدارە - ئورگانلارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۇستىگە «ۋىلايەت بويىچە ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىنىڭ ناھىيىمىزدە ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يازغۇچى، شائىرلىرىمىزدىن سەمىمىي ھال سورايمىز» دېگەندەك شوئارلار چاپلانغان پلاكاتلار ئېسىلغانىدى.

ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئوسمان بۇرھان لوپ خەلقىنىڭ تاش چېقىپ ئۆستەڭ ياساش، تولۇق يېرىپ بوز يەر ئېچىشتەك جاپادىن قورقماس روھىنى ماختاپ، پىلە ۋە پاختىدىن ئالغان مول ھوسۇلنىڭ يىلسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىننىڭ ئىككىنچى كۇنى دول يېزىسىنىڭ قاتمۇقات ئورمان بىلەن قورشالغان كەنت، مەھەللىلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، ھاڭگىيا يېزىسىغا كەلدۇق. ئېرىق، ئۆستەڭلەردە زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئاقىدۇ. تاناپتەك تۇز تارتىلغان يوللارغا قۇياش نۇرى چۈشمەيدۇ. يولنىڭ نېرىقى بېشىغا قارىساڭ چەكسىز ئۇزۇنغا سوزۇلغان يېشىل كارىدورىغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىسەن. دەرەخلەردە سايرىشىۋاتقان قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى، يول بويلىرىدا لايدىن ئېرىق ياساپ ئويناۋاتقان بالىلار، ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان دېھقانلار كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئاشۇ دېھقانلار مۇشۇ يېشىل كارىدورنىڭ ئىگىسى، يېشىل زېمىننىڭ خوجايىنى.

يېشىل كارىدور بىزنى ھاڭگىيا يېزىلىق ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئېلىپ باردى. بۇ مەكتەپمۇ ئوخشاشلا يېشىللىق ئارىسىغا جايلاشقان. ئەتراپ دەرەخزارلىق. مەيدان، سىنىپ، ئىشخانا، ھەممىسىنى دەل - دەرەخ ئوراپ تۇرىدۇ. بالىلار ئاشۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا سالقىنلايدۇ. دەرس تەييارلاپ چارچىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ مۇشۇ يېشىللىقتىن كۈچ - مادار تاپىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەن ھەر بىر كىشى ئالدى بىلەن مەكتەپنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن زوقلىنىدۇ. مەڭگۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغۇسى، مۇشۇ زېمىندا يىلتىز تارتىپ ئەترىپتىكى سۆۋادان تېرەكلەردەك كۆكلەپ چىققۇسى كېلىدۇ.

ئىشخانا، سىنىپلارنىڭ ئالدىدىكى باراقسان سۆگەتلەردەك سەبىي بالىلارغا سايىۋەن بولغۇسى كېلىدۇ.

بىز ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن خوشلىشىپ، ھاڭگىيا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قورۇسىغا كەلدۇق. تال بوستان ئاستىدا مەشرەپ باشلاندى. ناغرا، داپ، سوناي، ساتار ... ئىشقىلىپ تارىختا ئۇيغۇرلار چالغان سازلارنىڭ تولىسى بار ئىدى. سازەندىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا كۈينىڭ رىتىمىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئىرماش - چىرماش سىزىقچىلار يوق. بىرەرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن تاياقچىنى ھەريان پولاڭلىتىپ كۈينىڭ ئۆزگىرىش رىتىمىنى بەلگىلەپ بەرمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپمۇ تەمتىرىمەي، توختاپ قالماي چېلىۋېرىدۇ. ئون ئادەم، يىگىرمە ئادەم، ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەم نەچچە ئون خىل سازنى تەڭكەش قىلسىمۇ رىتىم بۇزۇلمايدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ چىرايىغا قاراشمايدۇ. ئىما - ئىشارەت قىلىشمايمۇ بىر پەدىنى بىر پەدىگە چىۋەرلىك بىلەن ئالماشتۇرىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇسسۇلچىلارمۇ توختاپ قالمايدۇ. پەدە يەڭگۈشلەنگەن ھامان ئۇلارمۇ ئۇسسۇلنىڭ رىتىمىنى ئالماشتۇرالايدۇ. پۇتىمۇ، قولىمۇ، بەدەن ھەرىكىتىمۇ يېڭى بىر شەكىل ھاسىل قىلالايدۇ.

لوپ ناھىيىسىدىكى يەنە بىر مۆجىزە — جىميا يېزىسىدىكى ئەتلەسچىلىك ئورنى. جىميا يېزىسى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ بويىدا بولۇپ، ياز پەسلىدە دەريانىڭ ئانا ئەللىيىدەك يېقىملىق شاۋقۇنىنى كېچە - كۈندۈز ئاڭلىيالايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى مۇشۇ كۈيدىن ئايرىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار ئېتىزلاردا چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلەۋاتقاندىمۇ، دۇكاندا ئەتلەس توقۇۋاتقاندىمۇ ھامان ئاشۇ شاۋقۇن ئۇلارغا ھەمراھ بولىدۇ. رەڭگارەڭ خان ئەتلەسنىڭ نۇسخىلىرىغا قارىسالا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىشىنى كۆرگەندەك بولىسەن. ئۇلار راستىنلا ئەتلەسكە دەريا سۈيىنىڭ ئۆركىشىدىن نۇسخا ئالغان. مۇشۇ قەدىمى دەريا ئۇلارنىڭ ئەتلەسچىلىك ئۇستازى. ھەر بىر ئەتلەسنىڭ تالالىرىغا مىڭ خىل سەنئەت سىڭدۈرۈلگەن. سەن ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولۇپ، ساماۋى چۆچەكلەردىكى پادىچى يىگىتنىڭ ئىشقىنى رام قىلغان توقۇمىچى قىزلار مۇشۇ يۇرتتىن چىققانمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىسەن. ھەقىقەتەن شۇنداق. بۇ يۇرتتا توقۇمىچى قىز بىر ئەمەس، نەچچە ئون مىڭ. ئۇلار تارىختا سانسىزلىغان پادىچى يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت ئوتىنى ياققان.

ئەدىبلەر ھېچقاچان، ھېچيەردىن تاپالمىغان شېئىريي ئىلھامنى، مۇشۇ ئەتلەس ماكانىدىن تېپىشتى. ھەتتا بەزىسى بۇ يۇرتقا قەدەم

تەشرىپ قىلغىنىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە ئەتلەس دوكانلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ رەسىمگە چۈشۈشتى. يەنە بەزىسى بىر نەچچە پارچىدىن ئەتلەسنى سېتىۋېلىشتى.

جىيا يېزىسىدىن قايتقاندا يورۇڭقاش، بويا ۋە چاھارباغ يېزىلىرىنى ئايلىنىپ، لوپ ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرىغا سۇ تەقسىملەپ بېرىدىغان باش ئازمىغا چىقتۇق. سۇ شۇ قەدەر سۈزۈك بولۇپ تېگىدىكى تاشلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئەدىبلەرنىڭ شۇ سۇدىن ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ كەتكۈسى، ئەھلى - ئاياللىرىغا، بالىلىرىغا، ئاتا - ئانا ۋە دوستلىرىغا بىر يۇتۇمدىن سوۋغا قىلغۇسى كېلەتتى. ئۇلارنىڭ خىيالىچە يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى ھەر قانداق ئېسىل سوۋغاتتىن قىممەتلىك ئىدى. ھەر قانداق كاتتا بايلىقتىن ئۈستۈن تۇراتتى. بۇ سۇنىڭ رەڭگى سۈزۈلۈپ پىشقان مۇناقى ئۈزۈمگە، ئەلا سۈپەتلىك قاشتېشىغا ئوخشايتتى. تەمى ناۋات ئېرىتمىسىدەك تاتلىق بولۇپ، ئىچكەنسېرى ئىچكۈڭ كېلەتتى. سۇدىن قېنىپ ئىچىۋاتقىنىمدا سۇغا بېرىلگەن «رەڭسىز، تەمسىز، پۇراقسىز سۈيۇق جىسىم» دېگەن تەبىرنىڭ تازا مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم. بەلكىم سۇغا تەبىر بەرگەن مۇتەخەسسىس يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ كۆز كۆنلىرى سۈزۈلۈپ ئاققان سۈيىنى كۆرمىگەن، ئىچىپ باقمىغان، ھەتتا مۇشۇنداق ئالاھىدە سۇنىڭ يەر شارىدا مەۋجۇتلۇقىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئازما بېشىدىكى چوڭ باغدا ھەر خىل نازۇ نېمەتتىن داستىخان سېلىندى. بۇ يەردىكى ئۈزۈمنىڭ، ئالما، نەشپۈتنىڭ ۋە قوغۇن، تاۋۇزنىڭ تەمىنى ئوخشاتقىلى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نەرسە تېپىلمايتتى. ئاپتورلار مېۋىلەرنى راسا ماختىشىپ يەۋاتقاندا كىمدۇر بىرى بىر دانە نەشپۈتنى كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقتى. «پاھ! پاھ، قاراڭلار ماۋۇ نەشپۈتنىڭ چوڭلۇقىغا!» ھەممىمىز ئۇنىڭ قولىدىكى نەشپۈتكە نەزەر تاشلىدۇق. نەشپۈت كىچىك بالىنىڭ بېشىدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، تېگى - تېگىدىن ۋىل - ۋىل جۇلالىنىپ تۇراتتى.

— يائاللا، راستىنلا بىر كارامەتكەنغۇ بۇ، ئىككى كىلو كېلەرمۇ؟

— ئىككى كىلو كەلمىسىمۇ، بىر كىلودىن ئارتۇق كېلەر.

ھېلىقى كىشى يېنىشكە كۆزى قىيمىغان نەشپۈتنى شۇ كۈنى كەچ بولغۇچە قولىدىن چۈشۈرمەي، ئالدىغا ئۇچرىغانلا كىشىگە كۆرسىتىپ چىقتى.

ئۇزاققا سوزۇلغان يولنىڭمۇ ئاخىرقى پەللىسى بولغاندەك لوپتا ئۆتكۈزۈلگەن بايرامنىڭمۇ ئاخىرقى مىنۇتلىرى يېتىپ كەلدى. شېرىن كۈنلەرگە توچكا ئۇرۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئەمما ئەدىبلەرنىڭ كۆزى قىمايۋاتاتتى. ئۇلار بىر نەچچە كۈننى، ھەتتا بىر نەچچە ئاينى بىللە ئۆتكۈزۈشنى، يەنە نۇرغۇن جايلارنى، كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. راستتىنلا كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن جايلار، بىلىشكە تېگىشلىك خىلمۇ خىل سىر، ھېكمەتلەر قېپقالغاندەك تۇراتتى. جىيا يېزىسىنىڭ ئايىغىدىكى ئىمامىي ئاسىم ساياھەت ئورنى، ھاڭگىيا يېزىسىنىڭ ئارقا قومۇلۇقىدىكى ئاق سېپىل قەدىمىي خارابىسى نۇرغۇن تارىخنى سۆزلەپ بېرەلەيتتى. بەشتوغراق ۋە سامپۇلنىڭ ئاچچىق ئۇچاستىكىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆزگىچە ياشاش ئادەتلىرى، بىز ئۈچۈن يېڭىدىن - يېڭى دەرسلىك بولاتتى. ئەپسۇسكى ۋاقىت توشۇپ قالدى.

خۇلاسە يىغىنىدا ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىر قىسىم ئاپتورلارنى مۇكاپاتلىدى. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە تونۇلغان مول ھوسۇللۇق يازغۇچى ئەخەت تۇردى «ئىجادىيەتتە ئۆزگىچە يول تۇتۇش نەتىجە يارىتىشنىڭ ئاساسى» دېگەن تېمىدا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ناھايىتى سىستېمىلىق دەرس سۆزلەپ بەردى.

لوپتىكى بايرام ئەنە شۇنداق مەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ نېمىدۇر بىر نەرسە كەمدەك قىلاتتى. يىغىندا كېلەر يىللىق تەكلىپ ئوقۇلمىدى. باشلىنىش مۇراسىمىدىمۇ، خۇلاسىسىدىمۇ ھېچكىم 1998 - يىللىق بايرامنى ئۆز يېرىدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چىللىمىدى. «كېلەر يىلى جەم بولالامسىزمۇ» دېگەن ئەندىشە كۆڭۈللەرنى ساراسىمىگە سالاتتى.

— ھازىر جۇرئەت ۋالىيدىن تېلېفون كەلدى، — دېدى مەتقاسىم ئابدۇراخمان، — بىر سائەتتىن كېيىن ۋالىي بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدىكەن. شۇنىڭغىچە تەخىر قىلايلى.

ئاپتورلار روھلانغاندەك بولدى. چۈنكى ئۇلار كېلەر يىللىق بايرامنىڭ ئۈمىدىنى ۋالىي جۇرئەت مەمتىمىنگە باغلىغانىدى. لوپتىن ئالغان ئىلھامنى شېئىرىي مىسرالىرىغا تىزىپ ئۈلگۈرگەن بىر قىسىم شائىرلار كەينى - كەينىدىن دېكلاماتسىيە قىلىشتى. ئاشۇ پەيتتە شائىر ئابدۇللا سۇلايمان ئېگىز بويلۇق، چىرايى قارامتۇل، چاچلىرى رەتلىك تارالغان بىر يىگىتنى باشلاپ كىردى. ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ناخشىچى زاھىر بۇرھان ئىدى. بىز ئۇنى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق.

— ناخشا دېگەن ساز بىلەن ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن، — بۇ يەردە ساز يوق. شۇڭا مەن ناخشا ئېيتماي ئىككى ئېغىز سۆزلەپ بېرەي.

بىز يەنە بىر نۆۋەت چاۋاك چالدۇق.

— بىز قانداق ياشاۋاتىمىز، باشقىلار قانداق ياشاۋېتىپتۇ، دېگەن سوئالنى ئۆزىمىزگە قويىدىغان ۋاقىت كەپقالغاندەك تۇرىدۇ، — دەپ باشلىدى ئۇ بىز بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغان گېپىنى، — مەن يېقىندا كانادا قاتارلىق بىر قانچە دۆلەتكە باردىم. ئۇ يەردىكى ئادەملەر يەر شارىدىكى ۋەزىيەتنى تامامەن ئايغا، مارسقا ئۇچۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋېتىپتۇ. ئەمما بىز...

ئۇ يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلىدى. بىز ئۇنىڭ نۇتقىدىن بىر نۆۋەت ماختاپ قويسا بىر ئۆمۈر شۇ ماختاشنى سېغىنىپ ئۆتىدىغانلاردىن ئەمەس، ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ چۈشىنىدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈنمۇ باش قاتۇرىدىغان سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق.

ئاخىر ۋالىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئەدىبلەردىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى، يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى... قاتارلىقلار ھەققىدە سۆزلىدى ھەمدە نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا كېلەر يىللىق يىغىننىڭ گېپىنى سورىدى.

— كېلەر يىلى نەدە ئاچىدىغان بولدۇڭلار؟

— شەھەر ئاچارمىكىن، — دېدى مەتقاسىم ئابدۇراخمان ئىشەنچسىز ھالدا، — تەكلىپقۇ كەلمىدى.

— ھەممە ناھىيىلەر ئېچىپ بولدىمۇ؟

— شەھەر، نىيا، خوتەن ناھىيىسى قالدى، باشقا ناھىيىلەردە بىرەر قاتاردىن ئېچىلدى.

— ئەمىسە كېلەر يىلى شەھەر ئاچسۇن، مەن شەھەرنىڭ مەسئۇللىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋېتەي.

چېھرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنى جىلۋىلەنگەن ئەدىبلەر ھاياجاندىن چاۋاك چېلىشتى. ۋالىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن ئەخەت تۇردى مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلەپ كەتتى.

— مەلۇم رايون ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە خارابلىشىشى يالغۇز ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا باغلىق بولۇپ قالماستىن، شۇ رايون رەھبەرلىرىگە باغلىق. خوتەننىڭ رەھبەرلىرى ئەدەبىياتقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ قوللىغاچقا يېقىندىن بېرى خوتەن ئەدەبىيات

قوشۇنى تېز سۈرئەتتە كۆچىيىپ، ئاپتونوم رايوندىمۇ خېلى ياخشى تەسىرات پەيدا قىلدى. خوتەندە ھەر يىلى ئېچىلىپ كېلىۋاتقان مۇنداق مۇھاكىمە يىغىنلىرى باشقا ۋىلايەتلەردە يوق، ھەتتا ئاپتونوم رايوندىمۇ بۇنداق ياخشى ئىشنى داۋاملاشتۇرالمايۋاتىمىز.

# خوتەن شەھىرىدە بايرام

1998 - يىلى پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوتەن شەھىرىنىڭ بايرامغا چىللىغان باغاقچىسىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ياتاق خوتەن شەھەرلىك مېھمانخانىغا، يىغىن ئورنى جەنۇبىي بوستان يولىدىكى شەھەرلىك باج ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. يىغىندا شەھەر باشلىقى ئۆتكۈر ئالىم شەھەر خەلقىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، سۇ قۇرۇلۇشى ۋە يول ياساش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى؛ سودا - تىجارەت، ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق كەسىپلەردە ئېرىشكەن ئىقتىسادىي ئۈنۈملىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مەتقاسىم ئابدۇراخمان ژۇرنالنىڭ خىزمىتى ۋە ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە توختىلىپ: «يېقىنقى يىللاردىن بېرى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھىتى خېلىلا جانلانغان بولسىمۇ، مىللەتنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئاز، ئوبزورچىلىق ساھەسىدە يۈكسىلىش يوق. مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان، سۈپەتسىز ئەسەرلەردىكى نۇقسانلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان خالىس نىيەتلىك ئوبزورچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلمىدى» دېدى.

ئەتىسى شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. يول بويىدىكى دەل - دەرەخ، ئۆستەڭدە تولغىنىپ ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۇ، ئوخشاش چوڭلۇقتىكى سالا ئېتىزلار، ئۆشنىسىگە كەتمەن سېلىپ كېتىۋاتقان ياكى ئېتىزدا باش - كۆزلىرىدىن تەر ئاققۇزۇپ ئىشلەۋاتقان دېھقانلار... ھەممىسى لوپتا، قاراقاشتا، كېرىيىدە كۆرگەنلىرىمىز بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۆتكەن يىلى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يىللاردا كۆرگىنىمىزدىن پەرقلەنمەيتتى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن «ئاقچال ئېچىش رايونى» دەپ ئاتالغان بوز يەرگە ئۇلاشتۇق. ھەر بىر ئېتىزنىڭ يېرىمىدا قوناق بولۇق ئوخشىغان، يېرىمى

دېگۈدەك تاپتاقسىر بولۇپ شىۋاق، يانتاقلار ئۆسكەنىدى. دەل شۇ چاغدا يول بويىدىكى ئۆزگىچە بىر مەنزىرە دىققىتىمىزنى تارتتى. يولنىڭ شەرق تەرىپىدە بېتوندىن قوپۇرۇلغان سۇپا، سۇپىدا غايەت يوغان بىر دانە ساپاننىڭ مودېلى تۇراتتى. ساپاننىڭ يوغان چىشلىرى بىر ھەيدەشتە ئەتراپتىكى بىنامنى بىر ــــ راقلا ئۆڭتۈرۈپ تاشلايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— بۇ يەرگە ساپان چىشىنىڭ مودېلىنى ياساش كىمنىڭمۇ ئەقلىگە كەلگەندۇ؟

— مۇشۇ يەرنى ئاچقان خەلقنىڭ ئەقلى بولىمامدۇ.

— بۇنداق يوغان ساپاننى كىممۇ باشقۇرار...

— ئىگىسى باشقۇرىدۇ - دە.

— ئىگىسى كىم ئۇنىڭ؟

— شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى دېھقانچۇ.

ساپاننىڭ تۇۋىدىن كۆتۈرۈلگەن جاراڭلىق كۈلكە يىراقلاردىكى بوز تورغاينىڭ سايراشلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن شورباغ يېزىسىنىڭ ئايدىڭكۆل كەنتىگە كەلدۇق. كەنت قورۇسىغا يېقىنلاشقاندا كىمدۇر بىرى سوراپ قالدى.

— بۇ كەنتنىڭ ئىسمى نېمىدۇ؟

— ئايدىڭكۆل، — دېدى شائىر ئابدۇلئەھەت قادىرى، — مەن ھازىر مەشەدە نۇقتدا تۇرىۋاتىمەن.

كۆزنەكتىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرغان شائىر ئابدىلىمىت سەمەت دەرھال ئابدۇلئەھەت قادىرغا يۈزلىنىپ «ئابدۇلئەھەت قادىرى، ئايدىڭكۆلنىڭ كادىرى» دەپ نەزمە توقۇۋىدى، ئاپتوبۇس ئىچىدىن يەنە بىر نۆۋەت كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەنت قورۇسىغا كىردۇق. كۆزگە چېلىقىدىغانلىكى تاملارغا، قارا دوسكىلارغا زامانىمىزدا مودا بولغان تۈرلۈك شوئارلار خۇش خەتلەپ يېزىلغانىدى.

كەنت باشلىقلىرى بىزنى بېيىغان دېھقاننىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. تونۇشتۇرۇلۇشىچە بۇ كىشى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كونا ئاياغ ئەكىلىپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ناھايىتى كۆپ پۇل تاپقانمىش. يوغان ئايۋاننىڭ تەڭ يېرىمىدا، يەنە كىچىكرەك بىر ئۆيدە گاھىسىنىڭ چەمى ئاجرىغان، گاھىسىنىڭ بەل تۆمۈرى سۇنۇپ پاشنىسى ماكچايغان كونا ئاياغلار بېسىپ قويۇلغانىدى. ھېلىقى «باي» ئاياغلارغا قاراپ ماختىنىپ سۆزلەيتتى.

— بىز بۇ ئاياغلارنى ئىچكىرىدە ناھايىتى ئەرزان ئالىمىز. بىرپىلا تونۇشلارنىڭ ئۆيىگە چۈشىدىغان گەپ. چۆپقەتلەر كونا ئاياغلارنى تېرىپ كېلىپ ئالدىمىزدا ئۆچرەتكە تىزىلىشىپ كېتىدۇ.

— بۇ ئاياغلارنىڭ گاھىسى بەك كونىكەن، ئۇنداقلىرىنىمۇ ساتقىلى بولامدۇ؟

— جاجىسى ماي كاساپەتنىڭ، مايلاپ پارقىرىتىۋەتسەك سېتىلىپ تۈگەيدۇ. دېھقان خەق دېگەن كونا - يېڭى دېمەي ئەرزانغا يۈگۈرەيدۇ ئەمەسمۇ.

كۆرۈشكە تېگىشلىك دەپ قارالغان جايلارنى بىرەر قاتار ئايلىنىپ بولۇپ، ئەسەر باھالاشقا ئولتۇردۇق. بىز نەسرىي ئەسەر گۈرۇپپىسىدىكىلەر يازغۇچى جالالىدىن بەھرامنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. يازغۇچىنىڭ ئاغزاكى ھېكايە قىلىش جەھەتتە پەۋقۇلئاددە بىر ئارتۇقچىلىقى بولۇپ، ئۇ ھەتتا ھېكايىلەردىكى يازغۇچىنىڭ تەپسىلاتلىرىنىمۇ ناھايىتى ئوبرازلىق سۆزلەيدىكەن. پېرسوناژلارنىڭ كۈلۈۋاتقىنىنى بايان قىلغاندا ئاڭلىغۇچىلارمۇ كۈلۈپ تاشلايدىكەن. يىغلاۋاتقان يېرىنى سۆزلىسە ھەر قانچە ھېسسىياتسىز ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنىمۇ چالغىتىۋېتەلەيدىكەن. بىر چاغدا قارىسام ئالتۇنگۈل رەجەپنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلاپتۇ.

— يىغلاپسىزغۇ ئالتۇنگۈل.

— ياق، يىغلىمىدىم، — ئالتۇنگۈل كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ كۈلۈۋەتتى.

— خېلى سۆزلىگۈچىكەنسىز، — دېدى قول سوميكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان مەتقاسىم ئابدۇراخمان سىرتتىن كىرىپ.

— ياقەي تېخى، ئۇنىڭ بىرنىمۇ سۆزلىمىدىم، — دېدى جالالىدىن بەھرام كۈلۈپ كېتىپ، — رەسمىي سۆزلەيدىغان بولسام يەتتە كېچە - كۈندۈزدىمۇ تۈگىمەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئەمدى ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، يەتتە كېچە - كۈندۈزگىچە بىزنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈپ قويغۇدەكسىز.

ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

خۇلاسە يىغىنىدا شائىرلار شەھەر خەلقىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاجايىپ يېقىملىق لىرىكىلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىشتى.

# خوتەن ناھىيىسىدە بايرام

2000 - يىلى ئىيۇلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بارلىق ئەدىبلەر خوتەن ناھىيىسىنىڭ «ساغلاملىق ئارامگاھى» مېھمانخانىسىغا جەم بولدۇق. يىغىننىڭ مۇقەددىمىسىدىلا خوتەندە كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر ئابدۇلئەھەت قادىرى پېشقەدەم شائىر ئابدۇغېنى سېيىتقا تەييارلىغان شېئىرىي چاقچىقىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. ئارقىدىنلا ئابدۇغېنى سېيىتمۇ مۇناسىپ شېئىرىي چاقچاق ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردى. قىسقىسى، ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ يۇكسەك شېئىرىي ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، يىغىن ئەھلىنى جۇشقۇن كەيپىيات ئىچىگە باشلاپ كىردى. يىغىندا يەنە يېقىنقى ئىككى يىلدا مول نەتىجە قازانغان ئاپتورلار مۇكاپاتلاندى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەتقاسىم داۋۇت خوتەن ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك شارائىتى، گىلەمچىلىك ۋە باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە قازانغان ئۇنۇمى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇردى.

ئەتىسى خوتەن شەھىرىدىن 75 كىلومېتىر يىراقتا جايلاشقان «چىگىلىك ئىچىش رايونى»غا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. زېمىنگە تەكشى قاراپ كۈلۈۋاتقان قۇياش ئاجايىپ كۈچلۈك يالقۇن چاچىدۇ. ماشىنىلار ئۇيان - بۇيان چايقىلىپ خۇددى جاھاننىڭ ئەڭ يىراق چېتىنى تاپماقچىدەك كېتىپ بارىدۇ. يول ئوڭغۇل - دوڭغۇل، بەزىدە بۈك - باراقسان مەھەللە بىزنى كۈتۈۋالسا، بىردەمدىن كېيىن ئالدىمىزدا جاڭگال نامايان بولىدۇ. ئەتراپتا ئادەم بويى ئۆسكەن قومۇش، خوخا، يانتاقلار... يولغا ياندىشقان ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىردە ئوڭ تەرىپىمىزدە شىلدىرلاپ ئاقسا، بىردە يولنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتۈپ قالىدۇ. پات - پات ئۆيلەرمۇ يولۇقىدۇ. جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاكار ئۆيلەرگە قارىساڭ ۋۇجۇدۇڭنى مۇڭ قاپلايدۇ. بەزى ئۆيلەردىن يالىڭاچ، گاھى يېرىم يالىڭاچ بالىلار يۈگۈرۈپ چىقىپ ماشىنىلارغا قىزىقىپ قاراپ قالىدۇ.

بىر چاغدا بىز باشقا ئۆيلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان، ئالدىدا ساتما ياسىلىپ ئۈستى بولۇشچە يېپىلغان بىر قورۇغا كەلدۇق. بۇ يەر مۇشۇ مەيداننىڭ ئىشخانا قورۇسى ئىكەن. ئىككى - ئۈچتەك ئادەم ئالدىمىزغا چىقىپ بىز بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى. دەل شۇ چاغدا

يېرىم يالىڭاياق بىر بالىنىڭ ئۆگزىگە قويۇلغان شوتىدىن خۇددى ياۋا مۈشۈكتەك يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. بالا بىر دەمدىلا ئۆگزىگە چىقىپ بىزگە تەشۈشلىك قاراپ تۇردى. مەن ئۇنى بۇياققا چۈش دېگەن مەنىدە قايتا - قايتا شەرەتلىدىم. ئۇ قورقۇمسىراپقىنا بالداقمۇ بالداق پەسلەپ يەرگە چۈشتى. ئۇنىڭ تۆگە تاپىنىدەك يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى موملاپ قويغاندەك قارايغان، تىرناقلىرى ئۆسۈپ خۇددى قۇشنىڭ تۇمشۇقىدەك ئېگىلگەنىدى. ئۇستىگە كىيىۋالغان يىرتىق كۆڭلىكى چالا بويالغان ماتاغا ئوخشايتتى ...

— ئىسمىڭ نېمە؟

— جاپپار.

— نەچچىگە كىردىڭ؟

— ئون ئىككىگە.

— نەچچىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتىسەن؟

— ئوقۇمايمەن.

— نېمە ئىش قىلىسەن؟

— مال باقىمەن.

— بۇرۇن ئوقۇغانمۇ؟

— كەنتتىكى چاغدا ئوقۇغان، ئائىلىمىز مەشەگە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئوقۇمىدىم.

— ئوقۇغۇڭ بارمۇ؟

جاپپاردىن ئۈن چىقمىدى. مەن قەلەمنى خاتىرە ئۈستىدە قويۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئۈمچىيىپ، كۆزلىرىدە ياش يالتىراشقا باشلىغانىدى. يۈرىكىمنى بىر نەرسە مۈجىۋاتقاندەك بولدى. جاپپاردىن قايتا سوئال سورىمىدىم. ئەسلى ئۇ مېنىڭ ھەممە سوئاللىرىمغا تولۇق جاۋاب بېرىپ بولغانىدى. مەن سۆھبەتكە توچكا قويۇپ، سەل نېرىراقتىكى ماشىنىنىڭ ئالدىدا باشقا كەنتداشلىرىمنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋاب بېرىۋاتقان مەيدان باشلىقىنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

— بۇ يەرگە نەچچە ئائىلە كۆچۈرۈپ كېلىندى؟

— 125 ئائىلە، ئەسلى پىلاندا 300 ئائىلە كۆچۈرمەكچى ئىدۇق، ھازىرچە كۆچۈرگىنىمىز شۇنچىلىك، دېھقانلار ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، كۆچكىلى ئۇنىمىغاچقا پىلان

ئورۇندالمىدى.

— ئوقۇش يېشىدىكى بالىدىن نەچچىسى بار؟

— 50 بالا بار.

— ئۇلار ئوقۇۋاتامدۇ يا ...

ھازىرچە ئوقۇشسىز قېلىۋاتىدۇ، — مەيدان باشلىقى ئاپتاپتا كۆيۈپ مىستەك پارقىراپ كەتكەن چىرايىغا كۈلكە يامراتتى، — يۆتكەشكە تېگىشلىك ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ بولۇپلا بالىلارنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىمىز.

چۈشتىن كېيىن توساللا يېزىسىغا كەلدۇق. يېزا باشلىقىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يېزىدا ھەممىدىن بەك ئاقىدىغان كەسىپ كۆكتاتچىلىق بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 3700 يۈەن ئىكەن. 1999 - يىلى توساللا يېزىسىدا دېھقانچىلىقنىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن مەھسۇلات كەملىگەن بولسىمۇ كۆكتاتچىلىقتىن ئىبارەت بىرلا تۈردە ئېشىپتۇ. يېزا باشلىقى بىزنى يەنە گىلەمچىلىك كارخانىلىرىغا باشلاپ باردى. گىلەمچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياشانغانلار ۋە بالىلار بولۇپ ئۇلارنىڭ قوللىرى ناھايىتى چاققاندى. چىرايى سارغايغان، يادائغۇ بىر چوكان بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇرۇپ گىلەمگە تۈگۈت باغلىماقتا ئىدى. يەنە بىر دۇكاندىكى كۆتمەك ساقال بوۋاينىڭ يېنىدا كىچىك بالىلاردىن ئىككىسى قاتار ئولتۇرۇشاتتى.

— ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، — دېدىم مەن ئۇلارغا قاراپ.

بالىلار ئاستا تۇرۇشتى. ئاق سېرىق بالا سەل دومچەكرەك، يەنە بىر قارا قومچاق بالا تولىمۇ يادائغۇ ئىدى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭلار؟

— مەن ئون ئىككى ياشقا.

— مەن ئون بىرگە كىردىم، — دېدى يادائغۇ بالىمۇ قولىدىكى پەنجىگە قاراپ قويۇپ. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا يەتتە - سەككىز ياشلاردىكى بالىلاردەك كۆرۈنەتتى.

— بۇ بالىلار بەك كىچىككەن، ھازىر ئۇلارنىڭ مەكتەپتە خاتىرجەم ئوقۇيدىغان، ئۇستەڭ بويلىرىدا سۇغا موللاق ئېتىپ ئوينايدىغان ۋاقتىلىرى. بۇنداق كىچىك بالىلار دۇكان ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇۋەرسە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ، — دېدى كەسىپداشلىرىمدىن بىرى.

— نامرات ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئوخشايدۇ، — دېدى يەنە

بىرى، — ئائىلىسى موھتاجلىقتا قالمىغان بولسا بۇ يەرگە كەۋەتمەستى.

بالىلارنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى، كىم گەپ قىلسا شۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن تىكىلەتتى.

گىلەم توقۇش ئۆيىدىن ئىسكىلاتقا كىردۇق. دىقماققىنا كەلگەن ئايال خوجايىن ئۈستى - ئۈستىلەپ بېسىپ قويۇلغان گىلەم دۆۋىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى.

— مەن گىلەمگە ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن قاتارلىق داھىيلارنىڭ سۈرىتىنى كەشتىلەپ توقۇغانىدىم، بۇ ئىجادىيىتىم كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

— ئىشچىلار ئارىسىدا ئىشلەش ئىقتىدارىدىن قالغان قېرىلار، بالىلار كۆپكەنغۇ.

— ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەن، — ئايال قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمما قىلىدىغان ئىشى قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش.

توساللا يېزىسىنى كۆرۈپ بولۇپ، بوزاق يېزىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. يىراقلارغا سوزۇلغان تال كارىدورىدىكى قاتار ساڭگىلىشىپ تۇرغان ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر، قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىككى ئۈچ - ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتكۈسىز يوغان ياڭاقلارغا قارىغانسېرى ئادەمنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ باراتتى.

ئاخىر ئۈزۈمچىلىكتە داڭق چىقارغان بىر دېھقاننىڭ ھويلىسىغا كىردۇق - دە، رىۋايەتلەردە تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان جەننەتكە قەدەم قويغاندەك تال بوستانغا قاراپلا قالدۇق. بىر قاتار تال ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭنىڭ ئۈستىدىن ئېشىپ كەڭرى يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەن، يەنە بىر يۆنىلىشى ئۆي، ھويلا - ئارام، ئېغىل - قوتاننى خۇددى يۇلتۇزلۇق ئاسماننىڭ بىر پارچىسىدەك يېپىپ تۇراتتى. بىز كەڭرى ھويلىدىن ئۆتۈپ باغ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. بۇ يەردىكى كارامەتكىمۇ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. ئارقىدىكى يەنە بىر يۆنىلىش تالمۇ 20 مېتىردەك كەڭلىكتىكى ئېتىزنىڭ ئۈستىدە يىراقلارغا سوزۇلغان. ئۈزۈملەرنىڭ ھەممىسى مۇناقى بولۇپ، ئەمدىلەتىن سارغىيىشقا باشلىغانىدى. تال تۈپىنىڭ ئۈزۈنلۈقىنى، ھەر بىر چىۋىقتىكى ئۈزۈمنىڭ كۆپلۈكىنى نەق مەيدانغا بېرىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ھەر قانداق ئادەمگە سۆزلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

ھەر قانچە سۆزلىگەن بىلەنمۇ شۇ دەرىجىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىشى، تەسەۋۋۇر قىلالىشى ناتايىن. ئاھ، خوتەن! سەن ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك يۇرت. سېنىڭ ھەر بىر چىمدىم تۇپرىقىڭ، ئاشۇ تۇپراقنىڭ باغرىنى يېرىپ چىققان ھەر بىر تۇپ گىياھلىرىڭنىڭ ھەممىسى مۆجىزە. دۇنيادا سەندىن ئۇلۇغ، سەندىن مۇقەددەس، سەندىن گۈزەل يۇرتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن ... مانا بۇ ئاشۇ تال بوستان ئاستىدا ھاياجان بىلەن سوقۇۋاتقان بارلىق يۈرەكلەرنىڭ ئورتاق خىتابى ئىدى.

ئەدىبلەر ئۆي ئىگىسىنى چۆرىدىۋېلىپ ئۆزى قىزىققان گەپلەرنى سوراشقا باشلىدى

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئابدۇللاخۇن يوبدان.

— تالنىڭ ئورنى قانچىلىك؟

— ئىككى مو يەرنىڭ تۆت تەرىپىدە بىر قاتاردىن بار.

— بۇ ئۈزۈملەر بەك كۆپكەن. باشقىلار ئوغرىلاپ كەتمەمدۇ؟

— ئوغرىلىمايدۇ. بۇ يەردىكىلەر خۇدادىن قورقىدىغان ئادەملەر.

— بىر يىلدا نەچچە پۇلغا ئۈزۈم ساتىسىز؟

— ئۆتكەن يىلى 16 مىڭ كويغا ساتقان.

بىز يەنە 500 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان ياغاچ پادىشاھى، ئەنجۇر پادىشاھىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ يەردىكى ئاجايىپ چوڭ ياغاچ ۋە ئەنجۇر ئەدىبلەرنىڭ كۆڭلىدە ئۆچمەس ئوبراز بولۇپ قالدى. خۇلاسە يىغىندا ياش ئالىم ئەسئەت سۇلايمان بوستانلىق مەدەنىيىتى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ نۇتۇقنى تەلەيلىك خوتەن ئەدىبلىرىنىڭ 1992 ـ يىلى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق ئامىتى دېيىشكە بولىدۇ.

## خەلق ئەدەبىياتنى سۆيىدۇ

خوتەندە ھەر يىلى ئېچىلىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىغا تەخمىنەن 100 ئەدىب قاتنىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ياتاق، تاماق، سەيلى ـ ساياھەتكە بارىدىغان قاتناش قورالى ئۈچۈن ئاز دېگەندە 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ پۇلنى ھەل قىلىش

ئاسان ئەمەس. بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ھەممە ئىش پۇل بولمىسا يۈرۈشمەيدىغان كۈنلەردە ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن ئۈنچىلىك پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەمەلدارلارغا يېلىنىشقا، يالۋۇرۇشقا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولىنى، يىغىنىنىڭ ئەھمىيىتىنى قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا بۇ يىغىننى ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئاپتونوم رايوندىن ۋە باشقا ۋىلايەتلەردىن كېلىپ ئاشۇ يىغىنغا داخىل بولغان ياكى ئاڭلىغان ئەدىبلەر خوتەننىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىغا ھەۋەس قىلىدۇ. ئۆز جايلىرىدا بۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىشنى قىلالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. لېكىن، بۇ يەردە شۇنداق بىر نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئاپتونوم رايوندىمۇ، باشقا ۋىلايەتلەردىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئۆز ئىشىم دەپ تونۇپ، ئالاقىدار رەھبەرلەرگە قايتا - قايتا دوكلات يېزىپ، توختاپ قالماي سۆيلەپ تۇرىدىغان ئادەملەر مەيدانغا چىقسا، بۇنچىلىك ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. ئوخشاشلا «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى، جۈملىدىن خوتەندىكى ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ تەشكىللەتچىسى مەتقاسىم ئابدۇراخمان بەل قويۇۋېتىدىغان بولسا، خوتەندىمۇ بۇ ئىش ئۈزۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. مەن بۇ يەردە ھەممە نەتىجە مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ دېمەكچى ئەمەس. لېكىن، ھەر قانداق ئىش بىر نەچچە ئادەمنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن روياپقا چىقىسىمۇ، شۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق كۈچ تۆتىدىغان ئادەم بىر ياكى ئىككى بولىدۇ. خوتەننىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تۆھپىسىنى ئېتىراپ قىلماسلىققا، كۆز يۇمۇشقا ھېچكىمنىڭ ۋىجدانى يول قويمايدۇ.

خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى نەتىجىسىدە گۇما، لوپ، چىرا ناھىيىلىرىدە يازغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ئۇلارمۇ ۋاقتى - قەرەلىدە ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىنىڭ تېخىمۇ بېيىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ كەلدى.

ئەنئەنىۋى بايرىمىمىزنىڭ بىرى بولغان نورۇزنىڭ خوتەندە ھەر يىلى تەبرىكلىنىپ كېلىشىمۇ خوتەن ئەدىبلىرىنىڭ يەنە بىر تۆھپىسى. خوتەندە نورۇزنى يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ساقلاپ قېلىۋاتىدۇ. ناۋادا ئۇلار ھەر يىلى

20 - مارت ئەتراپىدا نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ تۇرمىغان بولسا، نورۇز خوتەن خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىن چۈشۈپ قالغان، خوتەن خەلقى شۇنداق بىر پائالىيەتنىڭ، شۇنداق بىر ئەنئەنىۋى بايرامنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغان بولاتتى. نورۇزنى يەنە قانچە ۋاقىت ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، قانچىلىك داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس.

خوتەن خەلقى ماددىي جەھەتتىن نامرات، ئەمما مەنىۋى جەھەتتىن باي. ئۇلار كۆپ ھاللاردا پۇلدىن قىسىلىپ كۈنلىرىنى سېرىقتال ئۆتكۈزسىمۇ ئەدەبىياتنى سۆيىدۇ، ئەدەبىياتنى قەدىرلەيدۇ. پەرىشان بولغاندا كۆڭلىگە ئارام بېرىدىغان تەسەللىنى، يېتىرقاپ قالغاندا يول باشلىغۇچىنى ۋە ئۈمىدىنى ئۆزىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدىن تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۆز - ئۆزىنى تونۇيالايدۇ. قىسقىسى، خەلق ئۆزىنىڭ شائىر - يازغۇچىلىرىدىن ناھايىتى چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ.

---



*داۋۇت مەتنىياز 1962 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاڭگىيا يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1986 - يىلى خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر خوتەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئىشلەۋاتىدۇ.*

*داۋۇت مەتنىياز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئەينەك» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلغان. ھازىرغىچە 50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، 30 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، ئۈچ پارچە پوۋېست ۋە بىر قانچە پارچە ئەدەبىي ئاخبارات، ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يازدى. «بىگىلىق يارىتىش كومېدىيىسى»، «قازاندا كۆيگەن ئوت»، «تاختا كۆۋرۈك» ۋە «ئاخىرقى ئىلتىجا» ناملىق ئەسەرلىرى مۇكاپاتلاندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «تۇزلۇق موما» ناملىق ھېكايە - نەسرلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇ ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.*

تۇرسۇن غوجىئابدۇللا

# ئەجداد ۋە ئەۋلاد

(ئېپىك نەسر)

## چوپان

ئاسمان كۆپكۆك، زېمىنمۇ شۇنداق ...

چال سەبىي نەۋرىسىنى ئەگەشتۇرۇۋالغان، تىرەك ياغىچىنى تايىنىۋالغان ھالدا توپىلىق يولنى كېچىپ، ئەجدادلىرىنىڭ «تۇپراق بېشى»غا قاراپ كەلمەكتە ... ئۇلار بىر قەدىمىي قەبرە يېنىدا توختاشتى. چال دۇئا قىلغاندىن كېيىن قەبرە ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلاندى، قەبرە بېشىدىكى خادىنى ئۈچ قېتىم لىڭشىتتى. نەۋرىسىنىڭ ھەيرانلىقتا تۇرغۇنلۇقتىن تەۋرىگەن ھوشى ئاق كەپتەردەك ئاقىرىپ، قانات - قۇيرۇقىنى چىقاردى. خادا ئۈستىدىكى تولۇمچىنى كۆرۈپ غەلىتە ھېس قىلدى - دە، چالدىن سورىدى.

— بوۋا، ئاۋۇ تۇلۇمچە نېمىشقا ئېسىپ قويۇلغان؟

— ھە، تولۇمچىمۇ؟ ... سېنىڭ قاسىم ئاخۇن قويچى ئىسىملىك بۇ ئالتىنچى بوۋاڭ، بۇرۇن ئادەم ئىز باسمايدىغان بۇ يەردە باينىڭ قويلىرىنى باقىدىكەن. بىر كۈنى ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر قۇشنىڭ ئاغزىدىن، بىر تال تاۋۇز ئۇرۇقچىسى چۈشۈپ قاپتۇ. بوۋاي ئۇ ئۇرۇقچىنى كۆرۈپ سىنەكىمىگەن ھالدا دۆڭ باغرىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ. كۈز كۈنىنىڭ بىرىدە دۆڭ باغرىغا يېقىن جايدا قويلارنى ئوتلىتىۋېتىپ قارىسا، يېشىل تاغدەك بىر چىمەنزارنى چېلىقتۇرۇپتۇ. ئۇ دۆڭ باغرىغا كېلىپ يەتتە غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلۇپ ياتقان تاۋۇز پىلىكىدە، قۇچاق يەتمەيدىغان چوڭلۇقتىكى ئون بىر دانە تاۋۇزنى كۆرۈپ، كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ كېتىپتۇ. ئەتىسى بىر تاغارغا بەش تاۋۇزنى قاچىلاپ، ئېشىكىگە ئارتىپ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ يامۇلغا يېتىپ كەپتۇ. ئامبالغا ھېلىقى تاۋۇز ھەققىدىكى ۋەقەنى

سۆزلەپ بېرىپتۇ. خۇشال بولغان ئامبال ئۇنىڭغا ئالتۇن ئىنئام قىپتۇ. ئۇنى يولباشچى قىلىپ تەيىنلەپ ھاشار تەشكىللەپ، بىر ئاي ئىچىدە دۆڭ باغرىنى بويلاپ بىر تۈز زېمىن ئېچىپتۇ. ئامبال ئاھالىلەرنىڭ ئۈچ ئوغلى بولسا بىرنى، بەش ئوغلى بولسا ئىككىنى بۇ يەرگە يەرلىشىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. كۆپ ساندىكى يىگىت - قىزلار يۇرتىدىن ئايرىلىشقا قىيالماي، ئاتا - ئانىلارنى تەڭلىككە ساپتۇ. ئۇلارنىڭ غەم دەرياسىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر دانىشمەن:

— بالىلىرىم بۇ ئالتۇن تاۋاقلىق زېمىن، ئەجىر قىلساڭلار بەرىكەتلەر تىلسىماتلىق سىرىنى ئاشكارىلاپ، نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. بىر پىلەكتە ئادەم ئەقلى يەتمەيدىغان خىل تاۋۇزدىن ئون بىرى چۈشكەن تۇرسا، «ئۆچكە تېپەرمۇ، سۈت ئۆرلەرمۇ» دەپ ئولتۇرماي «تەۋەككەل قىلىپ، يول ئالمىسىلەر» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىشەنچ بىلەن كۆچۈشكە باشلاپتۇ. دانىشمەننىڭ «تەۋەككەل» دېگەن سۆزى «تەۋەككۇل» دەپ ئۆزلىشىپ، ئۇ يەرنىڭ تۇگۇللۇك لەۋھەسى بوپتۇ. دەسلەپتە كۆچۈرۈلگەنلەر دۆڭ باغرىدىكى يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، «ھۇڭ» دەپ نام بېرىلىپتۇ. بۇ «يۇقىرى» دېگەن ئىستېمال مەنىسىدە قوللىنىلىپتۇ. ھازىرقى «تارىبغىل» دېگەن جاي خوتەننىڭ «تامئېغىل» دېگەن يېرىدىن كۆچۈرۈلگەنلەرنى؛ «توساللا» دېگەن جاي توساللا يېزىسىدىن كۆچۈرۈلگەنلەرنى؛ «شەھەر بويى» دېگەن جاي شەھەر ئەتراپىدىن كۆچۈرۈلگەنلەرنى؛ «يۇرۇڭقاش» دېگەن جاي يۇرۇڭقاش بازىرىدىن كۆچۈرۈلگەنلەرنى كۆرسىتىدىكەن.

قويچى بوۋاڭ بۇ يەردە ئۆي - زېمىنغا ئېرىشكەندىن كېيىن قوي بېقىشنى زادى تاشلىماپتۇ. ئۇ: « مېنىڭ چوپانلىق ھاياتىم خەلقنى زور بەختكە ئېرىشتۈردى، مەن بۇ ئۇلۇغ كەسپىمنى سۆيىمەن. ۋاپاتىمدىن كېيىن قەبرە بېشىمدىكى خادىغا بىر تۇلۇمچە ئېسىپ قويۇڭلار، ئەۋلادلىرىم شۇ تۇلۇمچىدىن مېنىڭ چوپان ئىكەنلىكىمنى بىلەلەيدىغان بولسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن، بۇ تۇلۇمچە شۇڭا ئېسىپ قويۇلغان.

## دېھقان

ئاسمان كۆپكۆك، زېمىنمۇ شۇنداق ...

چال ئىككىنچى قەبرىگە يۆتكەلدى. قەبرىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ، خادىنى ئۈچ قېتىم لىڭشىتتى. يانچۇقىدىن بىر سقىم بۇغداي ئېلىپ توپراق ئۈستىگە چاچتى. ھەيران بولغان نەۋرىسى سورىدى:

— بۇ قەبرىدىكى كىشى كىم؟ بۇغداي چېچىشتىكى سەۋەب نېمە؟ بۇ سەر خىل گۈللەر نېمە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلگەن؟

— بۇ قەبرىدىكى كىشى بەشىنچى بوۋاڭ، ئىسمى ياسىن ئاخۇن يولۋاس. ئۇ مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كۆپ بوز يەر ئېچىپ، نۇرغۇن ئورمان ئەھلىيا قىلىپ، بۇ قەدىمي جاڭگاللىقنى بوستانلىققا ئايلاندۇرغانىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ يولۋاستەك بەستىگە ھەم كۈچىگە قايىل بولۇپ، «يولۋاس» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتاپتۇ. ئۇ ھاياتلىقنى قەدىرلەپ، جانىۋارلارغا رەھىم - شەپقەت قىپتۇ. ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە ھەر كۈنى بىر قاچا دان چېچىپ قويۇپتۇ. چالا - پوكان قالغان ئۇچار قۇشلار ئۇ دانلارنى يەپ خۇشال - خۇرام سايراپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ياتسىرىماي ئۈچۈشىدىغان ۋە ھەرىكىتىدىن دېھقانغا چەكسىز مېھرى-مۇھەببىتى بارلىقىنى ئىپادە قىلىشىدىغان بوپتۇ. ئۇ ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغاچقا، 128 يىل ئۆمۈر كۆرۈپتۇ. مېھرىبان، سېخى، چېۋەر ئۇ بوۋاڭ: «ھاياتىمدىن كېيىن توپراق بېشىمغا ھەر خىل گۈللەرنى ئۆستۈرۈڭلار، ئەۋلادلار ھاياتىمنىڭ گۈلدەك ئۆتكەنلىكىدىن سۆيۈنسۇن، دان چېچىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار، مەندىن نەپ ئېلىپ كۆنۈپ كەتكەن چۆپقەتلىرىم مېنى قەبرەمدىن ئىزدەپ تاپسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. بوۋاڭنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىش نۆۋىتى ماڭا كەلگەن، بوۋاڭنىڭ قاناتلىق تۇغقانلىرىنىڭ ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەپتە قارا دان چېچىپ تۇرۇۋاتىمەن.

## بوياقچى

ئاسمان كۆپكۆك، زېمىنمۇ شۇنداق ...

چال ئۈچىنچى قەبرىگە يۆتكەلدى. خادىنى ئۈچ قېتىم

لىڭشىتتى، قەبرە ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلاندى. نەۋرىسى توختاۋسىز لەپىلدەپ تۇرغان خادىنىڭ قاقشال پۇتاقلىرىغا قادالغان رەڭگارەڭ پۇرۇچلاردا تىكىلگەن بايراقلارنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. چال دۇئادىن قول چۇشۇرگەندىن كېيىن نەۋرىسى سورىدى:

— بۇ رەڭگارەڭ بايراقلارچۇ؟

— ھە، بايراقلارنى دەمسەن؟ بۇ قەبرىدىكى تۆتىنچى بوۋاڭ، ئىسمى ئابدۇللاخۇن ئاق. ئۇ ئاق كۆڭۈل بولغاچقا ھەم ئاق رەڭنى ياخشى كۆرگەچكە كىشىلەر ئۇنى «ئاق» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتاپتۇ. ئۇ توقۇمىچىلىققا ئۇستا ئىكەن. مەشۇتتە ھەر خىل كۆركەم ئەتلەسلەرنى، يىپەك گەزلىمىلەرنى توقۇغانىكەن، خامىلارنى يەتتە خىل رەڭدە ئاجايىپ كۆركەم بويايدىكەن. كۇندىن - كۇنگە كۆجۇملىشىشكە باشلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆي بىساتلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى ئۇنىڭ گۈلدەك قولى بىلەن رەڭلىنىپتۇ. «مەن ۋاپات قىلغاندىن كېيىن تۇپراق بېشىمدىكى خادىغا رەڭگارەڭ بايراقلارنى قاداپ قويۇڭلار، ئەۋلادلار بۇ يۇرتتىكى تۇنجى بوياقچى ئىكەنلىكىمنى بىر قاراپلا بىلەلەيدىغان، ئىلھام ئالالايدىغان بولسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. شۇڭا ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا باشقىلار تەرىپىدىن يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. قانداق ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟

## ياغاچچى

ئاسمان كۆپكۆك زېمىنمۇ شۇنداق ...

چال تۆتىنچى قەبرىگە يۆتكەلدى. ئۇ سالاسۇن قويۇلغان بۇ قەبرىنىمۇ يەتتە قېتىم ئايلاندى، خادىنى ئۈچ قېتىم لىڭشىتتى، دۇئا قىلدى. «ئەمدى نېمە دەيسەن؟ » دېگەن نەزەردە قاراپ تۇرغان چالدىن نەۋرىسى سورىدى:

— بۇ گۈل نەقىلشەپ ياسالغان سالاسۇنچۇ؟

— بۇ ئۈچىنچى بوۋاڭ، ئىسمى خالىق ئاخۇن خارەت. ئۇ بۇ يۇرتتىكى تۇنجى ياغاچچى ئۇستا ئىكەن. كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ، «خارەت ئۇستام» دەپ چاقىرىدىكەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى ھەق تالىشىپ ئولتۇرماي قىلىپ بېرىدىكەن. مەكتەپ، دوختۇرخانا، ئۆتكۈنچى يوللاردىكى كۆۋرۈكلەرنى ھەق ئالماي سېلىپ بېرىدىكەن. شۇڭا مامات كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندا:

«... قەبرەمگە نەقىش ئويۇپ سالاسۇن ئېتىپ قويۇڭلار، كېيىنكى ئەۋلادلار مېنىڭ ياغاچچى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن، شۇڭا بۇ قەبرىگە سالاسۇن قويۇلغان.

## باغۋەن

ئاسمان كۆپكۆك زېمىنمۇ شۇنداق ...

چال بەشىنچى قەبرىنىمۇ يەتتە ئايلاندى، خادىنى ئۈچ قېتىم لىڭشىتتى. نەۋرىسى خادىنىڭ ﭘۇتاقلىرىغا چىگىلگەن قىزىل رەڭلىك، «يۈرەك» شەكىللىك تۇمارچىلارنى كۆردى. دۇرۇت ۋە دۇئاسىنى تاماملىغان چالدىن ئويچان نەزەردە سورىدى:

— بۇ قەبرىدىكى كىم، خادىغا تۇمارچىلار نېمە سەۋەبتىن چېگىپ قويۇلغان؟

— بۇ قەبرىدىكى كىشى سېنىڭ ئىككىنچى بوۋاڭ، ئەل ئېغىزىدىكى ئىسمى هوشۇر مۇئەللىم، شەرەپلىك ئىسمى «باغۋەن». ئۇ يۈرتتىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىگە مەرىپەت نۇرىنى چاچقان مەشئەل ۋە جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلغان پەرۋىشكار باغۋەن ئىكەن. ئاڭلىشىمچە ئۇنىڭ تەرىپىنى تىل بىلەن سۆزلەپ تۈگەتكىلى، يېزىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىكەن. ئۇ ساۋاتسىزلار كۆپ، مەدەنىيىتى قالاق كىشىلەرنىڭ ئويغىنىپ، مەرىپەتكە ئىنتىلىشى ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن مەبلەغ چىقىرىپ مەكتەپ ئاچقان، ئەۋلادلارنىڭ بەختى ئۈچۈن تىرىشىپ پارلاق يول ئاچقان، يۈرەك قېنىنى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا شەخسىيەتسىز سەرپ قىلىپ، زور تۆهپىلەرنى ياراتقان. سېنىڭمۇ خۇشال - خۇرام ئوقۇيالىشىڭنى ئەنە شۇ باغۋەن بوۋاڭنىڭ تۆهپىسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن مال - دۇنيا مىراس قالمىغانىكەن، ئۇ ئاچقان مەكتەپ، ئۇ تاراتقان ئىلىم نۇرلىرى بىزگە مەڭگۈلۈك مىراس قالغانىكەن، ئۇ:

«ۋاپاتىمدىن كېيىن تۇپراق بېشىمدىكى خادىغا قىزىل تۇمارچىلارنى تىكىپ ئېسىپ قويۇڭلار، ئۇ قىزىل تۇمارچىلار مېنىڭ ۋە باشقا شەخسىيەتسىز جاپاكەش باغۋەنلەرنىڭ ئەۋلادلارغا تەلپۈنگەنلىكىنىڭ، زور ئىشەنچ ۋە ئۈمىد باغلىغانلىقىنىڭ سىمۋولى بولسۇن، ئەۋلادلار بىر قاراپلا بىزنىڭ خەلق ئۈچۈن توختاۋسىز قان

- تەر سەرپ قىلىنىۋاتقان، مەڭگۈ سوقۇپ تۇرۇۋاتقان يۈرىكىمىزنى كۆرسۇن» دېگەن ۋەسىيەتنى قالدۇرغانىكەن. بۇ تۇمارچىلار بوۋاڭنىڭ شۇنداق مىڭلىغان، مىليونلىغان جاپاكەش، پاك دىللىق باغۋەنلەرنىڭ ئۆزى ۋاپات بولغان بولسىمۇ نامى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىنىڭ روشەن سىمۋولى ھەم ئۆز ئەۋلادلىرىدىن قانچىلىغان ئۇتلۇق تىلەكلەرنى تىلەيدىغانلىقىنىڭ دەلىلى. شۇڭا بۇ خادىغا تۇمارچىلار چىگىپ قويۇلغان.

## مىليونېر

ئاسمان كۆپكۆك زېمىنمۇ شۇنداق ...

چال بەشىنچى قەبرىگە ياندىش گۆر يېنىغا يۆتكەلدى. زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ گۆر ئاغزىدىن ئىچىگە ئېگىشىپ ئۇزۇن قاراپ تۇردى. بىردەمدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ نەۋرىسىگە قارىدى.

— مەن سېنىڭ بىرىنچى بوۋاڭ، كىشىلەر مېنى «مىليونېر» دەپ ئاتىشىدۇ، بۇ ئاتاق مېنى ھەرگىز كۈلدۈرەلمەيدۇ. ئەۋلادلىرىم ئۈچۈن ئازراق پۇل ئىئانە قىلغانلىقىم، يۇرتقا مەكتەپ، دوختۇرخانا سالغانلىقىم، نامراتلارغا يار - يۆلەكتە بولغانلىقىم، يېتىملەرنىڭ بېشىنى بىلەر - بىلمەس سىلاپ قويغانلىقىم كۆڭلۈمدىكى نۇرغۇن ئارمانلىرىمنىڭ ئالىقانچىلىك تەرىپى. ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى دەريا ئۆركىشىدەك ئۆركەشلىتىشكە ئاجىز كەلمەكتىمەن. داداڭ بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! ئۇنىڭ قورسىقىنى پۇل ئېسىپ، يامانلارغا يۇلۇقۇپ چىرىپ، گۈلدەك ھاياتىنى خازان قىلىپ، ئادالەت سوتىدا سوتلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. ئەي ئوغلۇم، بارچە ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى ساڭا باغلىدىم. داداڭدىن ئاچچىق ساۋاق ئالدىڭ. ئەجدادلىرىڭنىڭ قەبرىسىنى پەرق ئەتتىڭ. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ھاياتىدىن، ئۇتۇق - تۆھپىلىرىدىن، ئەقلىي - قۇدرىتىدىن، ۋەسىيەت قىلىپ خادىلىرىدا قالدۇرغان نام - نىشان ۋە بەلگىلىرىدىن زور تەسىرات ئالدىڭ. ساڭا ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق ئەتكۈزۈش ئۈچۈن، كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن بۇ ۋەتەننىڭ كىملەر بىلەن قانداق قىلىپ بۈگۈنكىدەك ئاۋاتلاشقانلىقىنى، زور بايلىقلارنى قانداق قوللار ياراتقانلىقىنى، بىزنىڭ تەييارغا ھەييار بولۇۋاتقانلىقىمىزنى، ئۇلار قىلغان ئىشنىڭ ئۇنىڭ بىرىنىمۇ قىلماي، ئويۇنغا، كەيپ - ساپاغا

بېرىلىپ، ئىشلىمەي چىشلەشنى ئارزۇ قىلىپ چىرىپ، زەئىپلىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىمىزنى ئازراق بولسىمۇ ھېس قىلغانسەنمۇ؟ ئوغلۇم، بىر پۇتۇم مۇنۇ گۆرۈمگە ساڭگىلىدى. پۇلۇم كۆپ بولغىنى بىلەن مال - مۈلۈككە تەۋە نەرسىدىن كالتە ئىشتانغا چاغلىق نەرسىنى بىللە ئېلىپ كېتەلمەيمەن، قارا، بۇ گۆرگە ئۆزۈم ئارانلا پاتىمەن. شۇڭا ساڭا ۋەسىيەت ھەم نەسىھەت قىلىمەن: سېنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن يۈز مىڭ يۈەن قالدۇردۇم. ئۇ پۇل بىلەن تىجارەت قىلمايسەن، ئىلىم - پەن ئۈچۈن خەجلەيسەن. كلاسسىكلارنىڭ، ھازىرقى زاماندىكى داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇغىن. زامانىمىزنىڭ ئىختىساسلىق خادىمىغا ئايلانغىن. قەلبىڭدە ناچار ئىللەت بولسا تۈزەت. تۇنجى بوۋاڭ بايقىغان، باشقىلار «تەۋەككۇل» دەپ كۆچۈپ كەلگەن «تەۋەككۇل» ئىسىملىك بۇ ئانا يۇرتۇڭنى يۈكسەك بىلىمىڭ بىلەن گۈللەت! ...



*تۇرسۇن غوجىئابدۇللا 1971 - يىلى ئاپرېلدا خوتەن ناھىيىسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1992 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. ھازىر تەۋەككۇل يېزىسىدىكى يەكشەنبە بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى.*

*ئۇ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «يېتىمنىڭ ئاھى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ھەر قايسى ژۇرناللاردا «تۇنجۇققان سەھرا»، «يار ئۈچۈن» قاتارلىق ھېكايە - نەسرلىرى، «شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئوقۇتۇش توغرىسىدا» قاتارلىق سەككىز پارچىدىن ئارتۇق ئوقۇتۇشقا ئائىت ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ يېقىندا «قاسىم قىزىل» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى، «ئۈششۈك تەگكەن ياپراقلار» ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى نەشرىياتقا سۇندى. ئۇ خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.*

مەسئۇل مۇھەررىرى: جېلىل مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئېلى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار
## — ھېكايەتلەر

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى№348 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى رېنشياڭ باسمىچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230×880مم، 1/32،
باسما تاۋىقى: 11.5، قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003-يىل 8-ئاي 1-نەشرى
2003-يىل 8-ئاي 1-بېسىلىشى
تىراژى: 3800 — 0001

ISBN 7—228—08242—7
ئومۇمىي باھاسى (ئالتە پارچە): 98.50 يۈەن

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

- ☆ يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
- ☆ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
- ☆ مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت
- ☆ يىپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
- ☆ ئەدەبىيات - سەنئەت
- ☆ ھېكايەتلەر
- ☆ خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)
- ☆ خەلق چۆچەكلىرى (تاللانما)
- ☆ خەلق داستانلىرى
- ☆ ئەپسانە - رىۋايەتلەر
- ☆ خوتەندە ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەر
- ☆ خوتەن يەر - جاي ناملىرى
- ☆ چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن
- ☆ خوتەن كىتابلىرى ئۇچۇرى
- ☆ خوتەن كارخانىچىلىرى

ISBN 7-228-08242-7

9 787228 082421 >

ISBN 7-228-08242-7
(民文)总定价(共六册):98.50元